



ISBN 7-105-03499-8/I · 853
民文(维161)　定价：14.50元
ISBN 7-105-03499-8
9 787105 034994 >

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# شىراق

(تاللانغان ھېكايىلەر)

مىللەتلەر نەشرىياتى

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇندەرىجە

**خېۋىر تۆمۈر**

ياقۇپبەگ ۋە موللامۇھەممەتيار خەلپەت ................... (1)

بىر مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسى....................... (29)

**تۇردى سامساق**

بەش تال ئوق ............................ (42)

لەگلەك ...................................... (63)

**تېيىپجان ھادى**

پالۋان كەلدى........................................ (68)

**مۇھەممەتئېلى زۇنۇن**

قوش مەسچىت ............................ (87)

**ئابدۇللا ساۋۇت**

شىراق ................................................. (100)

تەڭرىنىڭ ئوغلى ..................................... (125)

ئارسلان قۇترايدۇ ..................................... (193)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## نۇر روزى

مۆمىننىڭ مومىغا چىقىشى ........................ (221)
قىساس.............................................. (238)

## نۇرمۇھەممەت توختى

شاھ مەشرەپ خوتەندە ................................ (273)
قوشتاغدىكى مۇشائىرە.................................. (324)

## پەرھات جىلان

"ئالتۇن قان"دىكى توي...................................... (349)

## ئەخمەت تۇردىيېۋ

ئاخىرقى گىرانات ...................................... (378)

## ھەببۇللا ئىلياس

يوشۇرۇن ھەرىكەت...................................... (386)

## ئابدۇرېھىم ھەكىمى

قەسىدىگە تاي، ساتىراغا ئات ............................ (398)

خېۋىر تۆمۈر

# ياقۇپبەگ ۋە موللامۇھەممەتيار خەلپەت

## 1

سۇبھى كۆتۈرۈلگەنىدى.

ھېيتگاھ جامەسىدىن چىققان باش ئەزان ساداسى سەھەرلىكتىكى ساپ ۋە تىنىق ھاۋادا لەرزان ياڭراپ تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان شەھەر ئاھالىلىرىنى ئويغاتقانىدى.

شەھەر ئويغاندى.

تەرەپ-تەرەپتە ئىشىكلەرنىڭ تاراق-تۇرۇق قىلىپ ئېچىلىشلىرى، كىشىلەرنىڭ يۆتۈلۈشلىرى، تەرەت ئېلىۋاتقان مۆمىنلەرنىڭ غار-غار قىلىپ ئېغىز چايقاشلىرى، ئاپتۇۋا قاپقاقلىرىنىڭ بىر ئېچىلىپ بىر يېپىلغاندىكى جالاقلاشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

كوچىدا بامداتقا كېتىۋاتقان مۆمىنلەر پەيدا بولدى. ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ئاستا ئېھتىياتلىق بىلەن قەدەم بېسىپ كېتىۋاتقان چوڭ ياشلىقلار، كەشىنى پالاقلىتىپ ئالدىراپ يول ئالغان ئوتتۇرا ياشلىقلار، پىلتىڭلاپ كېتىۋاتقان ياش باللار، سەللىلىك ۋە سەللىسىز كىشىلەر تەرەپ-تەرەپتىن گويا ئۇلارنى ھېيتگاھ جامەسى قانداقتۇر سېھىرلىك قۇدرەت بىلەن ئۆزىگە دەم تارتىۋاتقاندەك ئېقىپ كېلەتتى...

بامدات ئوقۇلۇپ بولغانىدى، كۈن چىقتى. ھەيۋەتلىك پەشتاق،

يېشىل سىرلانغان قۇببە ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆككە ئۆسۈپ تۇرغان يېرىم ئاي ۋە باشقا قۇرۇلمىلار ئالتۇن كۈن نۇرىدا تورلۇك-تۈمەن ئوت رەڭلەر بىلەن چاقناپ تۇراتتى. بامداتتىن يارىغ بولغان جامائەت ھېيتگاھنىڭ شەرقىي چوڭ دەرۋازىسىدىن، ئۆستەڭبويىغا كېتىدىغان يان دەرۋازىدىن، نوۋبىشى تەرەپكە كېتىدىغان يەر ئاستى يولدىن توپ-توپ بولۇپ خۇددى تومدىن چېكىلىپ چىققان سۇدەك چىقىپ كوچىلارغا تارقىشاتتى. ئۈچ ئېشكتىن بىرلا ۋاقىتتا بۇ قەدەر كۆپ ئادەملەرنىڭ چىقالىشىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى شەھەردە دىيانەت ئەھلىنىڭ كۆپلىكىگە ھەيران بولاتتى.

شەھەر جانلاندى. ئەل بامداتتىن يانغۇچە ئاشخانىلاردا قانچە ئون قازان ئاشلار دۈملىنىپ، قانچە ئون قاسقان مانتىلار تىزىلىپ بولغانىدى. ساماۋارخانىلاردا چايلار دەملىنىپ، شورپىلار تەييارلانغان، ناۋايخانىلاردا دەستە-دەستە نان-توقاچلار، دۆۋە-دۆۋە گىردە نانلار تىزىلىپ بولغانىدى. ئۇلار خېرىدارلارغا موھتاج. غايىپ قالمىسۇن دەپ پات-پات خېرىدار چىللاپ توۋلىغان چاققى ئاۋازلار چاڭىلداپ تۇراتتى.

بامداتتىن يېنىپ دۇكان ئېچىشقا، دۇكاندا ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئەھلى تۇججارلار دۇكان قاپقىلىرىنى ئېچىپ بولۇپلا چەينەكلىرىگە چاي تاشلاپ ساماۋارخانىغا يۈگۈرەيتتى. ئۇلارنىڭ ساماۋارخانىلارغا يۈگۈرۈپ مېڭىشى خۇددى ئەتىگەنلىكتە يورغىلىغان كەكلىكنى ئەسلىتەتتى. ئۇلار چەينەكنى ساماۋارخانىدا قالدۇرۇپ دۇكانغا كېلىپ سالاپەتلىك ئولتۇراتتى-دە، بامداتتا كەم قالغان دۇرۇتلىرىنى تولدۇرۇشقا تەسۋى سىيرىيتتى.

كۈن چىقىپ گەز ئۆرلەش ئارىلىقىدا شەھەر ھاياتىدا ئۆزگىرىشلەر بولاتتى. قازاندىكى ئاشلار، قاسقاندىكى مانتىلار، تەۋەڭدىكى نان-توقاچلار تۈگەپ، چايلار ئىچىلىپ بولاتتى. كالليپەز دۇكانلىرىنىڭ داشقازانلىرىمۇ قۇرۇقدىلىپ قالاتتى. ئىمام، مەزىن، جامائەتلەر مۇشۇ ئەتىگەنلىكى ئۆز مەھەللىسىدە بولغان نەزىر-چىراغ، توي-تۆكۈن، داستىخانلىرىغا داخىل

بولۇپ جامائەتچىلىك بۇرچىنى ئادا قىلىپ ئۆلگۈرەتتى.

تۆمۈرچى دۇكانلىرىدا سەندەللەر جاراڭلاپ، بازغانلار گۈپۈلدەيتتى، موزدۇز دۇكانلىرىدا كوۋا توكۇلدايتتى، مىسكەرنىڭ تۇلۇمى گۈرۈلدەپ ئوت پۈۋلەيتتى، ئاللىقانداق كۆللەردىن سۇ توشۇغۇچى ئەپكەشلەر بۆزچىنىڭ موكىسىدەك ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. سارايدىن-سارايغا ئۆز تېنىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ چەكمەن تايلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭغۇچى ھامماللارنىڭ ئېغىر ھاسراشلىرى ئاڭلىناتتى. كوچىدا تىلەمچى پەيدا بولاتتى. ئۇلۇغ چارشەنبە، ئۇلۇغ پەيشەنبە كۈنلىرىنى، بۇۋى پاتىمىنى ياد ئېتىپ دۇكان-دۇكانلاردىن نان تىلەيتتى، سېخىيلەردىن سەدىقە سورايتتى.

كوچىدا دەرۋىش پەيدا بولدى. دەرۋىشنىڭ بېشىدا ئۇچلۇق كۇلا، ئۇچىسىدا قۇراق چاپان، قولىدا تولغىماچ ھاسا، ئۇ ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ، قانداقتۇر بىرنېمىلەرنى سۆزلەپ تەمكىن كېلەتتى. ئاۋازى نېمىدېگەن چاڭقى، نېمىدېگەن جاراڭلىق، ھە! ئۇنىڭ سۆزلىرى ئېنىق ئاڭلىناتتى:

— ئىمام بولۇپ مېھراپقا توي، مەزىن بولۇپ پەشتاققا توي، باققال بولۇپ شالتاققا توي، دوغچى بولۇپ مالتاققا توي، ئاشپەز بولۇپ قاسماققا توي، ياغچى بولۇپ قىسماققا توي، قوغۇنچى بولۇپ شاپاققا توي، باراڭ قىلىپ قاپاققا توي...

دەرۋىش يىراقلىشاتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ياكى يېرىم پۇچۇق ئاڭلاپ قالغانلار نېمە دەيدىغاندۇ بۇ دەرۋىش، دېيىشىپ ياقىسىنى تۇتىشاتتى. دەرۋىش غايىب بولاتتى.

ئاش ۋاقتى بولغاندا شەھەر ھاياتى يەنە باشقىچە تۈس ئالاتتى. ھېيتگاھ ئالدىدىكى مەيدانغا مەدداھ پەيدا بولاتتى. مەدداھ بىر قولىقىنى ئېتىۋېلىپ نەرە تارتسا، ئىككىنچى بىر چەتتە تۇرغان شاگىرت بالىسى دوس تارتىپ مەرىكىگە جان كىرگۈزەتتى. ئۇلار شۇ ئۇسۇلدا مەرىكىگە ئادەم توپلايتتى. يەنە بىر بۇلۇڭدا راۋاب جاراڭلايتتى. راۋابچى ئەڭ مەشھۇر، ئەڭ مۇڭلۇق پەدىلەرگە چېلىپ ئۆزىگە ئادەم جەلپ قىلاتتى. يىزا-شەھەرلەردىن

سودا-سېتىققا كېلىپ شەھەر كوچىلىرىدا ئۇيان مېڭىپ، بۇيان قاتراپ هارغىنلىق يەتكەن دېھقانلار بىر پەس ئارام ئېلىش ئۈچۈن مەدداھ تىلىدىن جەڭنامە، راۋابچىدىن مۇڭلۇق ساز، يېقىملىق قوشاق ئاڭلاشقا ئولتۇرۇشاتتى.

چۈش قايرىلغان چاغدا قۇم دەرۋازا تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر توپ ئادەملەر كۆرۈندى. گويا ئۇلار تەختىپەر كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى. بازارچىلار شۇ تەرەپكە قاراشتى. كېلىۋاتقانلار كىم، كۆتۈرۈۋالغىنى نېمە؟ ھەر كىم ئۆز خىيالى بويىچە تەقەززا بولۇشقانىدى. ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ ياغاچ كۆتۈرگەن دېھقانلار ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

ئەسلىدە بىر تال يوغان ياغاچنى سەككىز يېرىدىن باغلاپ، سەككىز تال كالتەككە ئېلىپ بىر تەرەپتە سەككىزدىن جەمئىي ئون ئالتە ئادەم كۆتۈرۈپ كېلەتتى. ياغاچنىڭ بىر بېشىغا تەختىپەر ئورنىتىلغانىدى. ئۇنىڭدا يىگىت بېشى (شۇ زاماندا ئاتلىق ئەسكەرنى يىگىت بېشى دەپ ئاتايتتى) ئولتۇراتتى. دېھقانلار بۇ ئېغىر ياغاچنى ناھايىتى قىيىندا كۆتۈرۈپ ھەربىر قەدەمدە پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئېغىر ھاسىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. باش-كۆزلىرىدىن مۇنچاق-مۇنچاق تەرلەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. تەختىپەردە مىلتىقىنى ئالدىغا توغرا قويۇپ، قولىدىكى ئۇزۇن قامچىسىنى ئوينىتىپ مەغرۇر ئولتۇرغان يىگىت بېشى ياغاچ كۆتۈرگۈچىلەرنى قامچا بىلەن پات-پات ساۋاپ كېلەتتى. دېھقانلار باش-كۆزىگە تەككەن زەھەرلىك قامچىدىن چۆچۈپ كەتسە، يىگىت بېشى ئۆزىچە ھۇزۇرلىنىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى.

— يائاللا، يا كېرىم!

تولا ئادەملەر بۇ ئەھۋالغا قاراپ ياقىسىنى تۇتۇپ بېشىنى چايقىشاتتى، بەزىلەر بۇنداق زۇلۇمنى كۆرگەندىن كۆرمىگىنىمىز ياخشى، دېگەندەك قىلىپ خالتا كوچىلارغا ياكى ئۆي-ھويلىلىرىغا كىرىپ كېتىشەتتى.

دوغچىلارغا ئامەت كەلگەنىدى. ئۇلار تەرەپ-تەرەپتىن ۋارقىراشقا باشلىدى:

— راھەت، راھەت، راھىتىڭنى ئىلىۋال، شەرۋىتىڭنى ئىچىۋال!
— مۇزدەك-مۇزدەك، ئىچىڭنى قىلىدۇ قىزدەك!...
يىگىت بېشى دوغاپچىلارغا قاراپ لىۋىنى شوراپ قويدى-دە، شۇئانلا بۇيرۇق چۈشۈردى.
— توختاڭلار، مەندىن بۇيرۇق، توختاڭلار!...
ھارغىنلىق يەتكەن دېھقانلار دەرھال توختاپ ياغاچىنى ئاستا يەرگە قويۇشتى (ياغاچىنى يەردىن بىر-ئىككى غېرىچ ئاجرىتىپ تۇرىدىغان پۇتلىرى بولاتتى) . ئاندىن مۈرىلىرىگە قويغان قاتلاقلىق چاپانلارنى يەرگە تاشلاپ، ئۈستىگە ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىشقا باشلىدى. يىگىت بېشى دوغاپچىغا بۇرۇلۇپ:
— قېنى بەچچە، ئابىڭدىن بىر پىيالە مەرھەمەت قىل، — دېدى ئۇ شاپ بۇرۇتىنى ئىككى تەرەپكە قايرىپ تۇرۇپ.
— مانا تەييار!
دوغچى چېۋەرلىك بىلەن مۇز چوقۇپ دوغ تەييارلاپ، يىگىت بېشىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ئۇزىتىۋېتىپ:
— ھەي يىگىت بېشى، ياغاچنى قەيەردىن ئەكەلدىڭلار، — دەپ سوراپ قويدى.
— ساڭا نېمە كېرىكى؟ يىگىت بېشى دوغاپنى ئېلىۋېتىپ كۆزلىرىنى چەكچەيتتى.
— سوراپ قويدۇم، سورىغاننىڭ نېمە يامىنى؟ — دوغاپچى، يىگىت بېشغا نارازى بولغاندەك قاراپ قويدى. يىگىت بېشى دوغاپنى بىر يولىلا ئىچىپ بولۇپ ساقال-بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ جاۋاب قىلدى:
— يېڭىساردىن كەلتۈردۇق، — دېدى ئۇ دوغاپچىغا قاراپ، ئاندىن دېھقانلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ داۋام قىلدى، — بۇ مال-تۇياقلار، خۇددى ئۆكۈزنىڭ ئۆزى. شۇنچە قامچىلاپ تۇرساممۇ، تېز يۈرۈشمەيدۇ. ھالىدىن كەتكەن ئۆكۈزدەك ساناپ باسىدۇ. ئۈچ كۈندىن بۇيان مانا مۇشۇنداق ئولتۇرۇپتىمەن، چارچىدىم، ھەپسىلەم كەتتى... نېمە چارە. بۇ مال-تۇياقلارغا

نە سۆز ئۆتسۇن، نە قامچا! كالدەك پۇشقۇرۇپ تۇرغىنى-تۇرغان!
— ياﺋاللا، يا كېرىم، ھېلىمۇ شۇنچە يەردىن كۆتۈرۈپ كەپتۇ! — دېدى دوغاپچى، مۇگدەپ ئولتۇرغان دېھقانلارغا ئىچ ئاغرىتقاندەك قاراپ.
— بۇ مال-تۇياقلار كۆتۈرگىنى يوق! — دېدى ئىستېھزا ئارىلاش كۈلگەن يىگىت بېشى قامچىسىنى كۆرستىپ: — مانا بۇ قامچام كۆتۈرۈپ كەلدى. مېنىڭ بۇ قامچام بارلا بولىدىكەن، كېيىنكى قېتىمدا ياغاچنى ياركەنتتىن كەلتۈرىمەن! تاماشانى مانا شۇ چاغدا كۆرسەن!...
— ياﺋاللا، يا كېرىم، ئۆلمىسەك نى-نى ئىشلارنى كۆرىدىغان ئوخشايمىز! — بىر قولى بىلەن ياقىسىنى تۇتقان دوغچى بېشىنى چايقاپ ئۆز ھەيرانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. بىر تەرەپتىن جارچى چىقىپ كەلدى. ئادەم توپلانغان يەرلەردە توختاپ، ئەپلەشكەن ئېگىزلىككە چىقىپ جار سالاتتى:
”ئەيىيۇھەنناس، ئىشتىگلار ئامخاس! بۈگۈن يەتتە شەھەر ئەھلى جاھان، تويغا ياسانسۇن شادىمان، شاد-خۇرامى ئەيىام بۈگۈن، نەققارە چالسۇن شادىيان. بە دۆلىتى ئاتلىق غازىمىز، ئەمرۇلمۇسلىمىن شاھىمىز، سۇلتانى ئابدۇللەزىزدىن نامە ئالدى، تاجۇ-دۆلەت ئىنئامە ئالدى. مىڭلاپ ياراغۇ-ئەسلىھە، دۇررى-جاۋاھىر، مەرمەر، شاھانە كەمەر، زەرباپ لىباس، ھازەلقىياس-ھازەلقىياس، بۇ ھەممىسى شاھىمىزنىڭ شانى ئۈچۈن، شىرۇيەزدان دەۋرانى ئۈچۈن، ئەيىيۇھەنناس-ئەيىيۇھەنناس، ئىشتىگلار ئامخاس، ھەدىسىز ئۇلۇغ بايرام بۈگۈن، شاد-خۇرامى ئەيىام بۈگۈن!...“
جارچى يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى يەنە باشقا جايلاردا جاراڭلىماقتا ئىدى.
— مۇبارەك، مۇبارەك! جانابى ئاتلىق غازىمىز ئۆلمىسۇن! — ھاياجانلانغان يىگىت بېشى ئەلگە قاراپ خىتاب قىلغاندىن كېيىن دوغاپچىغا قاراپ: — ھەي بەچچە ئابىگىدىن يەنە بىر پىيالە ئۇزات، چۆلۈم قاناپتۇ! — دېدى.

— خوپ مانا... ئىككىنچى پىيالە، — دېدى دوغاپچى دوغاپنى يىگىت بېشىغا بېرىۋېتىپ: — ماۋۇ ئادەملىرىڭىزگىمۇ بىر پىيالىدىن دوغاپ بېرەيمۇ!؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇلار چۆللىگەندە ئۆزلىرى مۆرەيدۇ! — دېدى يىگىت بېشى.

— ئۇنداق دېمەڭ، بىر پىيالىدىن سوغۇق سۇ بولسىمۇ ئىچسۇن، ئادەم ئەمەسمۇ!؟

دوغچى قايتىپ كېتىپ دېھقانلارغا سۇ بەردى. باشقا شىرىنچىلەرمۇ سۇ بېرىشتى. بۇ ئىشلارغا نارازى بولۇپ تۇرغان يىگىت بېشى ئۆز دۇكىنىغا قايتقان دوغاپچىغا قاراپ:

— ئاتاڭغا رەھمەت، سەندىن باشقىسى ئۆلمىسۇن، ئال پىيالەڭنى!

— دېدى-دە، قولىدىكى پىيالىنى ئاتتى. دوغاپچى تۇتالماي قالغانلىقتىن پىيالە يەرگە چۈشۈپ سەككىز پارچە بولۇپ كەتتى. يىگىت بېشى ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماستىن دېھقانلارغا ۋارقىرايتتى.

— قېنى تۇرۇڭلار، ئۇخلاپ قالدىڭلارمۇ، بەچچىغەرلەر!...

دېھقانلار ئاستا ئىرغىپ قوپۇپ مېڭىشقا تەييارلىناتتى. ئۇلار مۇرىلىرىگە چاپان قويۇپ كالتەكلەرنى ئوڭشاپ، كۆتۈرۈش ئالدىدا تۇرغاندا، يىگىت بېشى قەستەن ئۇلارنى ئالدىراتقان بولۇپ بىر ئىككىسىگە قامچا ئۇردى: — تېز بولۇڭلار مال-تۇياقلار!...

دېھقانلار ياغاچنى كۆچەپ كۆتۈرۈپ مېڭىشقا باشلىغاندا، دوغاپچى يېقىنلاپ كېلىپ:

— هەي يىگىت بېشى! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ ئادەمگەرچىلىك بىلەن، — ئىككى پىيالە دوغاپ بىلەن سۇنغان پىيالىنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتەمسىز؟

— نېمە دېدىڭ؟ — يىگىت بېشى غەزەپ بىلەن تووۋلىدى. ئۇنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرى تىترەپ كەتكەندەك.

— ئىككى پىيالە دوغاپ ئىچتىڭىز، بىر پىيالىنى ئېتىپ چاقتىڭىز،

www.uyghurkitap.com

پۇلنى تۆلمەي قانداق قىلماقچىسىز!؟

— يەنە بىر ئېيتقىنا!

دوغاپچى تەكرارلىدى. غەزىپى ئۆرلىگەن يىگىت بېشى تۈۋلاپ:

— يەنە شۇ سۆزمۇ! مانا ساڭا! — دېدى-دە، قامچا بىلەن دوغاپچىنى ئۇرۇشقا باشلىدى. شىردەك ئاچچىقى كەلگەن دوغاپچى ئەپلەپ تۇرۇپ قامچىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇۋالدى-دە، كۈچەپ تارتىپ يىگىت بېشىنى تەختىپەردىن ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. جېدەل چوڭايدى، دوغاپچى گەرچە قول ياندۇرمىغان بولسىمۇ، يىگىت بېشىنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ، تەختىپەرگە قىستاپ قىمىر قىلدۇرمىدى. خەلق ئۇلاشقىلى تۇردى. بازار قىزىغاندى، يەنە بىر تەرەپتىن دەھشەت قاپلىغاندى...

## 2

ئىلىمنىڭ كانى — سانى بۇخارا[1] ئاتالغان قەشقەردە، ھەقىقىي ئىلىم ئەھلىلىرى مۇدەررىسلەر ئىچىدە بەلكى ئۇلاردىنمۇ تۆۋەن تۇرىدىغان خەلپەتلەر ئىچىدە كۆپ تېپىلاتتى. ئادەتتە ئۇلار باشلىرىغا يوغان دەستار ئوراشمايتتى. ئۆلىما-ئالىم بىز دەپ كۆرەڭلەپ ھاڭگىتتەك بويىنى سوزۇپمۇ كەتمەيتتى. لېكىن ئىلىم تارازىسىغا سالغاندا، "داستىخان چوڭ، بىر نان يوق. دەستار چوڭ، ئىرفان يوق" دېگەندەك بېشىغا يوغان دەستار ئوراپ ئىلمى ھەقىقەتتىن كور، سىياسىي ھاكىمىيەتكە يۆلىنىپ كۈن كەچۈرۈۋاتقان "ئۆلىما-ئەشرەپلەر"نى بېسىپ چۈشەتتى. بۇ خىل كىشىلەر مەدرىسەلەردە ئاساسىي ئىلمنى تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، رەسمىيەتچىلىك ۋە جاھانسازلىقلاردىن چەتنەپ، بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىناتتى-دە، كەمتەرلىك بىلەن خەلق ئىچىگە سىڭىپ كېتەتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ

[1] ئىككىنچى بۇخارا.

كىشلەر ئىلىمدە چوڭقۇر، نەزەردە ئۆتكۈر، مۇھاكىمىسى كەڭ، ۋىجدانىدا ساپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ شۇ كۈنلەردىكى ھاياتىنىڭ ماھىيەتلىك بىر قىسمى يۇقىرىقى تىپكە كىرىدىغان موللا مۇھەممەتيار خەلپەتنىڭ پىقىرراق كۆلبىسىدە ئۆتكەنىدى.

جەنۇبقا قارىتىلغان چاققانغىنا ئايۋانچا ئالدىدىكى ئىككى پارچە كىگىز ئورۇنچىلىك يەردە، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلغان بۇ ھويلا شۇ قەدەر ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ رەتلىكلىكى، سىپتىلىقى ۋە تازىلىقى بىلەن ئالاھىدە نازاكەتلىك كۆرۈنەتتى. بۇلۇڭ تەرەپتە باراقسان كۆكلىگەن بىر تۈپ ئەنجۈردىن خۇش پۇراقلار گۈپۈلدەپ پۇرقۇپ تۇراتتى. دەل بۇ ھويلىنىڭ ئىگىسى موللا مۇھەممەتيار خەلپەت پېشىندىن يېنىپ ئايۋانچىغا سېلىقلىق تەڭلىمات ئۈستىدە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغاندا، ئىشىك ھالقىسى خۇددى سېغىزخان قاقىلدىغاندەك ئاچچىق تاراقشىپ ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇزدى. خەلپەت كىتابتىن كۆزىنى يۇلۇپ ئېلىپ ئاۋۋال ئىشىككە، ئاندىن ئىچكىرىكى ھويلىغا قاراپ قويدى. دەل شۇ چاغدا ئون بەش ياشلارغا كىرگەن ئوغلى چىقىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. خەلپەت يەنە كىتابقا ئېڭىشىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ئىككى مېھمان تولۇق تەلەپپۇز بىلەن سالام بېرىپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدى خەلپەت، ئاۋازىدىنلا كەلگۈچىلەرنىڭ كىملىكىنى تونۇپ، ئاندىن سۆيۈنگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ قارشى ئالدى، — كەلسىلە، ھەسناخۇنۇم، كەلسىلە ئىمناخۇنۇم، بىساتقا كېلىشسىلە، يارانلار!

يارانلار دېگىنىگە قارىغاندا ئۈچ كىشىنىڭ ساۋاقداش ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. مېھمانلار ئولتۇرۇپ پەتە قىلدى.

— كىتاب كۆرۈۋېتىپلا تەقسىر، — دېدى ھەسناخۇن كۈرس

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۈستىدىكى كىتابقا كۆز قۇيرۇقىدا قاراپ.

— ھا... زۆرۈرىيەتتىن...

— جانابلىرىغا نېمە زۆرۈرىيەت بولۇپ قالدىكىن؟ — دېدى ئىمىناخۇن تەئەججۇپلەنگەن قىياپەتتە.

— خوش تەقسىر، پېقىرغا ھازىر جەھەننەم بابى زۆرۈر بولۇپ قالغانتى، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن كىتابنى ئېچىشىمغا شۇ بابنىڭ ئۆزى چىقسا بولىدۇ! — خەلپەت سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى.

— مانا كارامەت!

— شۇنى دېسىلە، — دېدى ھەسىناخۇن ھەمراھىنىڭ تەئەججۇپلەنگەن قىياپىتىگە قاراپ. ئاندىن خەلپەت تەرەپكە بۇرۇلۇپ، — تەقسىر، ئۆزلىرى، خۇدانىڭ مۆمىنى تەقۋا، لىللا-خالىس ئادەم. ھېچ ۋاقىتتا ئەھلى جەھەننەم ئەمەس، ۋەھالەنكى مەزكۇر بابنىڭ سىلىگە نېمە زۆرۈرىيىتى!؟ — دېدى ئۇ چاقچاق ئارىلاش كۈلۈپ.

— مانا قىزىق! — دېدى موللا مۇھەممەتيار خەلپەت چۆچۈپ، ئاندىن يارانلارغا قاراپ داۋام قىلدى: — تىرىك تۇرۇپ جەھەننەم ئازابى كۆرۈۋاتقان ئادەم، قانداق قىلىپ ئەھلى جەھەننىمى بولسۇن!؟

— خۇدايا تۇۋا دېسىلە!

— جان بۇرادەرلەر، — دېدى ئۇ چىرايىغا جىددىي ۋە كەسكىن تۈس بېرىپ، — ماڭا شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ باب زۆرۈر بولۇپ قالدىكى، كىتابلاردا بايان قىلىنغان جەھەننەم ئازابلىرى ئىچىدە جەھەننەمگە تاشلانغان بەندىلەرگە ياغاچ كۆتۈرتۈپ، جازا پەرىشتىلىرى ياغاچ ئۈستىگە تەختىپەر قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، قامچا ئويىنىتىپ، ئازاب سېلىش بارمىكىن دەيدىغان ئىبارىنى ئىزدەشكە توغرا كەلدى. شۇنچە ئاختۇرسام بۇ ھەقتە ھېچقانداق بايان ئۇچراتمىدىم، بېشىم قېتىپ ئولتۇراتتىم، ھەرقايسىلىرى كېلىپ قېلىشتىلا، پۇرسەت غەنىيمەت، شۇنى سوراپ قالايكى، ھەرقايسىلىرى بىرەر كىتابلاردا ئۇچراتقان يەرلىرى بارمىكىن؟...

— ما، ئادەمنى! — ھەسناخۇن بىلەن ئىمىناخۇن بىر-بىرىگە قارىشىپ تەئەججۇپلەنگەن ھالدا كۆز ئۇچراشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تەڭلا:

— كىتابلاردا ئۇچراتمىدۇق، ئەمما بۈگۈن شەھىرىمىزدە كۆردۇق، — دېدى.

— ھەببەللى، شۇ گەپ ئەمەسمۇ، شۇ گەپ ئەمەسمۇ!

مەقسەتنىڭ بۇنداق ئوبدان يورۇغانلىقىغا خۇشال بولغان خەلپەت ئورنىدا ئولتۇرالماي كۆكلەپ-كۆكلەپ كۈلدى.

ئارىغا سۈكۈنات چۈشتى. ھەممەيلەننىڭ تەپەككۇر قۇشلىرى نۆۋەتتىكى رېئال ھاياتقا بۇرالغانىدى. يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۇلارنىڭ ئالدىدىن تەسۋىدەك تىزىلىپ ئۆتەتتى.

— بىز يامان قىلمىدۇق! — دېدى موللا مۇھەممەتيار خەلپەت، ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئوتتۇرىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزغانىدى، — قەشقەر خەلقى يامان قىلمىدى. بۈزرۈك غوجام كەلدى دەپ قانچە كۈنلۈك يەرگىچە ئىستىقبالىغا چىقىپ ئىززەت-ھۆرمەت كۆرسەتتى. ئاق كىگىزگە ئېلىپ بېشىدا كۆتۈردى، ھەرگىز يامان قىلمىدى.

— شۇنداق تەقسىر، يامان قىلمىدۇق! — دېدى ھەسناخۇن خەلپەتنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — تارىختا جاھانگىر چىڭگىزنى ئاق كىگىزدە كۆتۈرگەنىكەن. شۇنچىلىك قىلغىنىمىزنىڭ ئۆزى كۇپايە ئەمەسمۇ!

— ئاق كىگىزدە ئولتۇرغىنى نەلەردە قالدى، غوجام باشقا يەردىن چىقتى، — دېدى ئىمىناخۇن ئاچچىق كۈلۈپ.

— بۇنى بىر دېمىسلە، بۇ بەك يامان سۇيىقەستچىكەن! بۈزرۈك غوجامنى سوغۇق ئوردىغا بەنت قىلىپ ھەممنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى، بۇ يامان سۇيىقەستچىكەن. ئاشۇ خوتەن مەسىلىسىدىلا بۇ "زات"نىڭ قانچىلىك قارا نىيەتلىك سۇيىقەستچى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانمامدۇ! — ھەسناخۇن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — يازغان خەتلىرى قانداق چىرايلىق-ھە! ئىماملىرىمنى تاۋاپ قىلىمەن دەپ قەسەمياد قىلغان

www.uyghurkitap.com

ئەمەسمىدى! ھەببۇللا ھاجى پاشا بۇ قىلتاقتا دەسسەپ سالدى. ئىستىقبال قىلىپ چېدىر-بارگاھ تىكتى. قۇچاقلىشىپ، ھەتتا كۆز يېشى قىلىشىپ كۆرۈشتى. بۇ كۇپايە قىلاتتى، ئەپسۇسكى داستىخاندىن پىچاق چىقتى. ھاجى پاشا قەتلى قىلىندى. بۇ سۇيىقەست بولماي نېمە! ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرقانچە مىڭ خوتەن خەلقىنى قىرغىن قىلدى، بۇ قارا نىيەتلىك بولماي نېمە!

— ئىسھاق خوجا، راشىدىن خوجا بىلەن بولغان رابىتەمۇ يەنە شۇ ھىيلە، يەنە شۇ سۇيىقەست، بىھۇدە قان تۆكۈش بولدى! — دېدى ئىمىناخۇن ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ.

— ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بەر قارارلىقىنى تەمىن ئەتمەكچى بولغان ھەرقانداق ھۆكۈمران (پادىشاھ) قارانىيەت-سۇيىقەستچى بولماسلىقى، قان تۆكمەسلىكى، خەلققە زۇلۇم سالماسلىقى، ئەلنى خانىۋەيران قىلماسلىقى لازىم! — موللا مۇھەممەتيار خەلپەت غەزەپ بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى، — بۇ ”زات“ گويا يول توسقۇچى قاراقچىلارنىڭ خۇي ئەپئالىنى قىلىۋاتىدۇ. گىلەمنى ئوغرىلاپ ئۆي ئىگىسىگە بورىسىنى قالدۇرىدىغان بۇلاڭچىلارنىڭ خۇيىنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ھازىر قىلىۋاتقانلىرى ئۆزى قۇرماقچى بولغان ھاكىمىيەتكە تامامەن خىلاپ، ئەگەر بۇ ”زات“ مەيلى ھەببۇللا ھاجى پاشا، مەيلى راشىدىن خوجا بىلەن بولسۇن ئىتتىپاق بولۇپ، بىر ياقىدىن باش چىقارغان بولسا، ھەرقانداق ئىشتا بامەسلىھەت ئىش كۆرگەن بولسا، بىرلىككە كەلگەن بۇ كۈچ —ئۇنىڭ داۋام قىلدۇرماقچى بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى روناق تاپتۇرۇشقا كۇپايە قىلاتتى. ئەپسۇسكى، بۇ كىشى ئۇنداق قىلمىدى. پايدىلىق كۈچلەرنى بەربات قىلىپ، خەلقنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. خەلق ھازىر بۇنى چۈشەندى. ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىدىن ھەممە ئادەم گۇمانلاندى. ھاسىل كالام، بۇ كىشىنىڭ ھاكىمىيىتى ئەل نەزىرىدىن قالدى، ئەلنىڭ رايى ياندى. ئەل رايىنى قولدىن كەتكۈزۈش ھەرقانداق ھۆكۈمران، ھەرقانداق

ھاكىمىيەتنىڭ بەربات بولۇشى بىلەن باراۋەر. شۇنداق ئەمەسمۇ!...
— شۇنداق، شۇنداق! — دېدى ھەسناخۇن بىلەن ئىمىناخۇن تەڭلا بېشىنى لىڭشىتىپ.
— ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ ئاچچىق ئاقىۋەتلىرىنى يەنە ئۆزلىرى كۆرىدۇ! — دېدى خەلپەت قىزىشىپ، — بىز ئەسلىدىكى ئىتتىپاقسىزلارغا خاتىمە بولسۇن ئۈچۈن، بۇزرۇك خوجىغا ئىززەت-ھۆرمەت كۆرسەتكەنىدۇق، ئۇ كىشى بىلەن مۇنداق بىر سۇيىقەستچىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئويلىماپتۇق. بۇ سۇيىقەستچى ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ يوغىنىنى قىلدى، قان تۆكتى، ئارىغا ئىشەنچسىزلىك پەيدا قىلدى. ئەلدە "نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالارسەن" دەيدىغان بىر تەمسىل بار. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى يەنە ئۆزلىرى كۆرىدۇ. ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ئىشەنچسىزلىكلەرنىڭ ئاچچىق تەمىنى ئۆز ھالاكەتلىرى بىلەن تېتىيدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟!
— شۇنداق، دېگەنلىرى مىڭ مەرتىۋە توغرا، — دېدى ھەسناخۇن سۆز ئېلىپ: — بىزنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىمىز، بېشىمىزدىكى پالاكەت تاغلىرىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىپ، ھالاكەت پاتقاقلىرىغا غەرق قىلىدۇ!...
— قۇرۇپ كەتسۇن! — دېدى موللا مۇھەممەتيار خەلپەت قولىنى ئاچچىق سىلكىپ. ئاندىن يارانلارغا قاراپ داۋام قىلدى، — ئاق تاغلىق دېدۇق، قارا تاغلىق دېدۇق، خوجىلار، ھەزرەتلەر، ئىشانلار دېدۇق. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مەنمەنلىك، ئابرويپەرەسلىك، ھەسەتخورلۇقلاردىن خالىي ئەمەس! ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كەتسۇن! بەدۆلەتنىڭمۇ مەنمەنلىكى، ھەسەتخورلۇقى، ئابرويپەرەسلىكى، ئىتتىپاقسىزلىقى قۇرۇپ كەتسۇن، ۋەيلۇن دوزاختا كۆيۈپ كەتسۇن!
ئارىدىن بىرنەچچە دەقىقە ئۆتكەندىن كېيىن، ئىمىناخۇن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ سۆز ئاچتى:
— بۈگۈن كوچىدا جار سېلىنىۋاتىدۇ! — دېدى ئۇ يىگىت ئەھۋالدىن

خەۋەر بېرىپ، — ئەھۋالدىن قارىغاندا، سۇلتان ئابدۇلئەزىزدىن بەدۆلەتكە نامە ئېھسان، ئۇنۋان، سەرپا يەڭلىغ سوۋغاتلار كەلگەن بولسا كېرەك.

— مانا ئەمدى راسا كۆرەڭلەپ ئەسكى تۇماقنى چىشلەپ ئويىنىغان كۈچۈكتەك قىنىغا پاتماي قالىدىكەن ـ دە! — موللا مۇھەممەتيار خەلپەتنىڭ سۆزى ئىستىھزالىق كۈلكىگە سەۋەب بولغانىدى. ئىشىك ھالقىسى تاراقلاپ ئۇلارنىڭ كۈلكىسىنى توختاتتى. بالا چىقىپ ھايال بولمايلا بىر مومايىنى باشلاپ كىردى.

موماي ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ سۆزلەپ كېلەتتى.

— خۇداغا شۈكۈر... مىڭ قەترە شۈكۈر...

خەلپەت باشلىق ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىشتى. موللا مۇھەممەتيار خەلپەت مومايىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەسسالام چوڭ ئانا! — دەپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

— باللىرىم ھەممىلىرى تىنچ تۇرۇشلىمۇ؟ — دېگەن موماي خەلپەتكە يېقىنلاپ ئۇنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى ياقتى ۋە سۆزلەشكە باشلىدى: — جېنىم باللىرىم، ھەرقايسىلىرىنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئەمدى ئورنىغا چۈشتى. قانچە كۈن بولدى، بۇ دەيۈزلەرنىڭ دەردىدە! — موماي سۆزىنى يىغا ئارىلاش ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ داۋام قىلاتتى، — بۇ دەيۈزلەرنىڭ دەردىدە يۈرىكىم ئاغرىپ، دېمىم سىقىلىپ ماڭغۇدەك ھالىم قالمىغانتى. ئەمدى مۇشۇ پېتىم ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، دەپ غەم قىلدىم. يەنە بىر تەرەپتىن خەلپەت بالامنى بىر كۆرۈۋالسام، دەپ ئۈمىدمۇ قىلدىم. ئۈمىد قىلساڭ مۇرادىڭغا يېتىسەن دەپتىكەن، خۇداغا شۈكۈر، بۈگۈن مۇرادىمغا يەتتىم — ئانا تېخىچە ئۆرە تۇرغان مېھمانلارغا قاراپ، — ئولتۇرۇشسىلا باللىرىم! — دېدى.

— كەلسىلە ئانا، ئۆزلىرىمۇ ئولتۇرسىلا! خەلپەت ئانىنىڭ كەڭ يېڭىدىن تارتىپ بىساتقا تەكلىپ قىلدى.

— مېنىڭ ئولتۇرسام قوپمىقىم تەس، بىر پەس ئۆرە تۇراي، ھەرقايسىلىرى ئولتۇرۇشسىلا! — ئانا ھاسىسىغا تايىنىپ تۇرۇپ سۆزلەشنى

داۋاملاشتۇردى، — بىز شۇ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز يەپ تۈگىتىدىغان خەقمۇ! خىيال قىلسام يۈرىكىم يېرىلىپ كەتكەندەك ”قات“ قىلىپ ئاغرىيدۇ. ۋاي جېنىم... بەدۆلەت-بەدۆلەت دەيدىكەن، بۇ دەيۈزلەرنىڭ نىمىسى بەدۆلەت؟ دۆلىتى قۇرۇپ كەتسۇن، بېشىمىزغا كەلگەن بىر ئاپەت دېسىلە! بۇ خەقنىڭ يىگىتلىرى، باجگىرلىرى، پاششاپ بەگلىرى مەھەللىمۇ مەھەللە، سەھرامۇ سەھرا ئات چېپىپ، زىرائەتلەرنى دەپسەندە قىلىۋاتىدۇ، بۇلارغا ھېچكىم گەپ قىلالمايدۇ. گەپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، قاراپ قويغانغىلا ئۇرۇپ-قامچىلاپ باش-كۆزلىرىنى يېرىپ قان قىلىۋاتقان، باغلاپ ئېسىۋاتقان! ۋاي خۇدايىم سەھرا دېگەندە قەيەرگىلا بارسا يىغا-زارە، نالە-پىغان، كۆڭۈلنىڭ ئارامى يوق. بۇ خەقنىڭ مۇنداق دەردى-بالاسىدىن خاتىرجەم نامازمۇ ئوقۇيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمدىگىنە ناماز ئوقۇي دەپ تۇرۇشۇمغا گۈلدۈرلەپ كېلىشىدۇ. يەنە نېمە بولغاندۇ، دەپ ئوقۇۋاتقان نامىزىمدىن ئادىشىمەن. ئوقۇۋاتقان سۈرىلىرىم نەلەرگە كېتىدىكىنتاڭ! ۋاي خۇدايىم، مۇشۇنداق بولىۋەرسە قانداقمۇ قىلىشارمىز. ئۇلارنىڭ دەستىدىن خۇداغا تائەت-ئىبادەت قىلالماي ئۆلۈپ تۈگىشىدىغان ئوخشايمەن دەپ قويغان-تۇتقانلىرىمنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم...

— شۇنداق، چوڭ ئانا، ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلى بىئارام... دېدى خەلپەت ئانىغا كۆڭۈل ئېيتىپ.

— خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ! — دەپ قوشۇپ قويدى ھەسناخۇن.

— شۇنداق بالام، كىمدىن قالمىغان ئالەم بۇ! خۇدايىم بالايى-ئاپەتلەرنى كۆتۈرگۈسى كەلسە بىردەمچىلىك! ھېلىقى باجگىرلىرىچۇ، — ئانا يەنە شۇ ئىلگىرىكى سۆزىگە ئۇلاپ داۋام قىلدى، — زىرائەتلىرىمىزنى دەسسىتىپ بىزاۋىتە قىلغانىنىڭ ئۈستىگە ئات بېقىپ ۋەيران قىلىۋەتتى. شۇنداق قىلىۋېتىپ يەنە شۇ زىرائەتلەردىن باج ئالىمىز، ئۆشرە ئالىمىز دەپ خەتلەپ يۈرۈيدۇ، پەقەت ئىزا تارتمايدىكەن، ھويلىغا تىرىپ قويغان

بىر-ئىككى تۇپ قاپاقلارنىمۇ يېزنۇپلىشىۋاتىدۇ. بىر كۈن كەچكىچە ئارام يوق، بىردەم سۇ پۇلى دېگەن، بىردەم ئوتۇن، بىردەم سامان دېگەن، زادى ھېچكىمنى ئارامدا قويمايدۇ. مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە يېزا-سەھرا دېگەندە قىيامەت قايىم بولۇپ كەتتى جۇمۇ!

— ئاھ دەردىم، ئاھ دەردىم! — قاتتىق ئۇرغان خەلپەت قاتتىق يۆتىلىپ، لەختە-لەختە قان سەپرا قىلدى. ھەممەيلەن چۆچۈپ ساراسىمىگە چۈشكەندى.

— ۋاي بالام نېمە بولىلا، سەپرا قىلىۋاتىلىغۇ، مىجەزلىرىيوقمىتى!؟

— ھېچ ۋەقەسى يوق! — دېدى خەلپەت يۆتەلدىن تەستە توختاپ.

— خۇدايىم... تىنچ بولسىلا! — دېدى ئانا ئىچ ئاغرىتىپ.

— جاھان مانا مۇشۇنداق تار، ئەل-يۇرت خار-زار!— ... دېدى خەلپەت قوللىرىنى ھاۋادا ئويىنىتىپ، — بىزنىڭ ئەزىزانە قەشقىرىمىز مۇشۇنداق قەشقەرمىدى!؟ ئەتىر، رەيھان پۇراقلىرى دىماغنى سەرخۇش قىلىدىغان قەشقەر ئەمەسمىدى؟ باغلاردا خۇش ناۋا بۇلبۇللار سايراپ، نەغمە-ناۋا ياڭراپ تۇرىدىغان قەشقەر ئەمەسمىدى! ئەمدى قانداق بولدى؟ نېمىدېگەن زاۋاللىق بۇ!... بىر مۇسۇلمان ھۆكۈمرانى بولسۇنۇ، خەلققە زۇلۇم راۋا كۆرسە، بۇنىڭغا قانداقمۇ تاقەت قىلغىلى بولسۇن! ۋادەرىخ، سەۋرىم تۈگىدى، ئەلەم يۇتقاندىن ئەجەل يۇت! مەن باراي، قاراڭغۇ زىندانلىرىدا ياتاي! دار-كانارىلىرىغا ئېسىلاي، قانلىق قىلىچقا بويۇنۇمنى تۇتۇپ بېرەي!

— سەۋرى قىلسىلا خەلپىتىم، سەۋرى دېگەن ئۇلۇغ، ئاللەمچە دەردنى تېرىقچە سەۋرى كۆتۈرۈپ كېتىدۇ!— ... دېدى مېھمانلار.

— شۇنداق بالام، سەۋرىنىڭ تېگى ئالتۇن! — دېدى ئانا.

— ئاللەمنىڭ چېكى يوق، سەۋرىنىڭ چېكى بار ئەلۋەتتە. يولسىزلىقلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئىككى ئېغىز ھەققەت سۆزىمىزنى ئېيتماي قاچانغىچە دەرد يۇتىمىز. دەرد يۇتۇش ئەجەل يۇتقاندىن مۇشكۈل. مىڭ مەرتىۋە مۇشكۈل!

موللا مۇھەممەتيار خەلپەت غەزەپتىن غال-غال تىترىمەكتە ئىدى.

## 3

ئاتىلىق غازى — بەدۆلەت تەخت ئۆزرە سۆلەتلىك ئولتۇراتتى. چاقما كاۋىدەك چوڭلۇقتا ئورالغان ناۋات رەڭ شايى سەللىسى ئۇنىڭ ئەتلىك يۇمىلاق يۈزىگە تولىمۇ ياراشقانىدى. شالاڭ ئاق سانجىغان ئۆسكىلەڭ بىدە ساقىلى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئوت چاقناپ تۇرىدىغان قارا كۆزلىرىدىن چېچەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

بۈگۈن ئۇنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. ئەتراپىغا توپلانغان ئەڭ يېقىن ئادەملىرى، مىرزىلىرى، دادخاھلىرى، دىۋان بەگلىرى ئۆز دەرىجىسى بويىچە سەپ بولۇپ ئەدەپلىك تۇرۇشاتتى. يان تەرەپتىكى بۆلمىدىن ئوردا سازەندىلىرى چالغان نەغمىنىڭ مۇڭلۇق ساداسى جاراڭلاپ تۇراتتى. يىگىتلىك ۋاقتىدىن تارتىپ نەغمە-ناۋالارغا ھەۋەس بېرىپ كەلگەن ياقۇپبەگ پۈتۈن زېھنى بىلەن مۇزىكا سادالىرىغا قۇلاق سالاتتى، بەزىدە گويا مۇزىكا تەسىرىدىن ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ ھۇزۇرلىناتتى. لېكىن چېچەن ئىدى. كۈندىلىك خەۋەرلەرگە، پىتنە-ئىغۋالارغىمۇ ھوشيارلىق بىلەن قۇلاق سالاتتى.

دىۋان بەگلىرىدىن بىرسى بىر پارچە مەكتۇپنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ كىرىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى:

— خوتەن ئەلچىلىرى دەرگاھلىرىدىن ئىلتىپات تىلەيدۇ! — دېدى ئۇ قۇللۇق قىلىپ.

مەكتۇپنى مەخسۇم ئىسىملىك باش مىرزا ئېلىپ قائىدە بويىچە بەدۆلەتكە سۇندى.

— كىرسۇن! — دېدى بەدۆلەت مەكتۇپنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، كېيىن خەتنى باش مىرزىغا سۇندى.

ئۇ ئادەتتە خەت ئالاقىلەرنى باش مىرزىغا ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى ۋە

www.uyghurkitap.com

ئاغزاكى بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئەمىر-پەرمانلارنى مىرزىلار دەرھال يېزىشۋالاتتى.

ئىككى نەپەر ئەلچى كىرىپ كەلدى. ئۇلار چوڭقۇر تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ شاھنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر تەرەپكە ئۆتۈشۈپ تىك تۇرۇشتى. باش مىرزا مەكتۇپنى ئوقۇشقا باشلىدى:

”شىجائىتى ساھىبقىران، ئادالىتى نوشىرۋان، دۆلىتى سۇلايمان، غورۇرى چىڭگىزخان، تۇغلىرى گەرد نامايان، دۈشمەنلىرى يەر بىلەن يەكسان، پۇقرالارغا پاسىبان، مۇجاھىدغازى پەخرول ئىسلام، جانابى مۆھتەرەم سۇلتانى كەرەم بەدۆلىتى — ئاتىلىق غازى ئالىي كەرەملىرىگە، ناتاۋان قۇللىرى نىياز ھېكمەبەگدۇرمىز، ئالىي ھۆرمىتىمىز، قۇللۇق تەزىملىرىمىزنى ئادا قىلغىنىمىزدىن سۆڭرە ئۇشبۇ نالايىق مەكتۇپىمىز بىلەن جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، دۆلەتلىرى يۇزۇن بولۇشىنى كېچە-كۈندۈز بىر ئاللادىن تىلەيمىز. بىزشۇنى ئەرز قىلىمىزكى، جانابلىرىنىڭ ئاپتاپ نۇرلىرى ئاستىدا پۈتكۈل خوتەن رەئىيەتلىرى شاد-خۇراملىق بىلەن مەئىشەت قۇرۇپ، زىكىر-ساما سېلىپ، ئادالەتلىرىگە شۈكرانە ئوقۇماقتا. نائەھلى مۆرتەت ھاجى پاشا، جانابىي ئالىيلىرىنىڭ قەھر-غەزىپى ئالدىدا يەر چىشلەپ مەسخىرە بولغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ-ئۇششاق ھەممە پۇقرالار ئەمىنىيەت تېپىپ، نۇرانە ئاپتاپ سايىلىرىدا خاتىرجەملىك بىلەن زىرائەت، تىجارەت، ھۈنەر-سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، جانابىي ئالىيلىرىدىن مىننەتدار بولماقتا. ئۇشبۇ خۇشاللىقلىرىمىزنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ئىزھار قىلىپ ۋاقىپلاندۇرۇش، كەمىنە قۇللىرىنىڭ زىممىسىدىكى قەرزىمىز ئىدى. ئەپسۇسكى خىزمەتلىرىمىزنىڭ ئالدىراشلىقى ۋەجىدىن ھۇزۇرۇشىرىپلىرىگە قۇللۇق قىلىپ بېرىپ تەزىم قىلالمىغانىنىڭ ئۈستىگە، مەكتۇپلىرىمىز ھەم خىرامان بولۇپ قالغىنىغا كۆپ

خىجالەت بولىمىز. ئەپۇ، ئىلتىپاتلىرىنى سېغىنىمىز. ئۇشبۇ مەكتۇپىمىز بىلەن نالايىق قۇللىرى ئازغىنە سوۋغا-سالام يوللىدى، دەرگاھلىرىدا مەقبۇل بولغايمۇ دەپ كۆپ ئۇمىدۋار بولماقتىمىز. ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!...

خوتەن ھاكىمى نىياز ھېكىمبەگ“

بەدۆلەت مەمنۇنىيەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتاتتى. بىردىنلا ئوردا مۇزىكىسى جاراڭلىدى. پەتنۇسلاردا ئالتۇن-كۈمۈش، شايى-ئەتلەس، كىمخاپ تونلارنى كۆتۈرگەن سەككىز نەپەر رەققاسچى قىز كىرىپ تەخت ئالدىدا دەۋر قىلىپ شاھ نەزىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، رېتىم بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سوۋغاتلىقلارنى باش ئۈستىدە تۇتۇپ تۇرۇشتى. سوۋغاتلارغا شاھانە نەزەر سالغان بەدۆلەت قوبۇل قىلىش ئىشارىتى بەردى. خەزىنىچىلەر سوۋغىلارنى بىر-بىرلەپ تاپشۇرۇۋېلىپ، بەدۆلەتنىڭ ئىلتىپاتىغا مىننەتدارلىق تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى.

قىزلار ئۇسسۇل باشلىدى.

بىر-بىرىدىن ئۆز-نازۇك، زىبا بوي قىزلار تال چىۋىقتەك تولغىنىپ، مەجنۇنتالدەك ئېگىلىپ، بىر مەيدان ئۇسسۇل ئوينىغاندىن كېيىن ناخشا باشلىدى:

خوتەن گۈلباغلىرىدىن خەسلەپ ئۈزۈلگەن،
بوي-بەستىمىز قاش تېشىدىن چېكىپ تۈزۈلگەن،
ئاھۇلارنىڭ كۆزلىرىدەك تىنىق سۈزۈلگەن،
نازۇك بەدەن، زىبا بويلۇق ھۆر قىزلىرى بىز.

كەلدۇق شاھىم ھۇزۇرىغا ئىختىيار ئەيلەپ،
جەۋلان قىلىپ ئۆمرىمىزنى بەختىيار ئەيلەپ،
گۈل-غۇنچىمىز ئېچىلغايمۇ گۈلباھار ئەيلەپ،
سەنەم كەبى لاتاپەتلىك ھۆر قىزلىرى بىز.

ناخشا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قىزلار مەرغۇلغا ئۇسسۇل ئويناپ ئاتلىق غازى ياقۇپبەگكە تەزىملەر قىلىپ، ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى، مۇۋاپىق پەيتلەردە ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈشتى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 4

بەدۆلەت ھاكىمىيەتنى قىلىچتەك كەسكىن ۋە ئاتەش غەزەپ بىلەن ئىدارە قىلاتتى. ھەرقانداق ئىشقا ھىيلە-نەيرەڭ ۋە سۇيىقەست قوللىناتتى. شۇڭا ئۇنىڭ غەزىپىدىن ھەممە ئادەم قورقاتتى. سۇيىقەستىدىن ھەرقانداق كىشى ئېھتىيات قىلاتتى. ئوردا بەگلىرى، مەھرەم، ئەھكاملارلا ئەمەس، بەلكى يىراق جايلاردىكى ئەمەلدار، دادخاھلارمۇ تىترەپ تۇراتتى.

بۈگۈن ئۇ ئادەتتىكىدىن نەچچە باراۋەر سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدا تىمساھنىڭ كۆزلىرىدەك پارقىراپ تۇرغان يوغان كـۆزلـىرىدىن غەزەپ ئوتى چېچىلىپ تۇراتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ ئـەتـراپـىدا تۇرغان ئوردا بەگلىرى، مىرزىلار ۋە مەھرەملەر ھەتتا تىنىق تـارتىشقىمۇ تەپتارتىپ جىم تۇرۇشاتتى. ئىككى تەرەپتە تۇرغان ياساۋۇللار خۇددى ھەيكەلدەك قېتىپ تۇراتتى، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىۋالغان جاللاتلارمۇ تارىشىدەك قېتىپ تىك تۇراتتى.

بـەدۆلەت قانداقتۇر بىر ئىشقا تەقەززا بولغاندەك پات-پات كىرىش ئـىـشـىـكى تەرەپكە قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ مۇنداق سۇرلۇك قاراشلىرى ئەتراپتىكىلەرنى چۆچۈتۈپ دىر-دىر تىترىتەتتى. دەل شۇ چاغدا ئىشكتىن ياساۋۇللار باشلىقى كىرىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ:

— ئىسيانكار كەلتۈرۈلدى، — دېدى.

— كەلتۈرۈلسۇن!

بۇيرۇق بىلەن تەڭ ئىككى ياساۋۇل باغلاقلىق بىر ئادەمنى ئىتتىرىپ ئېلىپ كەلدى:

— ئوپال كەنتدە كالتەك كۆتۈرۈپ، زاكاتچىلىرىمىزغا قارشى چىقىپ، يىگىتلىرىمىزنى زەخمىلەندۈرگەن ئىسيانكار ئابىت دېھقان! — دېدى دىۋان بېگى قولىدىكى قەغەزگە قاراپ.

— جاللات! بېشى ئېلىنسۇن! — دەپ توۋلىدى ياقۇپبەگ ئانچە ئويلاپ تۇرماستىنلا، ئۇ ئەنە شۇنداق كەسكىن ھۆكۈم چىقىراتتى.

ئىككى جاللات قۇشتەك يېتىپ بېرىپ، دېھقاننىڭ ئايغىنى يەرگە تەگكۈزمەستىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— زاكاتچى ئەمەس، بۇلاڭچى... بۇلاڭچى!...

دېھقاننىڭ جاراڭلىق سۆزلىرى بېسىلمايلا ئىككىنچى ئادەم كەلتۈرۈلدى.

— جانابىي ئالىيلىرىنىڭ زاۋالىنى تىلەپ، سېھىر بىلەن شۇغۇللانغان سېلىم پىرىخون.

— زىندان! دېدى ياقۇپبەگ چىرقىراپ.

ياساۋۇللار پىرىخوننى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۈچىنچى ئادەم كەلتۈرۈلدى.

— يىگىتلىرىمىزگە مۇشت ئۇرغان شىرىنچى قۇتىبىدىن — دېدى دىۋان بېگى.

— زىندان!

ئىككى ياساۋۇل دوغاپچىنى ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇ توۋلاپ ئەرز ئېيتتى:

— ئىككى پىيالە دوغ ئىچتى، بىر پىيالىنى يەرگە ئۇرۇپ سۇندۇردى. مەن ھەق تەلەپ قىلدىم. يىگىت مېنى ئۇردى، مەندە نېمە گۇناھ، ئادالەت دېگەن قېنى!...

— ئاغزىنى تۇۋاقلاڭلار!

ياساۋۇللار دوغچىنىڭ ئاغزىنى قوللىرى بىلەن ئېتىپ سۆرەپ ماڭدى، دوغچى بوي بەرمەستىن:

— ناھەق، ناھەق، قېنى ئادالەت! — دەپ قاتتىق ۋارقىرايتتى.

جاراڭلىغان قارشى سادالارنى ئاڭلىغان بەدۆلەت خۇددى ئوق تەگكەن

كېيىكتەك تىترەپ كەتكەنىدى.

— ئادالىتى نوشىرۋان، ئادالىتى نوشىرۋان! — دېدى دىۋان بېگى قۇللۇق كۆرسىتىپ، — سوراق تامام!

بىر كۈنلۈك سوراقنى چاقماق تېزلىكىدە بىر تەرەپ قىلىپ بولغان بەدۆلەت ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، مەغرۇر قىياپەتتە كۆز يۈگۈرتتى. ياساۋۇللار بىلەن جاللاتلار تەزىم قىلىپ چېكىندى.

بەدۆلەت بىرئاز بېسىلغاندىن كېيىن، باش مىرزا ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن ھاكىم ۋە دادخاھلاردىن كەلگەن خەتلەرنى ۋە بۇ خەتلەردە يېزىلغان شاھانە تەرىپلەر، پۇقرانىڭ خۇشاللىقى، لەشكەرلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن ئوبدان تەمىن ئېتىلگەنلىكى ۋە باشقا شېرىن سۆزلەرنى ئوقۇپ ئاڭلايتتى. بەدۆلەت ھەربىر خەت، ھەربىر جۈملە سۆزلەرگە دىققەت قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىش ئارقىلىق مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. خەتلەر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن بەدۆلەت مىرزىلارغا قاراپ قولىنى كۆتۈرۈپ قويىدى. ئۇنىڭ ئىشارىتى مىرزىلارنى يېزىڭلار دېگىنى ئىدى. ئۇ ئاغزاكى سۆزلەپ خوتەن ھاكىمى نىياز ھېكىمبەگ ۋە ياركەنت ھاكىمى موللا يۇنۇس جاھان شاھ دادخاھلارغا خەت يازدۇردى. بۇيرۇق شەكلىدىكى يېزىلغان خەتتە ئاساسەن لەشكىرىي خىراجەت تەلەپ قىلىنىپ، ماددىي ئەشيا ئەۋەتىشنىڭ ئورنىغا پىششىق مال — ئالتۇن-كۈمۈش ئەۋەتىش تەكىتلەنگەنىدى.

خەت ئاخىرلاشقانىدى. دىۋان بېگى كىرىپ قۇللۇق قىلدى:

— موللا مۇھەممەتيار خەلپەت ۋە يەنە بىرقانچە كاتىپلار سالامغا كەلگەنىكەن، ئىجازەت تىلەيدۇ.

— كىرسۇن! — دېدى ئۇ بېشىنى ئارانلا لىڭشىتىپ.

موللا مۇھەممەتيار خەلپەت باشلىق بىرقانچە خەلپەتلەر كىرىپ قائىدە بويىچە سالام بېرىپ تەزىم قىلدى. بەدۆلەت "ئىلىك" ئالغاندىن كېيىن:

— مەرھەمەت، مەرھەمەت! دەپ ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتتى. ئۇ ناھايىتى خۇشخۇي كۆرۈندى. چۈنكى ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىدىكى



www.uyghurkitap.com

پەرشانلىقنى تېز سۈرئەتتە خۇشال ۋە تەمكىن ھالەتكە ئۆزگەرتەلەيتتى.
— ھۇزۇرى ئالىيلىرىغا سالام بېرىش، ئاندىن يەنە بىر زۆرۈرىيىتىمىز ۋەجىدىن كەلگەنىدۇق، — دەپ سۆز باشلىدى موللا مۇھەممەتيار خەلپەت.
ياقۇپبەگ قۇلاق سالدى، خەلپەت سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كەلمەي تۇرۇشقا كۆڭلىمىز، ۋىجدانىمىز قويمىدى. ئاخىر كېلىشكە، پىغانىمىزنى ھەغدا تۇرۇپ ئەرز قىلىشقا جۈرئەت قىلدۇق.
— قـۇلـۇقۇم سەنلەردە! — دېدى ياقۇپبەگ بېشىنى سەل-پەل لىڭشىتىپ.
جانابىي ئالىيلىرى يەتتە شەھەردە ئەمنىيەت ئورنىتىپ، ”ئاپتاپ“ نۇرلىرىنىڭ ھارارىتىدە ئەدلى-ئادالەت، ئەلگە مۇرۇۋۋەت، خەير-ساخاۋەت بىلەن تولغان مىسالى ئىللىق باھاردەك نۇرانى جاھان قۇرماقچى بولغان ”ئىجابىي“ ئـارزۇلـىـرىـغـا زەررىچە گۇمانىمىز يوق ۋە لېكىن ھېچكىمگە يۈز خاتىرە قىلمايدىغان ۋاقىت ۋە ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان دەلىللەرگە، بەرق ئۇرغان ھادىسىلەرگە قاراپ ئاتالمىش نۇرانى جاھاندىن گۇمان-ئەندىشە قىلمايمۇ تـۇرمـىدۇق. خوش، ئۇنداق بولسا بىزنى گۇمان-ئەندىشىگە سالغان بۇ ئەمەلىيەت زادى قانداق؟ بۇ ئەمەلىيەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى: ”جانابىي“ ئـالـىـيـلـىـرىـنـىـڭ قـول ئاستىدىكى ھاكىملار، دادخاھلار، يىگىتلەر، ئۆشرە-زاكاتچىلار، باجگىرلار ۋە باشقا ئاتارمەن-چاپارمەنلەر شۇنداق بىزاۋۇتالىق قىلدىكى، جانابىي ئالىيلىرىنىڭ پۈتۈن ئارزۇ-ئۈمىدىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. بۇ ئەھۋاللاردىن ”جانابىي“ ئالىيلىرىنىڭ بەلكى خەۋەرلىرى باردۇر، بەلكى يوقتۇر. ئەمما بىز بۇ جەھەتتىكى ھەق سۆزلىرىمىزنى دەرقەم تۇرۇپ ئېيتىپ ئاگاھ بېرىشكە، سىياسەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، سەۋەنلىكلەرنى تېزدىن ئوڭشىۋېلىشقا دالالەت قىلغىلى كەلدۇق!
— ھە، ھە — ... ياقۇپبەگ سەۋرچانلىق بىلەن قۇلاق سالاتتى.
— دەلىللىرىمىزنى ئىسپاتلاشقا ئازغىنا ۋاقىت كېتىدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋامـلاشـتـۇردى مـولـلا مـۇھـەممەتيار خەلپەت: جانابىي ئالىيلىرىنىڭ

ئەدلى-ئادالەت دېگەنلىرى ئەمەلىيەتتە نەيزە-قىلىچ، قامچا-دەررە ۋەھىمىسىگە ئايلىنىپ، پۈتكۈل يېزا-سەھرا، شەھەر-قىشلاقلارنى زار-زار يىغلاتماقتا...

جانابىي ئالىيلىرىنىڭ مېھرى-شەپقەت، مۇرۇۋۋەت دېگەنلىرى ئەمەلىيەتتە خەلق بېشىغا چۈشكەن بالايىئاپەت، زۇلمۇ-زالالەت، تىل-ھاقارەت بولۇپ ئەلنى بىزار قىلماقتا...

جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىدىن چىققان خەير-ساخاۋەت، ھىدايەت، شاپائەت دېگەندەك شېرىن كالاملار پۈتۈن يۇرتنى تالان-تاراج قىلىپ ئەلنى خانىۋەيرانچىلىققا، ئاچ-يالىڭاچلىققا سۆرەپ بارماقتا.

— ئەخلاقسىزلىق توختالسۇن! مېنىڭ زامانەمدە نەدە مۇنداق ئىش بولسۇن!؟ — دېدى ياقۇپبەگ ئاڭلاشقا تاقەتسىزلىنىپ. ئۇنىڭ ساقاللىرى غەزەپتىن تىترەپ كەتكەنىدى.

— ھەرگىز ئەخلاقسىزلىق دەپ قارالمىسۇن! — دېدى خەلپەت ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ، — ھەققانىي سۆزلەرنى دەرقەم تۇرۇپ سۆزلەش ئەخلاقنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىسى. يۇرتنى قاپلىغان ناھەقچىلىقلارنى كۆرمەسلىك، خەلقنىڭ نالە-زارى، داد-پەريادلىرىنى ئاڭلىماسلىق، ئەلنىڭ دەرد-ئەلەملىرىگە نەزەر سالماسلىق بەلكى ئەخلاقا كىرمەسلىكى مۇمكىن. ۋاقىپ بولۇشلىرى لازىمكى، خەلق ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر. جانابىي ئالىيلىرىنىڭ پەدەر بۇزرۇگاھلىرى، مېھرىبان شەپقەتچى ئانىلىرىمۇ ئۇلۇغ خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپتۇر ۋە لېكىن ئۇلار شاھ ئەمەستۇر، ئەمما شاھلاردىن ئۇلۇغدۇر. ھالبۇكى، بىزنىڭ ئاتا-ئانىمىز، مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن يىگىتلەرنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمۇ تەسەۋۋۇردە ئوخشاشتۇر. جانابىي ئالىيلىرىنى ۋە بىزلەرنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن، ئاچچىق يۇتۇپ بېقىپ چوڭ قىلغان ئۇلۇغ ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى شاھقا بويسۇنغۇچى پۇقرادۇر. ھالبۇكى، پۇقرانىڭ پۈشتىدىن ئاپىرىدە بولۇپ، پۇقرانىڭ ئىتائىتىدىن شاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان شاھلارنىڭ شۇ ئۇلۇغ پۇقرانى ئاياغ ئاستى قىلىشى، سىياسەتتە مۇستەبىتلىك يۈرگۈزۈپ ئۇلارنى خانىۋەيران قىلىشى، زار-زار يىغلىتىشى قېنى

قايسى ئەخلاقتا كىرسۇن! ئۆزىنى ئالەم قۇياشىغا قىياس قىلغان ھەرقانداق كىبىردار شاھ، ئەمەلىيەتتە قارا چىراغچىلىك نۇر چاچالمىسا، ئۇنى قانداقمۇ شاھلارنىڭ ئەخلاقى پەزىلىتى دېگىلى بولسۇن! تەقسىر... ، — سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە موللا مۇھەممەتيار خەلپەتنىڭ ئاۋازى بىرئاز پەسەيدى. ئەمما تېخىمۇ ئۇرغۇلۇق ۋە تەسىرلىك تىترەپ چىقاتتى. ئۇ ئاغرىنغان ۋە قايغۇرغان تەلەپپۇز بىلەن كۆيۈنۈپ داۋام قىلدى، — قاراڭغۇلۇق، زۇلۇم-سەتەم ھەرقانداق زامان ۋە ھەرقانداق ماكاندا كىشىلەرنى بىزار قىلغان ۋە بىزار قىلىدۇ. ھازىر شۇنداق بولدى ۋە بولۇۋاتىدۇ. قانداقتۇر ئادالەت، بەخت-سائادەت، مۇرۇۋۋەت، ھىدايەت، ھۆرىيەت، مۇساۋات دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن پەردازلانغان چىرايلىق سۆزلەر ماھىيەتتە قانداقتۇر ئۇن-تىنسىز كېلىدىغان كەلگۈسى بالايىئاپەتلەردىن بىشارەت بېرىپ، كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سالماقتا. بۇنىڭدىن خەلق قورقماقتا. ئىستىقبالدىن غەم-ئەندىشە قىلماقتا. كەلگۈسى ھالاكەتتىن، تەنەززۇلدىن خاتىرجەمسىزلەنمەكتە. بۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەس، ئەل كۆڭلىنىڭ خاتىرجەم بولماسلىقى، ئەل رايىنىڭ مايىل بولماسلىقى ھەققەتەن ياخشى ئەھۋال ئەمەس. مۇنداق بولۇشى ھەرقانداق كۈچلۈك ھاكىمىيەتنىڭ ھالاكىتىنى، زاۋاللىقىنى چاپسانلىتىدۇ خالاس!...

— ھاقارەت، ئەدەپسىزلىك توختالسۇن! — دېدى بەدۆلەت تاقەتسىزلىك بىلەن. خەلپەتنىڭ ئاچچىق ھەققەت سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە تەگكەنلىكتىن، بۇنىڭدىن ئارتۇق ئاڭلاشقا سەۋرى قالمىغانىدى.

— يەنە ئازراق سەۋرى قىلىپ ئاڭلاشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن! — موللا مۇھەممەتيار خەلپەت سۆزىنى ۋەزمىن داۋاملاشتۇردى: — خەلق ھازىر سىياسەتنىڭ مۇستەبىتلىكىدىن زەردابقا تولغان يۈرىكىنى داۋالاش ئۈچۈن بىرەر ھۆكۈماغا موھتاج. ئەگەر ھۆكۈما يۈرەك خەستەسىنى يۈرەك بىلەن داۋالاش مۇمكىن، دەپ ھۆكۈم قىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا پۈتۈن خەلق تەرەپ-تەرەپتىن قوزغىلىپ، قوللىرىغا كالتەك-چوماق ئېلىپ بېشىغا زۇلۇم

سىلىۋاتقان زالىملار، باجگىرلار، زاكاتچىلار، دادخاھلار ۋە باشقا ئاكابىر-تاكابىرلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ، پاچاق-پاچاق قىلىپ، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى ئويۇپ ئېلىپ ئۆز جاراھەتلىرىنى ساقايتىشقا تەييار!... بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، بۇ سەل چاغلىغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس تەقسىر! مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى بىئەدەپلىك، ھاقارەت دەپ قارىماستىن، ئەقىل تارازىلىرىغا سېلىپ دەڭسەپ كۆرۈشلىرىنى، مۇھاكىمە قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن!...

— جاللات، جاللات!... كۆزۈمدىن يوقات!...

بىرئاز مۇنازىرە قوزغاپ ئۆز سىياسىتىنى ئاقلاشنى ئويلانغان بولسىمۇ، ئاچچىق پاكىتلار ئالدىدا زەئىپلىكىنى ھېس قىلغان بەدۆلەت، ئۆز تەبىئىتىدىكى ئۆكتەملىك ۋە زوراۋانلىققا تايىنىپ، ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ، قاراملارچە جازا ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق ھەممىنى يەكمەكچى بولغانىدى.

جاللاتلار قوشتەك ئېتىلىپ كىرىپ ئۇلارغا چاڭ سالدى. موللا مۇھەممەتيار خەلپەت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خۇددى تەگرىتاغلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك چوققىلىرىدەك تىك تۇراتتى.

— شۈكۈر، ئەلھەمدۇلىللا — شۈكۈر! — موللا مۇھەممەتيار خەلپەتنىڭ سۈرلۈك ئاۋازى ياڭرىدى: — مەن ئۆز بېشىمنى جاللات قىلىچىغا، ئۆز سىنەمنى كانارىغا ئاتاپ كەلگەن! شۈكۈر ئەلھەمدۇلىللا!...

— جاللات... جاللات!...

بەدۆلەت پومزەكتەك ئۆرلەپ ئاچچىق تووۋلايتتى.

— نادانغا سۆزلىگەن ئىست سۆزۈم، ئىست سۆزۈم!... موللا مۇھەممەتيار خەلپەت جاللاتلار ئوتتۇرىسىدا كېتىۋېتىپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ، يۇقىرىقى سۆزلەرنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىدى...

* * *

بۇ ۋەقە شەھەرگە ۋە شەھەر ئەتراپىغا چاقماق تېزلىكىدە شايە بولغانىدى. بۇنى ئاڭلاپ غەزەپكە كەلگەن خەلق تەرەپ-تەرەپتىن كەلكۈندەك شەھەرگە ئاقاتتى. شەھەر كوچىلىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن موللا مۇھەممەتىيار خەلپەتنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ ماڭغان جاللاتلار ئۆتكۈشلۈق يول ئېچىپ ماڭالماي قالدى. خەلق توپى ئۇلارنى قاتمۇقات ئورىۋالغان، سانجاق-سانجاق سەپ تارتىپ، يوللارنى توسۇۋالغانىدى. ھەيۋەتلىك خەلق دېڭىزى ئىچىدە قالغان جاللاتلار گويا ئۆزلىرىنى سۇغا چۈشكەن چاشقاندەك ھېس قىلىشىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراشقانىدى.

بىر جامائە خەلق بۇزرۇك خوجا ھۇزۇرىغا بارغانىدى. ئۇلار موللا مۇھەممەتىيار خەلپەت ئۈستىدىن تەنتەكلەرچە چىقىرىلغان ئادالەتسىز ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، بۇزرۇك خوجىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىشتى. خەلقنىڭ تەلپى، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىدىن بۇزرۇك خوجا ئوتتۇرىغا چىققانىدى:

— يۇزرۇمدىكى خالىمنى كۆرسەتتىڭ، دەپ ئەيىنەكنى سۇندۇرۇش كاتتا مەسخىرە، مۇنداق نادانلىق زامانىمىزغىچە كۆرۈلگەن ئەمەس. ئەگەر نادانلارچە مۇشۇنداق قىلىنسا، مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئەبەدئىلئەبەد مەسخىرە بولماسمۇ! ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن ئارتۇق ئاقىلانە تەدبىر تېپىلغۇسىزدۇر!

ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى، خەلق قۇدرىتى ئالدىدا بەدۆلەت موللا مۇھەممەتىيار خەلپەت ئۈستىدىن چىقارغان ھۆكۈمنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاخرقی سۆز

بۇ ۋەقەنی 1950-یىلی خوتەن ئىلچىدا ئابدۇنىسىر داموللامدىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇ كىشى شۇ يىللاردا يەتمىش ياشلارغا بېرىپ قالغان، ئەمما تېنى ساغلام، ھوشى جايىدا ئىدى. ئۇ كىشى ئەينى يىللاردا بۇخارا شىرىفتە ئوقۇغان بولۇپ، ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى بۇخارا مەدرىسەلىرىدە، بەزمە-باراۋەت سورۇنلىرىدا تالىپلار، ئۆلىما-ئۇستازلار ئاغزىدىن كۆپ قېتىم ئاڭلىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ خۇددى موللا مۇھەممەتيار خەلپەت ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك قول ھەرىكەتلىرى ۋە قىياپەت ئۆزگىرىشلىرى بىلەن سۆزلىگەندە، بىر باغ بېدىدەك يايما ساقاللىرى تىترەپ مۇساھىبىگە جان كىرگۈزەتتى.

ئاردىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. نەق مەيداندا يازغان خاتىرەم ئاللىقاچان يوقالدى. ئېسىمدە قالغانلىرى بويىچە مۇشۇنداق بىر ۋەقەنىڭ بولغانلىقىنى تارىخي ئۇچىرىك قىلىپ يېزىپ چىقتىم.

1985-يىل، سىنتەبىر.





# بىر مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسى




## 1

— بىزگە تاغنى يۆدۆتۆپ قويسا كۆتۆرەمىزكى، يوغانچىلىق قىلغاننى كۆتۆرمەيمىز!

شەھەردە بىردىنلا مۇشۇ گەپ پەيدا بولدى. ھەممىلا يەردە شاۋقۇن كۆتۆرۆلدى. بۇ 1927-يىلى كۆزدە پۆتۆن قەشقەرنى زىلزىلىگە كەلتۆرگەن بىر قىتىملىق كۆچلۆك شاۋقۇن ئىدى.

— بىزگە شۇنداق يوغانچىلىق قىپتىمۇ!

— پەرەڭ ① دىگەن ئۆزى قانچىلىك خەقكەن!

— تۇرسۇن ئەپەندىم ② ئىكساقۇا كىتىپتۇ.

— كەلسۇن، يوغانچىلىق قىلغانلارغا ئۆزىمىزنى راۋۇرۇس تونۇتۇپ

---

① پەرەڭ — شۇ زامانلاردا ئومۇمەن ياۋروپالىقنى پەرەڭ دەيتتى.
② تۇرسۇن ئەپەندى — خانلىق مەدرىسەدە مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان مۇئەللىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قويمساق هېساب ئەمەس!

غـۇلـغۇلا هېيتگاهدا، يار باغ دەرۋازىسى، قۇم دەرۋازىسى، تۆشۈك دەرۋازىـسـى، ئومۇمەن بەش دەرۋازىنىڭ ھەممىسىدە، نەزەرباغ، قورغان، سـەمەنـدە گـۇرۇلـدىـمەكتە. ھەممىلا يەردە ئادەملەر توپ-توپ بولۇپ سۆزلەشمەكتە. ھەممىلا ئادەمنىڭ زەردىسى قايناپ فونتاندەك ئۆرلىمەكتە. خۇددى ھەيۋەتلىك دېڭىزدەك چايقىلىپ ئۆگزە بويى، تېرەك بويى دولقۇن ياساپ، قەھرى بىلەن قىرغاقلارغا سوقماقتا!

بۇ قەدەر زور دولقۇننىڭ پەيدا بولۇشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى:

شۇ كۈنلەردە بىر توپ چەت ئەللىك ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن، چىنە باغ تەرەپتە پۇتبول تېپىپ كۆڭۈل ئاچاتتى. ئۇلارنىڭ كىيىۋالغان ئالابالداق سپورت كىيىملىرى، پاس، ئوكېي... دېگەن ۋارقىراشقانلىرى بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى. مەيدان چۆرىسىگە ئولاشقان بىر توپ باللار بۇ چەت ئەللىكلەرنىڭ ئاسمان-پەلەك ئۆرلىتىپ تەپكەن توپلىرىغا، ئۆزئارا پاس قىلىشىپ ئۇستىلىق بىلەن چىقارغان پوكۇسلىرىغا، توپقا كاللا قويۇپ ئويناشلىرىغا، قاقاقلاپ كۈلۈپ ۋارى-ۋارى قىلىشقانلىرىغا، بىرەر توپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەپكەنلەرنىڭ تەلۋىلەرچە سەكرەپ تەنتەنە قىلغانلىرىغا، ئومۇمەن ئۇلارنىڭ قەشقەر ئادىتىگە يات بولغان گەپ-سۆز ۋە قىلىقلىرىغا قىزىقىپ قاراپ تاماشا قىلاتتى.

سـپورتچى تەپكەن بىر توپ تاماشا كۆرۈۋاتقان باللارنىڭ ئالدىغا قاڭقىپ كەلدى. ئەمما توپنىڭ ئىگىسى يېتىپ كەلگۈچە بىر بالا بۇ توپنى تۇتۇۋېلىپ كۈچەپ تېپىۋېدى، توپ ئاسمان-پەلەككە ئۆرلەپ يىراق بىر جايغا قاڭقىپ كەتتى. سپورتچى قاتتىق خاپا بولۇپ:

— ساڭا توپ تەپكىن، دەپ كىم ئۆگەتتى... توپ تېپىمەن دېگۈچە بېرىپ ئۆچمەڭنى تېرىپ يېسەڭچۇ! — دەپ بالىنى سەنلەپ سىلكىشلىدى. بـۇ گـەپ شـۇ يـەردە تـۇرغـان كـىـشىلەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى: بىرمۇنچىلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى:

— ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ گەپ قىل!
— نېمانداق يوغانچىلىق قىلىدۇ ماۋۇ ھوّپۇپ!
تەرەپ-تەرەپتىن چاكىلدىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. ۋېلىخانبەگ[1] ئىسملىك بىر كىشى بۇ گەپكە ئارىلاشماي تۇرالمىدى:
— مىنىستىر جاناب، ئۇنچىۋالا قوپال سۆزلەشنىڭ نېمە ھاجىتى، — دېدى سىپايىلىق بىلەن.
— ھە جاناب، سىز نېمە دېمەكچى بولسىز! — سپورتچى يوغانچىلىق بىلەن گۈركىرەپ سۆزلەيتتى: — توپ دېگەننى ھەممە ئادەم تەپسە بولىدۇ دېمەكچىمۇسىز! ئۇنداق بولغاندا ئۇچمە تېرىپ يەيدىغان ئادەم قالماسمىكىن!
— ھەرقايسىڭلار قەشقەرنىڭ ئۇجمىسىنى تېرىپ يېگىلى كەلگەن تۇرساڭلا، ئۇنىڭدىن بىز نېمە غەم قىلاتتۇق!
ئاما ئىچىدە پاراقلاپ كۈلكە كۆتۈرۈلدى. توپچى ئوڭايسىزلىنىپ ئىككى يېنىغا قاراپ تەمتىرەپ قالدى. ئاغىنىچە ئىككى توپچى كېلىپ ئۇنى چاقىردى.
— خارت، يۈر كېتەيلى!
خارت ئۆز ئادەملىرىگە قاراپ قول ئىشارىتى بەرگەندىن كېيىن، ۋېلىخانبەگكە بۇرۇلۇپ:
— ئەپەندىم، توپ تەپكۈدەك ئادەملىرىڭىز بولسا مەرھەمەت، ئەكېلىڭ! — دېدى.
— مۇسابىقە ئېلان قىلىمىز، قوبۇل قىلالامسىلە! — دېدى ۋېلىخانبەگ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.
— مەرھەمەت، مەرھەمەت! — دېگەن خارت، دوستلىرى بىلەن يىراقلاپ كېتىپ قالدى.
— گەپ ئېغىزدىن چىقىدۇ، جانمۇ ئېغىزدىن! — دېدى ۋېلىخانبەگ

[1] ۋېلىخانبەگ — باھاۋۇدۇن باينىڭ سودا باشقۇرغۇچىسى.

ئۇلارغا ئاڭلىتىپ.
شەھەر مۇشۇ سەۋەبتىن دىڭىزدەك شاۋقۇنلانغانىدى.

## 2

ۋېلىخانبەگ ئېتىنى يورغىلاتقان پېتى خانلىق مەدرىسەگە كەلدى. تۇرسۇن ئەپەندى شۇ يەردە ئىدى. ئىككىسى بۇگۈنكى ۋەقە ئۈستىدە سۆزلىشىپ بىر نۇقتىغا كەلگەندىن كېيىن، تۇرسۇن ئەپەندى ئاتۇش ئېكىساقتا بىرىپ ئۇ يەردىكى پۇتبول ھەۋەسكارلىرىنى تەشكىللەپ مۇسابىقىغە تەييارلىق كۆردى.

ئېكساق پۇتبول كوماندىسى ھەپتە-ئون كۈن تەييارلىق قىلىپ قەشقەرگە كەلگەن كۈنى پۈتۈن شەھەر ھاياجانلىنىپ تەۋرەپ كەتكەنىدى:

— تۇرسۇن ئەپەندىم كەپتۇ!

— ئېكساق توپچىلىرىدىن خىللاپ كوماندا تەشكىللەپتۇ!

— پەرەڭ دېگەنلەرنى "ۋاك" دېگۈزىمىز دەپتۇ!

ھاياجانلانغان شەھەردە كىشىنى روھلاندۇرىدىغان ھەرخىل سۆزلەر سەلدەك ئاقماقتا ئىدى...

ۋېلىخانبەگ بىلەن تۇرسۇن ئەپەندى ئىككىسى يارباغ دەرۋازىسىغا كېتىدىغان چوڭ رەستىدە پەيدا بولدى. ئۇلار كۆتۈرەڭگۇ-روھلۇق ئىدى. رەستىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دۇكاندارلارمۇ ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى روھىي قىياپىتىگە قاراپ مەمنۇن ئىدى. ئۇ ئىككىسى رەستىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن كېلىپ ئىنگلىز كونسۇلخانىسىنىڭ سودا ۋاكالەتخانىسىغا كىرىپ كېتىشتى. بۇ يەردە پۇتبول مەستانىلىرىدىن بىرقانچىسى خىزمەت قىلاتتى.

— ئەتىگەنلىكىڭىزلار قۇتلۇق بولسۇن! — دېدى ۋېلىخانبەگ دۇكانغا كىرىپلا. ئاندىن باش لىڭشىتىپ ئامانلاشقاندىن كېيىن مۇددىئاسىدىن سۆز ئاچتى: — بىز مۇسابىقىغا چىللاپ كەلدۇق!

— سىزلەر راستتىن شۇنداق قىلماقچىمۇ! — دېدى خارت تەئەججۈپلىنىپ. (ئۇ ئۇيغۇرچىنى ئوبدان تەلەپپۇز قىلالاتتى).

— بىزدە گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ، جانمۇ ئېغىزدىن دەيدىغان بىر گەپ بار!

— بىز قەشقەرلىقنىڭ گېپىدە تۇرمىغان ئادەمنىڭ ئالدىغا بىر داس كۆل ئەكېلىپ قويىدىغان ئادىتىمىزمۇ بار! — دەپ قوشۇمچە قىلدى تۇرسۇن ئەپەندى ۋېلىخانبەگنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ.

— ئەگەر گەپلىرىڭىز راست بولسا... — خارت بىرئاز دۇدۇقلاپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— مۇسابىقىنى قۇرۇقتىن-قۇرۇق ئوينايمىز دەۋاتامسىزلەر! — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى جېك ئىسمىلىك يەنە بىر خادىم، گويا ئۇ، بۇ سۆزى بىلەن ئوڭايسىزلىنىپ قالغان خارتقا ياردەم قىلماقچى بولغاندەك داۋام قىلدى: — بىزنىڭ ياۋروپادا بىرەر مەيدان توپ مۇسابىقىسى ئويناش ئۈچۈن نەچچە يۈز مىڭ فوند ستېرلىڭ سەرپ قىلىنىدۇ.

— ئەگەر شەرت قويسىڭىز بىزمۇ تەڭگە-تىللا چاچقۇ قىلالايمىز.

— بىزنىڭ جانابىي كونسۇلىمىز، ئەگەر قەشقەرلىقلار بىرەر مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسىغا چۈشكۈدەك سالاھىيەتكە ئىگە بولسىلا ئاشۇ سالاھىيىتى ئۈچۈن كومۇش ئېگەرلىك بىر دانە ئات تارتۇق قىلىمەن دېگەن!

— جانابىي كونسۇل خاتا ئويلاپتۇ. تارتۇق دېگەننى يەڭگەن كوماندىغا بېرىش كېرەك!

— كونسۇل جانابلىرى، سىزلەردە شۇنداق سالاھىيەتنىڭ يوقلۇقىنى نەزەردە تۇتقان بولۇشى كېرەك!

— پۈتۈنلەي خاتالىشىدۇ. بىز مۇسابىقىدا قارشى تەرەپنى يېڭىپ، تولۇق غەلىبە قىلغاندىلا ئاندىن ئۆزىمىزنى تارتۇق ئېلىشقا ھەقلىق دەپ تونۇيمىز!

— گەپ چوڭ ئەمەستۇ!

www.uyghurkitap.com

— ئاساسسىز گەپ قىلىۋاتقىنىمىز يوق، خاتىرجەم بولۇڭ مىنىستىر جاناب!

— سىلەر راستتىن شۇنداق قىلماقچىمۇ!

— سىزلەر قاچانغىچە يوغانچىلىق قىلىپ بىزلەرنى كۆزىڭىزگە ئىلماي ئۆتمەكچىسىزلەر؟

— بىزنىڭ ئۇلۇغ بىرىتانىيىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىمىزنى چۈشىنىدىغانسىزلەر!

— بىزنىڭ ئۇلۇغ قەشقەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىمىزنى ئەسلىتىپ قويساق قانداق!

جانابىي جىك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ، دەل يېرىگە تەگكەن سادانىڭ زەربىسىگە چىدىماي كۈلدىمۇ ياكى باشقا سەۋەبمۇ، دەرمەھەل چۈشەنگىلى بولمايتتى. ئۇ بىر هازا كۈلگەندىن كېيىن توختاپ:

— خوپ، ئۇنداق بولسا كېلىشىم قىلايلى، سىلەر ئۇتساڭلار بىز بىر دانە كۇمۇش ئېگەرلىك ئات تەقدىم قىلايلى. بىزگە ئۇتتۇرۇپ قويساڭلار سىلەر قانداق قىلماقچى؟ — دېدى.

— بىز بىرگە ئىككى. قانداق دەيسىز! — دېدى ۋېلىخانبەگ دەرھال جاۋاب بېرىپ.

— سۆز ياخشى بولۇۋاتىدۇ، بىراق مەيدان مەسىلىسى!

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەيدان بىزدىن!

— ئۇنداق بولسا كېلىشىپ قالدۇق!

— گەپ جايىدا چىقمىسا، شەرتىمىز شۇكى، ھامامدىن بىر داس كۆل ئەكېلىپ ئۇتتۇرىغا قويىمىز. كېلىشىمگە كىم خىلاپلىق قىلسا، شۇ كىشى داستىكى كۆلنى بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك!...

دۇكاندا جىددىي ۋە ئاچچىق كۈلكە قوزغالدى. ۋېلىخانبەگ بىلەن تۇرسۇن ئەپەندى تاكى كۈلكە ئاخىرلاشقاندىلا ئاندىن دۇكاندىن چىقتى.

## 3

تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن ۋېلىخانبەگ ئىككىسى ئاتلىق پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىدىغان يەر ئىزدەشكە كىرىشتى. ئۇلار يىقىن ئەتراپنى ئايلىنىپ ئاخىر سەمەن نوبىشىدا ئولتۇرۇشلۇق نورۇز دېھقاننىڭ بېدىلىكىگە كۆزى چۈشتى. بۇ بېدىلىك پۇتبول توپ مەيدانى قىلىشقا تولىمۇ مۇۋاپىق ئىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ئىككى ئاتلىق مېھمان سالام بېرىپ ئاتتىن چۈشكەندە نورۇز دېھقان چەبدەس قەدەم تاشلاپ باراڭنىڭ ئاستىدىن چىقىپ مېھمانلارنىڭ ئاتلىرىنى ئېلىپ جايلاشتۇرغاندىن كېيىن بىساتقا تەكلىپ قىلدى. مېھمانلار بىساتقا ئولتۇرۇپ پەتە قىلدى، ئاندىن قىسقىچە تىنچلىق-ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، كېلىش مۇددىئاسىدىن سۆز ئاچتى.

— بىز ھاجەتمەن بولۇپ ھۇزۇرلىرىغا كەلگەنتۇق! — دېدى تۇرسۇن ئەپەندى، ئۇنىڭ چىرايىدىن جىددىي ھاجەتمەنلىك قىياپىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— خوش، مەرھەمەت، خىزمەتلىرىگە تەييارمىز! — دېدى نورۇز دېھقان ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن قولىنى كۆكسىگە قويۇپ.

— بىزگە، سىلىنىڭ مۇشۇ بېدىلىكلىرى جىددىي زۆرۈر بولۇپ قالغانتى. لەۋزىمىزنى ياندۇرماس، دەپ زور ئۈمىد بىلەن كەلدۇق! — دېدى ۋېلىخانبەگ مۇددىئاسىنى ئوچۇق ئىزھار قىلىپ.

— ئايلانسۇن، ئايلانسۇن! — دېدى نورۇز دېھقان پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ: — ھېلىغۇ بېدىلىككەن، چاھار بېغىم بولسىمۇ، ھەربىرلىرىدەك ئەزىزلەردىن ئايىماسمەن!

— رەھمەت، رەھمەت! — دېدى ھەر ئىككى مېھمان، نورۇز دېھقاننىڭ ھىممىتىگە تەزىم قىلغاندەك سەل-پەل ئېگىشىپ.

نورۇز دېھقاننىڭ ئوغلى داستىخان كۆتۈرۈپ چىقتى.
— بۇ بېدىلىك قانچە چارەكلىك كېلەر؟ — دېدى تۇرسۇن ئەپەندى چاي ئوتلاۋېتىپ.
— ئازغىنا كەم ئون بەش چارەكلىك كېلەرمىكىن!
— بىز بۇ بېدىلىكنى ئىشلەتسەك جىق بولسا ئىككى كۈن ئىشلىتەرمىز، نېمىكى بولسا ئۈستىدىكى زىرائەت بىر قېتىم بۇزۇلىدۇ، دېسىلە. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بىز بىر چارەكلىك يەرنىڭ زىرائىتىگە ھېساب قىلىپ بەش چارەكتىن بۇغداي بېرىش قارارىغا كەلدۇق، بۇنىڭغا نېمە دەيلىكىن!
— نېمە دېيىشۋاتىلا؟ — بۇ سۆزلەرگە تەئەججۇپلەنگەن نورۇز دېھقاننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى. تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن ۋېلىخانبەگ بۇ ئەھۋالغا قاراپ ئۆزئارا يالت ئېتىپ كۆز ئۇچراشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزلىدى:
— نېمە، ئاز كۆرۈۋاتاملا! — دېدى تۇرسۇن ئەپەندى.
— يەنە ئون بەش چارەك قوشۇپ توقسان چارەك بۇغداي بەرسەكمۇ بولىدۇ، — دېدى ۋېلىخانبەگ.
— ياق ئۇنداق دېمەي، ماڭا ئاۋۋال بېدىلىكنىڭ نېمىگە لازىم بولۇپ قالغانلىقىنى ئوچۇقراق ئېيتىشسىلا! — دېدى نورۇز دېھقان سەممىي ئۆتۈنۈش قىلىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر سىرنى بىلىش ئالدىدىكى تەقەززالىق ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى.
— بولىدۇ، ئوچۇق ئېيتساق بىز بۇ بېدىلىكتە بىر مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزمەكچىتۇق.
— مۇسابىقە!؟ كىم بىلەن؟
— ئىنگلىزلار بىلەن!
— ھە، ھە مۇنداق دېسىلە! — دېدى نورۇز دېھقان ئېچىلىپ، — مەن ئاڭلىغان، مەن ئاڭلىغان. ئوبدان بولۇپتۇ، ئوبدان بولۇپتۇ، ھەرقايسىلىرىنىڭ ھەممەتلىرىگە باركاللا!... نورۇز دېھقان ھاياجانلانغانلىقتىن

بىر دەقىقە سۆز تاپالماي قالغانىدى. بىرئازدىن كېيىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ تەپسىلىي سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن بۇ پەرەڭلەرنىڭ قىلغان يوغانچىلىقىنى ئاڭلىغانىتىم، زەردەم قايناپ بىرقانچە كۈنگىچە كېچىلىرى راۋۇرۇس ئۇخلىيالماي چىقتىم... ئاپلا ... بۇ يامان بولدى... بۇ خەق بىزنى قاچانغىچە كۆزگە ئىلماي بوزەك تــاپــىدۇ، قانداق قىلىشارمىز دەپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم كاچاتلىغۇدەك بولۇپ، قويغان-تۇتقىنىمنى بىلمەي يۈرەتتىم. كېسەلنىڭ قايغۇسى كەلسە تېۋىپ ئــاخۇنۇم ئۆزى كەپتۇ، دېگەندەك ھەرقايسىلىرى بۇگۈن دەردىمگە داۋا، رەنجىمگە شىپا بولۇپ جاراھىتىمنى ساقايتقىلى كېلىشىپلا، بۇنىڭغا مىڭ رەھــمــەت، ھەرقايسىلىرىنىڭ ھەممەتلىرىگە مىڭ رەھمەت! — ئۇ بىرئاز توختىۋېلىپ داۋام قىلدى، — دەرەخ يىلتىزىغا تايىنىپ كۆكلىسە، ئادەم ھەممەتكە تايىنىپ كۆكلەيدۇ دەيدىغان بىر گەپ بار. ھەرقايسىلىرى ھەممەت قىلىشىپلا، ماقۇل ئەمدى مەن ھەممەت قىلماي قاراپ تۇرامدىمەن! مەن بۇ بېدىلىكنى ھەرقايسىلىرىغا تۇتقىنىم تۇتقان، ھەق تەلەپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەگەر مۇسابىقىدا پەرەڭلەرنى ئۇتۇپ ئۇلارنىڭ يوغانچىلىقىنى يەر بىلەن يەكسەن قىلىدىغان بولۇشسىلا، ئەنە قۇربانلىققا ئاتاپ بېقىۋاتقان قارا باش قوچقار تۇرۇپتۇ، — نورۇز دېھقان سەيناد ئۇجمە تۈۋىدە باغلاقلىق تۇرغان قوچقارغا قاراپ داۋام قىلدى، — دەرھال بويىنىنى كېسىپ داستىخان بېرىشكە مانا مەن تەييار!

— رەھمەت، رەھمەت ھەممەتلىرىگە رەھمەت! — دېيىشتى مېھمانلار تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ.

بۇلار ئولاش-چولاش بېدىلىككە چىقىشتى. ئۇيان-بۇيان قەدەملەپ پۇتبول مەيدانى بولغۇدەك يەرنى مۆلچەرلەشكەندىن كېيىن مېھمانلار خوش ئېيتىپ شەھەرگە قايتىشتى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتە چىقىپ مەيدان راسلايمىز! — دېيىشتى ئۇلار مېڭىش ئالدىدا.

www.uyghurkitap.com

— خۇدايىم بۇيرۇسا! — دەپ قويدى نورۇز دېھقان مېھمانلارنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرۇپ.

مېھمانلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، ھاياجىنىنى بېسىۋالالمىغان نورۇز دېھقان بۇ خۇش خەۋەرنى قولۇم-قوشنا، ئەل-جەمەتلىرىگە يەتكۈزدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلا ئوندەك ئادەم قوللىرىغا ئورغاق-كەتمەن ئېلىپ ئورۇشقا تېگىشلىك بىدىلەرنى ئورۇپ يەرنى ئاچتى. ئوتتۇرىدىكى ۋە ئىككى ياقىدىكى پاسىل قىرلارنى بۇزۇپ تەكشىلەپ، ئوي-چوڭقۇرىنى تۈزلەپ، باشتىن-ئاياغ كەتمەن بىلەن قىرىپ، راۋۇرۇس مەيدان ياساپ چىقتى.

ئەل-جامائەتنىڭ، نورۇز دېھقاننىڭ كۆرسەتكەن بۇ ھىممىتى ئەتىسى يەر تۈزلەشكە چىققان پۇتبولچىلارنى ھەيران قالدۇرغانىدى!...

## 4

ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مۇسابىقە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. شەھەر خەلقى شۇ كۈنى سەمەن تەرەپكە سەلدەك ئاقاتتى. مۇسابىقە مەيدانىغا توپلانغان ئادەمنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ، بەزەن چوڭ ياشلىق كىشىلەر، ھەزرەتنىڭ سەيلىسىگىمۇ بۇنچىلىك كۆپ ئادەم توپلانماس، دەپ باھا بېرىشتى.

دەرۋەقە بۈگۈن ئادەم بەك كۆپ توپلانغانىدى. مەيداننىڭ ئەتراپىدا ئادەملەر سانجاق-سانجاق تۇرۇشاتتى. مۇسابىقە باشلىنىشتىن سەل ئىلگىرى ئېنگلىز ۋە شۋېت كوماندىسىنىڭ ئەزالىرى كېلىشتى. ئۇلار كېلىپلا كىيىم يەڭگۈشلەپ مەيدانغا چۈشۈپ تەييارلىق خاراكتېرىدە مەشق قىلىشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىكى ھەرخىل رەڭلىك ئالا بالداق سپورت كىيىملىرى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە يىراقتىن خۇددى رەڭلىك كىيىم كىيدۈرۈپ قويغان قورچاقلاردەك كۆرۈنەتتى. كوماندا تەركىبىدە ئاق سېرىق كەلگەن ئىنگلىزلار، قارامتۇل كەلگەن ئافغانلىقلار، بىلەكلىرى يوغلۇق، ئېڭەكلىرىنى

قويۇق ساقال باسقان ھىندىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئىنگلىزچە زۇۋان بىلەن ۋارى-ۋارى قىلىشىپ، مەيداننى بېشىغا كىيىۋالغىلى قىل قالغانىدى.

قەشقەر ئېكىساق كوماندىسىمۇ مەيدانغا چۈشتى. ئۇلار كۆك لەمبۇقتىن تىكىلگەن بىرخىل كىيىم كىيگەنىدى. كۆزنىڭ يېغىنى يەپ كەتكۈدەك بۇ ياش باللار، مەيدانغا چۈشۈپلا مۇسابىقە باشلىنىشتىن بۇرۇن تەييارلىق خـاراكـتـېـرىـدە ھەرىكەت قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقانىدى.

— ئەنە ئابلىمتخان، ئاۋۇسى ئەنۋەر!

— ھەممىدىن ماموت دېگىنى يامان دەيدۇ!

— بىر-بىرىدىن قېلىشمايدىغان نوچى باللار.

— پەرەڭ دېگەننى ”ۋاك“ دېگۈزىدىغان بولدى! ... ئاما ئىچىدىن چـىـقـقـان بـۇ سۆزلەر ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا تىلەكداش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى.

ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئىرۋوشقا ئولتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىرنەچچە خادىملارمۇ ئارغىماق ئاتلىرىغا مىنىشىپ كەلگەنىدى. ئۇلار مەيداننىڭ بىر تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا مۇسابىقە رەسمىي باشلاندى.

مـۇسـابىقە باشتىلا جىددىي تۈس ئالدى. چەت ئەل كوماندىسى ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى، ھەرخىل فىگۇرا ماھارەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، گويا كۆزنى قاماشتۇرۇۋەتكۈدەك كىرىشىپ كەتتى. قەشقەر كوماندىسىمۇ بوش كەلمىدى. رەقىبكە قەيسەرلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى پەيدىنپەي سۇندۇرۇشقا باشلىدى.

— ئابلىمتخان ئۆزى ۋىجىك بولغان بىلەن توپ ئوينىتىشقا بەك ئۇستىكەن، پەرەڭلەرنى پىرە ئوينىتىۋەتتى!

— ماموتنىڭ توپ تېپىشىگە قاراڭلار، ھاۋانىڭ قەرىگە چىقىرىۋەتتى!

— بېكتە تۇرۇۋاتقان ئەنۋەرغۇ يارايدۇ!

ئادىل ئامىننىڭ بەرگەن ھەرخىل باھالىرى قەشقەر كوماندىسىغا كۆچلۈك مەدەت بولاتتى.

مۇسابىقە يېرىم سائەت بولا-بولمايلا قەشقەر كوماندىسى بىر توپ ئۇتتى. خەلق ئامىنىسدىن "ياشاپ كەت" دەپ گۈرۈلدىگەن ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلدى. بۇ سادا قەشقەر كوماندىسىغا يېتەرلىك مەدەت بېغىشلىغانىدى.

چەت ئەل كوماندىسى بىر مەزگىل ئالاقزادە بولۇپ، قويرۇقنى تۇتالمىغان مۈشۈكتەك پىرقىراپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى. نومۇس كۆچىدىن يېرىلىپ كېتەي دەيتتى. بىر-ئىككى قېتىم توختاپ مەسلىھەت قىلىشتى. ھەرخىل يېڭى تاكتىكىلارنى قوللىنىپ يوچۇقلاردىن پايدىلىنىپ بىر توپ كىرگۈزدى. نەتىجە تەڭلەشتى.

مۇسابىقە جىددىي باسقۇچقا كىردى. ئىككى تەرەپ پۈتۈن ماھارەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ كۈرەش قىلماقتا ئىدى. چەت ئەل كوماندىسىدىكىلەر چىدىماسلىق قىلىپ، قەشقەر كوماندىسىنىڭ ئەڭ ياخشى توپچىلىرىنى قەستلەپ، زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۆرۈندى. ئۇلار ئوچۇقتىن-ئوچۇق پۇتبول ماھىرلىرىنىڭ ئەجەللىك يەرلىرىگە تېپىۋېتىش، ئۆزىنى ئۆرۈپ يىقىتىۋېتىش ۋە باشقا تەرتىپسىزلىكلەرنى قىلدى. تۇرسۇن ئەپەندى بۇ تەرتىپسىزلىكلەرنى تۈزىتىش توغرىسىدا قارشى تەرەپ كوماندىسىغا پىكىر قىلغاندىن تاشقىرى، ئۆز كوماندىسىدىكى ئەزالارغا ھوشيار بولۇش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى.

ئىنگلىز كوماندىسى بىر توپنى ھەيدەپ كېلىپ، بىر تېپىش بىلەن بېكىتقا كىرگۈزۈۋەتمەكچى بولغاندا، قەشقەر كوماندىسىنىڭ بېك (ۋارتا) ساقلىغۇچىسى توپنى ماھارەت بىلەن تۇتۇۋالدى. بۇ چاغدا ئىنگلىز كوماندىسىدىكىلەر ئۆزىنى ئۆرۈپ توپنى بېك ساقلىغۇچى بىلەن قوشۇپ بېكىتقا كىرگۈزۈۋېتىشكە ئۆرۈندى. بۇ ئەھۋالدا بېك ساقلىغۇچى توپنى قۇچاقلاپ يەرگە دۈم يېتىۋالدى. قارشى تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ كۆكرىكىدىكى توپنى تېپىپ ئاجرىتىۋېلىشقا ئۆرۈنۈپ كۆچەپ تېپىشكە

باشلىدى. ئۇلارنىڭ قاتتىق ئۆتۈكلىرى توپقىمۇ، ئادەمنىڭ باش كۆزلىرىگىمۇ تېگەتتى. بۇ قائىدىسىزلىق ھەرىكەت چىدىماسلىقنىڭ ئالامىتى ئىدى. تاماشىبىنلار ئىچىدىن بىردىنلا چۇقان كۆتۈرۈلدى. تەرەپ-تەرەپتىن ئۇلارنى ئەيىبلىگەن ئاۋازلار، نارازىلىقلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋالدا ئۇلار بۇ زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

لېكىن شۇنىڭدىن كېيىنكى ئېلىشىش تېخىمۇ كەسكىن بولدى. چەت ئەل كوماندىسىدىكىلەر قەست قىلىش ئىشلىرىنى بىردەممۇ توختاتقىنى يوق. قەشقەر كوماندىسىدىكىلەر ھەر قەدەم ھەربىر ھەرىكەتتە چېۋەرلىك قىلىپ قەست قىلغانلارنى پەس قىلدى. خەلق ئاممىسى ئۇلارنىڭ مۇنداق چېۋەرلىكلىرىنى "باركاللا" تووۋلاپ مەدھىيىلەپ تۇردى. مۇنداق قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە قەشقەر كوماندىسى يەنە بىر توپ كىرگۈزۈپ، بىرگە قارشى ئىككى نەتىجە بىلەن تولۇق غەلىبە قازاندى.

سوۋېت كوماندىسى بىلەن بولغان ئېلىشىشتا قەشقەر كوماندىسى نۆلگە قارشى يەتتە نەتىجە بىلەن غەلىبە قىلدى.

تۇنجى قېتىملىق پۇتبول مۇسابىقىسى ئەنە شۇنداق غەلىبىلىك تاماملانغانىدى...!

1985-يىل.

www.uyghurkitap.com

**تۇردى سامساق**

# بەش تال ئوق

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى.

— ماۋزېدۇڭ

I

خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ باشقا ئۆيلەردىن چوڭ ۋە چوڭقۇرراق ياسالغان زېمىلانكا (گەمە) ئىسكىلاتىدىن خۇشال چىققان پولات قولتۇقىدىكى كۆڭلەك-تامبال، لۆڭگە، پايپىمىلىق ماتا، ئۆتۈك، سوپۇن، سەرەڭگىلىرى بىلەن تاماكا قەغەزلىرىنى (بۇگۈن يازلىق كىيىم-كېچەك بىلەن بىللە ئايلىق نورمىمۇ بېرىلگەنىدى) ئىسكىلات ئالدىدا تۇرغان يۈك هارۋىسىنىڭ شوتىسىغا قويدى. ئۇ، بويۇمغا خوپ كەلمىسە يەڭگۈشلىۋالىمەن دېگەن ئوي بىلەن، گىمناستوركىنى شۇ يەردىلا كىيىپ كۆرمەكچى بولدى.

ماش رەڭ دىگنال تىرىكىدىن تىكىلگەن بۇ گىمناستوركا خۇددى قۇيۇپ قويغاندەك خوپ كەلگىنىگە خۇش بولغان پولاتنىڭ ئۈنى تىككەن ئۇستىغا

ئاپىرىن ئېيتقۇسى كەلدى. ئەمما يەڭلىرى سەل-پەل ئۇزۇندەك سېزىلىپ، يېڭى قىسقىراقتا تېگىشىۋالايمىكىن دېيىۋىدى، ئىسكىلات دېرىزىسى تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئۆتۈك كىيىۋاتقان رەجەپ بۆلەكچە مەسلىھەت بەردى:

— سەل ئۇزۇنراق بولغىنى ياخشى، يۇيغاندا كىرىشىپ كېتىدۇ...

پولات گىمناستوركىنىڭ ئۇيان-بۇيانلىرىنى تۇتۇپ كۆرگىنىدىن كېيىن تۆش يانچۇقىغا قول سېلىۋىدى، بىرنېمە ئۇرۇندى. قارىغۇدەك بولسا، تۇمارچە قاتلانغان كىچىككىنە قەغەز ئىكەن. ئۇ ئالدىراپ ئاچتى. قەغەزنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قوش يۈرەك سۈرىتى، چۆرىسىگە غۇنچىلاۋاتقان قىزىل گۈل سىزىلىپ، تېگىگە سۆسۈن رەڭ بىلەن چىرايلىق خەت يېزىلىپتۇ. خەت قىسقا، ئېنىق يېزىلغان بولۇپ، ھەربىر سۆزى خۇددى مەرۋايىتتەك تىزىلغانىدى. ئەمما پولات چالا ساۋات بولغىنى ئۈچۈن خەتنى تۈزۈك ئوقۇيالمىدى. بۇ چاغدا ھارۋىنىڭ شوتىسىدا ئولتۇرۇپ ئۆتۈكىنى سېلىۋاتقان رەجەپ خەتكە بويىنىنى سوزۇپ قاراپ، سۈرەتلەرنى كۆرۈش بىلەن زوقلىنىپ ئالدى-دە، تېز-تېز ئوقۇشقا باشلىدى.

”مەن تىككەن مۇشۇ كىيىم مىللىي ئارمىيىنىڭ قانداقلىكى جەڭگىۋارىغا نېسىپ بولسا مەن شۇنىڭكى، مۇشۇ كىيىمنى كىيگەن ئەي مەردانە يىگىت، مېنىڭ نامىمدىن بەش تال ئوق بىلەن بەش دۈشمەننى يەر يۇتقۇزۇپ، غەلىبە بىلەن كەلسىڭىز، مېنى تېپىۋېلىڭ، مەن سىزنىڭ، مۇھەببىتىڭىز ‹ش›.“

پولات تەقەززالىق بىلەن قول سۇنىۋىدى، رەجەپ يەنە بىر ئوقۇۋېلىش غەرىزىدە بەرمەسكە ئۇرۇندى. پولات شاپىلا قىلىپ تارتىۋالغاندا رەجەپنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، پولات سەل نېرى بېرىپ ئوقۇشقا باشلىۋىدى، رەجەپنىڭ ئىچى پۇشتى. ئۇ ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا دەسسىگەن پېتى يىقىلىۋىدى، پولات نېرىراق داجىدى. رەجەپمۇ ئۇنىمىغانغا قويمىدى.

— ئەكىلە، ئوقۇيالمىغان نېمەڭگە تىلىڭنى چايناپ، جىنىڭنى

www.uyghurkitap.com

قېنىماي، مەن بىر ئۇقۇپ باقاي...

بۇ كىچىككىنە خەتنىڭ خەۋىرى بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا بۆلۈملەردىن ئۆتۈپ، ھەتتا پۈتۈن قىسىم تەركىبىگە دېگۈدەك تارقىلىپ كەتتى. كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا خەت ئاپتورى ”ش“ ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەي قالمايتتى. شاراپەت، شاپائەت، شاھادەت، شەرىپە، شەپقە، شەمسىيە، شەرۋانەم، شەمشىنۇر، شەمشقەمەر ۋەھاكازالار دەپ، ئالەمدىكى ئايال زاتىنىڭ ”ش“ ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملىرىنى خۇددى ئىستروبىغا (سەپكە) تىزىلغان ئەسكەرلەردەك قاتار تىزىپ كۆرۈشەتتى.

— ۋاي-ۋۇي، بۇ پولاتنى قىز بىلەن كۆمۈپلا ئەتتىڭلارغۇ؟... قايسى بىرىنى ئېلىپ بولارسەن پولات؟ — دېدى رەجەپ كۈلۈپ، — بولمىسا بىرەرسىنى ماڭا بېرىۋېتەرسەن-ھە؟ — جەڭچىلەر پاراق-پاراق كۈلۈشەتتى.

— پولاتجان، قېنى ئۇ خەتنى مەنمۇ كۆرۈپ باقمايمەنمۇ؟ — دېدى توپ قاتارىغا يېڭىلا كەلگەن كوماندىرنىڭ كانۋويى مەرۇپ.

— ياق كۆرۈشكە رۇخسەت يوق، — دېدى پولات كۈلۈپ.

— ھە، مانا پولاتجان ھېلىتىنلا چوكىنىنى كۈنلەۋاتىدۇ، — دېدى جەڭچىلەردىن بىرسى.

خەت قولدىن-قولغا ئۆتۈۋەرگەنلىكتىن سۈتتەك قەغەز كىرلىشىشكە باشلىغاچ، پولاتنىڭ ئەمدى ئۇنى كۆرسەتكۈسى كەلمەيتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھەرقايسىسى ھەرنېمىلەرنى دەپ چاقچاق قىلماقتا ئىدى.

بەزىلەر: پولات بەختىنىڭ بار ئىكەن دېسە، يەنە بەزىلىرى: قانداقراق قىزدۇ-ھە! — دېيىشەتتى. بەزى شاڭخوچىلار: كىم بىلىدۇ، قىزمۇ ياكى ئاغزىدا چىشى يوق بىر موماي قىزنىچىلىق قىلىپ يازدىمۇ؟ دېسە، يەنە بەزىلىرى: چىشى بولمىسا، پولات ياش بولغاندىن كېيىن نان چايناپ بېرىپ باقامدۇ؟... دەيتتى. بۇ چاغدا پولاتمۇ: چىداش، خەتنىڭ ماڭا تېگىپ قالغىنىغا ھەرقايسىڭلارنىڭ ئىچى ئاداۋاتامدۇ؟ دەپ مەغرۇرانە كۈلەتتى. ھەممە چاقچاقچىلارمۇ ئۆز يولىدا ئۆتۈۋەرگەندى، ئەمما مەترۇزىنىڭ ”كاشكى سەندە

شۇ خەتنى يازغان قىز كۆتكەندەك خىسلەت بولسىچۇ“ دېگىنى پولاتنىڭ جان-جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— ھە، مەندە ئۇنداق خىسلەت بولماي باشقىلاردىن بىر يېرىم كەممىكەن؟ — دېدى پولات غەزەپلىك قىياپەتتە.

— ياق، ھېچ يېرىڭغۇ ھېچكىمدىن كەم ئەمەس، ئەمما خەت يازغان قىز: قەھرىمان جەڭچى، غالىب، باتۇر دېگەندەك گەپلەرنى يېزىپتۇ ئەمەسمۇ؟...

— مەن قەھرىمان بولالمامدىكەنمەن؟

— سەن ئاشپەز تۇرساڭ قانداقمۇ قەھرىمان بولارسەن؟ پولات ئۇدۇق-بۇدۇق قىلىپ قالدى، ئەمدى رەجەپ گەپكە ئارىلاشتى.

— بىزنىڭ پولاتنى ئوق ئاتالمايدۇ دەۋاتامسىلەر؟ جەڭ بولغاندا بەش تال ئوقنى چۆمۈچكە سالىدۇ-دە، سېپىنى ئۈستۈۋۈل قىلىپ، قازان ئاكوپقا كىرىۋېلىپ، تۇۋاقنى چىڭ ئېتىپ قويۇپ گۈمشىتىپ ئېتىۋەرمەمدۇ؟...

رەجەپنىڭ سۆزىگە ھەممىسى تېلىققۇدەك كۈلۈشتى. ئەمما پولات قۇلاقلىرىغىچە قىزارماقتا ئىدى. رەجەپ بىلەن پولاتنىڭ بەك كۆڭلى يېقىن بولسىمۇ، بۇ دۆرەم دىلى رەنجىدى. ئۇ تازا بىر ھومىيىپ، بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋاتاتتى، شۇ ئەسنادا مەشغۇلاتقا سىگنال چېلىنىپ، جەڭچىلەر كۈلۈشكەنلىرىچە ئىستروۋىغا مېڭىشتى.

پولات ئاشخانىغا خۇددى بوينىدىن باغلىغاندەك كىردى. سەككىز ئايدىن بۇيان ”قەدىناس“ بولۇپ قالغان قازان بىلەن چۆمۈچ ئۇنىڭغا ئەمدى ئەجەل ئەرۋاھىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ، ئوچاقتا كۇشۇلداپ يىغلاپ كۆيۈۋاتقان سۆگەتنىڭ ھۆل ئوتۇننى تۈزۈۋىدى، كۆزلىرىگە تۈتۈن كىرىپ، قويۇق كىرپىكلىرى ياشقا چۆكۈپ قالدى. ياغلىشىپ كەتكەن يېڭى بىلەن كۆزىنى ئېرىتقان پولات چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى. ئۇ يېتىملىك ۋە مالايلىقتا ئۆتكەن كۈنلىرىنى، بىر قېتىم يېزىدىن شەھەرگە كىرگىنىدە گومىنداڭنىڭ سىرىق پاچاق بىر چېرىكى ئۇنى توسۇپ، ئۆيىگە سەي

كۆتۈرگۈزۈپ كېتىۋاتقاندا بىر بەسەي پاتقاقتا چۈشۈپ كەتكىنى ئۈچۈن ”لوسڭكۇ“ دەپ يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ قاتتىق ئۇرغان، تەپكەنلىرىنى ۋە ئاخىر مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب باشلانغاندا ئاشۇ گومىنداڭچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن مىللىي ئارمىيە سېپىگە پىدائىي بولۇپ كىرگىنىنى ئەسلىدى-دە، ئۆزىگە كەلدى.

— مەن ئاشپەز بولۇشقىلا پىدائىي بولمىغانغۇ؟ — دەيتتى ئۆزىچە پىچىرلاپ ۋە بىردىنلا ئىكرامجانغا دادىسى قوزىباي ئاكىنىڭ يازغان سۆزلىرى يادىغا يەتتى.

”ئىكرام، خېتىڭنى ئالدىم. سەن مەندىن ھەرگىز ئەنسىرىمە، مەن ھازىر جەڭچىلەر ئاشپەزلىكىدىن كوماندىرىمىزنىڭ مەخسۇس ئاشپەزلىكىگە يۆتكەلدىم دەپ يېزىپسەن. بۇ سېنىڭ ئۆزۈڭنى: مەن خەتەرسىز خىزمەتتە دېگىنىڭمۇ ياكى مەنسەپ، مەرتىۋەم ئۆرلەۋاتىدۇ دېگىنىڭمۇ؟!!!“

”ئەگەر سەن راستىنلا مېنىڭ بالام بولىدىغان بولساڭ، مۇشۇ خەت تېگىشى بىلەنلا چۆمۈچ ئورنىغا قورال ئال. ئۇلۇغ ناۋايىنىڭ ‹ئۆلۈمدىن قورقما، ئۆلەرمەن بولۇپ ياشاشتىن قورق› دېگەن قىممەتلىك گېپى ھەر دائىم ئوڭ قۇلىقىڭدا بولسۇن! مەن سېنى ئەر دەپ باققان...“

ئۇھ، — دېدى پولات، ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — مەتروزىنىڭ دېگىنىمۇ توغرا؛ رەجەپنىڭ دېگىنى ئۇنىڭدىنمۇ توغرا؛ ئاتبىيا ئويلانمايلا ئۇلارنىڭ گېپىگە خاپا بولۇپتىمەن، مەن بۇ ئاشپەزلىكتىن زادى نېمە تاپىمەن؟...

پولات شولارنى دېدى-دە، ئورنىدىن دەس تۇرغىنىچە روتا [1] كوماندىرىنىڭ يېنىغا ماڭدى. ئۇ كىرگەندە كوماندىر كەچكى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەتكى قۇچاقلاشما جەڭ مەشىقىنىڭ پىلانىنى تۈزۈۋاتاتتى. پولات تاققىدە توختاپ كوماندىرغا چاس بەرگىنىدىن كېيىن:

— يولداش كوماندىر، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا توغرىدىن-توغرا كىرگىنىمنى كەچۈرۈڭ، — دەپ تىك تۇردى. كوماندىر ئۇنىڭغا قولىنى چوشۇرۇش، ئولتۇرۇش ئىجازىتى بەردى ۋە كۈلۈمسىرىدى. چۈنكى ئۇمۇ خەتنىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇپ بولغانىدى.

كوماندىر سۆز باشلاپ، تاماقنىڭ سۈپىتى، خوجىلىقنىڭ نەرسە-كېرەكلەر بىلەن قانداق تەمىنلەۋاتقانلىرى قاتارلىقلارنى سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن:

— بۈگۈن كىيىم ئالدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئالدۇق، — دېدى پولات. ئۇ قىسقا جاۋاب بىلەن باشقا سۆزلەرنى تولۇقلاپلا مەنىنى مەقسەتكە توغرىلىدى.

— توغرا ئېيتىسەن، — دېدى كوماندىر ئاتىلارچە مېھرى بىلەن قاراپ، — تەمىنات خىزمىتى ئىشلىگۈچىلەر كۆپ ھاللاردا كىشىلەرگە ياخشى بولالمايدۇ. ئەمما بۇ خىزمەت ئىشلارنىڭ ئەڭ زۆرۈرى. ئاشپەزلىكمۇ ئەڭ مۇھىم. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، قورۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ دېگەن سۆز بار ئەمەسمۇ؟... سېنىڭ تەلىپىڭ ئورۇنلىنىشى مۇمكىن، شەرتى شۇكى، ئوبدانراق ئاشپەز تەيىنلەنگۈچە جەڭچىلەرنىڭ تامىقىنى ئىخلاسىڭ بىلەن ئېتىپ تۇرسەن.

— خوپ يولداش كوماندىر. ئەمما...

— ئەمما تەلىپىم بالدۇرراق ئورۇنلانسا دېمەكچىمۇ سەن؟

---

[1] بەزى ھېكايىلەردە قوللىنىلغان ھەربىي ئاتالغۇلار كېيىنچە خەنزۇچىغا ئۆزگەرتىلگىنىگە قارىماي، زامان ئېتىبارى بىلەن ئەينەن ئېلىندى — تەھرىردىن.

www.uyghurkitap.com

— ھەئە، يولداش كوماندىر.

— بولىدۇ، — دېدى كوماندىر كۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان پولاتقا ئۇلتۇرۇش ئىشارىسى قىلىپ، — ھە، ئۆي ياقتىن خەت-پەت بارمۇ؟ — دېگەننى قوشۇپ قويدى ئۇ.

قىزارغان پولات ئوڭايسىزلانغانلىقىدىن قىمىرلىدى ۋە:

— ياق... ياق، — دەپ ھىجايدى.

— بۇگۈن خۇش خەۋەرلىك خەت ئالدى دەيدىغۇ سىنى؟ — پولات مەغرۇرانە كۈلگىنىچە ئىچ يانچۇقىدىن خەتنى ئېلىپ بەردى. كوماندىر كۈلۈپ زوقمەنلىك بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— مانا كۆردۈڭمۇ؟ خەلقىمىزنىڭ بىزگە ئىشەنچىسى شۇ قەدەر كۈچلۈككى، ئۇلار جەڭگىۋار مىللىي ئارمىيىمىز بىزنى گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ قانلىق زۇلمى، ئېپلاس تاپىنىدىن ئەبەدىي ئازاد قىلىدۇ، دەپ قەتئىي ئۈمىد بىلەن قارايدۇ. بۇ خەت، — كوماندىر قەغەزنى لامپا تۈۋىگە تۇتۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەلۇم قىز تەرىپىدىن يېزىلغان كىچىككىنە ئاددىي بىر خەت بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئاددىي خەتتە خەلقىمىزنىڭ ئۆز ئارمىيىسىگە بولغان چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتى يالقۇنجاپ تۇرۇپتۇ. بۇ سۆزلەرنى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بۇ سۆزلەر، دۈشمەن تامامەن يوقىتىلىپ، يۇرتىمىز ئازاد بولسا، خەلقىمىزنىڭ بەخت-سائادىتى قىزىلگۈلدەك غۇنچىلەپ-پورەكلەپ ئېچىلىشقا باشلايدۇ، دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ. بۇ بىر جۈپ يۈرەك سۆرىتى شۇنداق مەنىگە ئىگىكى، بىزنىڭ يۈرەكلىرىمىز بىر مەقسەت بىر نىيەتتە تەپسۇن! ئەگەر ئىش شۇنداق بولسىلا قالغىنىنى كېيىن ئۆزىمىز بىلىمىز دېمەكچى. بۇ ئاددىي خەت، ئەمما چوڭقۇر مەزمۇن ۋە چوڭ قىممەتكە ئىگە خەت، بۇنى ئوبدان ساقلىغىن.

— خوپ، يولداش كوماندىر!

— بەلكى خەت يازغان قىزنىڭ دېگىنىدىنمۇ ئارتۇقراق بولۇپ بارارسەن. ئەگەر شۇ چاغدا ئۇ قىز سېنى ئاشپەزلىك قىپسەن دەپ ياراتماي

قويسا، ماڭا ئېيتقىن، مەن:

— بۇ غىزاسىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ياخشى پىشۇرۇپ بەرگىنى ئۈچۈن، قەھرىمانلار قەھرىمان بولالىغان دەپ قىزنىڭ ئالدىدا گۇۋاھلىق قىلىمەن، — كوماندىر كۈلدى.

— رەھــمــەت، يولداش كوماندىر، — دېدى پولات ۋە خۇشال كۈلگىنىچە ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى.

— شۇنداق قىل، هازىرچە ئىشلەپتۇر.

— خوپ بولىدۇ، — ئۇ ھۆرمەت سالىمى بەدىلىگە بېرىلگەن ئىجازەت بىلەن چىقىپ كەتتى.

## Ⅱ

تاغ قاپتىلىدىكى كىچىككىنە شەھەردە شۇنچە كۆپ ئوق ئېتىلدىكى، بۇ گۈلدۈر-قاراسلارنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ كۆڭلىگە دۈشمەننىڭ ئوق-دورا ئىسكىلاتىغا ئوت كەتكەنمىدۇ دېگەن خىيالنىڭ كېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. گومىنداڭچىلار ئاشۇنداق ھەيۋىلىرىگە قارىماي بۇ يەردىنمۇ خۇددى ئۈۋىسى چۇۋۇلغان چۈمۈلىدەك پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى.

”گومىنداڭچىلار قېچىشقا، بىزنىڭ جەڭچىلەر ئېتىشقا ئۇستا“ دېگەن سۆزنى خەلق بىكار ئېيتمىغان-دە.

بىز تۆت ئەتراپىي، كوچا ۋە دوقمۇشلىرى قاتمۇقات ئاكوپ ھەم پوتەيلەر بىلەن تولغان بۇ شەھەرنى بىر پاساتلىق جىددىي جەڭ بىلەنلا ئىشغال قــىــلــدۇق. ئــەمــەلــىــيــەتــتە ۋەزىيەت شۇنداق بولۇپ، يەنى دۈشمەننى قوغلاش ۋە شەرتسىز قورالسىزلاندۇرۇش ئىدى. لېكىن بۇ چاغدا بۆلەكچە ئەھۋال تۇغۇلۇپ قالدى.

بىز يېڭىلا ئالغان ئىداردىكى تېلېفون تىلغا كىرىپ، ئۇشتۇمتۇتلا جــىــددىي سۆزلەشكە باشلىدى. شەھەرگە بىرىنچى بولۇپ كىرگەن روتا كوماندىرىنىڭ مۇئاۋىنى رامزان ئىسمىلىك خۇيزۇ يىگىت دەرھال تۇرۇپكىنى

ئالدى-دە، كىم بىلەندۇ خەنزۇچە سۆزلەشتى. مەلۇم بولدىكى، بىزنىڭ بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلغىنىمىزدىن ئىلگىرىكى شەھەردىكى گومىنداڭچىلار ئىنچىكە خەۋەرسىز ئىكەن. رامزان تېلېفوندا ئۆزىنى ”گومىنداڭ ئوفىتسېرى“ قىلىپ سۆزلىشىپ، جىددىي ياردەم كېرەكلىكىنى ئېيتقان. ئۇ تەرەپتىن تولۇق قوراللانغان بىر يۈز ئەللىك كىشى ئالتە ماشىنىدا ”ياردەم ئۈچۈن يولغا چىققان“ خەۋەرنى ۋە شەھەرنى ئوغرىلارغا (گومىنداڭچىلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنى ئوغرىلار دەيتتى) بېرىپ قويماسلىق ”بۇيرۇقى“نى ئالغان.

بىر قىسىم جەڭگىۋارلار ئۇ ”چاقىرىلمىغان مېھمانلار“نى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇلار ئېلىپ كېلىۋاتقان ”ئالتە ماشىنا ياردەم“لەرنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كەتتى. ئۇلار تاشيولنىڭ ئىككى قاسنىقىنى بويلاپ، گاھ يۈگۈرۈپ، گاھ ئۆملەپ ئۈچقاندەك باراتتى.

ئەنە ئىستىرويغا چىققىنىدىن بۇيان چوڭ-كىچىك بىرنەچچە جەڭگە قاتناشقان پولاتمۇ سەپنىڭ ئالدىدا لاچىندەك بارماقتا. ئۇنىڭ ئەپچىل كارابىن مىلتىقى قامىتىگە بەك مۇناسىپ كەلگەن. بېلىدە بولسا، ئاشۇ نامەلۇم ئادرېستىن كەلگەن خەتتىكى قوش يۈرەكتەك بىر جۈپ گىرانات يالترايتتى.

پولات يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ مەيدىسىنى پات-پاتلا تۇتۇپ قوياتتى. چۈنكى ئۇ ئىستىرويغا چىققان كۈنىسىلا، ئاشۇ خەتتە تەۋسىيە قىلىنغان بەش تال ئوقنى شۇ خەت سېلىنغان تۆش يانچۇقىغا سېلىپ قويغانىدى. ”بەلكى بۇ ئوقلار بۇگۈن ئۆز خېرىدارلىرىغا بىر-بىرلەپ يەتكۈزۈلەر“ دەپ ئويلايتتى ئۇ.

ئالتۇن يۇلتۇزلۇق بايراقنى لەپىلدىتىپ مەيدانغا كىرىپ كەلگەن ئالتە ماشىنىنىڭ ئالدىنقىسىدا پولات غەلىبە مارشىغا باشلامچىلىق قىلىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى شۇنچە ئاۋازلار ئىچىدە ئالاھىدە ئاڭلىناتتى. غالىبلار قەلبىدىن ياڭرىغان جەڭگىۋار مارش ساداسى تاغۇ-تاشنى تىترىتىپ، يەر-زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرمەكتە؛ ماشىنىلارنىڭ ئارقىسىدا بولسا، چىرايلىرى مۇردىدەك سارغايغان، ئۆزلىرى ئەسكى ئۆتۈكنىڭ

قـونـچـــدەك سـالـپـايغان گومنداڭچىلار نەيزىلىك مىلتىقلار ئارىسىدا دۈگـدـيـىشىپ، خۇددى پادىدىن يانغان مالدەك پەلىپەتىش توپۇرلىشىپ كـەلـمـەكتە؛ ئىشىك-دېرىزە ۋە بەزى ئۆگزىلەرگە چىققان خالايىقلار بۇ كارامەتلەرنى ياڭراق ئالقىش، قىزغىن كۈلكىلەر بىلەن كۆرمەكتە ئىدى.

مـاشىنىلاردىن چۈشۈرۈلۈۋاتقان ۋە بەزىلىرىگە قان يۇققان قورال‌لار قاتارىدا گومنداڭچى بەش مەجرۇھمۇ چۈشۈرۈلگەنىدى. ئۇلارنىڭ قايسىسىدۇ ئەيـيـۇلىسا، قايسىبىرى سەت هۇۋلايتتى. هوگگۇل چىش، خاڭگا باش بىرسى بولسا، خۇددى ئىشەك گۇگرىغاندەك پاناق بۇرنىنى ئەجەب بىر تۈرلۈك خـــتـــلدىتىپ، ئىغىر-ئىغىر نەپەس ئىلىپ سەت ئىنجىقلايتتى. بىزنىڭ شـەپـقەت هەمشىرە (سىستىرا) لىرىمىز بولسا، ئۇلارنىڭ يارىلىرىنى تىڭىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى.

پولات توپ ئارىسىدىن ئىلدام چىقىپ، كوماندىرنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل كەلدى-دە، تاققىدە توختاپ چاس بەردى ۋە سۆزگە ئىجازەت سورىدى.

— هە، رۇخسەت، — دېدى كوماندىر.

— يولداش كوماندىر، ماڭا رۇخسەت ئىتىلسە، ئاشۇ (ئۇ، مەجرۇھلارغا بىگىز قولىنى قاداپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى) بەش ئەبلەخنى مۇشۇ بەش تال ئوق بىلەنلا جايلىۋەتسەم.

كوماندىر پولاتنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا قەتئىي رەت قىلدى:

— ياق بولمايدۇ، قەتئىي بولمايدۇ. بىز ئەسىرلەرگە ئىنسانىي مۇئامىلە قىلىمىز. بۇ، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى. بۇيرۇق بىز ئۈچۈن قانۇن. سەن ئۇ بەش تال ئوق بىلەن تەييار بۇ بەش ئۆلەرمەننى جۆندەپلا باتۇر بولماقچىمۇ؟ بۇ، ئۆلگەن يولۋاسنى ئىتىپ ئۆزىنى باتۇر سانىغانلىق بولمامدۇ؟ مۇنداق تەييارغا هەييار، هازىرغا نازىر بولۇش...

— قا... قايتىشقا رۇخسەت قىلىڭ! — پولات پوكاندەك ئىسىلىپ، چوغدەك قىزارغانىدى. ئۇ، قايتىش ئىجازىتى بىرىلىشنى كۈتمەي ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا نىرىراقتا پىخىلداپ كۈلۈۋاتقان قاتارىغا كىرىپ كەتتى.

III

”شىخو قولدىن كەتسە، شىنجاڭ قولدىن كېتىدۇ“ دېگەن بۇ ”مۇبارەك سۆز“ گومىنداڭچىلارنىڭ ئاداققى مۇقەددەس ئىبارىسى ئىدى. بىزنىڭ جەڭگىۋار قىسىملىرىمىز دۈشمەننىڭ ئەنە شۇ ئىشەنگەن تېغى — ”تەڭداشسىز“ مۇستەھكەم ئىستىھكام شەھىرى شىخوغا يېقىنلاشماقتا ئىدى.

قىسىملىرىمىز شىخودىن ئېقىپ كېلىدىغان قاراسۇ بويىدىكى كىچىككىنە مەھەللىگە ئورۇنلاشتى. بۇ مەھەللە شەھەردىن تەخمىنەن يىگىرمە بەش-ئوتتۇز كىلومېتىر شىمالدىكى بىر چوڭقۇرغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردە خېلى ھەشەمەتلىك بىر تۈگمەن ۋە بىرقانچە ئونلىغان ئۆيلۈك خۇيزۇ ئائىلىلىرى بار ئىدى. بىز كېلىشتىن ئىلگىرى گومىنداڭچىلار بۇ يەردىكى كىشىلەرنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ، ئۆي-ئىمارەتلىرىنى تامامەن دېگۈدەك كۆيدۈرۈۋەتكەن ئىكەن. بۇ ۋەقەلەرگە گۇۋاھ بولاي دېگەندەك پەقەت بىر خۇيزۇ موماي كېتەلمەي قالغانىكەن. ئۇ تېخى پاكار، چاكىنىسى كونا ناچار ئۆيدە مۆكچىيىپ ياتاتتى. بىزنى كۆرگەن موماي كىرلىشىپ كەتكەن تەكىيەدىن بېشىنى ئاران كۆتۈرۈپ، قورايدەك قوللىرىنى يەرگە تىرەپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن يەيدىغىنىمنى يەپ، كىيىدىغىنىمنى كىيىپ بولغان، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دېسەڭلار ئۆز ئىختىيارىڭلار... — مومايىنىڭ كۆزلىرىدە ئاللىقانداق تەشۋىش ئالامەتلىرى يالتىرايتتى. بىز ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھەيران بولدۇق. ھارام نىيەت گومىنداڭچىلار بۇ يەردىمۇ بىز توغرىلىق تۈرلۈك تەتۈر تەشۋىقاتلارنى تارقىتىپ، تىنچ ئاھالىنى تەشۋىشكە سالغانىكەن. ئەھۋالنى ئۇقۇشىمىزدىن كېيىن بەزى نەرسىلەرنى بېرىۋىدۇق، موماي ئانچە-مۇنچە ئاغزىغا سالغان بولسىمۇ، لېكىن بىردىنلا خېلى ئوبدانلىشىپ، تېتىكلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ تارتقاي كىرپىكىدە مېھىر مونچاقلىرى پارقىراشقا، سولاشقان يۈزلىرىدە بولسا، ھايات نۇرى چاقناشقا باشلىدى. مومايىنىڭ ئېيتىشىچە،

گومىنداڭچىلار تۇگمەننى ئۆرتنۈەتمەكچى بولغان بولسمۇ، ئەمما ئۇلگۇرەلمەي قاچقانىكەن. ئۇ بىزنىڭ قىسىم شتابىمىز، ئۇنىڭ ئىرىسىدىكى سۆلەتلىك سۇۋادان تېرەك بولسا، چارلاش پونكىتىمىز بولدى. ئۇنىڭدىن ياكى ئىرىراقتىكى ئېگىز دۆڭدىن دۇربۇن بىلەن قارىغاندا شىخونىڭ پۈتۈن مەنزىرىسى دېگۈدەك كۆرۈنەتتى.

شىخو شەھىرى پەسكە جايلاشقان بولۇپ، پەقەت ئۇرۇمچىدىن بازاردىكى تاشيول تەرەپلەردە تېرىلغۇ ئېتىزلىرى بىلەن دەرەخزارلىقلارغا تۇتىشاتتى. قالغان تەرەپلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يانتۇ ئېگىزلىك بولۇپ، خۇددى مەخسۇس ئەسۋاب بىلەن سىيرىلدۇرۇپ ياسىغاندەك يانپاش تۈزلەڭ ئىدى. بۇ شەھەر ئەتراپىنى قاپلىغان سان-ساناقسىز ۋە ھەر ياغزا پوتەيلەر بولسا، بەزى قەدىمىي شەھەرلەر خارابىسىنى ياكى مازارلاردىكى نۇرغۇن قەبرە ۋە گۈمبەزلەرنى ئەسكە چۈشۈرەتتى. ئاشۇنداق تولا پوتەيلەر ”ئورمانلىقى“ بولمىغاندا، قايسى تەرەپتىكى دۆڭدىن بولمىسۇن بىرەر توپنى دومىلىتىۋەتسە، ھېچ يەردە توختىماي شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە يۇملاپ بارىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ شەھەر ئىستراتېگىيە جەھەتتە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولغاچقا، گومىنداڭچىلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ئارمىيىگە قارشى تەييارلىغان ئاساسىي كۈچ-قۇۋۋىتى، ياپقان-تەرگەن دەسمايىسىنى مۇشۇ يەردە جۇغلىغان دېيىشكە بولاتتى. شۇڭا ئۇلار ”بۇ مۇقەددەس قورغان“غا قاتتىق ئىشەنگەنلىكلىرىدىن ”شىخو قولدىن كەتسە، شىنجاڭ قولدىن كېتىدۇ“ دەپ، پاختىۋەن پونى ئېتىشقا قارامىلىق قىلغانىدى.

دېمىسىمۇ بۇ شەھەرگە كۈندۈزى ھۇجۇم قىلىش ئانچە ئوڭاي ۋە ئەرزان چۈشمەيتتى، بەلكى مۇمكىنمۇ ئەمەس ئىدى. شۇڭا تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىش ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىدى.

قوماندانلىق شتابى تۈن سائەت ئون ئىككىدە قىسىملارغا جەڭگىۋار بۇيرۇق بەردى: بۈگۈن تاڭ بىلەن تەڭ شىخونىڭ تەقدىرى چوقۇم، ئۈزۈل-كېسىل ۋە قەتئىي بىر تەرەپ قىلىنسۇن.

www.uyghurkitap.com

قاپقاراڭغۇ تۈن. دۈشمەننىڭ مەلۇم ئىستىھكامىنى بۇزۇش بۇيرۇقىنى ئالغان ئىزۋوت جەڭچىلىرىنىڭ يۈرۈش ۋاقتى يېقىنلىشىپ، ئاخىرقى مىنۇتلارنى كەچۈرمەكتە ئىدى.

ھۇجۇم ئالدىدىكى ئەھۋالنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى پەقەت جەڭچى بولغان كىشىلا تولۇق چۈشىنىشى مۇمكىن. ھايات بۇ چاغدا كىشىگە شۇقەدەر شېرىن تۇيغۇلارنى بېغىشلايدۇكى، بۇنىڭ ھارارىتى تۈپەيلىدىن يۈرىكىڭنىڭ شۇررىدا ئېرىپ كەتمىگىنىگە ئۆزۈڭدە ھەيرانلىق ھېس قىلىسەن. بۇ پەيتتە سېنىڭ كۆز ئالدىڭغا ئەزىز ئاتا-ئاناڭ، يارۇ-بۇرادەر، ئەل-ئاغىنىلىرىڭ، گۈزەل ئامرىقىڭ، ئۆسكەن يۇرتۇڭ، — ھەممە-ھەممىسى بىر-بىرلەپ كېلىشكە، كۆڭۈل كۆزۈڭدىن خۇددى كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلايدۇ. سەن ئۇلارنى ھەربىر ئويلىغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدلىرى، ئوتلۇق تىلەكلىرى ساڭا كۈچ ۋە دەرمان بېغىشلاپ، ئالدىڭدا پارلاق تاڭ ئېتىۋاتقاندەك يورۇقلۇق سېزىسەن ۋە ئۆز ئىختىيارىڭدىن غالىب بىر كۈچلۈك ساراسىم قوچىقىدا تېپىرلايسەن.

راست ئەمەسمۇ؟! ”ھۇجۇم“ بۇ ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ مەشرىپى ئەمەس-تە، ئۇ ھايات-مامات چېلىشىشى. سەن ئاشۇ كىشىلىرىڭنى قايتىپ كۆرەلەمسەن، يوقمۇ؟ بۇ ساڭا قاراڭغۇ. ھۇجۇم سائىتىدە جەڭچىنىڭ كۆڭۈل كۆزى ئەينىكىدە ئەكس ئېتىدىغان كىنو كارتىنىلىرى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. لېكىن بۇ ئوتلۇق ۋە شىددەتلىك ھالەتلەر ھەقىقىي جەڭچى قەلبىنىڭ قايناق ھارارىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ، چۈنكى ئانا يۇرت مېھرىنىڭ كۈچلۈك مۇھەببىتى — جەڭچى روھىنىڭ سۇنماس ۋە تالماس قانىتى. جەڭچىنىڭ يۈرىكى — مۇھەببەتنىڭ سوۋۇماس ئوتخانىسى. ئەنە شۇ قۇدرەتلىك ئوتخانا ئۇنى قەھرىمانلىق مەيدانىغا تارتىدۇ.

ئەزىمەتلەرنىڭ يۈرۈش ۋاقتى يەتتى. ئۇلار جانجان كوماندىرلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن بىر-بىرلەپ خوشلاشتى.

— خەير-خوش، يولداش كوماندىر، — دېدى پولات قەدىردان

كــوماندىرنىڭ ئالدىدا ھەربىي قائىدىگە خاس چەبدەسلىك بىلەن تىك تۇرۇپ.

— خەير-خوش، سەپىرىڭلارغا ئۇتتۇق تىلەيمەن، — دېدى كوماندىر ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزىتىپ، — بىر-بىرىڭلارغا مەسئۇل ھەم قەدىردان بولۇڭلار!

— ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن پولاتقا قاراپ: — بەش تال ئوق يانچۇقتىمۇ؟ — دەپ سوراپ قويدى ئۇ.

— ھەئە. تەييار...

— ھە، تەييار بولسۇن! ئوڭايراق يەردە بولسۇن! بەلكى بۈگۈن ئۇ ئوقلارغا نۆۋەتمۇ كېلىپ قالار.

ئىززۋوت قاراسۇنى بويلاپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. بىز كەلگەندىن تارتىپ كــۈن-تۈن تىنىم تاپماي ئوق قازىنىنى قايىنتىشقا باشلىغان دۈشمەننىڭ غەزىپى تېخىمۇ يۇقىرى گرادۇسقا ئۆرلەۋاتقىنى ھەر تەرەپتىن مانا مەن دەپ تــۇراتتى. مىلتىق، پىلىموت، گىرانات، راكېتا، ئاپتومات ۋە گۈمبۈرلىگەن زەمبىرەكلەرنىڭ شىددەتلىك ئاۋازى تۈننى تىترەتمەكتە ئىدى.

ســـەپنىــڭ ئالدىدا ئىككى-ئىككىدىن بارغان تۆت جەڭچى بەزىدە ئــالــلىقانداق قۇشلارنى دوراپ سايرايتتى ۋە بەزىدە ھاشاراتلارنى دوراپ چــىــرىــلــدايــتــتى. پولات قۇشلارنى دوراشنى، بولۇپمۇ غورۇلاي بىلەن سېغىزخاننى دوراشنى ھەممىدىن ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى بۈگۈن تازىمۇ ئەسقاتتى.

ئىززۋوت ئېگىز قاشنىڭ سول تەرىپىدىن قاراسۇغا سىيرىلىپ چۈشكەن نوسمان يانپاش تۈزلەڭ يەرگە كېلىپ قالدى. ئالدىدىكى ئىككى جەڭچى خۇددى بېغىرتاقتەك تېزلىكتە ئۆتۈپ كەتتى. كېيىن يەنە ئىككى جەڭچى ئۆتۈۋاتقاندا دۈشمەن پەقەت شۇ نو ئاغزىغا مۇئەككەللىك ئۈچۈن ياسالغان يوغان پوتەيدىن ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. پوتەي تۆشۈكىدىن يورۇتۇلغان پىرژېكتىر ۋە پىلىموت، ئاپتومات ۋە مىلتىقلاردىن يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ئوت ئوقلارنىڭ يورۇقى بىلەن ئەمدى بۇ ئىككى قاسنىقى تۈپتۈز نوسمان

كەڭ جىرادىن ئادەم تۇرماق ئاغمىخاننىڭمۇ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قانداقلىكى بولمىسۇن بۇ يەردىن قەتئىي ئۆتمەي بولمايدۇ. چۈنكى بۇيرۇق — قانۇن.

جەڭچىلەر قەتئىي قارارغا كەلدى. بىر-بىردىن يۆگۈرۈپ ھەم ئۆملەپ ئۆتۈشىمىز، بىرسىمىز تىرىك قالساقمۇ تېز بېرىپ ئاشۇ بەلگىلەنگەن پوتەيدىكى شۇم پىلموتلارنى ھەرىكەتتىن چوقۇم توختىتىشىمىز لازىم.

جەڭچىلەر شۇڭقاردەك ئالغا تاشلانماقتا. ئاغمىخان تېزلىكى ۋە چاققانلىقىدا ئىرغىپ ھەم ئۆملەپ ئۆزلىرىنى ئالغا ئاتماقتا؛ ئەمما سەل يامغۇردەك يېغىۋاتقان دۈشمەن ئوقلىرى بارغانسېرى دەھشەتكە ئايلانماقتا ئىدى. تۆت جەڭچى نىرىقى يان باغىردا يەرگە چاپلىشىپ ياتاتتى. قالغانلىرىنىڭمۇ تېز ئۆتۈشى ئەمدى جەڭنىڭ پۈتۈن تەقدىرىگە مۇتتەسىل مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە ئىدى. چۈنكى ئاشۇ لەنتى بۇتخانىدىن قايناۋاتقان پىلموتلارنىڭ كاشىلىسى شىمالىي سەپلەردىكى (قارا دۆڭ تەرەپ) پۈتۈن قىسىملارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە دېگۈدەك قاتتىق دەخلى يەتكۈزۈۋاتقانلىقى بارغانسېرى روشەن سېزىلمەكتە ئىدى.

ۋاقىت ئۆتۈپ بارماقتا. مانا ئەمدى ئۇپۇقتا ئارغامچىدەك سوزۇلۇپ بىر تەرەپنىڭ قىزىل راكېتاسىمۇ ئېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپتىن قايىنغان ئوق ۋە راكېتالارنىڭ يورۇقىدا، ھېلىقى يەر تېخىمۇ يورۇپ، قىسمەن (ئەھۋال) قىيىنلاشماقتا ئىدى.

"ھە، مانا ھۇجۇم راكېتاسى ئېتىلدى، ئەمدى قانداق قىلىپ بولمىسۇن مەنزىلگە تېز يېتىپ، جەڭگىۋار ۋەزىپىنى قەتئىي ئورۇنداش، بۇيرۇقنى ئىجرا، جەڭچىنىڭ قەرزنى ئادا قىلىشى شەرت".

ئۇچقاندەك ئۆتۈۋاتقان ئۈچ جەڭچى يان تۈزلەڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەتمەستىنلا كەينى-كەينىدىن ئوققا ئۇچتى. ئۇلارنىڭ بىرسى (ئېھتىمال مەتروزى بولسا كېرەك) قاتتىق بىر سىلكىنىدى-دە، جىمىپ قالدى. كېيىن كەينى-كەينىدىن ئۇچقىغان تۆت لاچىنمۇ تولغىنىپ يىقىلغانلىرىچە قايتا

بېشنى كۆتۈرمىدى. بۇلارنىڭ بىرسى پومكوم ئىزۋوت (مۇئاۋىن ئىزۋوت كوماندىرى) قۇددۇس ئىدى.

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ زادى قانداق قىلىش لازىم؟ ئاشۇ سۇنىڭ ئىچى بىلەن ئۆتمەكتىن بۆلەك چارە يوق ئىدى. كاشكى بۇ كاساپەت سۇ جەڭچىلەر بارىدىغان تەرەپكە ئاقسىچۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاستى پاتقاق...

— ماۋۇ ئىپلاس پوتەينى ئۇجۇقتۇرۇشقا بەلگىلەنگەنلەر شۇ چاققىچە نەلەردە يۈرىدىكىنا، — دېدى كوم ئىزۋوت ئۆتۈكىنى سىلىۋېتىپ، بۇ چاغدا، بۇ قاۋۇل ۋە چەبدەس قازاق ئوغلىنىڭ قاپقارا قوشۇما قاشلىرى تۈرۈلگەنىدى، — بۇلۇڭلار، سۇنىڭ ئىچى بىلەن ئۆتۈشكە، — دېدى ئۇ. ئالدى بىلەن ئۆزى سۇغا سەكرىمەكچى بولىۋىدى، جەڭچىلەر بىردەكلا:

— ياق، يولداش كوماندىر ئىزۋوت، ئاۋۋال بىز كىرەيلى! نېمە بولسا بىز كۆرەيلى! سىز رەھبەرلىك قىلىشىڭىز كېرەك، — دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ قىياسلار ئاچچىق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىشىنى كىم بىلسۇن؟! سېزىپ قالغان دۈشمەن ئەمدى بارلىق زەھرىنى قارا سۇغا قاراتقانىدى. ئەڭ ئاخىرىدا كوماندىر ئىزۋوت مالىك باشلىق تۆت جەڭچىنىڭ ھەممىسى سۇدا ھالاك بولدى.

كوماندىر قوشۇنىنىڭ بېشى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەزىمەت قازاق يىگىتى خۇددى تاغ بۈركۈتىگە ئوخشاش ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەيسەر، تەدبىرلىك باشچى ئىدى. ئۇ شېھىت بولدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

كوم ئىزۋوتلۇقنى كوم ئوددېل (بەنجاڭ) رەجەپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى بولسا، پولات ئۈستىگە ئالدى.

تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. جەڭچىلەر جىددىيلەشمەكتە. لېكىن نېرىراقتىكى يەنە بىر پوتەيدىن مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان پىلموت ئوقلىرى قاتتىق كاشىلا قىلىۋاتاتتى. ئۇلار ئەمدى بۇ شۇم پوتەينىڭ

ئۇجۇقتۇرۇلۇشىنى بەك جىلە بولۇپ بىتاقەتلىكتە كۈتمەكتە، پوتەي بولسا، هامان ھەرىكەتتە ئىدى. ئەڭ دەھشىتى شۇ بولدىكى، قارا دۆڭ تەرەپتىن ئىككى تانكىنىڭ مۇھاپىزىتى ئارقىسىدا بىرەرمىڭ دۈشمەن شىتىك (نەيزە) بېكىتىلگەن مىلتىقلىرىنى بەللەپ ”شا... شا...“ دەپ ۋارقىرىشىپ سەپ يايغانلىرىچە چىقىپ كەلدى. ئەمدى بىزنىڭ جەڭچىلەرگە ھاياتتىن ئۆلۈم مۇقەررەرلىكى سېزىلەتتى. چۈنكى، چېكىنىشىنىڭمۇ ھېچ ئىمكانى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار شۇنداق قارارغا كەلدىكى، ئەڭ ئاخىرقى نەپەسكىچە ئېلىشىش، چېلىشىش، ئۆلگەن تەقدىردىمۇ مەردلىك بىلەن ئۆلۈش شەرت...

جەڭچىلەر سۇدىن باشلىرىنى چىقىرىپ غازنىڭ باللىرىدەك ياتاتتى. ئۇلار ئاخىرقى دەم ئۈچۈن بىر تالدىن ئوقنى ئايرىم ئېلىپ قويۇشتى.

پولات ”بەش تال ئوق“نى ئالدى. ئۇنىڭدىن بىر تالنى ئايرىپ يەنە شۇ يانچۇققا سېلىپ قويدى.

تانكىلار ئۆملەپ يېقىنلىماقتا، جەڭچىلەرنىڭ يۈرىكى ئادەتتىكىدىن باشقىچە تېپىشكە، تىت-تىت بولۇشقا، تېپىرلاشقا باشلىدى. ئامال قانچە، كوم ئىرژوت رۇخسەتسىز ئوق چىقارماسلىققا بۇيرۇق بەرگەن. جەڭچىلەر كوم ئىرژوت رەجەپكە ئىنتىزار تىكىلمەكتە. تەشنا-تەقەززالىقتا تىڭشىماقتا؛ ئەمما ئۇ ئۆزۈنتۇرا قارىۋاي بولسا، ”تىش... تىش...“ دەپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ھېچبىر پەرۋاسىز ياتاتتى.

مانا تانكىلار زەنجىر تاپانلىرىنى شاراقلىتىپ، يان باغىر يولنى بېغىرلاپ كەلمەكتە.

— ئات! — دەپ بىردىنلا بۇيرۇق بەردى رەجەپ ۋە ئۆزىمۇ قولىدىكى تانكا ئاتارنى دەرھال ئىشقا سالدى. بىر پىلىموتمۇ (يەنە بىرسى ئاشۇ شېھىتلەر بىلەن قالغانىدى) سايراشقا باشلىدى. شۇنىچە داۋراڭ ۋە ھەيۋە بىلەن كېلىۋاتقان ھېلىقى ”شا... شا...“چىلار ھېچبىر ئويلاپ باقمىغان ۋە كۈتمىگەن جايدا بالاغا دۈچ كېلىپ، خۇددى شاختىن تۆكۈلگەن قارا ئۆرۈمدەك دومىلىماقتا ئىدى. ئاڭغىچە دۆڭدىن پەسكە ساڭگىلىغان تانكىنىڭ

بىرسى قىيسىيىپ توختىۋىدى، كەينىدىكى يەنە بىرسى بىرلا پىرقىراپ، خۇددى ئىپىقتەك پايپاسلاپ بەدەر قاچتى. ”شا... شا...“چى باتۇرلارمۇ خۇددى ئۈركىگەن ھايۋاندەك مالىمان بولۇپ بىر-بىرىنى دەسسەپ قاچماقتا ئىدى. ئاگغىچە نېرىقى باغنىڭ دوقمۇشىدىكى بايا بىرقانچە يىگىتلەرنىڭ بېشىغا چىققان لەنىتى پوتەيمۇ گۈمبۈرلەپ پارتلىدى. شۇ ئەسنادا بېرىقى پوتەيمۇ يەر بىلەن يەكسان بولدى. بۇ چاغدا تاپىنى شور توپىغا پېتىپ سىگايان ياتقان ھېلىقى تانكىدىن چىققان ئىككى ئالۋاستىمۇ جەھەننەمگە يوللاندى. ئاخىرقى نۆۋەت تانكىدىن چىققان سېرىق پاچاق ئىگىز ئەرۋاھنى پولات شۇنداق كېلىشتۈرۈپ ئاتتىكى، ئۇ ئەبلەخ يىلاندەك تولغانغىنىچە موللاقلاپ چوگقۇرغا چۈشۈپ كەتتى.

پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئەزىمەتلەر ئاشۇلارنىڭ چاك-توزانلىرىغا ئارىلىشىپ يۈگۈرۈپ قارا دۆڭ بىلەن شەھەر ئارىلىقىدىكى ”شىخو كۆۋرۈكى“گە يېتىۋالدى ۋە ئۇنىڭ ئاستىغا بېكىنىۋالدى. ئەمدى بىرقەدەممۇ ئىلگىرىلەشكە مۇمكىنچىلىك يوق ئىدى. چۈنكى كۆۋرۈكنىڭ شىخو شەھىرى تەرىپىدىكى ئىگىز دۆگگە جايلاشقان ھەيۋەتلىك بۇتخانا ۋە ئۇنىڭ سۇرلۇك راۋاقلىرىدىن تىنىمسىز تارتىلداۋاتقان پىلموتلارنىڭ ئەلپازى بەك يامان ئىدى. بولۇپمۇ كۆۋرۈكنىڭ سەل يۇقىرىراقىدىكى تۇگمەنگە يېقىن ئىككى سۇ ئۆتتۈرىسىغا ئورۇنلاشقان يوغان پوتەي پەقەت مۇشۇ كۆۋرۈك تەرەپتىن بولۇنغۇسى ئەھۋالغا مۇئەككەلدەك ھەربىر تۆشۈكلىرىنى يىلاننىڭ كۆزىدەك پارقىرىتىپ توختىماي زەھەر چاچماقتا ئىدى.

تاڭ ئېتىپ، ئۇبدانلا يورۇق چۈشۈپ قالدى. بۇتخانىدىكى پىلموتلارنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان قارشىلىقى، قىسىملىرىمىزغا قانچىلىك ئېغىر توسقۇن بولۇۋاتقانلىقى بارغانسېرى ئوچۇق-ئاشكارا سېزىلمەكتە ئىدى.

— يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دېگەن مۇشۇ، — دېيىشتى جەگچىلەر. ئۇلار يەنە بىر-بىرلەپ يۈگۈرۈپ بىرەر كىشى ساق قالسىمۇ بېرىپ، ئاشۇ شۇم بوتىنى چوقۇم گۇمران قىلىش قارارىغا كېلىشتى. شۇ جاسارەت بىلەن

ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىرىدا تۈگمەن تۈۋىدىكى پوتەيمۇ زاۋال تاپتى. لېكىن، ”يىلان ئۆلەر چېغىدا بەك چاقىدۇ“ دېگەندەك، بۇ ئىپلاس پوتەيمۇ بىرقانچە يىگىتلىرىمىزنىڭ بېشىغا چىققاندىن كېيىن جىمىقتى.

پولات بىلەن رەجەپ ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ ھەممىدىن بالدۇر ئاشۇ دەھشەتلىك بۇتخانا جايلاشقان دۆڭگە ياماشتى. ئەجەبكى، گىراناتنىڭ كاپسۇلى بىرەر قانداق بولدىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىپ رەجەپ سەل كېچىكتى. پولات بولسا، ئاللىقاچان بۇتخانىنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ بولدى. پايپاسلاپ رەجەپمۇ يېقىنلاۋاتاتتى، تامغا چىڭ چاپلىشىپ بۇتخانىنى كۆزدىن كۆچۈرۈۋاتقان پولات، رەجەپنىڭ ئىلدام كېلىشكە، شەپىسىز كېلىشكە شەرەت قىلاتتى. كۆردىكى، تۆت تۆشۈك ئاغزىدا تۆت ئەبلەخ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، تۈرلۈك پوكۇس چىقىرىپ ئىستانكوۋىي پىلىموتنى راسا سايرىتىۋاتاتتى. بولۇپمۇ بۇ تۆتىنىڭ بۇلۇڭ تەرەپتىكى بىرسى بىلىكىنى جەينىكىگىچە تۇرۇۋېلىپ، جان-جەھلى بىلەن ھەرىكەتلىنىۋاتاتتى. مانا ئەمدى شىخونىڭ تەرەپ-تەرىپىدىن ياڭرىغان ”ھۇررا...“ سادالىرى شۇنچە گۈمبۈرلەۋاتقان ئوق ئاۋازلىرىنى بېسىپ، ئاسمان-زېمىننى زىل تىترىتىشكە، تاغۇ-تاشنى جاراڭلىتىشقا باشلىدى. بۇ يۈكسەك ۋە ئاسمان-پەلەكنى ياڭراتقان غالىب سادالار ئەزىمەتلەرنىڭ ئوتلۇق يۈرەكلىرىنى شۇ قەدەر ئوينىتاتتى ئىدىكى، ئۇلار شۇ تاپتا بۆدۈنىگە ئېتىلغان لاچىندەك شۇڭغۇپ بارغىنچە ئاۋۇ بۇت قەلەندەرلىرىنى موكىلا باسقۇسى كېلەتتى. ئامال قانچە، ئاۋۇ ئىتتەك غىڭشىپ ياتقىنىنى قوشقاندا بۇت ئەرۋاھلىرى بەش يېرىم: ھالبۇكى، ئەزىمەتلىرىمىز ئۇلارنى ئوق زايا قىلماي جايلاشقا ئەھدىلەشكەنىدى. ئىككى ئەزىمەت مانا شۇ شىددەتلىك مىنۇتلارنى دەم بۇتخانىغا ئىنتىلىش، دەم ئارقىغا تەلمۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقىنىدا، يەنە ئىككى جەڭچىنىڭ دۆڭگە ياماشقان قارىسى كۆرۈندى. ھەر ئىككىلىسى تەڭلا ئۇلارنىڭ تېز كېلىشكە قول ئىشارىسى قىلاتتى.

تۆت ئەزىمەت ئۆز نىشانلىرىنى بەلگىلىۋالغانلىرىدىن كېيىن ئالغا



www.uyghurkitap.com

ئوقتەك تاشلاندى. پولات بۇلۇڭ تەرەپتىكى ھېلىقى ”ماھىر“ پىلموتچىنى گەجگىسىدىن تارتىپ، جاق ئوڭدىسىغا بېسىپ، مەيدىسىگە دەسسىگەندە، ئۇ بېشى ئېزىلگەن يىلاندەك تىپىرلاپ، سەت ۋە قوپال ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ-جارقىرايتتى.

— ۋاي... مە... مە... مەن ئۇرغۇي... مە... مەن... مەن مۇسۇلمان...

بۇ چاغدا پولات ئاشۇ ئاشپەز چېغىدا ئىشلەتكەن تۆمۈر ساپلىق پىچىقنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەنىدى. ئۇ:

— مانا ئۇيغۇر بولساڭ، — دەپ پىچاقنى شۇنداق ئۇردىكى، مۇسۇلمان كاپىرنىڭ ئۈچەي-باغرى چۇۋۇلۇپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا تەرلەپ-تەپچىرەپ، ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلگەن ئاق سېمىز جەڭچى بۇ كارامەتنى كۆرۈپ چاۋاك چېلىۋەتتى. بۇ چاغدا، بۇ لەنتى بۇتخانىدا پوكىنى چۇۋۇلغان، مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىققانلار بولۇپ ئون بىر ئۆلۈك بىر-بىرىنىڭ بۇقسىغان سېسىق جەسەتلىرىنى تەكىيە قىلىپ قانغا چىلىشىپ ياتاتتى.

بىر ئىزۋوت ھېسابىغا قالغان بۇ بەش ئەزىمەت ئەمدى بايراق قاداپ، ھۇررا توۋلاش ئۈچۈن ئىشكىتىن چىقىۋاتقاندا، قولىغا تاپانچا تۇتقان بىر دۈشمەن ئوفىتسېرىنىڭ ئاكوپ ئىچى بىلەن دوڭغاسلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن رەجەپ ئاتاقچى بولۇۋىدى، پولات دەرھال ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ تەلەپ قىلدى:


— رۇخسەت بولسا مەن ئاتسام...

— مەيلى، تازا چېنەپ ئات.

ئۇ ئوفىتسېر ”پىلموتنى نېمىشقا ئاتمايسەن ۋاكبادەنلەر“ دەپ، غەزەپلىنىپ كەلسە كېرەك ئەتمالىم، ”سانى... مانى...“ دەپ ئالدىرىغىنىچە يېقىنلاپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ: ”دا...“ (ئات) دېيىشى بىلەن تەڭلا ئۆز كوماندىسىدا ئۆزى ”دالى“ بولۇپ جەھەننەمگە راۋان بولدى.

پولات، ئۇ جايى جەھەننەمدە بولغۇرنى شۇنداق كېلىشتۈرۈپ ئاتتىكى، ئەبلەخنىڭ مېڭىسى ماغزاپتەك چاچراپ كەتتى. بۇ بىر تال ئوق پولاتنىڭ يانچۇقىغا ئايرىم سېلىپ قويغان ئاشۇ ”بەش تال ئوق“نىڭ ئاخىرقىسى ئــــىدى. بۇ جەڭگىۋار ئوقنىڭ ياڭراق ساداسىنى بەلكى ئاشۇ خەتنىڭ ھۆرمەتلىك ئاپتورى، ئاشۇ چىرايلىق گىمناستوركىنىڭ ئۈستىسى شەمشى جانانمۇ ئاڭلاپ تۇرغاندۇ.

1957-يىل 8-مارت، ئۈرۈمچى.



www.uyghurkitap.com

# لەگلەك



مانا، دەرياسدا ئات سۇغرىۋاتقان ئادىيۇتانت ئالىموف نېرىقى تەرەپتىكى گومىنداڭ چېرىكلىرىنىڭ "يى، ئەر، سەن"غا سوكۇلداشلىرىغا قاراپ مېيىقىدا كۇلۇپ قويدى. غەربتىن غۇرقىراپ ئۇچۇۋاتقان شوخ شامال قەيەردىندۇر بىر پارچە قەغەزنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتكۈزۈپ كەتتى. ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ئالىموفنىڭ خىيالىدا چاقماق تېزلىكىدە بىر پىكىر ئويغاندى.

ئۇ كەلگەندە پولك كاماندىرى كاملوف سىياسىي كومىسسار زاھىروف بىلەن توپوگراپىك خەرىتە ئۇستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈۋاتاتتى. بۇ چاغدا شامال بايىقىدىن بىرئاز پەسەيگەن بولسىمۇ يەنىلا گەمە گازارمىنىڭ دېرىزىسىگە چاپلانغان قەغەزنى ھەدەپ تاراقلىتىپ، مۇزىكىدەك رىتىملىق نەغمە قىلماقتا ئىدى. مۇھاكىمە تۈگەپ كارىۋاتقا يانپاشلىغان كاملوف پالمىر ئانال پاپىروستىن بىرنى تۇتاشتۇردى ۋە ئۇنى قاتتىق شوراپ، دېرىزىدىن كېلىۋاتقان نەغمە-ناۋاغا قۇلاق سالغىنىچە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئويلىرىنى ئالىموفنىڭ ئاۋازى بۇزدى.

كوماندىر كاملوف ئالىموفنىڭ لەگلەك ھەققىدىكى پىكرىنى ئاڭلاپ زوقمەنلىك بىلەن كۇلۇپ كەتتى ۋە ئورنىدىن دەس تۇرغىنىچە.

— كەشپىيات دېگەن مانا شۇ، — دېدى ئۇ، — فىرانكىلىنمۇ ھاۋا گۇلدۇرلەش، چاقماق چېقىشنىڭ يەرگە ئاڭلىنىش سۈرئىتىنى ھەم توك ھاسىل بولۇشنىڭ سىرلىرىنى لەگلەك ئارقىلىق تاپقان ئەمەسمۇ؟...

لەگلەك ئارقىلىق تەشۋىق ۋەرەقلىرىنى تارقىتىش، ھەققىدىكى ئالىموفنىڭ تەسەۋۋۇرىغا كومىسسار زاھىروفمۇ بەك قىزىقتى.

شۇنىڭ بىلەن ئابدۇقادىر ئالىموف ئادىيۇتانتلىقتىن ئاگتاتسىيە خىزمىتىگە يۆتكىلىپ لەگلەك ياساش ئىشىغا تۇتۇش قىلدى.

ئاق شايىدىن ياسالغان ھەيۋەتلىك لەگلەك بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا پۈتتى.

ئالىموفنىڭ سىناق تەجرىبىلىرىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتتى. ئاڭغىچە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىغا مەخسۇس مەلۇمات يوللىنىپ، يەنە تېگىشلىك تەييارلىق، تەلەپ ۋە تولۇقلاشلاردىن كېيىن جەڭگىۋار لەگلەك بىر كېچىسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.

ماناستىن سەيسىگە تۇتۇلۇپ، دەريا بويىدىكى گومىنداڭچىلارغا "لەگ" ئېلىپ كەلگەن دېھقاننىڭ بوغاز قارا قانجۇقىنى ئەسكەرلىرىگە ئۈستىلىق بىلەن ئوغرىلىتىپ، ئۇنىڭ گۆشىنى پۇخادىن چىققۇدەك يېگەن ياڭ يىڭجاڭ تۈن بويى بەك بىئارام بولۇپ چىقتى. مانا ھازىر تاڭ ئاتقاندىمۇ ئۇ ھاجەتخانىدا تاماكىنى قىڭغىر چىشلەپ ئىنجىقلاپ ئولتۇراتتى. شۇ ئەسنادا قاراۋۇلنىڭ سىرتتىن ۋارقىراپ قىلغان دوكلاتىنى ئاڭلىدى-دە، ئالدىراپ-سالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، پۇتى تېيىلىپ كېتىپ، بىر پايخېيى ھاجەتخانىنىڭ تۆشۈكىدىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى. "ھۇ! ئاناڭنى..." دەرغەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى يىڭجاڭ، ئۇ ئىشتىنىنى كۆتۈرۈپ دۆڭگە چىققىنىچە:

— نېمە بالا بولدى؟... دەپ غۇدۇڭشىدى ئۇ چاپاق كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ تۇرۇپ.

پوتەي ۋە تام تۆۋىلىرىدىكى قەغەزلەرنى يىغىۋاتقان دىجورنى چاس بېرىپ بىر تۇتام قەغەزنى يىڭجاڭغا بەردى. ئاق قەغەزگە ئېنىق بېسىلغان خەنزۇچە خەتلەرنى ياڭ يىڭجاڭ ئالدىراپ-سالدىراپ ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭدا: گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئەمدى ئەس-ھوشلىرىنى تېپىپ، تەسلىم بولۇش

يولغا مېڭىش ۋاقتى كەلگەنلىكى... يېزىلغانىدى.

— خوپپەرلەر، — دېدى ئۇ يەرنى تېپىپ ۋە چالۋاقىغان پېتى يېڭىبۇغا ماڭدى. ئۇ پەيجاڭدىن يۇقىرى ئوفىتسېرلارنى جىددىي يىغىنغا چاقىردى.

— ئارمىيىمىزغا قىزىل باندىتلار ئىشپىيون كىرگۈزۈپتۇ، بىزنىڭ ھارامتاماق قاراۋۇللار كېچىسى ئۇخلاپتۇ... ھۇ، خوپپەرلەر، — دەرغەزەپ بولۇپ جوزىنى مۇشتلىدى، ھەممە شۇ كۈندىن باشلاپ قاراۋۇللار قاتمۇقات كۈچەيتىلدى. ئەمما، تۈندە تاشلىنىدىغان تەشۋىقات بارغانسېرى كۆپەيگىلى تۇردى. "نېمە كارامەت بۇ؟... ئاپەتلىك ئاخبارات نەدىن كېلىۋاتىدۇ؟..." نۆۋەتتىكى ۋەرەقە گومىنداڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە ئەسىر چۈشكەن گېنېرالى ۋېن سىلىڭ① باشچىلىق ئوفىتسېر جەڭچىلىرىدىن يېزىلغان خەت ھەم چاقىرىقنامىلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا "بىز ھازىر ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەمگەك ئارمىيىسى، كۈنلىرىمىز گومىنداڭ ئارمىيىسىدىكىدىن مىڭ ياخشى؛ ئۇستۋاشلىرىمىز بۇرۇنقىدەك ئەسكى چاپان ئەمەس؛ يېڭى كىيىملەر... تاماقلىرىمىزمۇ ئاق موما بىلەن گۆشلۈك سەي..." دېگەن گەپلەر بار ئىدى.

بۇنى كۆرگەن گومىنداڭچىلار: ھە، بۇ ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئىشى ئىكەن؛ ئۇلاردا تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى ئوق ئورنىدا ئېتىپ تارقىتىدىغان سوۋېتنىڭ يېڭى قورالى بار ئىكەن، بولمىسا، ئىلى ئوغرىلىرى ئۇنچىلىك ئىشلارنى قىلالامدۇ؟... دەپ غۇلغۇلا قىلىشتى. ئۇلار ھەم ھەر كۈنى ئەتىگەندە "تەتۈر تەشۋىقات"نى تېرىش بىلەن ئاۋارە بولۇشاتتى.

1946-يىل، ئىيۇننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىدىن چىققان باھار شامىلى شادلىق شاۋقۇنلىرىنى شەرقىي قىرغاقلارغىمۇ يەتكۈزدى. ئوتتۇرىدىكى تاشلىق سايدا ئۆز ۋاقتىدا قاچقان گومىنداڭچىلار ئۆزلىرى ئۆتىۋالغاندىن كېيىن ئوت قويۇۋەتكەن كۆۋرۈكنىڭ گۈمۈرۈلگەن تۈۋرۈك

① ۋېن سىلىڭ — گومىنداڭ ئالتاي قىسىملىرىنىڭ قوماندانى. 45-يىل سېنتەبىردە تۆت مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسى بىلەن مىللىي ئارمىيىگە تەسلىم بولغان. 1946-يىل ئىيۇندا، «11 بىتىم» بويىچە گومىنداڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

ۋە ياغاچ خارابىلىرى مۇڭلىنىپ ياتاتتى. دەل شۇ دەريا ئۈستىدىكى سۈزۈك ئاسماندا ”ئىلى ئەسكەرلىرى“نىڭ قاراۋۇلخانىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ھەيۋەتلىك ئاق لەگلەك شەرقىي قىرغاقتا قاراپ جەۋلان قىلىپ باراتتى.

گومىنداڭ قوشۇنلىرى گازارمىسىنىڭ جەنۇبىي بۇرجىكىدىكى يەر ئاستى پوتەي تۆۋىدە ياپون مىلتىقىنى قۇچاقلاپ مۈگدەپ ئولتۇرغان قاراۋۇلنىڭ كۆزى بىردىنلا ئېگىز ئاسماندا جەۋلان قىلىۋاتقان ئاپئاق نەرسىگە چۈشتىدە، يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. چۈنكى ئالتۇن كۈننىڭ ئۆتكۈر شولىسى ئـاق لـەگـلەكتە ئەكس ئەتكىنىدە قاراۋۇلنىڭ ئۇيقۇلۇق كۆزىگە ئاپئاق ئـايروپىلان بولۇپ كۆرۈنگەنىدى. كېيىن لەگلەكلىكى بىلىنىپ، يۈرىكى ئاستا-ئاستا جايىغا چۈشتى.

قـاراۋۇل ئـاق لـەگلەكتىن كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى. ”ئىلى ئـەسـكـەرلىرى لەگلەك ئۇچۇرۇپ ئوينايدىـكـەن. ئۇلار نېمـە دېگـەن ئەركىن-ھە؟... بىزنىڭ كۈنلىرىمىز دوزاخنىڭ ئۆزىغۇ“ دېگەنلەرنى خىيال قىلاتتى.

لەگلەك لەرزان جەۋلان قىلىپ چوڭىيىپ كۆرۈنۈشكە باشلىغانسېرى ئۇنىڭ باللىق چاغلىرى، لەگلەك ياساپ ساتىدىغان قولى ئەپچىل دادىسىنىڭ ئۇنـىـڭـغـا گۈللۈك لەگلەك ياساپ بەرگەنلىرى، باللارنى ئەگەشتۈرۈپ ئـويـنـىـغانلىرى، شەنشىنىڭ كوچىلىرى، شاللىقلىرى، خاپان باش جاڭ گۇيدىدىن يېگەن تاياقلىرى، تېپىكلىرى، ھارام تاماق دېگەندەك سېسىق تىل-ھاقارەتلىرى، جاڭ گۇيدىنىڭ ئۇنى كەچ كۈز ۋاقتىدا ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بەرگەنلىرى، دادىسىنىڭ يىغلاپ-قاقشاپ قالغانلىرى يادىغا يېتىپ، يۈرىكىنى قانداقتۇر بىر تۇرلۇك ئاچچىق ئەلەم چۇلغىۋالدى. شۇ ئەسنادا ئـاسـمـانـدىـكـى لەگلەكنىڭ كەينىدىن ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كېلىۋاتقان كىچىككىنە بىر نەرسە ئۇنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇ نەرسە ئاق لەگلەككە كېلىپ ئـۇرۇلـدى-دە، ئانـدىـن تـېز قايتىپ ئۇ قاتتىكى ”ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ قاراۋۇلخانىسى“غا چۈشۈپ كەتتى.

— بۇ نېمە كارامەتتۇ؟... دېدى قاراۋۇل. شۇ ئەسنادا ئاسماندىن پىلدىرلاپ قەغەز يېغىشقا باشلىدى.

ئۇ ئاسماندىكى ئاق لەگلەكنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ ۋارقىراپ تاشلىدى. تېلېفونلار تىلغا كىردى. ئاڭلىغانلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى. ئۇلار ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان قەغەزلەرنى قوغلاپ يۈرۈپ تېرىشتى ۋە ئالدىراپ-سالدىراپ ئوقۇشتى. ئۇنىڭدا ھوشۇڭنى تاپ... دېگەن سۆزلەر، بۇ تەرەپتىن مىللىي ئارمىيىنىڭ، ئۇ تەرەپتىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۆتكۈر نەيزىلىرى ئارىسىدا تۆگۈلۈپ تۇرغان گومىنداڭچىلارنىڭ ھەجۋىي سۈرەتلىرى بار ئىدى.

— "ئاناڭنى"... دېدى ياڭ يىڭجاڭ يەرنى تېپىپ، ئۇنىڭ ئىلاننىڭكىدەك كۆزلىرى چاچراپ چىقىدىغاندەك چەكچىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاسماندا لەيلەپ كېتىۋاتقان ئاق لەگلەككە قەھرى بىلەن قاراپ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى شۇنچە پاراكەندە قىلىپ كەلگەن "ئاپەتلىك تەشۋىقات"نىڭ سىرىنى بىلدى-دە، غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

— ئات!

تاڭ-تۇڭلىغان ئاۋاز ئاسماننى قاپلاپ كەتتى. ئەمما ئاق لەگلەك بولسا، ئۇلارنى زاڭلىق قىلغاندەك كۆكتە ئەگىلگىنىچە شىخەنزە شەھىرىنى كۆزلەپ لەرزان ئۇچۇپ باراتتى... ئۇ يەرلەردە بولسا، ئاسمان-زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئارمىيە مارشىنىڭ مەغرۇر ساداسى ياڭرايتتى. بۇ سادالار «11 بىتىم» بويىچە ماناس دەرياسى بويلىرىدىكى ئالدىنقى سەپ ئابىرونلىرىدىن ئارقا سەپكە غەلىبىلىك قايتقان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ زەپەر مارشى ئىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى

تېيىپجان هادى

# پالۋان كەلدى

## 1

سۇمبۇلە ئېيىنىڭ باشلىرى. قىيامدىن ئېگىلگەن ئوچۇق كۆن غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۈستىدە يالترايتتى. بەيتۇللا ئارقىلىق تاشقىرىقى دەرۋازىدىن زىندانغىچە سوزۇلغان مەيداندا جۈمە نامىزىدىن يانغان جامائەت مىغىلدىشىپ جامەنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇراتتى. دەرۋازا ئىچىدىن يۇرت چوڭلىرى سىپايە هالدا چىقىپ كېلىشىۋاتاتتى. توپ دەرھال ئىككىگە بۆلۈنۈپ يول ئېچىپ، ئەدەپ بىلەن قوللىرىنى قوشتۇرۇپ، باشلىرىنى ئېگىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى. ئېگىز بوي، كەكە ساقال، دوقا ماڭلاي، يېشى ئاتمىشتىن ھالقىغان مەزەمزات ھېكىم كىمخاپ تۇماق، موۋۇت پەرىجە كىيگەن هالدا غادىيىپ، ھەممىنىڭ ئالدىدا كىبىرانە قەدەم تاشلاپ چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاپئاق ساقال، سېرىق يېپەك سەللىلىك موللا ناسىر ئەلەم ئاخۇن، كەڭ ماڭلاي، قوي كۆز، قىسقا قارا ساقال، بېشىغا ئۆرە موۋۇت تۆپە كىيگەن ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگ ۋە باشقا يۇرت ئۆلىمالىرى ياندىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

جامەنىڭ شىمال دوقمۇشىدا ئېگەر-جابدۇقلىرى ياسداق، سېمىز، چىرايلىق بوز ئات باغلاقلىق ئورنىدا تىپىچەكلەپ تۇراتتى. ئوردا خىزمەتكارلىرى توپنىڭ ئالدىدا چىقىپ كېلىۋاتقان مەزەمزات ھېكىمنى كۆرۈپ، دەرھال ئاتنى ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. شۇ ئەسنادا ھەممىنىڭ

دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ شەنگەن يامۇل تەرەپتە جاڭ-جاڭ قىلغان كۈچلۈك جـاڭ ئـاۋازى كۆتۈرۈلدى. مەزەمزات ھېكىمنىڭ خىيالى بۆلۈندى. قول ئىشارىتى بىلەن ئاتنى بىر پەس نېرىراق تۇتۇپ تۇرۇشنى بۇيرۇپ، جاڭ ئاڭلانغان شەنگەن يامۇل تەرەپكە قارىدى. گۈرەن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ، جـاڭ ئۇرۇپ، جىنىنىڭ بارىچە توۋلاپ كېلىۋاتقان باقى لوزۇڭغا كۆزى چۈشتى. ئۇ يان تەرىپىدە چېرىكچە ئالا-بۇلماچ كىيىم كىيگەن، بويۇنلىرىغا ئۇزۇن قىلىچ ئېسىپ، پۇتىغا گوجەينى گۈل چىقىرىپ يۆگىگەن تۆت چېرىك بـىلەن كېلىۋاتاتتى. باقى لوزۇڭ مەزەمزات ھېكىمگە كۆزى چۈشكەندىن كېيىن، ئادەت بويىچە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، سالام بەجا كەلتۈرۈپ، قۇللۇق قىلدى ۋە ئۇنىڭ جاۋاب سالىمىنى ئىجازەت بىلىپ قولىدىكى جاڭنى قاتتىق بىر-ئىككى ئۇرغاندىن كېيىن، كۆپچىلىككە قاراپ ۋارقىرىدى:

— ئەيىبۇھەنناس، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار خالايىق! شەنگەن دارىنىنىڭ بۇيرۇقى: ”كېلەركى جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىدىن كېيىن، سادىرنىڭ خوتۇنى شەرۋانىخان ئىككى بالىسى بىلەن تېرەكلىكتە چېپىلىدۇ. ياخشىلار بۇنىڭدىن ئـىبرەت ئالسۇن، يامانلار ئۆز كۈنىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلسۇن“ جاڭ-جاڭ-جاڭ...

تـۇيۇقسىز قارا بوران چىقىپ، ئوچۇق-سۈزۈك ھاۋانى چاڭ-توزان بىلەن بۇلغىغاندەك، جۈمە نامىزىدا خۇداغا سىغىنىپ، ياخشى ئارزۇلار بىلەن كـۆڭلى يورۇپ تۇرغان شەھەر ئاھالىسى ساراسىمىلىككە چۆمدى. ئۇلار سادىرنى ئۆز ئوغلىدەك ياخشى كۆرەتتى. سادىرنىڭ خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، زالىملارغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغانلىقىغا قايىل ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چەكسىز ھۆرمەت ۋە قايىللىق ھېسسىياتى بىلەن ”سادىر پالۋان“ دەپ ئاتىشاتتى. شەنگەن دارىنىنىڭ سادىرغا تەڭ كېلەلمەي، جېنى سىقىلىۋاتقان قىيامەتلىك تەقدىرىدىن ئەسەبىيلىشىپ، سادىرنىڭ بىگۇناھ خوتۇن، بالا-چاقىسىغا چاڭ سالماقچى بولغانلىقى ئۇلارنىڭ زۇلۇم ۋە ئازابتىن يارىلانغان قەلبىدىكى غەزىپىگە سەرەڭگە ياقتى. جامە ئالدىدىكى كۆپچىلىك

شەنگەن دارىننىڭ سۇيىقەستىدىن غەزەپلىنىپ، ئۇپۇر-تۇپۇر بولۇپ كەتتى.

ئەمما ئۇ جاكار مەزەمزات ھېكىمدە تەسرات پەيدا قىلمىغاندەك ئىدى. باقى لوزۇڭ كاركىراپ، جاڭ ئۇرۇپ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، خىزمەتكارلارغا ئىشارەت قىلىپ ئاتنى كەلتۈردى. ”ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن، ئەرباب سالۇر ھەرباب بىلەن، سەن سوگوغا شەنگەن دارىنغا پۇت ئېتىشنى كىم قويۇپتۇ“ مەزەمزات ھېكىم خىزمەتكارلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاتنىڭ ئۈستىدە ئوردىغا قاراپ كېتىۋېتىپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى: ”پۇقراغا خاننىڭ ئەمرى پەرز، ئۆز ئالدىڭغا ئىش تۇتساڭ، ئاقىۋىتىدە ئۆز بېشىڭنى يەيسەن گاداي، سوگودا كاللا نىمە قىلسۇن، ھە. پوق-پوق...“

موللا ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇم ھېكىمنى ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى-دە، قىسقىغىنا خوشلىشىپ ئۆيىگە، يان كوچىغا بۇرۇلدى. ئەلەمنى مۇشۇ سائەتتە ئۆزىدە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان جىددىيلىك باسقانىدى. ئىشىك ئالدىدا پەرىشانلىق بىلەن بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ يادىغا بىر ئىشنى ئالدى-دە: ”كىمكى خۇدا يولىدا خالىس جەڭ قىلسا، ئۇ جەننەتتى“ دېگەن مەنىدە بىر ئايەتنى ئۈنلۈك ئوقۇپ بوسۇغا ئاتلاپ ھويلىغا كىردى.

ئــەمىر ئابدۇرۇسۇل شاغبەگ جاكارچىنىڭ ھەربىر سۆزىنى خۇددى ئــۆزىــگە قارىتىپ ئېيتىلىۋاتقاندەك دىققەت ھەم چىدام بىلەن ئاڭلىدى. ســالــماقلىق بىلەن بۇرۇلۇپ تويقا نەزەر تاشلىدى. نۇرغۇن كىشلەر بۇ جــاكــاردىن خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ مــەزەمــزاتنى سوغۇققىنا ئۇزىتىپ قويۇپ كىشلەرنىڭ سالام-سائەتلىرىگە سۇسلا جاۋاب بېرىپ، ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. پېشايۋاندا قارشى ئېلىپ ئالدىغا چىققان ئاغىچىغا مووۇت تۆپىسى ۋە پەرىجىسىنى تۇتقۇزۇپ ئارتۇقچە گــەپ-سۆز قىلماي مېھمانخانىغا كىردى. ئۇ ئۆيىنىڭ تۆرىدىكى كارىۋاتقا جــەيــنــەكى بىلەن تايىنىپ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. ”ئەلنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئۆچكەنلەرنى سوگو، ئوغرى،

بۇزۇق؛ ئەلنىڭ ئۈستىدە ئات چاپتۇرۇپ گۆشنى شىلىپ، قېنىنى شورىغانلارنى بولسا، 〈بەگ〉، 〈ئۇلۇغ〉 دېيىشىدۇ“ دەپ ئويلايتتى ئۇ، ”ھەي، بۇ جاھاندا ئادالەت، ئىنساپ قالمىدى. ھوسۇل ① ئىلگىرى سەككىز خو ئىدى، ھازىر ئون ئالتە خوغا چىقتى. دېھقاننىڭ ھالىغا ۋاي، بىر يىل قاتتىق ئىشلەپ ئارا-گۆرجەكنى قۇرۇق قۇچاقلاپ قېلىش ئاقىۋىتىدىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ. سادىر قوزغىلىپ ياخشى قىلدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ھازىرغىچە ئۇچقۇندەك كىچىك كۆرۈنگەن بىلەن خەلقنىڭ غەزەپ ئوتلىرى قوشۇلۇپ ئاخىرى چوڭ گۈلخانغا ئايلىنىدۇ...“

## 2

شەنگەن يامۇلنىڭ ئارقىسىدىكى شەنگەن سارىيىدا ئۈستى قىزىل سىرلانغان جوزا قويۇلغانىدى. شەنگەن ئۆز ئادىتى بويىچە جوزىغا داستىخان سالمىدى، كىچىك-كىچىك تەخسىلەردە ناۋات، ياڭاق مېغىزى، قارا گازىر، خاسىڭ ھەم كۆك كىشمىشلەرنى تىزىپ، جوزىنىڭ ئۈستىنى تولدۇرۇۋەتكەنىدى. جوزا ئەتراپىغا يۇڭلىرى ئۆسكىلەڭ، كىچىكرەك ئېيىق تېرىسى ۋە قىزىل رەخت بىلەن ئەستەرلەپ، چۆرىسىگە جىيەك تۇتقان يىلپىز تېرىسى سېلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە پۇتىغا قېلىن چەملىك خەي، ئۇچىسىغا تەيجى ② ئۇنىۋانلىق سارغۇچ گۈللۈك تاۋار پەرىجە كىيىپ، ئۇزۇن يالغۇز ئۆرۈمە چېچىنى ئارقىسىغا تاشلاپ مەزەمزات ھېكىم ئولتۇراتتى، جوزا يېنىدا ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچىنىڭ ئۈستىدىن قالپاق جۇڭزا كىيىۋالغان، يېشى ئەللىكتىن ئاشقان، قىسىق كۆز شەنگەندىن باشقا ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا تونۇش ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگمۇ بار ئىدى.

---

① ھوسۇل — مانجۇ ھاكىمىيىتى ۋاقتىدىكى دېھقانچىلىق بېجى.
② تەيجى — مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ مەنسەپ دەرىجىسى.

— پىقىرىڭلارغا مۇشۇ يېقىندا ئۇرۇمچى جياڭجۇنى جانابلىرى ھەم كۆرە ئۇلۇغىمىزدىن نۇرغۇن مەكتۇپلار كەلدى، — شەنكەن مېھمانلارنى جـوزىدىكى نازۇنېمەتكە تەكلىپ قىلدى ۋە ئەجدىھا سۇرەتلىك سىركاي چـىنـدىكى چاينى بىر يۇتۇم ئوتلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ مـەكـتۇپلارنىڭ تولىسىدا ھوسۇلنى ۋاقتىدا يىغىپ، ئۇرۇمچى، قۇمۇلنى ئۇزۇلدۇرمەي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشىمىزدا ھەرقايسىڭلارنىڭ دۆلەتكە ساداقەتلىك كۆرسىتىپ قىلغان ياردىمىڭلارغا تەشەككۇر بىلدۇرۇلگەن.

بۇ گەپتىن تاۋى تاغدەك ئۆسكەن مەزەمزات ھېكىم گەۋدىسىنى كېرىپ قىمىرلىتىپ قويدى.

— مەكتۇپلارنىڭ ئىچىدە كەمىنە خىزمەتكارلاردىن ئۇلۇغلىرىمىز يەنە قانداق خىزمەتلەرنى كۈتىدىكەن؟ — دېدى مەزەمزات ھېكىم.

— بۈگۈن بىر يەرگە دەرقەمتە بولۇشىمىز، ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ سالىمىنى ھـەر بـىرىڭلارغا يەتكۈزۈش، بىزلەر بەجا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان خـىزمەتلەر توغرىسىدا ئاز-تولا كېڭىششىۋېلىش ئۈچۈن ئىدى، — دېدى شەنكەن ئۆزىگە مۇلايىم كۆرۈنۈش بېرىپ.

— قېنى، ئىلتىپات قىلسىلا، ئۇ خىزمەتلەرنى ئىجرا قىلىشقا بىزلەر بـېشىمىز بىلەن تەييار، شۇنداق ئەمەسمۇ شاغىبەگ جانابلىرى — دەپ مەزەمزات ھېكىم ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگكە قارىدى.

— ئەلۋەتتە، — ئابدۇرۇسۇل بەگ سۇسلا جاۋاب بەردى.

— ھازىر ئۇرۇمچى، قۇمۇل، ماناسلاردا چېرىكلەرنىڭ سانى كۆپەيدى. جياڭجۇن جانابلىرىنى كۆرە سىلىڭغا يەنە چېرىك ئەۋەتىشنى ئەمىر قىپتۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت، پۇقرالارنىڭ خاتىرجەم-ئەمىنلىكىنى قوغداش، چېرىككە ئاش كېرەك، ئاش تېخى پۇقرانىڭ قولىدا، تۆكۈلمىگەن ھوسۇلنى قانداق يىغىۋېلىش ھەققىدە پىقىر جانابىڭلارنىڭ ئەقلى-مەسلىھەتلىرىڭلارغا بەكمۇ موھتاج.

ئارىنى جىمجىتلىق ۋە كۆڭۈلسىزلىك باستى. خېلىدىن كېيىن بۇ

جىمجىتلىقنى بىرىنچى بولۇپ مەزمۇت ھېكىم بۇزدى ۋە سۆزگە كىرىشتى.

— پۇقرانىڭ ھوسۇلنى تۆكمىگەنلىكى ئاشلىق ئەمدىلەتتىن ئورۇلۇۋاتىدۇ، قوشۇلغان ھوسۇلنى بالدۇرراق ئۇقتۇرمىغانلىق يەنە بىر ۋەجى بولماقتا. دەرھەقىقەت، بويۇنتاۋلىق قىلىشۋاتقان پۇقرالارمۇ يوق ئەمەس. ئاشلىق يىغىلىپ بولسىلا، قولىمىزدا ھۆكۈم بولغاندىن كېيىن، ھەر نېمە قىلىپ بولسىمۇ، ھوسۇلنى تولۇقى بىلەن يىغىۋېلىپ، ئۇلۇغلىرىمىزنى خاتىرجەم قىلىشقا جېنىمىز پىدا.

شەنگەن شاغىبەگكە تىكىلدى. ئەمىر ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگ ئۆزىدىكى غەزەپنى چىدام بىلەن بېسىپ ئولتۇراتتى. ئۇ شەنگەننىڭ مۇددىئاسىنى، دېھقاننىڭ گۆشىنى ئۆز ئىچىدىن چىققان مۇناپىقلارنىڭ پىچىقى بىلەن شىلىۋېلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇ چىرايىغا زور بىلەن كۈلكە يۈگۈرتۈپ، گەپكە كىرىشتى:

— ھوسۇلنىڭ تۆكۈلمىگەنلىكىگە ئاشلىقنىڭ يىغىلىپ بولمىغانلىقى مۇھىم سەۋەب ئىكەنلىكىنى ھېكىم جانابلىرى ئوچۇر قىلدى، — دېدى شاغىبەگ، — لېكىن بىچارە خەلقنىڭ تۈمەن مىڭ خىل ئاۋاڭ-ياساقتىن ھالسىزلانغانلىقى يەنە بىر سەۋەب، دەپ ئېيتىمەن. پېقىر سەھرالارغا چىقىپ، يۇرتنى ئارىلاپ كۆردى. خېلى ھاللىق دېھقانلىرىمىز ياز بويى ئوزۇق-تۈلۈكتىن قىسىلىپ قاقشىماقتا. ئاشلىق تېخى ئېتىزدا، دېھقاننىڭ ئىشكىگە ھوسۇل سۈيلەپ بېرىش — سۆگەتتىن ئامۇت ئۈزمەن، دېگەن ئەخمەقنىڭ ئىشى بولۇپ قالماسمىكىن، دەپ ئويلايمەن. ئاۋۋال ئاشلىق يىغىلسۇن، دېھقان خاماندا چەش تەييارلىسۇن، شۇڭغىچە نېمە قىلىپ تۇرۇش توغرىسىدا شەنگەن دارىننىڭ مەسلىھىتىنى ئاڭلاشقا مۇمكىنمىكىن.

شەنگەنگە ئەمىر ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگنىڭ سۆزى ياقمىدى، ئۇنىڭ چاپاق قاپىناپ تۇرغان كۆزلىرى شاغىبەگنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

— شاغىبەگ جانابلىرىنىڭ قوشۇمچە پىكرى مەن ئۈچۈن تولىمۇ

www.uyghurkitap.com

يېڭىلىقتۇر، ــ شەنگەن مۇغەمبەرلىك بىلەن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى، ــ شاغبەگ بەك ساددا، تۈز كۆڭۈل ئادەم، ھاللىق دېھقانىنىڭ ئۇزۇقلۇقى تۈگەپ قالدى، دېگەن قانداق گەپ. بىر ھاللىق دېھقان ئۇن ئالتە خو ھوسۇلنى تۆكەلمىسە، بۇ ئىلخونى قانداقمۇ ”خو“ ① دېگىلى بولسۇن؟!

سۆھبەت تالاش-تارتىشلىق مۇزاكىرە تۈسىنى ئالدى. شەنگەن بىردىن جىددىي كەيپىياتقا ئۆتتى، يۇمشاقلىق، سىلاپ-سىيپاپ ئىش قىلىش ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ يۇرتتا ئاقمايدىغاندەك ئىدى. پۇقرالارغا قاتتىق قوللۇق بولۇپ ھوسۇلنى ۋاقتىدا يىغىۋېلىش دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپ قالغانلىقى، شۇ كۈنلەردە ئىلدىمۇ خەلق ئىچىدە ”بۇزاقى“ ② لارنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقى، جياڭجۇن جانابلىرىدىن كەلگەن مەكتۇپتىن ئۇلارنىڭ ماناس، ساندىخوزا، ئۈرۈمچىدىكى ”بۇزاقى“لار بىلەن ئالاقە باغلىغانلىقىنىڭ مەلۇم ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇنداق ”بۇزاقى“لارنى باستۇرىدىغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن پەن تامى، مىڭ تەيلەرنىڭ ③ بۇنىڭدىن ئۇن بەش كۈن ئىلگىرى دارغا ئېسىلغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى.

ــ ئۆتكەن پەيشەنبە كۈنى سادىق خىزمەتكارلاردىن بىرى ھوسۇلغا بۇيۇنتاۋلۇق قىلىۋاتقان بۇزاقىلار توقۇپ چىقارغان بىر قوشاقنى پېقىرغا يەتكۈزدى:

ئالۋاڭ ھوسۇلۇم تولا،
قۇياي دېسەم ئېشىم يوق،
بۇ ھوسۇلنى قۇيمىسام،
تىرىكلىكتە بېشىم يوق!

---

① خو ــ خەنزۇ تىلىدىكى ” 好 “ دېگەن سۆز بولۇپ، ياخشى مەنىسىدە.
② بۇزاقى ــ بۇزۇق مەنىسىدە.
③ پەن تامى، مىڭ تەي ــ ئىلدىكى تۇڭگان چوڭلىرى بولۇپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە كىرىشكەندە پاش بولۇپ دارغا ئېسىلغان.

— قاراڭلار، نېمىدېگەن زەھەرلىك قوشاق بۇ، ئۇنى ئاۋام خەلق كوچىسىدا ناخشا قىلىپ ئېيتىپ يۈرەرمىش. بۇ ئىغۋا جانابىڭلارنىڭ سەمىگە چۈشمىگەندىمۇ؟!

— پىقىر تولۇق خەۋەردار ئىش، — دېدى مەزەمزات ھېكىم بىرئاز ئۆڭۈپ-تاتىرىپ، — بۇ سوگو سادىرنىڭ ئىچىدىن تامغان زەھەر، ھوسۇلنىڭ يىغىلماسلىقىدا، بەزى پۇقرالارنىڭ بويۇنتاۋلىق قىلىشىدا بۇ بۇزاقىنىڭ ئارقا تىرەك ئىكەنلىكىگە ئەسلا گۇمانىم يوق.

شەنگەن، ھېكىمنىڭ مۆلچەرىنى باش ئىشارىتى قىلىپ تەستىقلىدى.

— سوگو سادىرنىڭ خوتۇنى، ئىككى بالىسى بىلەن قوشۇپ چانىلىدىغانلىقى جاكار بولدى. خەۋەردار بولغانسىلەر؟

— بۇ ئىش ھازىر پۈتۈن يۇرت ئەھلىگە مەلۇم.

— سادىر ئۇچىغا چىققان بۇزاقى بولغانلىقى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ سەمىڭلارغا سالماي، بۇ ھۆكۈمنى كۈرە دارىنى بىلەن چىقارغاندۇق، — دېدى شەنگەن ئاچچىقتىن چاچراپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەلگەنلەرگە بىر مىليون سوپىيو ① ئىنئام قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتقاندۇق. بۇگۈن ئۇنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى يۈز باتۇر چېرىك يولغا سېلىندى. ئۇمۇ جازا مەيدانىغا كەلتۈرۈلۈپ، خوتۇن، بالا-چاقىسى بىلەن بىللە چانىلىدۇ.

سۆھبەت سادىرنىڭ خوتۇن-باللىرى چانىلىدىغان كۈنى ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن ھوسۇل تۆكۈشكە بويۇنتاۋلۇق قىلىۋاتقانلار كۆپرەك قاتناشسۇن، دېگەن مەسلىھەتتىن كېيىن ئاخىرلاشتى، سۆھبەتنى يەنە داۋام قىلىشقا كۆزلىرى پۈرۈلۈپ قىزارغان، ئەسەبىيلىشىپ تىترەك ئۇلاشقان شەنگەن بەرداشلىق بېرەلمەيتتى، بۇنىڭدىن ئەپيۇن خۇمرىنىڭ قىستىغانلىقى مەلۇم ئىدى، جوزا ئەتراپىدىكىلەر ئۆزىنى بىلىپ، ئاستا ئورنىدىن قوزغالدى.

---

① سوپىيو — شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت تارقاتقان پۇل.

شەنگەن مېھمانلىرىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ھوجرىغا كىرىپ، تەييار تەكىيەگە جەينەكلەپ، شولانغان ئەپيۈننى ئاچكۆزلۈك بىلەن شوراشقا باشلىدى.

سۈبھى كۆتۈرۈلۈپ، تاڭ ئەمدىلا غۇۋا يورۇشقا باشلىغانىدى. سەھەرنىڭ سالقىن شاملى شەبنەم باسقان ئوتلار ئۈستىدىن غۇر-غۇر ئۇچماقتا. ئەتراپ جىمجىت، پەقەت سەھەرچى تورغايلارنىڭ كۆكۈل مەيدانلىق ئۈستىدىن غويۇلداپ ئۇچۇپ "چۇق-چۇق"لىغان ئاۋازى يېڭى بىر تاڭنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

سادىر پالۋان يىگىرمە نەچچە ئاتلىق كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ، تاڭ سەھەردە، روزىمەتيۈزنىڭ ئاق ئۆستەڭ قۇيغىنى ئاستىدىكى چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتتى. شەھەر يولىنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدىكى قوناقلىقنىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن ئاتلارنى بىرئاز سۇۋۇتۇپ، تاسما چۇلۋۇرلىرى بىلەن چۇشەپ، ئوتقا قويۇشۇپ، ئۆزلىرى يانپاشلاپ ئارام ئېلىپ يېتىشتى.

سادىر خەلق ئارزۇسىنى يۈرەككە تېگىپ، مانجۇ زالىملىرىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن ئۈچ قېتىم زىندانغا تاشلاندى. قومۇلغا پالاندى. ئاخىر ئۇ، تۆمۈر قەپەزدىن ئۇچۇپ چىققان قۇشتەك قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە زور غەزەپ ۋە نەپرەت، ئاجايىپ قەھرىمانلىق بىلەن كۈرەشكە ئاتلاندى. شەنگەن ئەسەبىيلىشىپ، سادىرنى تىرىك تۇتۇپ كەلگەنلەرگە بىر مىليون سوپيېو موكاپات بېرىشنى جاكار قىلدى، ئىز قوغلاپ يېزا-قىرلارغا چىققان چېرىكلەر گوجەيلىرىنى سۆرەپ، ئاغزى-بۇرنى قان، ئاقساق-چولاق بولۇپ، دەلدەڭشىپ شەھەرگە ئارانلا كىرىۋالاتتى ياكى قازانچى غوللىرىدا يەر چىشلەپ سوغۇق يەرنى قۇچاقلاپ يېتىپ قالاتتى.

شەنگەن ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى. يامۇل خىزمەتچىلىرىدىن "نىياز شۇمپەن" دېگەن سادىر بىلەن بۇرۇن كۈرەدىكى زىنداندا بىللە ياتقانلىقىنى نىقاب قىلىپ، سادىرغا قوشۇلىمەن" دەپ ئۈچ ھەمراھىنى ئېلىپ، سادىرنىڭ

ئۆيگە چىقتى. شەرۋانخان بۇ ئىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى خەۋەر تېپىپ، ئۆزىدىن يىراق تۇرۇۋاتقان سادىرغا يەتكۈزدى. سادىر شۇ كېچىسى يوشۇرۇنچە ئۈچ-تۆت ھەمراھ بىلەن كەلدى. نىياز شۇمپەننى يالىڭاچلاپ، يۈز-كۆزىنى قــاپقارا بوياپ، مىنىپ كەلگەن ئېتىغا تەتۈر مىندۈرۈپ، چىرماپ باغلاپ شەھەرگە يولغا سالدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سادىرغا قوشۇلۇپ قازانچى غولىغا چىقىپ كەتتى. بۇ ئەلەملىك ئىش شەنگەنگە ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك بولدى. دەرھال ئون چېرىك چىقىرىپ شەرۋانخان ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى — ئىگەم قۇل، دەۋران قۇللارنى تۇتۇپ كېلىپ زىندانغا تاشلىدى. بۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدىكى جاكار زىنداندىكى سوراقتا سادىر ھەققىدە تېگىشلىك مەلۇمات ئالالمىغاندىن كېيىن چىقىرىلغانىدى. ئەمما بۇ ئىشتىن سادىر ۋاقتىدا خەۋەر تاپتى. بۇلار بىرئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بــېــسىپ سۈپسۈزۈك ئاق ئۆستەڭنىڭ بويىغا كەلدى. قىردا چوقچىيىپ ئولتۇرۇپ يۈزىنى يۇيۇشتى. ئاندىن پوتىلىرىغا تۇگۈپ ئالغان نانلىرىنى سۇغا چىلاپ يۇمشىتىپ، ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى.

— ئوتنى مەن تۇتتۇم، شەنگەننىڭ بىگىسى بولسا مەن بىلەن ئېلىشسۇن، نېمە ئۈچۈن خوتۇنۇم، بالىلىرىمنى چانماقچى بولىدىكەن؟ — سادىر ئۆستەڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ غەزەپ بىلەن سۆزلەيتتى، — ياق، بېشىم ئامان بولىدىكەن. بۇ سۈيىقەستنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يول قويمايمەن.

سادىر ئۆتكۈر كۆزلىرىنى يۇگۇرتۇپ، ھەممە ئەتراپقا بىر نەزەر سېلىپ چىقتى. سەل كەينىگە چۈشۈپ قالغان جىيەكلىك ئاق مالىخىينى قىرلاپ قويۇپ، سېپىغا سىرىق سىم ئورالغان قامچىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ سىقىمداپ چــىــڭ تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ھەمراھلىرى ئۇنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن تىڭشايتتى.

— بىزدە نىياز شۇمپەندەك مۇناپىقلارمۇ بار، ئەمما "ھۇششەرە" دەپ ئــىشىمىزغا يار-يۆلەك بولىدىغان ياخشىلار، مەسىلەن، ئەمىر ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگ، موللا ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇمدەك ئادەملىرىمىز مۇناپىقلاردىن كۆپ.

www.uyghurkitap.com

بىز بۇنداق ئادەملەر بىلەن بىرلەشسەك، ئۇلارنىڭ خەلقنى تەشكىللەش، باشقۇرۇش ماھىرلىقىنى ئۆزىمىز ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرساق، شەنگەن دارىنلارنى چېكىكسىدە قوغلىۋېتىشتىنلىقىمىزدا گەپ يوق.

— ھوي سادىركا، سەن دېگەن ئۇ زاتلار، تاج-تەختىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن بولسىمۇ ئورۇن تۇتۇپ تۇرۇپتۇ، ئۆز بەختىنى قۇربان قىلىپ بىز بىلەن بىللە بولارمۇ؟ — دېدى ياش شىرىپازدان.

— بىزنىڭ تۈنۈگۈن چىققان "باتۇر چېرىكلەر"نى تىرىپىرەن قىلىپ، بۈگۈن بۇ يەردە خاتىرجەم ئولتۇرۇشىمىز نېمىدىن؟ — دەپ سادىر شىرىپازدانغا ئەھۋالنى چۈشەندۈردى، — شاغىبەگ قاتارلىقلار بىزگە ئالدىن خەۋەر بەردى. بىزمۇ بۇ ئەبلەخلەرنى ئەپلەش يوللىرىنى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويدۇق. شەنگەن بىزنى نەچچە مىليون سوپىيو خەجلەپ تۇتالمىغانىدى، بۈگۈن بىز قىلىچ ئويىنىتىپ جازا مەيدانىغا ئۆزىمىز كىرمەكچى بولۇۋاتىمىز. بىز قانداق قىلىپ بۇ ئىشلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرالىدۇق؟ زالىم مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلمى خەلقىمىزنى ئۆيۈلتاشتەك ئۆيۈشتۈردى ئۇكا، خەلقنىڭ قەلبى بىز بىلەن بىللە.

سادىر بۇ گەپلەرنى ئۈستۈن روھ بىلەن ئېيتتى. ھەمراھلىرىمۇ ئۇنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، روھلانغان ھالدا ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ، ئاتلارغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار ئەمدى ئۆزلىرى مۆلچەر قىلىنغان ۋاقىتتا جازا مەيدانىغا يېتىپ بېرىپ، باتۇرلۇق بىلەن پاراسەتنى ئىشلىتىپ، شەرۋانىخان ۋە ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى ئۆلۈم تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرماقچى ئىدى. شىرىپازدان تورۇق قاشقا ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇقلىرىنى سىلىپ، ئۇلاغلىرىنى چىڭىتىپ سادىرنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى.

سادىر كۈن چىقىشقا — خۇددى شىردەك سوزۇلۇپ ياتقان ئابرالغا، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئالتۇندەك يالتىراپ تۇرغان قۇياشقا، قۇياش نۇرىغا چۈمۈلۈپ تۇرغان گۈزەل ئىلى ۋادىسىغا ئۇن-تىنسىز زوق بىلەن تىكىلىپ، ناماز قىيامىدا تۇرغاندەك بەستلىك قامىتىنى تىك تۇتۇپ، قاراپ تۇرماقتا

ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇملىرى تۈرۈلۈپ، سوزۇلغان قاشلىرى ھىمىرىلدى. ئۇ مۇنۇ قوشاقنى پىچىرلىدى:

ئىلى ئۆلكىسى دەيدۇ،
ئوتتۇرىدا ئاب-راۋان تاغ ①.
تاغلىرىدىن ماي ئاقار،
ئەتراپلىرى شەرۋەت باغ.

ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىندى، بۇرۇلۇپ شىرىيازدانغا قارىدى.

— كەچ قالمىدۇقمۇ سادىركا؟ — دېدى شىرىيازدان. سادىرغا خۇش چىراي بىلەن قاراپ.

— ياق، — دېدى سادىر، ھازىر جاۋاب سۆز قىلىپ، — كۈن تېخى ئەتىگەن، شەھەرگە كىرىپ، جۇمە نامىزىنى ئوقۇپ، ھەدەڭنى شەنگەنگە پەتە ئوقۇتۇپ، بازاردىن ئوتياش ئېلىپ كۆچۈرۈپ چىقساق، ھەدەڭ بۇ يەرگە كېلىپ بىزگە لەڭمەن ئېتىپ بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرىدۇ ئۇكا، — دېدى سادىر چاقچاق قىلىپ.

لېكىن، ئۇنىڭ يەنە بىر ھەمراھى ئازنىباقى سەل جىددىيلىشىپ قالدى بولغاي، ئەتىمالىم، سادىرنىڭ گەپلىرىنى ماقۇل كۆرمىگەن ئاھاڭدا سۆز قىلىپ:

— چاقچاقلىراق بول سادىر، ۋاق قالدۇق ھوي، — دەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا ئېيتتى.

— تولا قايىنماي ئاستىراق ۋارقىرا، — سادىر ئازنىباقى بىلەن چېقىشىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — توخۇ يۈرەك، قورقۇۋاتامسەن-نېمە؟

ئازنىباقى كۆزلىرىنى ھەيبارلارچە ئوينىتىپ، سادىرغا مەنىلىك قارىدى. سادىر شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىدە كېچىۋاتقان خىيالىنى دەرھال سەزدى.

---

① ئاب-راۋان — سۈيى راۋان دېگەن مەنىدە.

ئۇنىڭ ھېلىلا قىلغان سۆزىدىكى ”قايىنىما“ دېگەن گەپ ئالدىراشلىقتا ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىقماي دىمىقىدىن چىققاندەك تەسىرات پەيدا قىلغانلىقىنى سېزىپ، چاقچىقىنى داۋام قىلىپ دېدى:

— كۈلمە، ھوي شەيتان، — دېدى ئۇ ئاتىنىڭ بېشىنى شەھەر تەرەپكە قاراپ بۇراپ تۇرۇپ، — ئاكاڭنىڭ بۇنچىلىك ھۈنىرى بولمىسا، سادىر ئىتىمغا شۆھرەت قوشۇپ ”خاڭرۇق“ ① دەپ داڭ چىقارمايدۇ! يۈرۈڭلار ئاغىنىلەر، كەتتۇق...

ھەممە تەڭ كۈلۈشتى، يولدىن چاڭ-توزان ئۇچۇرۇپ شەھەرگە قاراپ ئاتلار بولۇشچە چېپىپ كېتىشتى.

## 3

غۇلجا شەھىرى ئېگىز سېپىل ئىچىگە ئورۇنلاشقان، شەھەر خەلقى خەنزۇچە پەشتاقلىق قىلىپ يېپىلغان چوڭ قوش دەرۋازىدىن قاتناپ سىرت بىلەن ئالاقە قىلىدۇ. شەھەرنى ئوراپ سوققان سېپىل ئۈچۈن توپىسى ئېلىنغان خەندەكلەر ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، بۇ يەر توختام سۇ ۋە شەھەر ئىچىدىن ئېلىپ چىقىپ تۆككەن ئەخلەت-چاۋالار بىلەن چىرىپ-سېسىپ پاسكىنىلىشىپ تۇرىدۇ.

ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىدىغان جىنايەتچىلەرنىڭ تولىسىنى شەنگەن ئۆز داتىڭدا سوراق قىلىپ، شۇ يەردە ھۆكۈم ئېلان قىلىدۇ. كۆرە دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىن، سېپىل ياقىسىدىكى خەندەك بويىدا ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىدۇ. ”قىلمىش-گۇناھلىرى چوڭ، پۈتۈن يۇرت ئىبرەت ئالمىسا بولمايدىغان گۇناھكار“لارنى سېپىلنىڭ سىرتىدا سەھنە ياساپ، ”ئىبرەت ئالسۇن“ ئۈچۈن پۈتۈن خەلقنى قاتناشتۇرۇپ، شەنگەن ياكى چوڭ

---

① خاڭرۇق — سادىرنىڭ لەقىمى.

ئەمەلدارلاردىن بىرەرسى سوراق قىلىپ، ھۆكۈم ئېلان قىلىدۇ، ئاندىن ياكى چاپىدۇ.

شەرۋانىخان سوراق قىلىنىدىغان جازا سەھنىسى، دەڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ ئازراق ماڭسىلا يەتكىلى بولىدىغان تېرەكلىك ئارىسىدىكى ئوچۇق مەيدانغا قۇرۇلغانىدى. سەھنە سەككىز تال چوڭ ياغاچنى تىكلەپ ئاددىيغىنا ياسالغان، ئەتراپلىرى بورا بىلەن ئورالغان، سوراقچى ئولتۇرىدىغان سەھنىنىڭ ئالدى تەرىپىگە قارا سىرلانغان تۆت چاسا جوزا، جوزا ئۈستىگە بىرنەچچە پـالاق قويۇلغانىدى. شەرۋانىخان جازا مەيدانىغا ئىلگىرىكى مەھبۇسلارغا ئـوخشاش كوچىدا يالاپ، تاماشىچى توپىنى ئولاشتۇرۇپ ئاشكارا ئېلىپ كېلىنمەي، ئالدى بىپىق سايىۋەنلىك مەپە ئىچىدە خۇپىيانە كەلتۈرۈلدى.

بىگۇناھ ئايال ئۈچۈن يۈرەكلىرى ئۆرتەنگەن خەلق ئۇنىڭ ئەتراپىغا دۈركىرىشىپ كېلىشكە باشلىدى. بويۇنلىرىغا قىلىچ، قارا مىلتىق ئاسقان چېرىكلەر تەۋرەپ كېلىۋاتقان خەلقنى چەتتە تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ۋارقىراپ-جارقىراشماقتا ئىدى.

ئادەتتە ئادەم ئاتقاندا تاماشىچىلار ناھايىتى ئاز چىقاتتى، ئادەم چاپقاندا بولسا كۆپ چىقاتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئادەم چاپقۇچى جاللاتلار بۇ يەردە ئـۆز مـاھـىـرلىقىنى كۆرسىتىشەتتى. ئۇلار ئالدى بىلەن گۇناھكارلارنى تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزىدۇ، ئاندىن جاللات بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ بىر تۇرلۇك مـاھـىرلىق بىلەن ئۇزۇن غىلاپىدىن قىزىل پۆپۈكلۈك، ئۆتكۈر قىلىچنى "شارت" قىلىپ سۇغۇرۇپ ئالىدۇ، قىلىچنى ئايلاندۇرۇپ، كۈن نۇرىدا يالتىرىتىپ چامباش ئارىلاش قىلىچ ئويۇنى كۆرسىتىدۇ. ئويۇن ئارىسىدا خەلق توپى ئىچىدىكىلەرنىڭ بىر-ئىككىسىنىڭ بېشى ئۈستىدىن قىلىچنى يالغاندىن چاپقاندەك قىلىپ ئۆتكۈزىدۇ. موللاق ئېتىپ يەنە قىلىچ ئويۇنى كۆرسىتىدۇ. گۇناھكارمۇ تىكىلىپ قاراپ قالىدۇ. جاللات تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا قـىـلـىـچ ئۇرىدۇ، ئۈزۈلگەن باش پومزەكتەك قاڭقىپ يەرگە چۈشىدۇ. جـاللاتلارنىڭ يەنە بىرسىنىڭ قولىدا يوغان ئاق جىگموما بولۇپ، باش

www.uyghurkitap.com

كەسكەن جاللات قانلىق قىلىچىنى جىگمومىغا سۇركەپ ئۇنىڭدىن بىر چىشلەم يەيدۇ، قالغان جاللاتلارمۇ يېيىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار قانغا تويۇپ، يۈرىكى توختاپ، باتۇرلۇقىنى ئاشۇرغان بولىدۇ.

لېكىن بۈگۈن تېرەكلىكتىكى خەلق توپى ئادەتتىكىدىن كۆپ ئىدى. كۆپلىگەن خەلق ”كاللا كېسىش تاماشا“سىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى سۆيگەن پالۋاننىڭ بىگۇناھ ئايالى بىلەن ۋىدالىشىش ئۈچۈن كەلگەنىدى.

شەرۋانىخان سەھنە ئالدىغا كەلتۈرۈلدى. ئوغلى بېشىغا كىلىنۋاتقان بالايىئاپەتتىن گاڭگىراپ، قوي كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. شەرۋانىخانىنىڭ بىلەكتەك ئىككى ئۆرۈمە قارا چېچى چۇۋۇلغان، ئۇنىڭ بىرسى ئالدى تەرەپكە، يەنە بىرسى ئارقىسىغا تاشلانغان، چولپان كۆزلىرىنىڭ ئاقلىرى بىرئاز قىزارغان، قاڭشالىق بۇرنى ئۈچىدا بولسا، تەر تامچىلىرى دانە-دانە يالتىراپ تۇراتتى. بىر پەستە سەھنە ئۈستىگە ئۇزۇن كۆك تاۋاردا چاڭزا، بېشىغا بىر ئوتغاتلىق قالپاق جوڭزا كىيگەن، ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىق ۋاڭ دارىن چىقتى. تۇڭچىغا ئىشارەت قىلىپ شەرۋانىخانىنى سوراق قىلىشقا باشلىدى.

— ئېتىڭ نېمە سېنىڭ؟

— ...

— ھەي پاگمۇ سەن، ئېتىڭ نېمە دەۋاتىمەن؟!

— ئىككى ئايدىن بېرى مېنىڭ ئېتىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالمىدىڭمۇ؟ — دېدى شەرۋانىخان ھېچ ئەيمەنمەي تەمكىنلىك بىلەن.

شەرۋانىخانىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان خەلق بىر-بىرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ، خۇپپىيانە كۈلۈۋېلىشتى.

ئەمما ۋاڭ دارىن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى بېسىپ سىپايە ئاھاڭدا:

— ھەي، ياڭگاڭزا، بۇ سوراق رەسمىيىتى، ئالدى بىلەن ئېتىڭنى

ئېيت، ــ دېدى.

شەرۋانىخان غەزەپ بىلەن ھەممە ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا، ”شەرۋانىخان“ دېدى.

ــ داداڭنىڭ ئېتى نېمە؟

ــ موللا توختى.

ــ سەن قايسى يۇرتتىن؟

ــ موللا توختى يۈزىدىن.

ــ سادىرغا تەككىلى نەچچە يىل بولدى؟

ــ ئون بەش يىل.

ــ ھازىر سادىر نەدە؟

ــ مەن ئىككى ئايدىن بېرى زىنداندا. سادىرنى سەن بىلمىسەڭ، مەن نەدىن بىلەي؟!

ۋاڭ دارىــــــىنىڭ جۇدۇنى قورىدى، شەرۋانىخانىنىڭ شۇ تۇرقىدىن سادىرنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىش، نىياز شۇمپەنىنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقىنى سادىرغا خەۋەر قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلدۇرۇش؛ سادىرنىڭ قانداقچە يوشۇرۇن كېــىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھازىر يۇرت ئىچىدە ھوسۇل تۆكۈشكە بــويــۇنــتاۋلىق قىلىۋاتقان، ماناس، ساندىخوزىدىكى چېرىكلەرگە ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىشكە پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان ”بۇزاقى“لار بىلەن قانداق ئالاقە قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن مەلۇمات ئېلىش مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، دورداي كالپۇكلىرىنى لىپىلدىتىپ، جىنىنىڭ بارىچە ”دا، دا“ دەپ ۋارقىرىدى.

چېــرىــكـلــەر چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، غولاچلىرىنى كېرىپ، ئادەم ئۇرىدىغان پالاقلىرىنى ھاۋاغا كۆتۈردى. باللار ”ئانا“ دەپ ئۆزىنى ئاتتى. خەلق غەزەپتىن داۋالغۇپ، خۇددى قىرغاققا ئۇرغان دېڭىز ئۆركىشىدەك سەھنە تەرەپكە قاراپ سىلجىشقا باشلىدى.

ــ ھەي ياڭگاڭزا، جازا يېنىكلىتىلىدۇ، سەن بىلگەننى يوشۇرماي

ئېيت، ــــ دېدى دارىن يەنە.

ــــ مەن زىنداندا، ھېچنېمە بىلمەيمەن!

ــــ ھەي دارىن، راست گەپ، بۇ خوتۇن ھېچنېمە بىلمەيدۇ، ــــ دېــگەن سالماقلىق، يوغان ئاۋاز بىردىن كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ھەممە ھاڭ-تاڭ بولغان ھالدا ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. ئاق سـەلـلە يۆگىگەن، قامەتلىك، ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي ئاستىدىكى ئاتنى كۆچلۈك قامچىلاپ، توپنى يېرىپ ئۆتۈپ شەرۋانىخانىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ توختىدى.

ــــ سەن... سەن... كىم سەن، بۇ ئىشقا ئارىلىشىدىغان؟ ــــ دېدى دارىن بۇ ھادىسىدىن ئېسەنگىرەپ.

ــــ مېنى تونۇمايسەن دارىن، بۇ ئايالنىڭ يۇرتلۇقى بولىمەن، ــــ دېدى ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي، ــــ بۇ خوتۇن ھەقىقەتەن ھېچنېمە بىلمەيدۇ. مەسىلەن، نىياز شۇمپەن ئۆيىگە كەلدى، دەپ بۇ خوتۇن سادىرغا خەۋەر قىلغان ئەمەس، سادىر ئۆزى كەلگەن، بۇگۈن سادىرغا كىم خەۋەر قىلدى، باغلاقلىق تۇرغان مۇشۇ خوتۇنمۇ؟ سادىر يەنە ئۆزى كەلدىغۇ!

ــــ ھە،... سادىر كەلدى؟ ــــ دارىن ئالاقزادىلىك ئىچىدە قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى.

ــــ ئەگە بىر مىليون سوپىيونى، سادىرنى مەن تۇتۇپ ئەكەلدىم. بۇگۈن بۇ جازا مەيدانىدا كاللىسىنى ئېلىپ شەنگەننى خۇش قىلىپ تۇرغۇن ئىنئاملار ئالسەن!

بــوۋاي قولىنى ساقىلىغا ئاپىرىپ، ئاپئاق ساقىلىنى يۇلۇپ ئېلىپ سەھنىدىكى دارىنغا ئاتتى، بۇ ھالدىن ھەيران بولغان خەلق ئات ئۈستىدىكى ئادەمنى تونۇپ، خۇشاللىق بىلەن ئىختىيارسىز ”سادىر“ دەپ ۋارقىراشتى.

ــــ ھەي دارىن، رەھىمسىز ئەبلەخ، ــــ سادىر دېۋەيلەپ سەھنىنىڭ ئالدىغا ئېتىنى دېۋىتىپ كەلدى.

ۋاڭ دارىن ئېسەنگىرەپ غال-غال تىترەپ كەتكەنىدى، سادىر غەزەپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن سۆزىنى داۋام قىلىپ، ئاندىن مۇنۇ قوشاقنى ئېيتتى:

موللىغا بەردىم ئوقۇ، دەپ،
بۆزچىگە بەردىم توقۇ، دەپ،
كىم سېنى خوراز قىلدى،
مېكىياننى چوقۇ، دەپ.

سادىر قوشاقنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ”شارت“ قىلىپ قويىندىن قىسقا، مۇشتۇمدەك بېشى بار تېۋىلغا چوماقنى چىقاردى. شەرۋانىخاننى يالاپ ئىككى چېتىدە تۇرغان چېرىكنىڭ باشلىرىغا كۈچ بىلەن ئۇردى. بۇنى كۆرگەن دارىن ”ئەييا“ دەپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئارقىسىغا شوخشىدى. خەلق توپى دەريادەك داۋالغۇپ ئوپۇر-توپۇر بولۇپ كەتتى. سادىر پالۋان قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ”كەل شەرۋان!“ دەپ باغلاقلىق شەرۋانىخاننى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ، ئېگەرنىڭ ئالدىغا يېنىچە ياتقۇزۇپ، توپنى يېرىپ چىقىپ كەتتى. ياش شىرىيازدان بىلەن ئازنىباقى ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى ئېگەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ، ئاتلىرىغا قامچا سالدى...

1863-يىلىنىڭ ياز پەسلى. كۆز باغلىنىپ، قاش قارايغان چاغ، ئېگىز تاغ غارلىرىدا، تاشتىن ياسالغان ئوچاقلاردىكى مىس قازانلاردا كېيىك گۆشى ئىشتىھانى غىدىقلىغۇدەك پۇراق چىقىرىپ قايناپ تۇراتتى. مايلىق ئارچا خۇش پۇراق چىقىرىپ لاۋۇلداپ ياناتتى. گۈلخان ئەتراپىدا توپ-توپ بولۇپ، بەستلىك كىشىلەر ئولتۇرۇشماقتا. ئۇلار بىر كۈنلۈك جەڭ ئۈستىدىن ھەۋەس بىلەن يەپ-ئىچىپ، دۇنيادىن بىغەم ھالدا گۇڭگۇر-مۇڭگۇر سۆزلەشمەكتە. يىراقتىن ناخشا ئاۋازى كەلدى. ئاي كۆتۈرۈلۈپ تاغ ئىچى يورۇپ قالغان، ئېگىز خادا تاشلار، قويۇق ئورمانلار يېشىل چۆپلەر ئۈستىگە ئالا-بۇلماچ سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتى.

...

...

كىم سېنى خوراز قىلدى،
مېكىيانىنى چوقۇ، دەپ.

ھەممە بىر پەس شۈك بولۇپ، قۇلاقنى قازانچى غولى تەرەپكە تىكتى. جىمجىت كېچىدە شارقىراپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىنىڭ ئۈستىدىن بىسىپ سادىرنىڭ ئاۋازى كېلەتتى. ئىسيانكارلار جانلىنىپ، خۇشاللىق تەنتەنىلىرى قىلىشتى. ناخشا سادىرنىڭ غەلىبىسىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇلار ئىختىيارسىز ئالدىغا قاراپ مېڭىشتى. بارغانسېرى تىكلىشىپ ئېگىزلەپ كېتىۋاتقان قاپتالدىكى چىغىر يولدا سادىر، شەرۋانىخان ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى كۆرۈندى. يەرگە گۈگۈم چۈشۈش بىلەن جىمىپ قالغان تاغ قاينام-تاشقىنلىققا چۆمدى...



## مۇھەممەتئېلى زۇنۇن

# قوش مەسچىت

## 1

بوۋا، مۆھتەرەم بوۋا، سەن ئېيتىپ بەرگەن چۆچەك-رىۋايەتلەر نەقەدەر ئاجايىپ-غارايىپ ۋە قىزىقارلىق ئىدى-ھە؟ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە يېتىپ بارالايدىغان ئۇچار گىلەم، ئۇچار دۇلدۇللار، خاسىيەتلىك جاھاننامە ئەينەكلەر، ”ئېچىلىڭ داستىخىنىم“ دەپ بولغۇچە تۈرلۈك-تۈمەن نازۇ نېمەتلەرگە تولۇپ تۇرىدىغان خىسلەتلىك داستىخانلار، بەتنىيەتلەرنىڭ جىــېــنــنــى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان سىرلىق توقماقلار... بوۋا، بىر كەچقۇرۇنلۇقى ماڭا مۇنداق بىر چۆچەك ئېيتىپ بەرگەنىدىڭ:

ئىشقى سەۋدايىغا مۇپتىلا بولغان ئارزۇلۇق شاھزادە ۋىسال يولىغا راۋان بــولــۇپــتــۇ. گىياھ ئۈنمەس چۆل، قۇش قونماس تاغلاردىن ئۆتۈپتۇ، قــاراقــچــىــلارغا ئۇچراپ، ئەسلى-ۋەسلىدىن ئايرىلىپتۇ. ئاخىر بىگانە بىر مــەمــلىكەتنىڭ مەركىزىي شەھرى ئەتراپىدا ئوتتۇنچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بــولــۇپــتــۇ. ئادەم گۆشىدە مانتا ئېتىپ ساتىدىغان مانتىپەزنىڭ قاپقىنىغا دەســســەپ، ئــۇنىڭ يوشۇرۇن زىندىنىغا چۈشۈپ قاپتۇ. قارىسا، نەچچە ئونلىغان شور پېشانە يىگىتلەر ئىڭراپ ياتقۇدەك. ئاپپالىتلىق بەتھەيۋەت جاللاتلار كىرگەن ھامان ”مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز، مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز“ دەپ بــىــر-بىرىنى ئىتتىرىۋاتقۇدەك. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئورۇقمۇ،

سىمىزمۇ تۈگەپ كېتىۋاتقۇدەك...

قىزىقىپ ئاڭلىغىنىم، جاۋابسىز سوئال، تەشۋىشلىك خىياللار تورى ئىچىدە ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەي قېلىپتىمەن. چۈش كۆرۈپتىمەن: ئاشۇ قورقۇنچلۇق قاراڭغۇ زىنداندا تۇرغۇدەكمەن. ئايپالتا كۆتۈرگەن بەتبەشرە جاللاتلار كىرىپ: "سىمىزلىرىڭ بويىچە ئۆتۈش!" دەپ ۋارقىرىغۇدەك. ئېچىرقاپ كەتكەن چىلبۆرە كىرىۋالغان چوڭ قوتاندىكى قوي پادىسىدەك بىچارە ھالغا چۈشكەن بىئەقىل تۇتقۇنلار "مەن ئورۇق، ئۇ سىمىز" دەپ بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىۋاتقۇدەك.

ئىتتەرگەنلەرمۇ، ئىتتىرىلگەنلەرمۇ بارا-بارا تۈگەپ، نۆۋەت ماڭا كەلگەنمىش. "سەن ھەممىدىن كىچىك ۋە ھەممىدىن ئورۇق بولساڭمۇ، — دەپ سۆرەۋاتقانمىش ئۇلار، — بىرقانچە قاسقان مانتىغا يارايسەن، يۈر!" تىرەجەپ تۇرۇۋالغۇدەكمەن، ئۇلار سۆرىيەلمىگۇدەك. ئاخىر ئۇلار: "بولۇپتۇ، مۇشۇ يەردىلا جېنىنى ئالايلى!" دەپ ئايپالتىنى ئېگىز كۆتۈرگۈدەك...

— بوۋا!... بوينۇڭنى شۇنداق قۇچاقلىۋاپتىمەنكى، تىنالماي قاپسەن.

— بالام، نېمە بولدۇڭ؟ مەن بار، قورقما! — دېدىڭ ئىسسىق باغرىڭغا مەھكەم بېسىپ.

ئېغىز-بۇرۇنلىرىمنى قورقاق بېسىپ كەتتى. نەچچە كۈنلەرگىچە قىزىپ، جۆيلۈپ چىقتىم. بۇ چۆچەك بىلەن چۈش زادىلا ئېسىمدىن چىقمىدى. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە يەتكەندە كۆپرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم: "مەن ئورۇق، ئۇ سىمىز" دەپ بىر-بىرىنى ئەجەل گىردابىغا ئىتتىرىدىغانلار ئەينى زامانلاردىلا بولۇپ ئۆتكەنمۇ؟ ھازىر تۈگەپ كەتتىمۇ؟ بىزنىڭ كوچىدا يوقمۇ؟...

مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كوچامغا نەزەر سالاتتىم.

## 2

كوچىمىز ـــ ئۇرغاقسىمان ئاي شەكىللىك خالتا كوچا. ھازىر ”قوش مەسچىت“ دېمىسە ھېچكىم بىلمەيدىغان بۇ كوچىمىزنىڭ ئەسلى نامى ”ئايكوچا“ ئىكەن. شۇنداقمۇ، بوۋا؟

ئون توققۇز جۈپ دەرۋازا بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان بۇ خالتا كوچىمىزدا كۆلىمى، قۇرۇلۇش نۇسخىسى، مۇنار-گۈمبەزلىرىنىڭ ئېگىزلىكىدىن تارتىپ، ئىچكى-تاشقى نەقىشلىرىگىچە ئوپئوخشاش ئىككى مەسچىت بار. سىرىدىن تارتىپ، پىرامىداسىمان قالپاقلىق مىخلىرىغىچە تامامەن ئوخشىشىدىغان ئىككى دەرۋازىمۇ بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ. ئىككى مەزىن بىرلا ۋاقىتتا ئەزان ئېيتىدۇ. قارىمۇقارشى ئىككى دەرۋازىدىن تەڭ چىققان ئىككى مۇسۇلمان بىر-بىرىگە سالام بېرىشمەيدۇ، تىنچ-ئامانلىق سوراشمايدۇ. ئوڭ ياقتىن چىققىنى ئوڭ ياقتىكى، سول ياقتىن چىققىنى سول ياقتىكى مەسچىتكە راۋان بولىدۇ. ھېيت-ئايەم كۈنلىرى ئىككى ياقنىڭ جامائىتى ئىككى توپ بولۇپ، چوڭ جامەگە قاراپ ماڭىدۇ. بىر-بىرىنىڭكىگە ھېيتلىمايدۇ. قۇدا-باجا بولۇشمايدۇ. بۇ تەرەپتىكىلەر مېيىت ئۇزىتىۋاتسا، ئۇ تەرەپتىكىلەر توي نەغمىسى چېلىۋېرىدۇ. ئىككى ياقتىكى باللارنىڭ ئۆزئارا دوست-ئاداش بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. بۇ تەرەپتىكى باللارنىڭ لەگلىكى ئۇ تەرەپ بوشلۇقىدا پەيدا بولغان ھامان شۇ تەرەپ باللىرىنىڭ تاش-چالمىلىرى زەربىسىدىن ئۆتمىتۆشۈك بولماي قالمايدۇ. ئۇ تەرەپتىكى كەپتەرۋازلار بۇ تەرەپتىكىلەرنىڭ كەپتىرىنى تۇتۇۋالغان ھامان قانات-قۇيرۇقلىرىنى يۇلۇپ-يۇڭداپ ئاسمانغا ئاتىدۇ. بۇياقتىن-ئۇياققا ئۆتۈپ قالغان خوراز-مېكيانلارنىڭ ھەرقاندىقى ئۆز كاتىكىگە قايتىپ كېتەلمەيدۇ. باشقا كوچىلارنىڭ ئۈستىگە قانچىلىغان كۆتۈرمە ئۆيلەر سېلىنغان. بىزنىڭكىدە بىرىمۇ يوق. ئىككى تەرەپ ئىناق بولمىسا، بىر-بىرىگە يول قويمىسا، كۆتۈرمە ئۆي سالغىلى بولمايدىكەن. شۇنداقمۇ، بوۋا؟

ئىككى تەرەپتىكى خوتۇن خەقلەر ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى قارشى تەرەپ خوتۇنلىرىنىڭ غەيۋەت-شىكايىتىنى قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ. كىر سۇيى، يۇندىلار قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ بوسۇغا، تام تۈۋلىرىگە تۆكۈلىدۇ. كىر سۇلىرى قۇرۇپ ياكى توڭلاپ كېتىدۇكى، جېدەل-ماجىرا قۇرىمايدۇ، توڭلىمايدۇ.

ئاڭلىسام ئىككى ياقتىكىلەرنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تارتقان دەرد-مۇشەققەت، ئازاب-كۈلپەتلىرىمۇ بىر-بىرىنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن. "تۇڭگان يىغلىقى" ۋاقتىدا باشقا كوچىلارنىڭ ھەممىسىگە مۇستەھكەم دەرۋازىلار بېكىتىلىپتۇ. بىزنىڭ كوچىدىكى ئىككى تەرەپ پۈتۈشەلمەپتۇ، بىر دەرۋازىدىن كىرىپ چىقىشنى راۋا كۆرمەپتۇ. قوراللىق چېرىكلەر توسالغۇسىز بېسىپ كىرىۋېرىپتۇ. بولايدىغاننى بولاپ، بۇلغايدىغاننى بۇلغاۋېرىپتۇ. ئىككى تەرەپ ئاچچىق ساۋاق ئالماپتۇ. پۇشايمان قىلماپتۇ. شىڭ شىسەي، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا بىر-بىرىنى چېقىشتۇرۇپتۇ، تۇتۇپ بېرىشىۋېرىپتۇ. نەتىجىدە ھەر ئىككى تەرەپتىن ھەپسىگە ئېلىنغان، قەتل قىلىنغانلار تەڭ نىسبەتتە دېگۈدەك بولۇپتۇ. مانا ھازىر "ئۇچكە، بەشكە قارشى ھەرىكەت" ۋاقتى. ئۇلار بىر-بىرىنى غەزەپ بىلەن سۆكۈشمەكتە، پاش قىلىشماقتا:

— ئۇ — ئوغرى!

— ئۇ — ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويمايدىغان ئەڭ چوڭ باج ئوغرىسى!

— ئۇ — يىرتقۇچ يولۋاس!

— ئۇ — ئەشەددىي يولۋاس!

گويا ئۇلار بىر-بىرىنى ئىنتىرىشمەكتە:

— مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز!

— ئۇ سېمىز، مەن ئورۇق...

سەۋر-تاقەت قىلالمىدىم، بەرداشلىق بېرەلمىدىم. ئاخىر ساڭا مۇراجىئەت

قىلدىم.

— بوۋا، ئوبدان بوۋا، كوچا-مەھەللىمىزنىڭ بىر ئەسىرلىك تارىخى ساڭا بەش قولدەك ئايان. ئېيتقىنا، كوچىمىزدىكىلەر ئەزەلدىن مۇشۇنداق نائىناقمىدى؟ نەچچە يىل ئالدىدا سورىسامغۇ، سەن تېخى كىچىك، تېگى-تەكتىگە يېتەلمەيسەن دېدىڭ. چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالدىمغۇ مانا. ئەمدىغۇ ئېيتىپ بېرەرسەن؟ بوۋا، نېمانچە خىيالغا چۆكۈپ كېتىدىغانسەن؟ مۇنچە تەقەززا قىلمىغىنا!

— ماقۇل، بالام، — دېدىڭ لەۋزىمنى يەردە قويماي، — ھازىر سەن كىچىك بالا ئەمەس، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ئاق-قارىنى پەرق ئېتەلەيسەن، گەپ-سۆزۈمنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتەلەيسەن، زېھنىڭ بىلەن ئاڭلا، سۆزلەپ بېرەي:

## 3

دۇرۇس، كوچىمىزنىڭ ئەسلى نامى ”ئايكوچا“ ئىدى، ئايدەك يورۇق، ئىللىق كوچا ئىدى. قان-قېرىنداشلىق مۇھەببىتى تاش-كېسەك، تام-تورۇسلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن ئىناق كوچا ئىدى؛ زوھۇرىدىن ھاكىمبەگدەك كاتتا زاتنىڭ ئىزى، موللا سادىق ئەلەمئاخۇنۇم، ئابدۇرەھىم نازارى قاتارلىق پىر-ئۇستازلارنىڭ نەزەرى چۈشكەن خىسلەتلىك كوچا ئىدى! ياسىن داموللا ھاجىم ھەزرەتلىرى ئاخىرەتكە سەپەر قىلغاندىن كېيىن (ياتقان يېرى جەننەتتىن بولغاي، ئىلاھا ئامىن) ئارىمىز بۇزۇلدى، بىر مەسچىت ئىككى بولدى، ”ئايكوچا“ دېگەن تەۋەررۇك نام ”قوش مەسچىت“كە ئۆزگەردى. ئاغرىق-ئاداۋەت، بالايىقازا باشلاندى!

مەرھۇم ئىمامىمىز ياسىن داموللا ھاجىم ھەزرەتلىرى ئاتاق-ئابرويلۇق مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى. پۇل-مال، ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنىڭمۇ ھەددى-ھېسابى يوق ئىدى. ھەقتائالا ئۇنىڭغا بىر جۈپ قوشكېزەك ئوغۇل ئاتا قىلغان.

www.uyghurkitap.com

چوڭىنىڭ ئىسمى ھەسەن، كىچىكىنىڭ ھۈسەيىن ئىدى. بوي-ئىسكەت، رەڭ-چىراي، خۇلق-مىجەز جەھەتتىمۇ ئايرىۋالغۇسىز ھالدا ئوخشاشلىقى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۆگەندى، بىلىم تاپتى، يۇرت كەزدى، سودىگەرچىلىكنىڭ تىلىنى بىلدى، پۇل تاپتى. ئىمامىمىز ئۇشتۇمتۇت يېتىپ قالدى. ئوغۇللارغا خەت-خەۋەر ئەۋەتىلدى. ھۈسەيىن يېقىنراق بىر شەھەردە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن بۇرۇنراق كەلگەنىدى. دەرھال توينى قىلىپ، ئاتلىق قەرزىدىن خالاس بولدى. ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئاكىسى ھەسەنقارىم كەلدى. ئىمامىمىز ئۇنىڭ توينى قىلىپ قويغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ناماز بامداتتىن بۇرۇن ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى. كوچىمىز ئابرۇيلۇق ئىمامدىن ئايرىلدى، ئاقىل، مېھرىبان، دۇئاگۈي ئاتىسىدىن ئايرىلدى. بىز ئەھلى جامائەت يارامىلىق بىر ئىمامغا موھتاج ئىدۇق. مەرھۇم ئىمامىمىزنىڭ قوشكېزەك ئوغۇللىرىغا تىكىلدۇق. ھەر ئىككىسى بىلىملىك، خۇش پېئىل، ئەخلاق-پەزىلەتلىك ئەھلى سودىگەر يىگىتلەر ئىدى. قايسىسىنى تاللاش كېرەك؟ قائىدە-يوسۇن بويىچە بىز ئاكىسىنى تاللىدۇق. شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ تەستىق مۆھرىنىمۇ ئالدۇق. ھەممىمىز خاتىرجەم بولدۇق، بۇرۇنقىدەكلا بىر مەسچىتكە جەم بولدۇق.

خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ قوشكېزەكلەرنىڭ رەپىقىلىرىمۇ قوشكېزەك ئاچا-سىڭىللار ئىكەن. ئاچىسى ئالتۇنخېنىم بۇرۇن ياتلىق قىلىنىپ ھۈسەيىنقارىمنىڭ، سىڭلىسى تىللاخېنىم كېيىن ياتلىق قىلىنىپ، ھەسەنقارىمنىڭ نىكاھىغا ئۆتۈپتۇ. خوتۇنلىرىمىزنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇلار چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ھەرقانداق ساھىبجامالاردىن گۈزەل، جەننەت ھۆرلىرىدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن. ھۆسن-جامالدا كامالەتكە يەتكەن، باي، دۆلەتمەن قوشكېزەك يىگىتلەر بىلەن تەڭداشسىز گۈزەل قوشكېزەك پەرىزاتلار كوچىمىزنىڭ ئابرويى، شان-شەرىپى ئىدى. بىز ئۇلار بىلەن پەخىرلىنەتتۇق، ماختىناتتۇق. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ قان-قېرىنداش قوشكېزەكلەرگە كۆز تەگدى، كوچىمىزغا كۆز تەگدى! بىرلىك-ئىناقلىق

ئاپتىپى بىلەن يورۇپ، ئىنسانىي مېھىر-مۇھەببەت ھارارىتى بىلەن ئىللىپ تۇرىدىغان "ئايكوچا"مىز نائىناقلىق ئىس-تۈتەكلىرى ئاستىدا ئۆچ-ئاداۋەت جۇدۇنلىرى كېزىپ يۈرگەن قاراڭغۇ، سوغۇق "قوش مەسچىت كوچىسى"غا ئايلىنىپ قالدى!

ۋالــــي، ھــاكــــم، بەگ قاتارلىق چوڭ ئەمەلدارلار، قازىئاخۇنۇم، مـۇدەررىـسئاخۇنۇم ئۇنىۋانلىق كاتتا زاتلار ياكى ئاتاقلىق بايلار بولمىغان مەھەللىلەردىكى توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم، نەزىر-چىراغلارنىڭ ھەممىسىدە شـۇ مـەھـەلـلىنىڭ ئىمامىنى تۆرگە باشلاش ئاتام زامانىسىدىن تارتىپ داۋاملــــشىپ كېلىۋاتقان قائىدە-يوسۇن. بىزمۇ ھەسەن ئىمامنى تۆرگە باشلايتتۇق، ئىنىسى ھۆسەيىنقارىم ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالاتتى. خوتۇن خەقلەرنىڭ ئولتۇرۇشىدا ئەھۋال باشقىچە بولۇپتۇ. ئالتۇنخېنىم: "مەن ئاچا، سېنىڭ يۇقىرى تەرىپىڭدە ئولتۇرۇشۇم كېرەك" دېسە، تىللاخېنىم: "مەن ئاكىنىڭ رەپىقىسى، ئىمامىنىڭ رەپىقىسى، ئۆيىنىڭ تۆرى مېنىڭ!" دەيدىكەن. بۇلارنىڭ تالاش-تارتىش، جېدەل-ماجىرالىرى تۈپەيلىدىن ھەرقانداق توي ھــازىــغــا ئــايــلــــنــدىغان بولدى. بىز ــــ ئەھلى جامائەت ئاكا-ئۇكا قوشكېزەكلەرگە مۇراجىئەت قىلدۇق:

ــــ ئــىككى خېنىم ئوتتۇرىسىدىكى ئاغرىق-ئاداۋەتنىڭ ئاقىۋىتىدىن تەشۋىشلەنمەكتىمىز. قان-قېرىنداشلىق رىشتىنى يېڭىۋاشتىن تۇتاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىناق، بىزنى خاتىرجەم قىلىشقايلا.

ئــاڭــلـــســاق، ئــاكا-ئۇكىلار مۇنداق پۈتۈشۈپتۇ: "ئەر جامائەت ســورۇنـــلــىرىـــنىڭ ھەرقاندىقىدا يۇقىرى ئورۇن ئاكىغا، مەزلۇم خەقلەر سورۇنلىرىنىڭ ھەرقاندىقىدا يۇقىرى ئورۇن ئاچىغا مەنسۇپ!"

ــــ مەن ئاكىنىڭ رەپىقىسى، ئىمامئاخۇنۇمنىڭ رەپىقىسى، ــــ دەپ تەكرارلاپتۇ تىللاخېنىم، ــــ يۇقىرى ئورۇن-مەرتىۋە مېنىڭ!

ــــ مەن ئاچا، ــــ دېگەن سۆزدە چىڭ تۇرۇپتۇ ئالتۇنخېنىم، ــــ ئورنۇمنى تارتقۇزۇشقا ھەرگىز يول قويمايمەن!

www.uyghurkitap.com

ئاكا-ئۇكىلار ئۆز رەپىقىلىرىنى تولىمۇ قەدىرلەيدىكەن، ئەتىۋارلايدىكەن، ئۇلار ئارزۇلۇق رەپىقىلىرىنى قايىل قىلالماپتۇ. زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىۋېرىپتۇ. مەسچىتنىڭ بېقىنىدىكى ئۆيدە توي بولغان كۈنى بۇ ئاچا-سىڭىللار يەنە تۆر تالىشىپ قاپتۇ. تۇرلۇك نازۇنېمەت، شېرىنلىكلەر بىلەن تولغان داستىخان ئۈستىگە بىر-بىرىنى بېسىشىپ، يۈز-كۆزلىرىنى تاتىلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇشۇپتۇ. تىل-ئاھانەت، يىغا-زار، قىيا-چىيا كوچىنى بىر ئاپتۇ. مەسچىتكە كىرىۋېتىپ، ئۆز رەپىقىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغان ئىمامئاخۇنۇم ئىختىيارسىز ھالدا بۇ يەرگە كىرىپ قاپتۇ. قارىسا، باش-كۆزلىرى قىممەت باھالىق يىپەك رومال ئىچىدە قالغان ئىككى ئايال بىر-بىرىنىڭ چېچىنى مەھكەم سىقىملاشقان ھالدا پومىداقلىشىۋاتقۇدەك. ئۇلارنىڭ بوي-تۇرقى ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن، بەس-بەس بىلەن كىيىشىۋالغان كىيىملىرىمۇ ئوخشاش ئىكەن.

— تۆر ئورنۇڭدىن! — دەپ گەجگىسىدىن يۇلۇۋاپتۇ ئىمامئاخۇنۇم،

— ھۇ، بىنومۇس ئالۋاستى! — شۇ سۆز بىلەن بىر كاچات ساپتۇ.

— ھا- ھا- ھا!...، — گۇلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ تىللاخېنىم، — تۆر تالاشقىنىڭغا تويە، بىنومۇس ئالۋاستى!

ئالتۇنخېنىم ئاغزىنى سىلىغانىكەن، ئاپئاق ئالقىنى قىپقىزىل قانغا بويىلىپتۇ. ئۆز ئۆمرىدە مەرھۇم ئاتا-ئانىسىدىن ياكى ئېرىدىن ئازار يەپ باقمىغان خېنىم بۇ ئىزا-كۈلپەتكە بەرداشلىق بېرەلمەپتۇ-دە:

— ھۇ، خوتۇنىنىڭ تامبىلىغا سەجدە قىلىدىغان مۇناپىق! — دېگىنىچە، بىر پىيالە رىشالىنى قەھر-غەزەپ بىلەن ئېتىپتۇ. ئىمامنىڭ قاڭشىرى يېرىلىپتۇ. يۈز-كۆزلىرى ئاپئاق رىشالە بىلەن قىپقىزىل قان ئارىلاشمىسىغا كۆمۈلۈپتۇ.

كۈن-تۈنلەر ئاغرىق-ئاداۋەت ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. نائىناقلىق ئۇششۇكى قوشكېزەك ئاكا-ئۇكىلار يۈرىكىدىكى قان-قېرىنداشلىق ھارارىتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىش خەۋپى قاش-كىرپىك ئارىلىقىدا تۇراتتى.

بىز بۇلارنى ئەپلەشتۈرۈش-ياراشتۇرۇش يولىغا قەدەم قويدۇق.

— خوتۇننى تالاق قىلىۋەتسۇن! — دەپ شەرت قويدى ئاكىسى، — شۇ چاغدىلا مەن ئۇ ئالۋاستىنىڭ ماڭا قىلغان ھاقارىتىنى ئەستىن چىقىرىمەن. ئۇكامنى بۇرۇنقىدەكلا قەدىرلەيمەن.

— خوتۇننى ئۈچ تالاق قىلىۋەتمىگۈچە، — دېگەن شەرتنى قويدى ئۇكىسىمۇ، — مەن ئۇنىڭ خوتۇنۇمنى ھاقارەت قىلغان، ئۇرۇپ بىر تال ئېزىق چىشىنى سۇندۇرۇۋەتكەن گۇناھىدىن كېچەلمەيمەن!

ياراشتۇرۇش يولىدا تاشلانغان قەدەم، سىڭدۈرۈلگەن ئەجىرلەر زايە كەتتى. پىتنە-پاسات كۆپەيدى. زىددىيەت كۈنسېرى چوڭقۇرلاشتى. ئىناق قوشنا-ھەقەمسايىلەرمۇ چەك-چېكى كۆرۈنمەس تالاش-تارتىش چۆلىدە قۇيۇندەك پىرقىراشقا باشلىدى. بىر قىسىملار ئالتۇنخېنىمنىڭ، بىر قىسىملار تىللاخېنىمنىڭ تەرىپىنى ئالدى. ھەر كىم ئۆزى ھىمايە قىلغان تەرەپنىڭكىنى توغرا دېدى. پىتنە-پاسات ئارقىلىق جان باقىدىغان ناجىنس، نائەھلىلەرمۇ چىقىپ قالدى. ئۇلار ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللار ئوتتۇرىسىدا كېچە-كۈندۈز گەپ توشۇپ، ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىشتى. بەزىلەر ھۆسەينقارىمنىڭ ھۇجرىسىغا خۇپىيانە كىرىپ: ”سىلى ئاكىلىرىدىن چوڭ، سېمىز تۇغۇلغان. باشلىرىمۇ ئاكىلىرىنىڭكىدىن يوغانراق ئىدى. ئاكا بولۇشقا ھەسەنقارىم ئەمەس، دەل ئۆزلىرى مۇناسىپ“ دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلسا، تىللاخېنىمنىڭ يېنىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ: ”بۇرۇن تۇغۇلغىنى ئاچىلىرى ئەمەس، دەل ئۆزلىرى ئىكەنلا، كىندىك ئانا بىر كېچە-كۈندۈز كىرپىك قاقماي تەۋەللۇت ئۈستىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇيقۇسىزلىق ئىچىدە گاڭگىراپ قېلىپ، ئىككىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويغانىكەن“ دەپ ئوت قويرۇقلۇق قىپتۇ. بەزىلەر ئالتۇنخېنىمغا ئەقىل ئۆگىتىپتۇ: ”ئەرلىرى ھۆسەينقارىم سودىگەرچىلىك قىلىمەن دەپ يول ئازابى — گۆر ئازابى تارتسا، سىلى ئۆزلىرى تەنھالىق، تەشنالىق دەردىنى تارتتىلا. ھەسەنقارىم بولسا، شەھەردىن چىقماي تىجارەت قىلىپ، مۇشەققەتسىز ھالاۋەت كۆردى. توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم،

www.uyghurkitap.com

نەزىر-چىراغلاردىن كېلىدىغان تاپاۋەتمۇ ئاز ئەمەس. ۋەخپىلەرنىڭ كىرىمچۇ تېخى! قۇربان ھېيتتا پۈتۈن كوچىمىزدا قۇربانلىق قىلىنغان قويلارنىڭ تېرە-ئۈچەي، كاللا-پاقالچاقلىرى شۇ ئۆيگە قاراپ ئاقىدۇ. تىللاخاننى يوغىناتقان ئاشۇ پايدا-تاپاۋەت ئەمەسمۇ؟ ئەرلىرى ھۆسەيىنقارىممۇ ئەھلى ئىلىم، قارىي قۇرئان كىشى. ھەرقانداق جامە ئىماملىقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. ئاكىسىدىن ئوبدانىراق قۇرئان تىلاۋەت قىلالايدۇ، تەپسىرى ئېيتالايدۇ. ئاكىسى بىلەن چىرايلىقچە پۈتۈشۈپ نۆۋەت بىلەن ئىماملىق قىلسا بولمامدۇ؟ ئاكىسى بىر ئاي ئىمام بولسا، ئۇكىسى بىر ئاي، بۇ يىل ئاكىسى ئىمام بولسا، كېلەر يىلى ئۇكىسى...“

بۇ مەسلىھەت ئالتۇنخېنىمغا يېقىپ قاپتۇ، ئېرىنىمۇ قايىل قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىماملىق دەۋاسى باشلاندى. بىر قىسىملار ھۆسەيىنقارىمنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ مەھكىمە شەرئىگە بارسا، بىر قىسىملار ھەسەنقارىمنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىمام بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ بېرىشتى. ھەر تەرەپ ئۆزى ھىمايە قىلغان كىشىنىڭ خىسلەت-پەزىلەتلىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۆزى رەت قىلغان كىشىنىڭ ئېۋەن-نۇقسانلىرىنى كۆپتۈرۈشتى. شەرئەت بۇ دەۋانى ھەل قىلىشقا چارىسىز قالدى. دوتەي-ئامباللارمۇ ئامال قىلالمىدى. ئۆز قولىلىغۇچىلىرىنىڭ تەلىپى ۋە ئالتۇنخېنىمنىڭ تەقەززاسى بويىچە، ھۆسەيىنقارىم ئاخىر ئۇرۇمچىگە راۋان بولدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھەسەنقارىممۇ دەرھال ئاتلىنىپ، ھۆسەيىنقارىمدىن بىر كۈن كېيىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ — ئىنقابلىق يالماۋۇز ياڭ جاڭجۈننىڭ قۇمۇل خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى تۆمۈر خەلپىنى قەتل قىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئىكەن. ئۇ غەربىي دىيار خەلقىنى مەڭگۈ مەھكۇملۇقتا قالدۇرۇشنىڭ چارە-تەدبىرى ھەققىدە قالتىس بىر كىتاب يېزىشقا كىرىشىپ، يۈك قەلەم بىلەن مۇنۇلارنى يېزىۋاتقان چاغ ئىكەن: ”... بۇ خەلقنىڭ دىنى بىر، خۇداسى بىر، پەيغەمبىرى بىر، كەئبىسى بىر، مەزھىپى بىر، تىلى بىر. بۇ ئالتە بىرلىك ئۈستىگە دىل بىرلىكى — زىچ ئىتتىپاقلىق قېتىلىدىغانلا

بولسا، تۆگەشكىنىم شۇ، تەخت-بەختىمنىڭ گۇمران بولغىنى شۇ!...“

— ئوغلۇم، ئاڭلاۋاتامسەن؟ ئۇ، ئۆز ھۆكۈمىنى مۇنداق شەرھلەۋاتقانىكەن: ”دىل بىرلىكى — تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى، باي-باياشاتلىقنىڭ ئۇلى، بىلىم-مەرىپەتكە ئىنتىلىش، ئويغىنىش، ئۆز-ئۆزىنى تونۇۋېلىشنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ ”بىرلىك“ تىن ئارتۇقراق خەۋپ-خەتەر يوق ماڭا!...“

ھۆسەيىنقارىم دەل مۇشۇنداق پەيتتە ياڭ جاڭجۈننىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. جاڭجۈن ھۆسەيىنقارىم ئىنئام قىلغان يۈز دانە تىللانى ئاپتۇ، ئەرزىگە قۇلاق ساپتۇ ۋە خىيال سۈرۈپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا ھەسەنقارىممۇ كىرىپ كەپتۇ-دە يۈز دانە تىللانى ئالدىغا قويۇپتۇ. ئەرزىنى بايان ئەيلەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. جاۋاب كۈتۈپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

— ئويلىشىپ باقاي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جاڭجۈن.

ئاكا-ئۇكىلار بىر-بىرىگە تۇيدۇرماستىن ئۇقۇشۇپ، سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ”ئويلىشىپ باقاي“ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىۋاپتۇ. ئاكىسى بىر يۈز يىگىرمە تىللا ئىنئام قىلغان بولسا، ئۇكىسى بىر يۈز ئەللىك، ئىككى يۈزنى ئىنئام قىلىۋېرىپتۇ. ھەسەنقارىم ئاكىلىق ئورنى تۈپەيلىدىن بۇ دەۋادا ئۇتىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كېتىپ، ئىنئام يوللاشتا ھۆسەيىنقارىمغا يېتىشەلمىگەن بولسا كېرەك، شۇڭلاشقا ياڭ جاڭجۈن:

— سەنمۇ مەسچىت سال، ئىمام بول! — دەپ بۇيرۇپتۇ ھۆسەيىنقارىمغا، — سېنىڭ قوللىغۇچىلىرىڭنىڭ ئەجدادى تەرىپىدىن مەسچىتكە ۋەخپە قىلىنغان دۇكان-ساراي، يەر-زېمىنلارغا سەن ئىگىدارچىلىق قىل! ھەسەنقارىمغىمۇ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەسلىدىكى مەسچىتكە ئىمام بولىۋەر. سېنىڭ قوللىغۇچىلىرىڭنىڭ ئەجدادى تەرىپىدىن مەسچىتكە ۋەخپە قىلىنغان دۇكان-ساراي، يەر-زېمىنلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋەر!

دەۋادا ئۇتقان، غەلبە خۇشاللىقىغا چۆمۈلگەن ھۆسەيىنقارىم ئۆز

ئېچىدە مۇنداق قارارغا كەپتۇ: شۇنداق بىر جامە سالدۇرايكى، نامىم ئەلگە تارالسۇن، شۆھرىتىم كۆككە يەتسۇن. كونا مەسچىت بويۇن قىسىپ بىر چەتتە قالسۇن!...

هەسەنقارىم بۇنى بىلىۋالغاندەكلا سوراپتۇ:

— جاڭجۇن ئالىيلىرى، قۇرۇلغۇسى مەسچىتنىڭ يەر كۆلىمى، شەكىل-نۇسخىسى...

— كونا مەسچىت بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش، — دەپ جاكارلاپتۇ جاڭجۇن، — بىرقەدەم كەڭ-تار، بىر غېرىچ ئېگىز-پەس بولۇشغا يول قويۇلمايدۇ. گۈل-نەقىشلىرىدىن تارتىپ، سىر-بوياقلىرىغىچە ئوپئوخشاش بولۇشى كېرەك!...

بىلدىڭمۇ، ئوغلۇم؟ ”قوش مەسچىت“نىڭ تارىخى ئەنە شۇ! ئايدەك يورۇق، باھاردەك ئىللىق كوچىمىزنىڭ تۇماندەك تۇتۇق، جۇدۇن پەسلىدەك سوغۇق كوچىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئەنە شۇ!

## 4

جىنىم بوۋا، ئاخىرەتكە سەپەر قىلغىنىڭغا چارەك ئەسىر بولغان بۈگۈنكى كۈندە مەن ئايرىلغىنىمغا شۇنچە يىللار بولغان يۇرتۇمغا قاراپ كېتىۋاتىمەن، نۇرانە چېھرىڭ ۋە ئوتلۇق نەپەسلىرىڭ بىلەن ئىللىپ تۇرىدىغان كوچامغا قاراپ كېتىۋاتىمەن. يېقىنلاشقانسېرى سېغىنىش-ئىنتىزارلىق ئوتلىرىم لاۋۇلدىماقتا، تەشۋىش-ئەندىشىلىرىم كۈچەيمەكتە: ئاھ، مېنىڭ كوچام، قانلىق تارىخى سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ھەسرەت-نادامەتلىك كوچام! تىنچ، ئىتتىپاقلىق باھارىنىڭ ئارامبەخش ئاپتىپىدا يورۇپ ئىللىغانسەنمۇ ياكى ئۆز ھالىتىڭچە تۇرۇۋەرگەنسەنمۇ؟ سۈبھى — سەھەر ۋاقتىدا قارىمۇ قارشى ئىككى دەرۋازىدىن تەڭ چىققان ئىككى مۇسۇلماننىڭ ”ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام“نى بەجا




www.ughurkitap.com

كەلتۈرۈپ، بىر مەسچىتكە قاراپ دوستانە قەدەم تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرەرمەنمۇ ياكى ئەينى زامانلاردىكىدەك ”مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز“ دەپ بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىۋاتقان نادانلارنىمۇ؟ ھۆرمەتلىك يىگى ئىمامىمىز بىر مەسچىتكە جەم بولغان ئەھلى جامائەتتىن: ”ئىنسانىنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىغا سەۋەب نــېــمىدۇر؟“ دەپ سورىسا، پۈتۈن جامائەت: ”ئىككى نەرسىدۇر: بىرى، جاھىللىق ۋە نادانلىق؛ ئىككىنچىسى، تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر“ دەپ جاۋاب بــەرسە: ”ئىززەت-ئابروي، قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولۇر؟“ دېگەن ھامان: ”بىلىم-مەرىپەت، ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر“ ① دەپ يەكدىللىك بىلەن جاۋاب بەرسە، خۇشاللىقتىن يۈرەكلىرىم يېرىلىپ كەتمەسمىدى؟ سېنىڭچۇ، بوۋا؟ بوش، بىكار قالغان يەنە بىر مەسچىتنىڭ كۆز گۆھەرلىرىمىز، ئۈمىد يــۇلتۇزلىرىمىز ئۈچۈن ئارامبەخش باغچە، يەسلى قىلىپ بېرىلگەنلىكىنى كۆرسەمچۇ؟ ئۇ چاغدا مەن غەمكىن قەبرەڭنى مەھكەم قۇچاقلاپ، بار ئاۋازىم بىلەن خىتاب قىلماسمىدىم:

— بوۋا، جېنىم بوۋا، خاتىرجەم بول، ئارزۇ-مۇرادىڭ گۈل-چېچەك ئاچتى!

1986-يىل، يانۋار، قەشقەر.



① سوئال-جاۋابلار «ئاقائىد زۆرۈرىيە» دىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com



ئابدۇللا ساۋۇت

# شىراق

مىلادىدىن بۇرۇنقى 336-يىللار، ياز ئېيىنىڭ باشلىرى ئىدى. كېچىلىرى ھىندۇقۇش تاغلىرى ① تەرەپتىن غەربىي شىمالغا قاراپ ئاققان سوغۇق ئېقىم، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىپايان زېمىنىدىكى بارلىق ئاباداتلارغا تەھدىت سالاتتى. بىراق، كۈندۈزلىرى قارا قۇم چۆللۈكلىرى ②دە كۆتۈرۈلگەن ئىزغىرىن شامال، تۇران تۈزلەڭلىكى③گە ئىسسىق ھارارەت

① ھىندۇقۇش تاغلىرى — جۇڭگو-ئافغانىستان، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىلىرىدىكى تاغ تىزمىلىرى.
② قارا قۇم چۆلى — تۈركمەنىستاندىكى چۆل.
③ تۇران تۈزلەڭلىكى — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈزلەڭلىك، تارىخىي مەنبەلەردە قەدىمكى زامانلاردا مۇستەقىل دۆلەت بولغان.

تارقىتاتتى. كۈن قىزىغانسېرى بۇ ھارارەت كۈچىيىپ، يەر-زېمىن تونۇر تەپتىدەك يالقۇنجاپ، ساي، ئېدىرلىقلاردا ۋە ئويۇپقىچە تۇتاشقان تۈزلەڭلەردە توپ-توپ گىرىمسەن پەيدا قىلاتتى. پامىر چوققىلىرىدىكى قار-مۇزلار ئېرىپ، جىرا بويلاپ سىرغىپ — تارام ھاسىل قىلىپ، كەڭ تاغ ئېتەكلىرىدە قوشۇلۇپ ئاققان سۇلار سىر ۋە ئامۇ دەريا[1]لىرىدا كۆۋەجەپ-تاشقىنلايتتى. بەرقۇتتەك يېشىللىققا پۈركەنگەن ئېكىنزارلار، كۈن نۇرىدا تاۋلانغان چىمەنلىك يايلاقلاردا تېخى چېچەك چىقارمىغان ئوت-چۆپلەرنى يەپ سەمرىۋاتقان مال-ۋارانلار تەبىئەت ۋە ھاياتلىقنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

شۇنداق تىنچ، ئاسايىشلىق بىر پەيتتە، خەزەر دېڭىزى[2]نىڭ غەربىي-جەنۇب تەرىپىدىن تۇيۇقسىز دەھشەتلىك قارا بوران كۆتۈرۈلدى-دە، ئاچ بۆرىدەك ھۇۋلاپ، تۇڭگۇزدەك چىرقىراپ تۇران تەرەپكە قاراپ سۈرۈلۈشكە باشلىدى. قارا بوران تېخىمۇ قۇتراپ، ھەش-پەش دېگۈچە تۇران زېمىنىنىڭ زور بىر قىسمىنى يالماپ-يۇتۇپ كەتتى. باغلار، ئورمانلار، چېكى كۆرۈنمەس ئېكىنزارلار قارا بوراننىڭ رەھىمسىز زەربىسى — زوراۋانلارنىڭ ئېپلاس تاپىنى، جەڭ ئاتلىرىنىڭ تۆمۈر تاقىلىق تۇياقلىرى ئاستىدا پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىندى. ھەممە يەر ئۆلگەنلەرنىڭ — ئەر، ئايال، مالچى، تېرىقچى، سودىگەر، گۆدەك باللار...نىڭ چىرىگەن، سېسىغان جەسەتلىرى بىلەن تولدى. بۇ ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە شاھىد تۇران زېمىنى ئاچ قالغان ھېسابسىز قاغا-قوزغۇنلارنى ۋە باشقا نۇرغۇن گۆشخور ھايۋانلارنى ئۆز باغرىغا چىللاپ، دۆۋە-دۆۋە جەسەتلەر بىلەن مېھمان قىلىشقا، كۈتۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئارال دېڭىزى [3] ئۆز تارىخىدا دەھشەتلىك قىرغىندىن بىرنەچچە قېتىم قايناپ تاشقان، ھازىرمۇ قىرغىن ئىچىدە قايناپ

① سىر، ئامۇ دەريالىرى — ئوتتۇرا ئاسىيا (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا) دىكى دەريالار.
② خەزەر دېڭىزى — كاسپىي دېڭىزىنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى.
③ ئارال دېڭىزى — سىر، ئامۇ دەريالىرى قۇيۇلىدۇ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا.

تاشماقتا ئىدى. ئاشۇ تاشقىن تولپەيلى ۋەھىمىلىك سادا چىقىرىپ هۆركىرىگەن دولقۇنلار قىرغاقلارغا زەرب بىلەن ئۇرۇلاتتى. ھەربىر ئۇرۇلغاندا چاچرىغان بۇژغۇنلاردىن پۈتۈن جاھانغا ئاجايىپ قاڭسىق، بەدبۇي ھىد تارىلاتتى. بۇ ھىد — ھاياتلار ئۈچۈن ئۆلۈم پۇرىقى ئىدى. چۈنكى، ئارال دېڭىزىغا قۇيۇلۇۋاتقىنى سۇ ئەمەس، بەلكى، سىر ۋە ئامۇ دەريالىرىغا لىق تولۇپ ئېقىپ كېلىۋاتقان قىپقىزىل قان ئىدى.

يارىلانغان، قېچىپ قۇتۇلۇپ، سەرگەردانلىقتا يۈرگەن، ياكى بولمىسا ئەسىرگە چۈشكەن، تۇتقۇن قىلىنغان تۇرانلىقلارنىڭ ئاھى، داد-پەريادى گويا قارا قۇم چۆللۈكلىرىدە كۆتۈرۈلگەن بەد ھەيۋەت قۇيۇنلاردەك پىرقىراپ، ۋىشىلداپ ئۇچۇپ كۆككە — پەلەككە ئۆرلىمەكتە ئىدى...

بۇ پاجىئەلەرنىڭ سەۋەبكارى — بېشىغا مىس دۇبۇلغا، ئۇستىگە پولات زەنجىرلىك ساۋۇت كىيگەن، ئىسپاھان [1] قىلىچى، شىراز [2] قالقىنى بىلەن قوراللانغان، خىل، يۈگۈرۈك پارس ئاتلىرىغا مىنگەن، ھەددى-ھېسابسىز نۇرغۇن ھەربىي قوشۇن ھەممە بۇلارنى باشلاپ كېلىۋاتقان كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ توققۇزىنچى پادشاھى، باسقۇنچى دارا I ئىدى. ئالدىدا تۇغچى لەشكەرلەر، ئۇندىن كېيىن ھەربىي يۈرۈش تەرتىپى بويىچە ھۇجۇمچى قوشۇن، تەخت بىلەن ئوردا چېدىرىنى كۆتۈرگەن قوشۇن، ئوردا لەشكەرلىرى كېلەتتى. ئوردا لەشكەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالتۇن جابدۇقلار بىلەن بېزىتىلگەن شاھانە ئارغىماقتا مەغرۇر ئولتۇرغان شاھ دارا I كېلەتتى. ئۇنىڭ كەينىدە بولسا كۆز يەتمەس ئۇزۇن سەپ گويا قارا چۈمۈلىدەك قىمىلدىشىپ كېلىشەتتى. ھەممىنىڭ ئاخىرىدا ئات، تۆگە، پىللارغا قورال-ياراق، ئوزۇق-تۈلۈك ئارتىشقان ئارقا سەپ تەمىنات قوشۇنى كېلەتتى. لەشكىرىي دارانىڭ ئايىغى تەگكەنلىكى يەرلەردە قانلىق قىرغىن ئىزلىرى

---

① ئىسپاھان — ھازىرقى ئىران شەھەرلىرى.

② شىراز — ھازىرقى ئىران شەھەرلىرى.

قالماقتا ئىدى. لەشكىرىي دارا I بارلىق قارشىلىقلارنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇپ، ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتاتتى. شاھ دارا I نىڭ كۆزلىگەن مەنزىلى پامىر بىلەن تەڭرىتاغنىڭ غەرب، شەرق ئېتەكلىرىدىكى چەكسىز كەتكەن سۇلۇق يايلاق، قارا چىلان تۇپراقلىق مۇنبەت تېرىلغۇلار، باغۇ-بوستانلىق يېزىلار، يىگىدىن گۈللىنىۋاتقان شەھەرلەردىن ئىبارەت ئىدى. شاھ دارا I بۇنىڭغا قانائەت قىلمايتتى. ئۇ، بۇ يەرلەرنى ئۆز ئىشغالىيىتىگە ئالغاندىن كېيىنمۇ ھەربىي يۈرۈشنى توختاتمايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ شۆھرەت يالقۇنلىرىدا كاۋاپ بولغان ۋۇجۇدى ئاچ، تويمىغۇر كۆزلىرىگە تاقەتسىزلىك ئۇچقۇنلىرىنى تۇتاشتۇرغانىدى. مانا، شۇ ئۇچقۇن تېخىمۇ يىراقلارغا ئوت يېقىش ئىستىكىدە چاقنىماقتا ئىدى. يەنە ئۇ، ئۇزاق، تېز ھەربىي يۈرۈشلەردە، شىددەتلىك، قانلىق باستۇرۇشلاردا، قىرغىن قىلىشلاردا ھارغان ئاتلىرىنى تارىم دەرياسى بىلەن لوپنۇر كۆلىدە سۇغۇرۇپ، "بۈيۈك" كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ كەيقۇباد[①]تىن داراپ[②]قىچە، داراپتىن ئۆزىگە مىراس قالغان قانلىق تۇغىنى ئانماچىن تاغلىرى[③] بىلەن سىرىق توپىلىق ئېگىزلىك[④]لەرگە قاداشنى مەقسەت قىلاتتى...

* * *

— تۇران جەسەتكە تولۇپتۇ!
— ئارال دېڭىزىدا قان!
— دارا كېلىۋاتىدۇ!
— يېغى كەلدى!

مانا بۇ قورقۇنچلۇق قىقاس-چۇقان، ۋەھىمىلىك خەۋەر كۆزنى يۇمۇپ

① كەيقۇباد — كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى — «تارىخىي ھەمدىيە»دىن.
② داراپ — كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى — «تارىخىي ھەمدىيە»دىن.
③ ئانماچىن تاغلىرى — چىڭخەي، گەنسۇ چېگرىلىرىدىكى تاغلار.
④ سىرىق توپىلىق ئېگىزلىك — شەنشى، سەنشى، ئىچكى موڭغۇلدىكى ئېگىزلىكلەر.

ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا چوگىر[1]، مۇز تاغ، خانتەڭرى چوققىلىرىدىن ھالقىدى. كۆئېنلۈن بىلەن تەڭرىتاغ ئوتتۇرىسىدىكى پايانى يوق چۆل ۋە بوستانلىقلار ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى. بوغدا چوققىسى نەرە تارتىپ، قۇربان تۇڭگۇت چۆلى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىنى لەرزىگە سالدى. كىرۇرەن شەھىرى[2]دىن چىققان شاتۇلار چاقماق تېزلىكىدە ئىلگىرىلەپ، شاھ دارا I ئېلىپ كېلىۋاتقان بالايىئاپەت توغرىسىدىكى شۇم خەۋەرنى دۇنخۇاڭ[3] دىن تاكى جاگىيى[4]غىچە يەتكۈزدى. بۇغرا بۇزلۇق [5]، ئاسكۇملۇق تەگرى [6] ۋە قۇت تاغ [7] نىڭ ئىچى-تېشىدىكى سانسىزلىغان قەبىلىلەر شۇم خەۋەردىن ساراسىمىگە چۈشتى، جىددىيلەشتى. ئاقساقاللار كېڭىشى چاقىرىپ، يىغىنىڭ ئالدىنى توسۇش توغرىسىدا پەرمان چىقاردى.

ئۇرۇش تەييارلىقى باشلاندى، ئون دەريا [8] ۋە توققۇز دەريا [9] ۋادىلىرىدىكى ئىچكى-تاشقى ئوغۇزلارنىڭ بارلىق ئەرلىرى لەشكەرلىككە

---

[1] چوگىر — قارا قورۇم، ھىندۇقۇش تاغلىرىنىڭ قوشۇلمىسىدىكى چوققا.
[2] كىرۇرەن شەھىرى — تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن لوپنۇر كۆلى ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى شەھەر، ھازىر خارابىغا ئايلانغان.
[3] دۇنخۇاڭ — گەنسۇدىكى جايلار، بۇرۇن ساكلار ياشىغان.
[4] جاگىيى — گەنسۇدىكى جايلار، بۇرۇن ساكلار ياشىغان.
[5] [6] [7] [8] [9] — بۇغرا بۇزلۇق، ئاسكۇملۇق تەگرى، قۇت تاغ، ئون دەريا، توققۇز دەريا — ئۇيغۇر يۇرتىدا غايەت زور ئىككى تاغ بولۇپ، بىرسىنىڭ ئېتى بۇغرا بۇزلۇق، يەنە بىرسىنىڭ ئېتى ئاسكۇملۇق تەگرى ئىدى. ئىككى تاغنىڭ بىر تەرىپىدە يەنە بىر تاغ بولۇپ، قۇت تاغ دېيىلەتتى. بۇ تاغنىڭ بىر يېرىدە ئون دەريا بولۇپ، يەنە بىر يېرىدە توققۇز دەريا ئاقاتتى... قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانى بۇ ئىككى دەريا ۋادىسى بىلەن تاغلارنىڭ ئارىسىدىكى يايلاقلار ئىدى. ئون دەريا بويىغا ماكانلىشىپ ياشىغانلار ئون ئۇيغۇر، توققۇز دەريا بويىغا ماكانلىشىپ ياشىغان خەلقلەر توققۇز ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان».

— «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»دىن



www.uyghurkitap.com

تـىزىملىنىپ قوراللاندى. ئوغۇزلارنىڭ بىر تارمىقى ــ پامىر ئېتەكلىرىدە ياشايدىغان قەبىلە ــ ساكلار ھەممىدىن بۇرۇن كېڭەش ئۆتكۈزدى. ساكلار قاپاقلىرى سىلىنغان ھالدا بارگاھنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى، بارگاھ ئىچىدە ساك ئاقساقاللىرىدىن يىگىرمە-ئوتتۇزچە كىشى بار ئىدى. بىر ئاش پىشىم ۋاقــىت ئۆتتى، ئوڭ تەرەپتىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان قېرى ساك ئورنىدىن تۇرۇپ، جىملىقنى بۇزدى:

ــ ھەي قېرىنداشلار! ــ دېدى ئۇ، بارگاھ ئىچىدىكىلەرگە تەكشى قاراپ چىقىقاندىن كېيىن، ــ بېشىمىزغا ئېغىر كۈنلەر كېلىۋاتىدۇ، بالا-قازا بۇسۇغىمىزغىلا كېلىپ قالدى. يېغىغا قارشى قوزغالمىساق، يېغى بىزدىن سوراپ ئــولــتــۇرمــايــلا كېلىپ بېشىمىزدا قىلىچ ئوينىتىدۇ. بالا-چاقا، مال-ۋارانلىرىمىز ۋەيران بولىدۇ. بىزنى بېقىپ كېلىۋاتقان مۇقەددەس ئانا تۇپراق قان بىلەن بويىلىدۇ. گەپ قىلىڭلار! ياكى شۇنداق بولۇشنى كۈتۈپ تۇرىمىزمۇ؟!

بارگاھ ئىچىنى ئېغىر پۇشۇلداش، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىشلار قاپلىدى، قېرى ساكنىڭ سۆزى ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەنىدى.

ــ ياق، ــ ساقال-بۇرۇتى قاپقارا، كۆزلىرى يېنىپ تۇرىدىغان بىر ساك قولىنى كەسكىن شىلتىدى، ــ كۈتۈپ تۇرۇش ــ ئۆلۈم بىزگە! يېغىنى توسۇش كېرەك! خەۋەرلەردىن قارىغاندا، سىلىنگا دەرياسى[1]، خانگاي تاغلىرى[2] بىلەن بايانقارا تاغلىرى[3] غىچە بولغان كەڭ زېمىن قوزغالدى. ئۇلار دۆنخۇاڭغا توپلىنىپ، تارىمدىن ئۆتۈپ بۇياققا كېلىۋاتىدۇ. بىز ئالدىنقى سەپتە، شۇڭا دەرھال قوراللىنىپ ئاتلىنىشىمىز كېرەك.

ــ بۇ، دانا پىكىر!

ــ ئۇنداقتا، ھەممىمىز ئۆز قەبىلىلىرىمىزدىن لەشكەر توپلايلى.

---

① سىلىنگا دەرياسى ــ موڭغۇلىيىدىكى بىر دەريا.
② خانگاي ــ موڭغۇلىيىدىكى تاغ.
③ بايانقارا ــ چىڭخەيدىكى تاغلار.

www.uyghurkitap.com

— بولىدۇ، جان كەتسىمۇ مەيلى!

شۇ پىكىرلەر بولۇۋاتقاندا، تۇشتۇمتۇت بارگاھ سىرتىدا ئىككى ئەركەكنىڭ تاكاللاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇئان بارگاھ قورۇقچىسى كىرىپ كەلدى. ئاقساقاللارغا ھۆرمەت-تەزىم قىلغاندىن كېيىن، ئۇ: "بىر ناتونۇش پادىچى ئاقساقاللار بىلەن كۆرۈشمەن دەيدۇ، كىرگىلى قويمىسام، جىددىيلەشكىلى تۇردى" دەپ مەلۇمات بەردى. كېڭەش قاتناشچىلىرى دەماللىققا بىرنېمە دېيەلمىدى. چۈنكى، ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە كېڭەش بولۇۋاتقان جايغا ئاقساقاللاردىن باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ كىرىشى، قاتنىششى مەنئىي قىلىناتتى.

— بىرەر مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلگەن بولمىسۇن يەنە، — دېدى قىرى ساك، قائىدىگە خىلاپ بولسىمۇ كىرسە...

باشقىلارغا بۇ سۆز غەيرىي تۇيۇلدى، ھېچكىم ئۈندىمىدى. بۇ ھېلىقى پادىچىنىڭ كىرىشكە قوشۇلغانلىقىنىڭمۇ، قوشۇلمىغانلىقىنىڭمۇ ئىپادىسى ئەمەس ئىدى. قىرى ساكنىڭ تاقىتى تۈگىدى، "باشلاپ كىر!" دېدى ئۇ بۇيرۇق ئاھاڭىدا. باشقىلار قىرى ساكقا تەئەججۈپ ئىلكىدە قاراپ قېلىشتى. بارگاھ قورۇقچىسى چىقىپ كېتىپ ھايالشمايلا بىر كىشىنى باشلاپ كىردى. ناتونۇش كىشى ئاقساقاللارغا تەزىم بەجا كەلتۈردى، قورۇقچى چىقىپ كەتتى. ئاقساقاللار ناتونۇش پادىچىنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ بويىغا، تىتىلىپ كەتكەن تېرە كىيىملىرىگە كۆز يۈگۈرتۈشتى.

— ئاۋۋال ئۆزۈڭنى مەلۇم قىل! نېمە ئادەمسەن؟ — دېدى قىرى ساك.

— مېنى شىراق دېيىشىدۇ، يۇرتۇم مۇز تاغنىڭ شەرقىي يايلاقلىرى، ئۆزەم پادىچىمەن.

شىراقنىڭ تەمترىمەي، ھودۇقماي، ئېنىق، دادىل سۆز قىلىشى ئاقساقاللارنى ھەيران قالدۇردى. چۈنكى، ئۇنىڭ گەپ-سۆزى، ئاۋازى ئوچۇق، جاراڭلىق بولۇپلا قالماستىن، ئۆزىنى بىخارامان، ئەركىن، تېتىك

تــۇتۇشى، قاراشلىرىدىكى بىرخىل قەتئىيلىك ۋە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ئىپادىسىنىڭ بارلىقى ھەممىسىنى تاڭ قالدۇرغانىدى.

— سۆزلە، نېمە مۇددىئا بىلەن كەلدىڭ؟!

شــىراق ئېغىمۇ جۇرئەتلىنىپ، يۇقىرى ئاۋازدا مۇددىئاسىنى بايان قىلدى:

— ھـۆرمـەتـلـىـك ئـاقـساقـالـلارنـىـڭ نـېمە ئىش توغرىسىدا كـېـڭـەشـىـۋاتـقـانـلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋېتىمەن. ھەممىمىزگە مەلۇم، ياۋ بوسوغىمىزغىلا كېلەي دەپ قالدى، بارلىق ئوغۇز ۋە ساكلىرىمىز ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ. مۇبادا ئۇرۇش باشلىنىپ قالسا بىز ياۋنى قىرىمىز، ياۋ بىزنى قىرىدۇ، ياۋ قىرىلسىغۇ مەيلى، بىراق ئۆزىمىز قىرىلساق... — شىراق سەل تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — دېمەكچى بولغىنىم، مەن ساكلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كەمبېغىلى، ئاچ-يالىڭاچ ھالەتتە تۇرۇۋاتقان خوتۇن-بالىلىرىم بار. ئەگەر سىلەر خوتۇن-بالىلىرىمنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكلىرىدىن دائىملىق خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشقا ۋەدە بەرسەڭلار، مەن ئۆز ھاياتىم بەدىلىگە باسقۇنچى دارا لەشكەرلىرىنى تەلتۆكۈس گۇمران قىلىپ، ساك، ئوغۇز ۋە بـاشـقـا بـارلىق قەبىلە-قېرىنداشلىرىمنى، مۇقەددەس، ئۇلۇغ تۇپرىقىمنى بالايىئاپەتتىن خالاس قىلىمەن!

شىراقنىڭ ۋىجدانەن ئېيتقان بۇ مەردانە سۆزلىرى بارگاھ ئىچىنى لــەرزىــگە كەلتۈردى. ئاقساقاللار گۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېلىشىپ شىراقنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. زاڭلىق قىلىش، ئىشەنمەسلىك نەزەرى بىلەن تىكىلگەن كۆزلەردىكى سوغ نەزەر شىراقنىڭ شىجائەت، ئىرادە جۇشقۇنلاپ تۇرغان قەلبىنى شۈركەندۈردى، ئازابلىدى. لېكىن شىراق جەسۇر قىياپەتتە تــۇرۇپ، كــۆكــۈچ كۆزلىرىدە پارلاۋاتقان ئىشەنچ نۇرى ئارقىلىق بايىقى سۆزلىرىنى تەكرارلايتتى.

— دېگىنە، لەشكىري دارانى قانداق يوقاتماقچىسەن؟

— سەن بىر، ياۋ تۈمەنمىڭ، بۇنى بىلەمسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— سېنىڭ كۈچۈڭ نېمىگە يېتىدۇ؟!

— سېھىرگەرمۇ يا سەن؟

— ياق، بۇ سارىڭ بولسا كېرەك. راستمۇ؟

تۇشمۇ تۇشتىن ياغقان سوئاللار ئالدىدا شىراق قىلچە تەۋرەنمىدى، قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇرۇۋەردى، چىرايىدىكى قەتئىيلىكمۇ قىلچە ئۆزگەرمىدى. ئۇنىڭ ئويلىغىنى، بىلگىنى، پىلانى بار ئىدى. لېكىن دېگۈسى كەلمەيتتى، تېخى نامەلۇم ئىش ئۈچۈن ئالدىن ھۆكۈم چىقىرالمايتتى. ئۇ، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرمەكچى ئىدى. ئۇنىڭ قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى ئەمەلىيەت بەلگىلەيتتى.

بۇ ئىشتا بىرىنچى قەدەمنى بېسىش بىلەنلا پالاكەت بېسىشىمۇ مۇمكىن، ئىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ چاتاق چىقىشى مۇمكىن، ھەتتا ئىشنىڭ ئاخىرىدا ھەممە نەرسە بەربات بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەغلۇبىيەت بىلەن غالىبىيەت شىراق ئۈچۈن ھازىر نامەلۇم سىر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاقساقاللار ئالدىدا ئېنىق بىر پىلاننى ئوتتۇرىغا قويالمايتتى، پەقەت ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەل-يۇرت ئىشقى، ياۋدىن قىساس ئېلىش ئىرادىسى ئۇنى شۇنچىلىك دادىل، نىيىتىدىن يانمايدىغان ھالغا كەلتۈرگەنىدى. ھازىر ئۇ كۆڭلىدە ئويلىغان ئىشى ئۈچۈن ئەقىل-پاراسەتمۇ ئىشلىتىدۇ، تەۋەككۈلچىلىك قىلىپمۇ كۆرىدۇ. شىراقنىڭ قەلبىدە ئۈمىدسىزلىكتىن ئۈمىد كۈچلۈكرەك، دېلىغۇللۇقتىن قەتئىيلىك كۈچلۈكرەك. مەغلۇبىيەت — ئۇ ئويلاۋاتقان نەتىجە ئەمەس، غالىب كېلىش — بىردىنبىر نىشان. ئۇنىڭ ھاياتى بۇ قېتىمقى دارا ئاپتىنىڭ يوقىلىش-يوقالماسلىقى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، ئۇ كۆڭلىدىكى ھەممە گەپلىرىنى تولۇق ئىزھار قىلالمىسىمۇ، دادىل ىق ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن، ئالىي پەزىلەت!

شىراق، ئاقساقاللارنىڭ ئۆزىگە ئىشىنەلمەي تۇرغانلىقىنى سېزىپ، يەنە سۆز قىلدى:

— مېنىڭ يالغۇزلۇقۇم، ياۋنىڭ كۆپلىكى قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت.

لېكىن مەن ياۋ بىلەن ئېلىشىمەن، قانداق ئېلىشىشىم كېرەكلىكىنى ھازىر دەپ بېرەلمەيمەن. ئەمما، جەڭگە تەييارلانغان بارلىق ساكلار، قېرىنداش قەبىلىلەر خاتىرجەم ئۆز ئىشىنى قىلىشسۇن، ياۋنى بۇياقلارغا كەلتۈرمەيمەن. لېكىن سىلەر بابا دېگەن تەلىپىمنى ئورۇنداڭلار...!

ئاقساقاللار بىر-بىرىگە قاراشتى، ھەممە كۆزلەردە شىراقنىڭ قەيسىرانە ھەرىكىتىگە ۋە ئىرادىسىگە بولغان رازىمەنلىك، ئىپتىخارلىق ھېسسىسى جىلۋىلەندى.

— خوتۇن-بالىلىرىڭغا بىز ئىگە، ئۇلارنى ھەرگىز ئاچ-يالىڭاچ قويمايمىز! — ئاقساقاللار شۇنداق دېيىشتى.

شىراق بىلەن ئاقساقاللار بارگاھتىن بىللە چىقىشتى، شىراق لام-جىم دېمەستىن بارگاھنى ئوراپ تۇرغان ساكلار توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، نېرىراقتىكى چۆپلۈكتە ئىككى ئوغلىنى باغرىغا تېڭىپ ئولتۇرغان ئورۇق، سۇلغۇن، ياش جۇۋاننىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. بۇ، شىراقنىڭ يوقسۇللۇق ھاياتىدىكى ئۇزۇن يىللىق ۋاپادار ھەمراھى، جورىسى ۋە ئۇماق پەرزەنتلىرى ئىدى. ئۇ، بالىلىرىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلەتتى، سۆيدى، پۇرىدى. خوتۇنىغا خوشلىشىش سۆزلىرىنى ئېيتتى ۋە سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشتى. شۇ ئارىدا ئاقساقاللار ساكلار توپىغا شىراقنىڭ بىر ئۆزى يالغۇز ياۋ ئۈستىگە بارىدىغانلىقى، قالغانلارنىڭ ھازىرچە لەشكەر بولمايدىغانلىقىنى كېڭەشنىڭ قارارى سۈپىتىدە ئېلان قىلدى. شىراق مەزمۇت قەدەم بىلەن مېڭىپ، ئاقساقاللار بىلەن ساكلار توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سەيناغا كىرىپ كەلگەندە، ئۇنى قۇتلاش ئۈچۈن ساكلار توپى ئۆزلىرىنى ئۇنىڭغا ئېتىشتى، ئۇلار شىراقنى باشلىرىغا ئېلىپ كۆتۈرمەكچى، پېشانىسىغا، يۈزلىرىگە سۆيمەكچى ... ئىدى. ئەمما، شىراق ھېچكىمنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمىدى. ئۇ، سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالىدىغان ئىشنى ھەرگىز خالىمايتتى.

شىراق ئۇچىسىدىكى يىرتىق تېرە چاپىنىنى سېلىپ تاشلىۋەتتى، تېرە بۆكىنى ساكلار توپى ئۈستىدىن قاڭقىتىپ نەلەرگىدۇ ئېتىۋەتتى.

www.uyghurkitap.com

— چورۇقۇڭنى ماڭا بېرىۋەتكىن! — دېدى شىراق يېنىدىكى ياش ساكقا قاراپ، ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا، — بەدىلىگە مال ئەمەس، بەلكى ساڭا تىنچ كۈن، بەختلىك تۇرمۇش ھەدىيە قىلىشىم مۇمكىن.

يـاش ساك ئىككىلىنىپ تۇرمايلا پۇتىدىكى يېپيېڭى شىر چورۇقنى سىلىپ بەردى. شىراق چورۇقنى كىيىپ، بوغىزى بىلەن قونچىدىن تېرە شوينا بىلەن مەھكەم تارتىپ باغلىدى. ئورنىدىن تۇردى، بىر قېرى ساك ئاقساقىلى ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى ۋە قوينىڭ ئەيلەنگەن تېرىسىگە قانداقتۇر بىر سىزىق شەكىللەر بىلەن پۈتۈلگەن ۋەسىقە خېتىنى تاپشۇردى:

— ئاشۇ تەسكەيدىكى چوڭ يايلاق ۋە قوتانلىرىدىكى يىلقا، كالا، قوي... لىرى بىلەن سىنىڭ خوتۇن-بالىلىرىڭغا مەنسۇپ قىلىندى.

— يەنە كەم تەرەپلىرى بولسا بىز بار، خاتىرجەم بول، — دېدى يەنە بىر ساك ئاقساقىلى شىراقنىڭ باش-كۆزىنى سىلاپ تۇرۇپ.

شىراق كۆزىگە ياش ئالدى، ياش تامچىلىرى يۈزىنى بويلاپ قىسقا، يېرىك ئۆسكەن قارا ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭىپ غايىب بولدى.

— رەھمەت ئاقساقاللار، قېرىنداشلار! شىراقنىڭ بۇرۇتلىرى تىترىدى، لەۋلىرى ئۆمچەيدى، يۈقىرىقى سۆزىنى ئاران دېيەلىدى، يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى، دېيەلمىدى. بارگاھ قورۇقچىلىرىدىن ئىككىسى شىراقنىڭ خوتۇن-بالىلىرىنى سايىۋەنلىك تۆگىگە ئولتۇرغۇزۇپ توپ ئارىسىدىن ئۆتتى. شىراق قولىدىكى تېرە پۈتۈكنى خوتۇنىغا بەردى، ئەر-خوتۇن بىر-بىرىگە تويماستىن قاراشتى، گەپ-سۆز قىلىشمىدى. كۆز ياشلىرى ئارقىلىق بىر-بىرى بىلەن خوشلاشتى. قورۇقچىلار تۆگىنى يېتىلەپ قېرى ساك كۆرسەتكەن يايلاققا قاراپ مېڭىشتى. شىراقنىڭ خوتۇنى ھەدەپ كەينىگە قاراپ، يۇم-يۇم يىغلايتتى، بالىلىرى ”دادا، دادا...!“ دېيىشىپ نالە قىلاتتى.

— خەير، قېرىنداشلىرىم! خەير، ئانا زېمىن!!

بـۇ يـالـقـۇنلۇق، جاراڭلىق ئاۋاز پۈتۈن ساكلارنىڭ يۈرەكلىرىنى تىترىتىۋەتتى. شىراق بۇغا مۈڭگۈزىدە ساپلانغان كەڭ ئىنلىق، قوپال، ئۆتكۈر

خەنجىرنى ئالدى-دە، بۇرنىنى، ئىككى قۇلىقىنى كېسىپ تاشلىدى. ساكلار بۇ ھەرىكەتتىن چۆچۈپ ۋارقىراشتى، ئېچىنىپ نالە-زار قىلىشتى. شىراق گويا ھېچنېمە بولمىغاندەك خەنجىرنى غىلاپقا سالدى، يەرگە ئۈزۈلۈپ چۈشكەن تەن پارچىلىرى دىك-دىك قىلىپ سەكرەپ توختاپ قالدى. شىراقنىڭ بويىنى، يۈزى، قورساق، دۈمبىلىرى قانغا بويالدى. ئۇنىڭ كىندىك قېنى مۇشۇ زېمىنغا تۆكۈلگەنىدى. ئىككىنچى قېتىم — بۈگۈن ئۇ مۇشۇ زېمىنغا ئۆز قېنىنى تۆكتى.

شىراق خوتۇنىنىڭ يوللۇقى — ئوزۇق-تۈلۈك سېلىنغان خالتا ئېسىلغان ئۇزۇن تاياقنى مۈرىسىگە سالغىنىچە ساكلار توپىنى ھەيران قالدۇرۇپ يولغا راۋان بولدى...

* * *

شىراق ئۈستۈۋېشىدىكى قانلارنى، قان داغلىرىنى سۈرتمەستىن يولنى داۋام ئەتتۈرەتتى، توختىمايتتى، ئارام ئالمايتتى، بارغانسېرى قەدىمىنى تېزلەتتى. ئەلمساقتىن بۇيان ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن، تومۇز ئىسسىقىدا ئوتتەك يېلىنجاپ تۇرغان چۆل، سايلاردىن، "مۇز تاغ ئاتا"غا تۇتىشىپ كەتكەن تاغ تىزمىلىرى ئاستىدىكى چوڭقۇر، قورقۇنچلۇق ھاڭلار يېنىدىن، قىرلىق تاشلار ئۈستىدىن، تاقىر دالالاردىن، ئېگىزلىكلەر — تىك داۋانلاردىن، ئېچىلمىغان، سىرلىق تىلسىماتلار ئىچىدىن يول تېپىپ باراتتى. ئۇنىڭغا ئاچلىقمۇ، ئۇسسۇزلۇقمۇ، يول ئازابىمۇ كار قىلمايتتى. ئۇ قانچە كۈن، قانچە ۋاقىت يول يۈردى، قانچىلىك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى، بۇنىسى شىراق ئۈچۈن نامەلۇم ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىرلا مۇددىئا-مەقسەت كۈچ بېغىشلايتتى. شۇ كۈچ ئۇنىڭغا ئوزۇق، سۇ، ئارام ئىدى. كۈن چىقتى، پاتتى. كېچە بولدى، تاڭ ئاتتى. ۋاقىت — شۇ تەقلىتتە دەۋر قىلىپ ئۆتۈۋەردى، ئاخىر كۆزلىگەن نىشان ئۇنىڭ ئالدىدا زاھىر بولدى. شىراق، سىر

دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىغا يېتىپ كەلگەنىدى. قاتمۇ قات تاغلار تىزمىسىدىكى چوڭقۇر جىرالار ئارىسى، تاشلىق ساي، يايلاقلار، چۆللەر، ئېقىن بويلىرى، ئىسسىق كۆل ①قىرغىقى شاھ دارا I نىڭ لەشكەرگاھىغا ئايلانغانىدى. چىمەنلىك يايلاق ئۈستىگە دارانىڭ تەختلىك چېدىرى تىكىلگەنىدى. ۋاقىتلىق ئوردىنىڭ ئەتراپى ئوردا لەشكەرلىرىنىڭ چېدىرلىرى بىلەن قورشالغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدا، كۆز يەتكۈسىز يىراقلاردا ھەرقايسى لەشكەر تۈرلىرى ئايرىم-ئايرىم، توپ-توپ چېدىرلارنى تىككەنىدى. شاھانە چېدىر يېنىدىكى ئېگىز موما ياغاچنىڭ ئۇچىغا كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ تۇغى ئېسىلغانىدى؛ بۇ تۇغ ئۆز ئەتراپىدىكى مىڭلىغان ھەربىي تۇغلارغا كوماندا بېرىۋاتقاندەك تىنىماي لەپىلدەيتتى. لەشكەرلەر ياققان سانسىز گۈلخانلارنىڭ قويۇق ئىس-تۈتەكلىرى ئات تېزەكلىرىنىڭ قاڭسىق ھىدى بىلەن قوشۇلۇپ شامال ئارقىلىق بىرخىل ئاچچىق پۇراق تارقىتاتتى. بۇ سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك ھەربىي تۇرالغۇنى كۆرگەن كىشى جەزمەن ئۆزىنى يوقىتىپ قوياتتى. ئەمما، شىراق ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدى. تاغ قاپتىلىدىن پەسكە قاراپ چۈشتى، ئۇ ئەڭ دەسلەپ ئۇچرىغان ھەربىي چېدىر ئالدىدىن ئۆتكەندىلا ئۆزىنى كاچاتلاپ، داد-پەرياد كۆتۈرۈشكە باشلىدى ھەمدە ”شاھقا ئەرزىم بار!، ئەي شاھ دارا، ئۇلۇغسەن! بۈيۈكسەن! شاھىنشاھىمسەن! پۇشتۇپاناھىمسەن! بىچارە، ئاجىز، ناتاۋان قۇلۇڭ ساڭا ئەرز ئېيتىپ كەلدى!“ دەپ تووۋلاپ، زار-زار يىغلاپ ياش تۆكۈپ ماڭدى. دەم ئېلىۋاتقان، تاماق يەۋاتقان، قوراللىرىنى تازىلاۋاتقان، ئاتلىرىغا يەم بېرىۋاتقان لەشكەرلەر قولاق-بۇرنى يوق، يالىڭاچ، بەتبەشىرە، قەلەندەر سۈپەت ناتونۇش شىراقنىڭ ھالىنى كۆرۈپ كۈلۈشتى، مەسخىرە قىلىشتى، يىرگەندى، سەسكەندى، نېرى كېتىشتى. قاراۋۇللارمۇ ئۇنىڭ غەلىتە قىياپىتىدىن ھەيران بولۇشۇپ كۆلۈپ، توسۇشنى، سوراق قىلىشنى يادىدىن چىقىرىشتى. شىراق ھەربىي چېدىرلارنى

① ئىسسىق كۆل — قىرغىزىستاندىكى كۆل.

ئاربلاپ كېتىۋەردى. شۇ تەرىزدە ئۇ ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىتچە ماڭدى. شاھ ئوردىسىغا ئەللىك-ئاتمىش قەدەم قالغاندىلا ئۇ قاتمۇقات توسالغۇغا دۇچ كەلدى. ئوردا قاراۋۇللىرى ئۇنى بىرقەدەم ئالدىغا سىلجىشقا يول قويمىدى. شىراق شۇئان ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ، يۇمۇلۇنۇپ، داد-پەرياد كۆتۈرۈپ، بايىقى گەپلىرىنى تەكرارلاپ يىغلاشقا باشلىدى. خېلىدىن كېيىن بۇ ۋەقە لەشكەرلەر، چاپارمەنلەر، ئوردا ياساۋۇللى ۋە ھۇدەيچى ئارقىلىق شاھ دارا I گە مەلۇم قىلىندى. شاھ دەسلەپ پەرۋا قىلمىدى، كېيىن ئويلىنىپ قالدى. كۆڭلىگە بىر ئىش كەلدى، ئاخىر ئىجازەت بەردى. شىراق ئىككى نەپەر لەشكەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا شاھ چېدىرىغا يالاپ ئېلىپ كىرىلدى ۋە تەختكە روبىرو قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. ئالتۇن تەختتە مەغرۇر گىدىيىپ ئولتۇرغان شاھ دارا I شىراقنىڭ مىيىپ-مەجرۇھ، جۇدەڭگۈ، ئاجىز قىياپىتىنى كۆرۈپ، دەسلەپ قاپاقلىرىنى تۈردى، شىراققا سىنچىلاپ نەزەر سالدى ۋە ئاۋازىغا ھەيۋەتلىك تۈس بېرىپ: ”ئەرزىڭنى ئېيت!“ دەپ خىتاب قىلدى.

شىراق ئالدىرىمىدى، ئۇ ئاۋۋال شاھ دارا I گە، ئاندىن تەختنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئەمەل-مەنسەپ، مەرتىۋە سالاھىيىتىگە مۇناسىپ ئورۇن ئېلىشقان ۋەزىر-ۋۇزرا، ئاكابىر-ئەشرەپ ۋە ھەربىي قوماندانلارغا سالام بەجا كەلتۈردى.

— ئەي شاھلارنىڭ شاھى، ئالەمنىڭ نۇرلۇق ماھى، ئەلنىڭ پۇشتى-پاناھى! سەن ھەقسەن، ئادىلسەن، قۇدرەتلىكسەن! غەزىپىڭدىن تاغلار تىترەيدۇ، دېڭىزلار تاشىدۇ. ھەق ۋە ئادالىتىڭدىن ئىنسانىيەت قۇت تاپىدۇ، مېھىر-شەپقىتىڭدىن پۈتكۈل كائىنات بەھرە ئېلىپ، كۆكىرىپ-ياشنايدۇ. مەن سېنىڭ ئالەمگە مەشھۇر بولغان نامىشەرىپىڭنى، تىللاردا داستان بولغان تەۋسىپلىرىڭنى، قۇدرىتىڭنى، چەكسىز ۋە مەڭگۈلۈكلىكىنى ئاڭلاپ، يىراقتىن، ناھايىتى يىراق بولغان ئوغۇزلار ئېلىدىن كەلدىم. ئۆزەم ساك قەبىلىلىرىدىنمەن، سەندىن پاناھ تىلەپ كەلدىم، — شىراق شاھقا ئاتىغان مەدھىيىسىنى ئىزھار قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەسلى

مەقسەتكە كۆچتى، — ئەي شاھ، ئەرزىمگە قۇلاق سالغىن. مەن ساگا دوستلۇق ۋە ئىتائەت ئىزھار قىلىش ئارزۇسىدا بولغانلىقىم ئۈچۈن، مۇشۇ قىسمەتكە دۇچار بولدۇم. قېرىنداشلىرىمغا: ”ئۇلۇغ شاھ دارا ئالىيلىرىغا ئىتائەت قىلايلى، ئەل بولايلى“ دېسەم، ئۇلار رەھىمسىزلىك بىلەن بۇرۇن، قۇلاقلىرىمنى كېسىپ تاشلىدى. خائىن، سېتىلما مۇناپىق دەپ ھاقارەتلىدى، خورلىدى، لەنەت ياغدۇردى. ھەتتا ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى. بىر پەيت تېپىپ قاچتىم ۋە مىڭ بىر جاپادا دەرگاھىڭغا دات ئېيتىپ كەلدىم. ئەي سەلتەنىتى ئۇلۇغ، شەۋكەتلىك شاھىم! مېنىڭ ھالىمغا يەت، ساكلاردىن قىساس ئېلىشىمغا ياردەم بەرگىن. مەن بىچارە قۇلۇڭدىن مەرھەمەتلىرىڭنى ئايىمىغىن، مېنىڭ ئەرز-دادىم شۇ!

دەردمەن بىلەن دادىخاھنىڭ كۆزلىرى بىر-بىرىگە ئۇدۇل تىكىلىشتى، شىراق شاھ دارا I نىڭ كۆزىگە مىختەك تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ ھازىر ھېچنېمىدىن ھېيىقمايتتى، قورقمايتتى. شاھ كۆزىنى ئەپقاچتى، ئۇنىڭ دائىم قەھرلىك ئۇچقۇنلار چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدە نېمىگىدۇر قىزىقىش، ھاياجان ئەكس ئېتەتتى. ئۇ، شىراقنىڭ تىز، رىتىملىق، جاراڭلىق مەدھىيىسىدىن تەسىرلەنگەنىدى. كېيىنكى سەرگۈزەشتىلەرنى ئاڭلاپ، شىراققا ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتى قوزغالغانىدى. چۈنكى، دارا بۇندىن كېيىنكى ھەربىي يۈرۈشتە تېز ئىلگىرىلەش ئۈچۈن، باسقۇنچىلىق، ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشلىرىدا غەلىبە قازىنىپ، شۆھرەت، غالىبىيەتنىڭ تۇغىنى يەتتە ئاسماننىڭ قەھرىگىچە كۆتۈرۈپ لەپىلدىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا دەل شىراققا ئوخشاش ئۆز ئېلىدىن يۈز ئۆرۈگەن، كىيانىيان دۆلىتىگە ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىدىغان بىر كىشى، ھەتتا نۇرغۇن كىشى كېرەك بولاتتى.

شاھ دارا I سەل جىمجىتلىقتىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ تەختتىن چۈشتى. ئۇتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان يۇمشاق پاياندار ئۈستىدىن مېڭىپ شىراقنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۆزىگە تەلمۈرۈپ-نىجادلىق تىلەپ تۇرغان مەجرۇھ-قاچقۇننىڭ تۇرقىغا ھېسداشلىق نەزەرى بىلەن تىكىلدى.

— سىڭنىڭ ئەرز-دادىڭىزمۇ مەن بەربىر ئاشۇ زېمىننى زەبت قىلىمەن. ساكلارنى، ئوغۇزلارنى پاك-پاكىز قىرىپ تاشلايمەن. سەپىرىمىنىڭ مەنزىلى دەل سىڭنىڭ ئېلىڭ ۋە ئۇنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يىراق ئەللەر. قېنى ئېيتقىنا، ئوغۇز ئېلى ماڭا ياۋاشلىق بىلەن ئىتائەت قىلماسمۇ؟ ساكلار ماڭا ئەل بولماسمۇ؟ مېنىڭ غالىب قوشۇنلىرىمنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقماسمۇ؟

شاھ دارا I سۆزىدىن توختاپ، ئۇزۇن، سېمىز، تۈكلۈك بارماقلىرىنى پۈكۈپ قاس چىقىرىپ، پاياندار ئۈستىدە ئۇيان-بۇيان ماڭدى. سارغۇچ، قـويۇق چاچلىرى ئۈستىدە دىڭگىيىپ تۇرغان قەدىمىي ئالتۇن تاج، زەر چاپىنىنى بېلىدىن قىسىپ تۇرغان كەڭ، قاپارتما نەقىشلىك ئالتۇن كەمەر ۋە كەمەرگە ئېسىلغان كۈمۈش قىنلىق، ئىسپىھان پولىتىدىن سوقۇلغان قىلىچ شاھ دارا I نى تېخىمۇ سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك كۆرسەتتى.

— قۇدرەتلىك ئۇلۇغ شاھىم، — شىراق، شاھنىڭ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۆزىگە قاراپ جاۋاب كۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سۆزلەشكە باشلىدى، — ساكلار ناھايىتى نۇرغۇن خەق، ئۇلار ئارىلىشىپ ياشاۋاتقان ئون ئوغۇز، توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتىلىدىغان قېرىنداش ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى قوشقاندا، ئۇ خەقنىڭ ھېسابىغا سان يەتمەيدۇ. ئۇلار تۇرغان زېمىننىڭ ئۇچ-چېكى، پايانى يوق. شاھ ئالىيلىرى، تىلىم كۆيسىمۇ ئالدىڭىزدا ھەق سۆزنى قىلاي، ئۇلاردىكى لەشكەرلەرمۇ كۆپ، قۇمنى ساناش مۇمكىن، بىراق لەشكەرلىرىنى ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇستا چەۋەنداز، ئۇلار ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، ئالدىغاقاراپ قانچىلىك تېز ۋە زەرب بىلەن قىلىچ ئۇرسا، ئىككى يانغىمۇ، ئارقىسىغىمۇ شۇنچىلىك تېز ۋە چاققان قىلىچ ئۇرىدۇ. نەيزە ئۇرۇش، ئوقيا ئېتىشتىمۇ خۇددى شۇنداق. ئۆلۈم دېگەننى پىسەنتكە ئالمايدۇ، شاھىم. لېكىن ئۇلارنى باپلاش، مەغلۇپ قىلىش تەس ئەمەس. مەن كىچىكىمدىن پادا بېقىپ، دالا كېزىپ ئۆسكەچكە، ئۆز ئېلىمىزنىڭ تاغ، دەريا، كۆل، يايلاق، يېزىلىرىنىڭ يەر تۈزۈلىشىنى بەش قولدەك بىلىمەن. سىڭنىڭ لەشكەرلىرىڭىزنى بىخەتەر باشلاپ ئاپىرىپ، ئۇلارنىڭ بىخۇت-بىپەرۋا

تۇرغان پەيتىنى تاللاپ ھۇجۇم قىلىشقا كاپالەتلىك قىلالايمەن. ئۇلار قانچىلىك بۇرۇن قىرىلسا، قېنى ئاقسا مەن شۇنچە خۇش بولىمەن...

شاھ دارا I ئالدىدىكى چاقماقتەك تېز سۆزلەۋاتقان شورلۇق پادىچىنىڭ ئۆزىگە كۆرسىتىۋاتقان ساداقەتمەنلىكىنى كۆرۈپ، رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى-دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ پايىغا قەدەم قويىدى، تەختكە چىقىپ ئولتۇردى.

— ئەي ئالەمپاناھ! — دېدى شىراق يەنە، — رەقىبلىرىمدىن قىساس ئېلىشتا سىنىڭ ئىلتىپاتىڭغا، ياردىمىڭگە موھتاجمەن. ئەگەر مالال كۆرمىسەڭ، لەشكەرلىرىڭگە ئەمىر قىل. ئۇلار تېز ئاتلىنىپ، ساكلارنىڭ قېنىنى دەريا كەبى ئاققۇزسۇن، ئۆي-ماكانلىرىنى خانىۋەيران قىلسۇن. ساكلار ھازىر غەپلەتتە، ئۇلار چوقۇم تارمار بولىدۇ. لېكىن، لەشكەرلىرىڭ يەتتە كۈنگە يەتكۈدەك ئوزۇق، سۇ غەملىۋېلىشى لازىم.

— ياراپسەن! — دېدى شاھ خۇشال بولۇپ، — مەن سېنىڭ قىساسىڭنى ئېلىپ بېرىمەن. لەشكەرلىرىمگە سەن يول باشلا، مەن مۇشۇ يەردە قېلىپ، قوماندان رانۇس چاتتىن غالىبىيەت خەۋىرىنى كۈتىمەن!

ئالىي ھەربىي كىيىم كىيگەن، ئېگىز گەۋدىلىك، سۇرلۇك قوماندان رانۇس چات ئورنىدىن تۇرۇپ، دارانىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ تۇرۇپ، تەختنىڭ ئەڭ تۆۋەن پايىسىغا پىشانىسىنى تەگكۈزدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، كەينىگە ئۈچ قەدەم شوخشىدى، ئاندىن: "ئۇلۇغ شاھىمىز ئۈچۈن جېنىم پىدا!" دەپ قەسەمياد قىلدى.

* * *

ئېلبورس تاغلىرى[1] ئېتىكىدىكى ھاۋاسى ياخشى، ئوت-چۆپلىرى مول يايلاقلاردا ئۆسكەن، توپ-توپ يۈرگەن توسۇن ئارىسىدىن سالما ئارقىلىق

[1] ئېلبورس — ئىراندىكى تاغلار.

مىڭ تەستە تاللاپ تۇتۇپ كېلىنىپ ئۇستا ئاتچىلارنىڭ قولىدا كۆندۈرۈلگەن، تەربىيىلەنگەن قۇلا ئارغىماق پات-پات پۇشقۇرۇپ، كىشنەپ، رانۇس چاتنىڭ ئاق ئېتى بىلەن بەسلىشىپ رەقىبكە يول بەرمەي كېلەتتى. قۇلا ئارغىماقتا پادىچى — باتۇرشىراق ئولتۇراتتى. لەشكەرلەر يولغا ئاتلىنىش ئالدىدا، شاھ ئۇنىڭغا مۇشۇ ئاتنى سوۋغات قىلىپ بەرگەن. مىراخور بېشى ①قۇلا ئارغىماقنىڭ تېزگىنىنى شىراققا تۇتقۇزغاندا، شىراق شاھ ئالدىدا دەسلەپ ئېيتقان سۆزلىرىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ، شاھنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى تىلىگەن. ئەنە ئۇ ۋەدە بويىچە ئىران لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ قۇلا ئارغىمقى تىزگىن سىيرىپ چاپماقتا، تۇياقلىرى ئاستىدىن ئوت چاقنىماقتا. قاپقارا، ئۇزۇن يايلى لەرزان تاغ شاملىدا يەلپۈنمەكتە. تەردىن ئەسەر يوق بوينى، تىككىدە شىڭتايغان قۇلاقلىرى ئۇنىڭ تېخى ھارمىغانلىقىدىن، يەنە ئۇزاق، مۇشكۈل ھەربىي يۈرۈشلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە.

ئىران لەشكەرلىرى مىنگەن ئاتلارنىڭ تۇيىقى تەگكەن تاش-شېغىللار غىجىلىپ ئۇپرايتتى. تۇياقلار ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق، سېرىق چاڭلار ئاسمان-پەلەكنى قاپلاپ، كۈن نۇرىنى توساتتى. بوراندەك دەۋرەپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ باش-ئاخىرىغا كۆز يەتمەيتتى. ئون بېشى، يۈز بېشى، مىڭ بېشى، لەكمىڭ بېشىلىرىنىڭ يېنىدا بىردىن تۇغچى لەشكەر تۇغ كۆتۈرۈپ كېلەتتى. يىراقتىن قارىغاندا، تىك كۆتۈرۈلگەن تۇغلارنىڭ كۆپلۈكىدىن پامىر تاغلىرىنىڭ بەل-يامزاللىرى، جىلغىلىرى، ئېتەكلىرى بەئەينى قويۇق ئورمانزارلىققا ئايلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. نەيزىدەك ئۇچلۇق، كۆككە تىرەلگەن ئاق قار-كۆك مۇزلۇق چوققىلار قاتمۇ قات ھەرە چىشلىق تىزما تاغلار، يايلاقلار، ئاندا-ساندا گۈل-گىياھ ئۈنگەن تاشلىق

---

① مىراخور بېشى — خان، پادىشاھ ۋە ئەۋلىيائى-ئەزىملەرنىڭ ئات باققۇچىلىرى باشلىقى.

ساپلار، چۆللەر، ئورمانلار، بوستانلىقلار بارا-بارا ئارقىدا قالدى. ئاتلار تەرلىدى، هاردى. تاقلىرى ئۇپراپ تۆگەپ، تۇياقلىرى نېپىزلەپ كەتتى. لەشكەرلەر تىنجىق تومۇز ئاپتىپىدا كۆيۈپ كۆسەيدەك قارىداپ كەتتى. قىزىق شامال يۈزلەرگە ئۇرۇلۇپ نەپەسلەرنى قىساتتى، دەمنى سىقاتتى. ئوزۇق-تۈلۈك ئازىيىۋاتاتتى، تەشنالىق يۈرەكلەرنى كاۋاپ قىلاتتى. شىراق ئىران لەشكەرلىرىنى سۇسىز، تاقىر يوللاردىن ئېلىپ كېلىۋاتقاچقا، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، ئاپتاپ، سەپەر ئازابى لەشكەرلەرنىڭ هاياتىغا كۈندىن-كۈنگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزۈۋاتاتتى. لەشكەرلەرنىڭ ئاغزى قۇرۇپ، كالپۇكلىرى گەز باغلاپ يېرىلىپ، هالى بارغانسېرى بەتتەرلەشتى. يۈرۈش ئاستىلاشقا باشلىدى، نۇرغۇن لەشكەرلەر ۋە ئاتلارنىڭ ئۆلۈكلىرى ئارقىدا قالدى. لەشكەرلەر سېپى گاھ-گاھ بۇزۇلۇپ، چېچىلىپ، مىڭبېشى، يۈز بېشىلىرىنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدا يەنە ئۆز سېپىنى تۈزەيتتى.

— هەي ساك! — دېدى رانۇس چات بىر كۈنى شىراقنىڭ ئالدىنى توسۇپ. چۈنكى ئۇنىڭ سەۋر-تاقىتى تۈگىگەن، ئۆزلىرىگە كېلىۋاتقان خەۋپنى سەزگەنىدى. ئۇ قىلىچىنى شىراقنىڭ بويىنىغا تەڭلەپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — سېنىڭ ئېلىڭگە يەتتۇقمۇ؟ يەنە قانچىلىك يول ماڭىمىز؟! بىزنى خەتەرگە باشلىدىڭمۇ-نېمە؟!

شىراق جاۋاب بەردى:

— مېنىڭ ئېلىمگە كەلگىلى نەچچە كۈنلەر بولۇپ قالدى، يەنە قانچىلىك يول ماڭىمىز دەيسەنغۇ؟ ماڭىمىز تېخى، نەچچە ئايلاپ ماڭساڭمۇ بۇ ئەلنىڭ چېتىگە بارالمايسەن. ماڭا قىلىچ تەڭلەۋاتامسەن؟ غەزىپىڭگە پايلىماي مېنى چېپىۋەتسەڭ مەيلى، ئۆز قېرىنداشلىرىمغا — ساكلارغا ياخشىلىق قىلاي دېسەم ئۇلار قولاقلىرىمنى، بۇرنۇمنى كېسىۋەتتى. ئەمدى شاھ دارا ئالىيلىرىغا كۆرسەتكەن ساداقىتىم بەدىلىگە سەن قويۇپ بوينۇمنى كېسىۋەتسەڭ مەيلى. مەن شۇنداق شور پىشانە، كىمگە ياخشىلىق قىلسام، كىمگە ۋاپا قىلسام شۇنىڭدىن ماڭا جاپا كېلىۋاتىدۇ. ھە، قىلىچىڭنى تۇتۇپ

تۇرۇۋەرمە، چاپ! بەربىر ئۆلمەن، چاپە! ئاھــ ... شىراق راستتىن ئۆز تەقدىرىگە ئىچىنىۋاتقاندەك قىياپەتتە ئاھ ئۇرۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، ــــ لېكىن ئەمدىكى يول بەكمۇ خەتەرلىك، مېنىڭ ياردىمىمسىز سەن ساك ئوغۇز لەشكەرلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئورنىنى تېپىپ بارالمايسەن. خەير، قىلىچىڭنى كۆتۈرگەن ئىكەنسەن، ئالدىراپ قىنىغا سالما، چاپ! چىپىۋەت بوينۇمنى!

شــىراق ئــاغــزىــدا شــۇنــداق دېسىمۇ، رانۇس چاتنىڭ راستتىن ئۆلتۈرۈۋېتىشىگە ئىشەنمەيتتى. چۈنكى، پۈتكۈل كىيانىيان لەشكەرلىرىنىڭ تەقدىرى گويا ئىشەككە چېتىپ قويۇلغان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ تەقدىرىگە ئوخشايتتى. ئۇلار شىراق نەگە باشلىسا شۇ تەرەپكە مېڭىشقا مەجبۇر ئىدى. رانۇس چات شىراققا ئەگىشىپ تاغلار ئارىسىدىكى خەتەرلىك، قىيىن يوللارنى بــېــســـىــپ كــېــلــىۋاتقاندىلا، ئۆزىنىڭ ۋە پۈتكۈل قوشۇنىنىڭ شىراقتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى سەزگەندى ۋە بۇ رېئاللىقنى ــــ ئاچچىق ھەقىقەتنى ئــېــتــىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئۇنىڭ شىراقنىڭ بوينىغا قىلىچ كۆتۈرۈشى پەقەت قورۇق پوپوزا-ھەيۋىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ، شىراقنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قىلىچنى شارتلا تارتىۋېلىپ قىنىغا سالدى. بۇ ئۇنىڭ شىراققا يولنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا بەرگەن بېشارىتى ئىدى.

ــــ لەشكەرلىرىڭ بوش، چىدامسىز ئىكەن، ــــ دېدى شىراق، رانۇس چاتنىڭ ئالدىدا كېتىۋېتىپ، ــــ بۇيرۇق قىل، بۇنداق ئاستا ماڭسا، كەينىدە سۆرۈلۈپ قالسا مەنزىلگە يېتىپ بېرىشىمىز تەس. ئۇلار دەسلەپ سەپەرگە ئــاتلانغان ۋاقىتتىكى سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلىسۇن. ئالدىمىزدىكى مۇشۇ قۇملۇقتىن ئۆتسەكلا ساكلارنىڭ بۇرنى ئاستىدىن چىقىمىز-دە، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىمىز.

رانۇس چات بىردىنلا يۇمشاپ قالدى، بوشىدى، مۇلايىملاشتى. بايىقى قەھر-غەزەپلىك ھالىتى پۈتۈنلەي غايىب بولغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا شىراق كۆرسەتكەن چەكسىز قۇملۇق نامايان بولدى. بۇ، دۇنياغا مەشھۇر تىلسىمات

www.uyghurkitap.com

— تارىم ئويمانلىقى ئىدى. رانۇس چاتىنىڭ چاپارمەنلىرى پۈتۈن سەپنى بويلاپ چېپىپ قوماندانىنىڭ تېز يۈرۈش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈشتى. ھالسىزلىنىپ جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان، كۈچ-قۇۋۋىتى تۈگىگەن لەشكەرلەر گويا بوينىدىن باغلاپ تارتقاندەك مەجبۇرىي يوسۇندا بىرقەدەم-بىر قەدەمدىن ئالغا سىلجىشقا باشلىدى. سەپنىڭ ئارقىسىدا ئۆلۈكلەر قالاتتى، ئېگىسىز ئاتلار ئېچىنىشلىق كىشنەيتتى. كىچىكىدىن تارتىپ ئاچ-توق، يېلىڭ-يوپۇڭ ئۆسكەن، قىشتا مۇزلاپ، يازدا كۆيۈپ چېنىققان، كۈرمىڭ مۇشەققەتلەرنى، ئاچچىق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن ئۆتكۈزگەن، ئەل ئىشقىدا پەرۋانە بولغان، ئىرادىسىنى تاۋلاپ، ياشاشنىڭ قىممىتىنى ۋىجدان تارازىسىدا ئۆلچەشنى ئۆگەنگەن، قەيسەر، قورقماس باتۇر شىراق ھېلىمۇ ھەم چىشىنى چىشلەپ، ھەممىگە بەرداشلىق بېرىپ سەپنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تاپىنى ئاستىدا ئوتتەك قىزىپ كەتكەن پايانسىز قۇملۇق، ئۈستىدە ئوت شارىدىن چېچىلغان يالقۇن، كۆڭۈل ئېكرانىدا بولسا ئۆز ئېلىنىڭ پاجىئەلىك تارىخىدىن ئېچىلغان بەتلەر ۋاراقلانماقتا ئىدى. ئۇ، قۇرۇپ يېرىلىپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى تامشىپ قويۇپ، ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىماقتا.

... كيومىرس[1]مۇ ئېلىمىزگە ياۋۇز كۆزىنى تىككەن، فەرىدۇن[2] لەشكەر تارتىپ كېلىپ، زېمىنىمىز تۇرانىنى بېسىۋالغان ۋە ئوغلى تۇرنى پادىشاھ قىلىپ ئەجدادلىرىمىزنى قۇل قىلغان. كەيقۇباد[3]، كىرىكاۋۇس[4]، كەيخىسراۋ[5]

---

① كيومىرس — «ئاۋېستا» ۋە «شاھنامە»گە ئاساسلانغاندا، ئىران پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى بولغان.

② فەرىدۇن (ئەفرىدۇن) — ئىران پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 6-پادىشاھى، كيومىرسنىڭ ئەجدادى.

③ ④ ⑤ — ئىران كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى.

— «تارىخىي ھەمدىيە» دىن

لارمۇ بۇ زېمىنغا باستۇرۇپ كىرگەن. ئۇلۇغ بوۋىمىز، باتۇر ئەجدادىمىز — ئاپراسىياپ [1] بىر ئۆمۈر باسقۇنچىلىققا، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەش قىلغان، ئەلنى قوغداش يولىدا قان ئاققۇزغان. شاھ ئاپراسىياپنىڭ باتۇر چەۋەندازلىرى كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى، تاجاۋۇزچى كىيانىيان قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى سىياۋۇشنى ئۆلتۈرگەن. سىياۋۇش ئۈچۈن ئۆچ ئېلىشقا كەلگەن رۇستەم[2] مۇ كۆپ جەڭلەرنى قىلىپ، ئاخىر ئاپراسىياپ قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان، شاھىمىز ئاپراسىياپ كېيىنكى ئۇرۇشلارنىڭ بىرىدە، ھىيلىگەر باسقۇنچى كەيخىسراۋنىڭ مۆكۈپ ياتقان جەڭچىلىرىنىڭ زەھەرلىك ئوقىدا ھالاك قىلىندى. لېكىن ئەركىنلىك، مۇستەقىللىق ئۈچۈن بولغان جەڭلەر بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. ئەجدادلىرىمىز لېھراسىپ[3]، كۇشتاسىپ[4]، بەھمەن[5]، ھاماي[6]، داراپ ...[7]لار بىلەنمۇ قانلىق جەڭلەرنى قىلغان، جان ئالغان، جان بەرگەنىدى.

مانا بۈگۈنكى كۈندە دارا I يەنە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، تۇراننى قانغا بوياۋەتتى. ئەمدى تارىم ۋادىسىنى دەسسەپ چەيلىمەكچى، بىزنى

---

① ئاپراسىياپ — ئاپراسىياپ قەدىمكى تۇران پادىشاھى زال، فەرىدۇن بىلەن جەڭ قىلغان. ئاپراسىياپ قەشقەرنى پايتەخت قىلغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۆز نەسەبلىرىنى ئاپراسىياپقا باغلايدۇ.

— «تارىخي ھەمىدىيە» دىن.

«دىۋان لۇغەتىت تۈرك» دە: ”قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ بارلىق خاقانلىرى ئۇنى (ئاپراسىياپنى) ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادى دەپ ھېسابلايدۇ“، يەنە ئۇنىڭ ئىسمى «ئالىپ ئەرتۇڭا» دەپ ئاتالغان. بۇ ھەقتە «قۇتادغۇبىلىك» تىمۇ مەلۇماتلار بار.

② رۇستەم — «شاھنامە» گە ئاساسلانغاندا، كىيانىيان سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر قەھرىمان، ھەربىي قوماندان.

— «تارىخي ھەمىدىيە» دىن.

③ ④ ⑤ ⑥ ⑦ — كىيانىيان پادىشاھلىرى.

— «تارىخي ھەمىدىيە» دىن.

يوقاتماقچى. ياق، پاجىئەلىك ئۆتمۈشنىڭ تەكرارلىنىشىغا يول قويغىلى بولمايدۇ. ئاھ ۋەتىنىم! ئوغۇزلىرىم، ساكلىرىم! خاتىرجەم بولۇڭلار، ئەمدى سىلەرگە خەۋپ-خەتەر يېتىپ بارالمايدۇ...

رانۇس چات باشلىغان لەشكەرلەر شىراققا ئەگىشىپ كەلمەكتە، ئۈستىدىن كۈن ھارارىتى، ئاستىدىن ئوتلۇق قۇمنىڭ ھارارىتى تەۋەككۈلچى، زالىم دارا لەشكەرلىرىنى قاتتىق قىينىدى، ئاتلىرىنى كاردىن چىقاردى. ئات يۈرسە تۇيىقى، قۇش ئۇچسا قانىتى كۆيىدىغان قىزىق قۇملۇق ئىچىدە لەشكەرلەر ئاتلىرىنى يېتىلەپ، پىيادە ھالدا قۇم بارخانلىرىغا يامىشاتتى، يۇقىرىغا چىقىشقا چامى يەتمەي دومىلاپ چۈشەتتى. يەنە بارخانلارنى ئارىلاپ ئۆمىلەپ ئىلگىرىلەيتتى. بىر كېچىسى قۇم كۆچۈپ، دارا لەشكەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى قۇم ئاستىغا دەپنە قىلىندى.

ئالدىدا مەنزىل كۆرۈنمەيتتى، قۇمدىن، چەكسىز قۇملۇقتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. رانۇس چات پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزلىرىنىڭ ئاددىي بىر مېيىپ پادىچى تەرىپىدىن ئالدانغانلىقىنى بىلدى، رانۇس چات بۇ ئەلەمگە چىدىمايتتى. بۇ مەسخىرە، خورلۇقنى كۆتۈرەلمەيتتى. كۆككە تاقاشقان غۇرۇر مۇنارىسى ئۆرۈلۈپ، كۇكۇم-تالقان بولغان، ۋۇجۇدى ئۆز سېزىملىرىنى يوقىتىپ، ھەربىي قوماندانلارغا خاس جەسۇر، ھەيۋەتلىك بەستى لايدەك بوشاپ كەتكەن رانۇس چاتنىڭ نېرۋا سىستېمىلىرىدا غەلىتە، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ئەسەب پەيدا بولدى. ئۇ، قەھر-غەزەپ يالقۇنىدا قىزارغان، قان تولغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، شىراققا ۋارقىرىدى:

— ئەي تېگى پەس، ئىپلاس! شاھىمىز ئالدىدا قىلغان ۋەدەڭگە ئەمەل قىلمىدىڭ، بىزنى ئالدىدىڭ! بىزنى ساكلارنىڭ قېشىغا ئەمەس، بەلكى بارسا كەلمەس يولغا — ئەجەل يولىغا باشلاپ كەپسەن. ئوزۇق، سۇمۇ تۈگىدى. يەم-خەشەكمۇ يوق. بۇ چەكسىز جەزىرىدە يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالمايمىز. ئېيتە، ساك لەشكەرلىرى نەدە؟ ئەي ئالدامچى!

— ھا... ھا... ھا...!

باتۇر شىراق ئۆز مەقسىتىنىڭ بۇنداق توسالغۇسىز، تېز پۇرسەتتە ئەمەلگە ئېشىشىغا ئەقلى يەتمىگەنىدى. ھازىر بولسا ئۇ ئۆزىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىغان ئالەمشۇمۇل زور غالىبىيەت نۇرىنىڭ بەخت-ئىقبالىنى يورۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. كۆكسىگە پاتماي قالغان ئىپتىخارلىق ھېسلىرىنى جاراڭلىق كۈلكىلىرى بىلەن ئىپادىلىدى.


شىراق ئاتتىن چۈشۈپ، ئات تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. قۇلا ئارغىماق ھالسىزلانغانلىقتىنمۇ ياكى ئىگىسىنىڭ يېنىدىن كېتىشنى خالىمىدىمۇ، ئىشقىلىپ، شىراقنىڭ يېنىدا پۇشقۇرۇپ-تېپىچەكلەپ تۇرۇۋەردى. شىراق رانۇس چاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ مەردانىلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن يەڭدىم! يالغۇز بىر ئۆزەم پۈتكۈل زور قوشۇننى يەڭدىم! جانجان قەبىلىلىرىم، ئانجان تۇپرىقىمنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتنى پايانسىز قۇملۇققا دەپنە قىلدىم! ئەي رانۇس چات ئەنە كۆر، بۇ — ئۇلۇغ تەكلىماكان قۇملۇقى، سەن ھازىر دەل شۇ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋاتىسەن. تۆت تەرەپنىڭ قايسىسىغا ماڭساڭمۇ، بەرىبىر يەتتە كۈنلۈكتىن يول. ئوزۇقۇڭ، سۈيۈڭ تۈگىدى. ئەمدى خالىغان تەرەپكە ماڭ، بەرىبىر ھالاك بولىسەن. نېمە؟ ۋەدەڭگە ئەمەل قىلمىدىڭ، دەمسىنا! مەن ئۆز خەلقىم، ۋەتىنىم ئالدىدا قىلغان ۋەدەمگە ئەمەل قىلدىم...!

ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان خەۋپتىن چەكسىز ئىزتىراپقا چۈشكەن رانۇس چات قىلىچىنى شارت سۇغۇرۇپ ئالدى ۋە قاتتىق كۈچىگەنلىكتىن ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ بىرنەچچە قەدەم نېرىغا دەلدەڭشىپ كەتتى. شۇ مىنۇتتا شىراقنىڭ كۆز ئالدىدىن ساك ئاقساقاللىرىنىڭ كېڭىشى چاقىرىلغان بارگاھ ئالدىدىن تۆگىدە ئىككى بالىسىنى باغرىغا بېسىپ، كەينىگە قارىغىنىچە يۇم-يۇم يىغلاپ كېلىۋاتقان خوتۇنىنىڭ غەمكىن ئوبرازى غۇۋا بىر سۈرەتتەك لاپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن سەل بۇرۇن، شىراق بالىلىرىنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيگەنىدى، پۇرىغانىدى، خوتۇنىغا خوشلىشىش سۆزلىرىنى

ئىزھار قىلغانىدى. ئاھ، پەرزەنت دېغى! مۇھەببەتسىكى ۋاقىتسىز ھىجران...! شىراق شېرىن، ئاچچىق ئەسلىمىلىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. رانۇس چات بىغەم، پەرۋاسىز، تەبىئىي قىياپەتتە قاراپ تۇرغان شىراقنىڭ بويىنىنى نىشانلاپ قىلىچ چاپتى. شىراقنىڭ كاللىسى قۇم ئۈستىدە دىك-دىك سەكرىدى، تېنىمۇ غۇلاپ چۈشتى، ئۇنىڭ قېنى ئۈچىنچى قېتىم ئۆز تۇپرىقىغا تۆكۈلدى...

شۇ كۈنى، كۈندۈزى ھاۋا بۇزۇلۇپ قاتتىق بوران چىقتى. كېچىسى كەڭ كۆلەملىك قۇم كۆچۈش بولدى. شۇنداق قىلىپ، بىر كېچە-كۈندۈز ئىچىدە يۈز بەرگەن تەبىئەت ھادىسىسى تۈپەيلىدىن، شاھ دارا I لەشكەرلىرى بوراندا ئۇچۇپ-سورۇلۇپ، قۇم ئاستىدا قېلىپ، پاك-پاكىز ھالاك بولدى.



# ئەگرىنىڭ ئوغلى



مىلادىدىن بۇرۇنقى 207-يىل.

بۆرىنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرىدە ۋىل-ۋىل ئوت ياناتتى، بۇ ئوت بارغانسېرى ئۇلغىياتتى، يالقۇنلىناتتى. ئوردىغا يېقىن، تاشتىن قوپۇرۇلغان ئېگىز بىنانىڭ ئىچى ئاشۇ يالقۇن تەسىرىدە قىزغۇچ نۇرغا تولدى، نۇر تەپتىدە بۆرىنىڭ كۆپكۆك سىرت[1]لىرى پارقىراپ تۇراتتى. بۆرە قېپقىزىل تىلىنى مىدىرلاتتى:

— ئوغلۇم، بىلىمەن، كۈنتەگرى ساڭا بېشارەت بەرگەندىن بۇيان تولا كۈتۈپ هاردىڭ، تالدىڭ، كېچىلىرى مىت قىلىپ كۆز يۇممىدىڭ. بۈگۈنچۇ؟ بۈگۈن نېمىشقا ياتىسەن؟ ياكى تەقدىرىڭگە تەن بېرىپ ئۆلۈمنى قارشى ئالامسەن؟ ياق، بۈگۈن ئاخىرقى كۈنىڭ، قوپ، قاراقۇش[2]بىلەن گېدىرا[3]غا تېۋىن، ئاندىن ئايتەگرى يۈز ئاچقان هامان هېچنېمىگە قارىماي ئاتلان!

يىگىت كۆزلىرىنى ئاچتى، ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىدى، بۆرىمۇ، ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىمۇ، نۇرمۇ كۆرۈنمەيتتى. تاش بىنانىڭ ئىچى قاراڭغۇ ئىدى.

---

① سىرت — تۈك، قىل، يايىل.
② قاراقۇش — يۇلتۇز ئىسمى.
③ گېدرا — يۇلتۇز ئىسمى.

يىگىت ئورنىدىن تۇردى، بايىقى چۈشلىرىنى ئەسلەپ بىر هازا جىم ئولتۇردى، ئاندىن كىيىنىپ هويلىغا چىقتى.

قاراڭغۇ تۈن ئۆزىنىڭ ۋەھىملىك سۈكۈتى بىلەن پۈتكۈل كائىناتنى سېھىرلەپ، بىپايان سىرلىق تۇپىلىق زېمىننى ئاستىغا بېسىپ ياتقان ھەيۋەتلىك تىلەن[1] تىزمىلىرى باغرىدىن سوغۇق، قۇرغاق شامال چىقىراتتى. بۇ شاماللار ئالچى[2] تاغلىرىغا كەلگەندە تېخىمۇ كۈچىيىپ كۆز كېچىسىنىڭ نەم ھاۋاسىنى ۋە قىزىل قوچورا[3] دىن تارقالغان دېۋىرقايىنىڭ ھىدى بىلەن ئالچى گۈللىرىنىڭ خۇش پۇرىقىنى ئۆزىگە قوشۇۋالاتتى-دە، ئاندىن تېخىمۇ خۇش بۇيلاشقان بۇ ئارىلاشما ھىدلارنى ساندىبىل[4] شەھىرىگە چېچىپ ئۆتەتتى. بىراق، ئۇلۇغ ياۋچىلار يېگىدىن پايتەخت قىلغان بۇ شەھەرنىڭ قورۇقچىلىرى بىلەن ئوردا سىپاھىلىرى تۈننىڭ شامال ئېلىپ كەلگەن ئۆتكۈر، مەست قىلغۇچى بۇ ئارامبەخش، لەززەتلىك ھىدلىرىنى سەزمىگەندەك جىددىي ھالەتكە ئۆتكەنىدى. پەقەت ھويلىدا تاش پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ نېمىنىدۇر تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان يىگىت شامالغا ئەگىشىپ كەلگەن ئاشۇ تونۇش، يېقىملىق، شېرىن ھىدنى — ئالچى گۈللىرىنىڭ ھىدىنى ئىشتىھا بىلەن سۈمۈرەتتى. «قەدىمدىن بۇيان ئوردىمىزدىكى ئالچى ئانىلار ئەنە شۇ ئالچى تېغىدىكى گۈللەردىن ياسالغان ئۇپا-ئەڭلىكلەرنى ئىشلەتكەن. ئالچى ئۇپىسى ئۇلارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان. شۈڭلاشقىمۇ ئۇلار ئىسىملىرىنىڭ ئالدىغا ئالچى دېگەن سۆزنى قوشۇشقان. ئوردىدىكى سول قول، ئوڭ قول بىلگە خانلارنىڭ، ئىل قوساي، قۇتغۇ، سانغۇن[5] لارنىڭ

---

① تىلەن — ھازىرقى چىلىيەنشەن تاغلىرى.
② ئالچى — ھازىرقى يەنجىشەن تاغلىرى.
③ قىزىل قوچورا — قىزىل قارىغاي.
④ ساندىبىل — گەنسۇنىڭ جاڭيې شەھىرى ئەتراپىغا بىنا قىلىنغان قەدىمىي شەھەر.
⑤ سول قول، ئوڭ قول بىلگەخان، ئىل قوساي، قۇتغۇ، سانغۇن — ھون ئوردىسىدىكىلەرنىڭ مەنسەپ، ۋەزىپە ناملىرى.



www.uyghurkitap.com

مەلىكىلىرى، قۇنجۇي[1]لار، كۈمۈش تېكىن[2]لەرمۇ ئالچى ئۈپىسىنى ئىشلىتەتتى. سۈجۈكچۇ؟ ئالچى سۈجۈك. ئاھ، گۈزەل مەھبۇب، ئۇمۇ ئاشۇ ئالچى گۈلىنىڭ ئۆزىلا ئىدىغۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى... ئاھ، سۈجۈكىم. ئوردىدىكى ئەركەكلەرنىڭ:

ئايرىلىپ قالغاندا ئالچى تاغىدىن،
مۆڭلىنىپ سارغايدى قىز-ئايالىمىز.

دەپ ھەسرەت بىلەن قوشاق ئېيتقىنى بىكار ئەمەس. بۇ زېمىن ھەقىقەتەن گۈزەل ئىكەن. تەڭرىقۇتلىرىمىز بۇ زېمىننى ياۋچىلارغا تارتتۇرۇپ قويدى. مانا، مەنمۇ ياۋچىلارنىڭ ئىلكىدە بارىمتاي[3]بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن. ياق، بارىمتاي بولمايمەن، مەن ئەسلىدە ۋەلىئەھدى، تەڭرىقۇت تەختىنىڭ مىراسخورى، بىر ھەپتە بۇرۇن كۆنتەڭرى بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ كېتىشىم كېرەكلىكى توغرىسىدا بېشارەت بەردى. راست دېگەندەك ياۋچى خان مەن تۇرغان بۇ تاش بىنانىڭ ئەتراپىدا لەشكەر كۆپەيتتى، ھەتتا... ماڭا مەخسۇس ئاجرىتىلغان مۇلازىمەتلەرنىڭ ئورنىغىمۇ قوراللىق سىپاھلارنى قويدى، نازارەت كۈچەيتىلدى. مانا، ھېلىلا ئۇلۇغ توتېم چۈشۈمگە كىردى، قاراقۇش بىلەن كېدرا ئاسماننىڭ قايسى بۇرجىدىن كۆرۈنەركىن؟ جەۋزا[4]چۇ؟ جەۋزاجەر[5]نى پاتراق بەلگىلىسە، ئايتەڭرى چاقىرغان ھامان يولغا چىقسام. خەپ، بىر كۈنلەر كېلىدۇ، كۆكتەڭرى مەدەت بېرىدۇ، بۇ زېمىننى قايتۇرۇۋالىمەن!...“ ئاشۇنداق ئوي-خىياللار بىلەن ئۇيقۇنى تەرك ئېتىپ،

---

① قۇنجۇي — خانىشتىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان ئايال، ئىنىكئانا ياكى كېچىك خانلارنىڭ مەلىكىلىرى.
② كۈمۈش تېكىن — كۈمۈش تەنلىك قۇل-كېنىزەكلەر.
③ بارىمتاي — گۆرۈگە قويۇلغان شاھزادە.
④ جەۋزا — يۇلتۇز ئىسمى.
⑤ جەۋزاجەر — ۋاقىت.

www.uyghurkitap.com

يۇلتۇز تەڭرىلىرىنى ئىزدەپ كۆزلىرى تۆت بولغان، تاقىتى تۈگىگەن، ئالچى ھېدىسىنى تەشنالىق بىلەن سومۇرۇۋاتقان بۇ يىگىت ھون تەڭرىقۇتى تۈمەنخاننىڭ تۇنجى ئوغلى ئوغۇز ئىدى.

بىرنەچچە يىل بۇرۇن ئۇلۇغ ياۋچىلار بىردىنلا كۈچەيدى-دە، ھون قەبىلىلىرى ئىگىلەپ تۇرغان تېلەن، ئالچى تاغلىرىنى، خېشى كارىدورى بىلەن مۇگاۋ غارلىرىنى، قىسقىسى بۇ بىپايان سېرىق توپىلىق زېمىننى تارتىۋالدى. خانلىق قۇرۇپ، ساندىبىل شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. ھونلار بىلەن ئۇلۇغ ياۋچىلار يەنىلا تىنچىمىدى. نۇرغۇن قېتىملىق قانلىق يېغىدىن كېيىن ئىككى تەرەپ سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى، شەرتنامە ئىمزالاشتى. شەرتنامىنىڭ بۇزۇلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەت بويىچە تۈمەن تەڭرىقۇت ئوغلى، تاج مىراسخورى ئوغۇزنى، ياۋچى خان بولسا قىزىنى بىر-بىرىگە بارىمتاي قىلىپ بېرىشتى. مۇبادا ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلسىلا بارىمتاي قىلىنغانلار سۆزسىز ئۆلتۈرۈلەتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا دەھشەتلىك يېغى باشلىناتتى.

تاش بىنانىڭ تۇيۇقسىز قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنىشى — ھونلار بىلەن ياۋچىلارنىڭ يامانلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. شۇڭا، ئوغۇزنىڭ ھاياتى جىددىي خەۋپكە دۇچ كېلىۋاتاتتى. ئەجەل قۇشى تاش بىنا ئۈستىدە قانات قېقىپ ئەگىشكە باشلىغانىدى. شۇڭا ئۇ كۈندۈزى ئارام ئالمىدى، كېچىلىرى ئۇخلىمىدى، قېچىشنىڭ، بىر ئامال قىلىپ ئۆز تۇپرىقىغا، ئانا ماكانى — ئۇلۇغ پايتەخت — تەڭرىبالىق[1]قا، ئاتا-ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا بېرىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى، لېكىن ۋاقتنى، پەيتنى تەڭرىلەر بەلگىلەيتتى. ھېلىمۇ ئۇ كۈن، ھەپتە، ئايلارنى دادىسىنى، ئانىسى ئالچى ئايقاغانىنى، ئۆگەي ئىنى-سىڭىللىرىنى، ئوردا بەگلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى خاس

---

① تەڭرىبالىق — كۆكخوتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قەدىمىي ھون پايتەختى، كېيىن ھونلار بۇ يەردىن كۆچكەن.

مەھەرەم-يىگىتلىرىنى سېغىنىش، ئەسلەش بىلەن ئۆتكۈزدى. دېمىسىمۇ، كەلگۈسىدىكى مەشھۇر تەڭرىقۇت بۇ يەردە بىھۇدە ئۆلسۇنمۇ؟ تاج كىيىش، تەختتە ئولتۇرۇش، لەشكەر تارتىپ شەھەر، زېمىنلارنى ئىستىلا قىلىش، دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ دەۋران سۈرۈش... ئاھ! بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ شۆھرەت بارمۇ جاھاندا! ئوغۇز خىيال سۈرۈۋېتىپ ئۆزىچە دادىسىدىن رەنجىدى، بارىمتاي دېگىنى ھامان بىر كۈن ئۆلسەن، دېگەنلىك، مانا ئەمدى تەڭرىلەر نىدا قىلسا، ئۆلۈمدىن قۇتۇلسا.

شامال پەسەيدى، لېكىن ھاۋا سوغۇق ئىدى. كۆز كېچىسىنى ئوراپ تۇرغان سۇس تۇمان بارا-بارا تارقىلىشقا باشلىدى. نەدىندۇر كۆك بۆرىنىڭ يۈرەكنى تىترەتكۈچى ئەلەملىك ئاۋازدا ھۇۋلىغىنى ئاڭلانغاندەك بولدى. بۇ، ئوغۇزنىڭ قىياسى بولۇپ، ئەسلىدە غايىب ئاۋاز ئىدى. ئوغۇز چەكسىز ئۈمىد ۋە ئىنتىزارلىق ئىلكىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆكتەڭرىگە تېۋىندى، قايتا-قايتا تېۋىندى، ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ بەختىگە ئاسماننىڭ شەرقىي بۇرجىدىن قاراقۇش بىلەن گېدرا، غەربىي بۇرجىدىن جەۋزا بىلەن پېيگاس[1] كۆرۈندى. ئاھ! ئۇلۇغ-كىچىك تىندى ئوغۇز ھاياجانلىنىپ، — كۈتكەن پەيت يېقىنلاپ قالدى.

ئوغۇز يۇلتۇز تەڭرىلىرىگە تېۋىنغاندىن كېيىن دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى. تاش بىنانىڭ دەرۋازىسى ئېتىكلىك ئىدى، ئىككى نازارەتچى نۆكەر بىلەن ئىككى مۇلازىم دەرۋازا ئىچىدە سوغۇقتىن دۈگدىيىپ تۇرۇشاتتى. ھويلا تۇم قاراڭغۇ بولۇپ، بىرقەدەم نېرىدىكى نەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. ئوغۇز پەم بىلەن كېلىپ خېلىدىن بېرى يوشۇرۇنچە ساقلاپ كەلگەن بۇكتا[2] سىنى ئالدى-دە، بىر نۆكەرنىڭ دەل كۆكسىگە چەنلەپ ئۇردى، قالغانلىرىغا ئۈن چىقارماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق بەردى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىغا لاتا

---

① پېيگاس — يۇلتۇز ئىسمى.
② بۇكتا — خەنجەر.

تىقتى، قول-پۇتلىرىنى باغلىدى، بىرسىنىڭ دۇبۇلغا، ساۋۇتىنى، بىرسىنىڭ قالقىنىنى، بىرسىنىڭ قىلىچىنى ئالدى. دەرۋازا بوسۇغىسىنىڭ ئاستىدىكى ئۇيۇم-ئۇيۇم تاشلارنى شەپە چىقارماستىن قومۇرۇپ تۆشۈك ئېچىپ سىرتقا چىقتى. ئوردا ئاتخانىسى ئاتمىش قەدەمچە نېرىدا ئىدى، ئوغۇز گاھ ئۆمىلەپ، گاھ ئېڭىشىپ ئاتخانا ئىشىكىگە كەلدى.

— كىم؟ — مىراخور باشى قىلىچىنى يالىڭاچلىدى.

— قۇرت[1]!

— ھە، ۋاي... ۋايجان...

ئوغۇزنىڭ قولىدىكى قىلىچ مىراخور باشىنى ئىككى نىمتا قىلىپ تاشلىدى. ئۇ، ئاتخانىغا كىرىپ ئۇلۇغ ياۋچى خاننىڭ ياخشى كۆرىدىغان خاس تۇلپىرىنى يېتىلەپ چىققاندا ئاسمان باغرىدا كائىناتقا ئەمدىلا يۈز ئاچقان ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاي — ئايتەڭرى: "يولۇڭ ئۇغۇر[2] بولسۇن، ئالىپ[3] ئوغۇز!" دېگەندەك بىرخىل خۇش تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ تۇراتتى. ئوغۇز ئايتەڭرىگە زور ئىخلاس بىلەن تېۋىندى، ئاندىن بويىنىغا ئېسىلغان بىتىك[4]نى سۆيدى. بۇنى ئانىسى ئالچى ئايقاغان ئوغۇزنىڭ كىچىك چېغىدىلا تىكە تېرىسىدىن تىكىلگەن قاپقا بۆرە ئوشۇقى سېلىپ، ئاغزىنى تىكىپ بويىنىغا ئېسىپ قويغانىدى.

ئوغۇز دۇبۇلغا، ساۋۇتىنى كىيىپ، كۆبەن[5]، يۈگەنلىرى قاشتېشى ۋە ئالتۇن ساخت[6]لىق تۇلپارىغا مىندى-دە، ئوردا قوۋۇقىغا قاراپ ئات سالدى. قىلىچ-قالقانلارنىڭ، نەيزە-ئومۇتلارنىڭ جاراق-جۇرۇقلىرى كۆچەيدى.

---

① قۇرت — بۆرە.
② ئۇغۇر — خەيرلىك، ئاق يوللۇق.
③ ئالىپ — باتۇر.
④ بىتىك — تۇمار، پۈتۈك.
⑤ كۆبەن — ئېگەر.
⑥ ساخت — بېزەك، زىننەت.

ۋەھــمــىلىك ۋارقىراشلار، نالە-پەريادلار ساندىبىل شەھىرىنىڭ جىمجىت كېچىسىنى زىلزىلىگە سالدى. سىپىل كۈڭگىرىلىرىدا ئوت يالقۇنى كۆرۈندى. قوختىلاردىن ئېتىلغان يا ئوقلىرى ۋىژىلداپ ئۇچۇپ تۇن بوشلۇقىنى يىرىپ ئۆتتى. قوۋۇقلارنىڭ دەرۋازىلىرىدىمۇ ئاللا-چۇقان كۆتۈرۈلدى. كوچىلاردا توپ-توپ ئاتلىق نۆكەرلەر ئۇيان-بۇيان چېپىشاتتى. مەشئەللەر يورۇتۇپ تۇرغان جايلاردا سۇنايلىنىپ ياتقان جەسەتلەر، جان تالىشىۋاتقان يارىدارلار غىل-پال كۆرۈنۈپ قالاتتى.

تۇلپار تىزگىن سىرىپ قۇشتەك تېز ئۇچاتتى، گويا ئۇنىڭغا تالماس قانات بېكىتىپ قويغاندەك. ئوغۇزنىڭ قامچىسى تۇن ھاۋاسىدا قارسىلداپ دەھشەتلىك سادا چىقىراتتى، گويا ئاسماندا چاقماق چېقىلغاندەك... يوللار تــاشــلــىق، تاغلار ئېگىز، جىلغىلار قاراڭغۇ، داۋانلار تىك ئىدى، ھاڭلار ئەجدىھادەك ئاغزىنى ئېچىپ تۇراتتى. قارا تەرگە چۆمۈلگەن تۇلپار ئوغۇزنىڭ قولىغا چۈشكىنىگە خۇشال بولغاندەك بارغانسېرى تېز چاپاتتى. ئوغۇز ئېگەردە ئــەپــچىل، غالىبانە قىياپەتتە ئولتۇرۇپ، تۇن پەردىسى چۆمكەپ تۇرغان تاغ-ئېدىرلاردىن، ئېتىزلىقلاردىن ئۆتەتتى. تىزگىننى گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا بۇرايتتى، تۇلپار ھەممىگە ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇناتتى. كەينى تەرەپتە سانسىز ئاتلارنىڭ دۈكۈر-دۈكۈرى، مەشئەل كۆتۈرگەنلەرنىڭ قىيا-چىيالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بۇ ئاۋازلار گاھ ئاجىزلىشاتتى، گاھ كۈچىيەتتى. ياۋچىلار ئىز بېسىپ قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. ”قۇش قەنەتىن، ئەر ئەتىن“[1] دەيتتى ئــوغــۇز قــامــچىسىنى پۇلاڭلىتىپ، تۇلپار بولسا گويا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئــاڭلاۋاتقاندەك سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلىتەتتى. ئوغۇز ئالدىدا كېتىۋاتقان قاپقارا بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدى. قاراڭغۇدا بىر بۆرە پات-پات كەينىگە قــاراپ قــويــۇپ چــېپىپ كېتىۋاتاتتى، كۆزلىرىدە ۋىل-ۋىل كۆكۈچ نۇر چاقنايتتى. ”بۆرە! ئاھ توتېم، ئۇلۇغ توتېم! ... — دېدى ئوغۇز خۇشاللىقىدا

[1] ”قۇش قەنەتىن، ئەر ئەتىن — قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن“.

ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، — سەن يول باشلاۋېتىپسەن-دە! شۇنداق، سەن ئەجدادلىرىمىزغىمۇ يول باشلىغان، ئۇلارنى نىجادلىققا ئېرىشتۈرگەن، بۈگۈنچۇ؟ مەنمۇ ساڭا ئەگىشىپ نىجاد تاپىمەن". قامچا قارسىلدىدى، تۇلپارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا ئوت ئۇچقۇنلىرى ياندى.

سۇبھى بىلىق قاسىرقىدەك ئاقىرىپ تاڭدىن بەلگە بەردى، كۆك باغرىغا كۈمۈش رەڭ پەردە يېيىلدى، شەرق ئۇپۇقىدىن قىپقىزىل، ئوتلۇق گەردىشىنىڭ يېرىمى كۆرۈنگەن ھامان ئوغۇز توختىدى. "كۈن! كۈنتەڭرى! — دېدى ئۇ چەكسىز شادلىنىپ، — ماڭا قۇت بەرگەن تەڭرىگە تېۋىناي." ئوغۇز ئاتتىن چۈشۈپ كۈنگە قاراپ تىزلاندى، كۈنتەڭرىگە چوڭقۇر ئېتىقاد بىلەن تېۋىندى.

كۈنلەر، ھەپتىلەر ئۆتتى، ئوغۇزنىڭ كۆكۈچ يۈزى، چوغدەك قىزىل كالپۇكلىرى زەھەردەك ئاچچىق سوغۇق شۇئىرغاندا يېرىلدى، لېكىن كۆزلىرىدە قىلچە ھارغىنلىق سېزىلمەيتتى. بۇقىنىڭكىدەك بەردەم پۇتلىرى ئۈزەڭگىدە تۇرۇپ پات-پات تۇلپارنىڭ بىقىنلىرىغا تېگەتتى. تەڭگە ساۋۇت ئىچىدىكى بۆرىنىڭكىدەك بېلى، ئېيىقنىڭكىدەك كۆكسى، يىلپىزنىڭكىدەك مۈرىسى ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرەتكە تولغان مەغرۇر قىياپىتىنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرسەتتى، ئۇ ئاشۇ قىياپەتتە تۇغۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن بەدىنى قويۇق تۈكلەر بىلەن قاپلانغانىدى. تۇمەنخان بىلەن ئايقاغان ئوغلىغا قاراپ ھەيران قالدى. ئوردىدىكىلەرمۇ يىگىدىن ھاياتقا كۆز ئاچقان شاھزادىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ يەر تەڭرىگە، كۆكتەڭرىگە تېۋىنىشتى. پۈتۈن ئوردىنى تېخىمۇ قاتتىق ھەيرەتكە سالغىنى، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئانىسىنىڭ ئوغۇز سۈتىنى پەقەت بىر قېتىم ئېمىپلا ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچىلەپ ئەمچەككە قارىماي قويغىنى ئىدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭغا "ئوغۇز" دەپ ئىسىم قويۇلدى. ئوغۇز تېزلا چوڭ بولدى. خام گۆش يەيدىغان، شاراب ئىچىدىغان بولدى. ئەقىل يەتكەنسېرى ئەتراپىغا نۇرغۇن مەھرەم-يىگىتلەرنى توپلاپ ھەربىي مەشىق ئېلىپ باردى، چېنىقتى، تاۋلاندى. ئۇنىڭ كۈندىلىك

هاياتىغا كۆك كۆزلۈك، كۆك سىرتلىق بىر بۆرە ھەمىشە ھەمراھ ئىدى. بىر قېتىم ئۇ مەھرەم-يىگىتلىرى بىلەن ئوۋغا چىقتى. كۆك بۆرە ئۇنى باشلاپ كېتىۋەردى. ئۇ، پايتەخت تەڭرىبالىقتىن خېلىلا يىراق بولغان سۇبران[1] شەھىرى ئەتراپىغا كېلىپ توختىدى. بىرنەچچە كۈنلۈك ئوۋ جەريانىدا ئۇ، ئۆزۈندىن بىرى ئادەم، يىلقا-ماللارنى يەپ، سۇبران ئاھالىسىگە ئېغىر زىيان، ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى كەلتۈرگەن يىرتقۇچ ھايۋان قىئات[2]نى ئۆلتۈردى. ئوغۇزنىڭ باتۇرلۇق شۆھرىتى سۇبران ئاھالىسى ئارقىلىق پۈتكۈل ھون دىيارىغا تارقالدى. ھونلار شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنى ”باتۇر دەپ ئاتىدى. تۇمەنخان ئوغلىنىڭ بۇ ئىشىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىقتا چۆمۈپ ئۇنى ۋەلىئەھدى دەپ جاكارلىدى.

تۇلپار چاپماقتا، ئوغۇز ئالدىرىماقتا. يابراي[3]كۆلى ئارقىدا — يىراقلاردا قالدى. تۇلپار قار-مۇز باسقان ئالشا[4]ئېگىزلىكى بىلەن بوران-شىۋىرغاندا ئۇيان-بۇيان كۆچۈپ تۇرغان تەڭرىقۇملۇقى[5]ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتتى. ئوردوس يايلاقلىرىدا نېپىز قار ئاستىدىن چۆپ ئىزدىشىپ يۈرگەن توپ-توپ يىلقا، قوتاز، قوي، تۆگىلەرنىڭ دۈمبىسى ياكى ساغرىسىغا بېسىلغان تامغىلارغا قاراپ، ئوغۇز ھونلارنىڭ قىنىق[6]ۋە بايۇندۇر[7]ئۇرۇقلىرى ياشاۋاتقان زېمىنغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، قىنىقلارنىڭ چېدىرىغا كىردى.

— قېچىپ كەپسەن، ئوغۇز، — قىنىق ئاقساقىلى سوگىش ئۇنى قۇچاقلىۋالدى، — قۇتۇلۇپسەن، ساڭا تەڭرىلىرىمىز قۇت بېرىپتۇ، ئوغۇز.

---

① سۇبران — ھون شەھەرلىرىنىڭ بىرى.
② قىئات — تاق مۈڭگۈزلۈك ھايۋان.
③ يابراي — ئىچكى موڭغۇلدىكى كۆل.
④ ئالشا — ئىچكى موڭغۇلدىكى تاغ.
⑤ تەڭرىقۇملۇقى — ئىچكى موڭغۇلدىكى قۇملۇق.
⑥ قىنىق — ھونلارغا قاراشلىق قەبىلە.
⑦ بايۇندۇر — ھونلارغا قاراشلىق قەبىلە.

www.uyghurkitap.com

ئوغۇز قىنىقلارنىڭ چېدىرىدە مېھمان بولدى، ئاندىن بايۇندۇر ئاقساقىلى ئۇتار، قايىغ① ئاقساقىلى قەتمىشمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت بەردى ۋە نەي، داپ-دۇمباق چالدۇرۇپ پايتەختكە داغدۇغا بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. ئەمما ئوغۇز سوغناق② شەھىرىگە كەلگەندە شەھەر قوۋۇقىدا تۇرغان، دۇبۇلغىلىرىغا بۆرە بېشىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىككى لەشكەر ئۇنىڭ ئالدىنى توستى، نەيزىلىرىنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

— ئىم!③ — دەپ سوراشتى.

— بىلمەيمەن، — دېدى ئوغۇز ۋە ئۆزىنى تونۇشتۇردى، — مەن ئوغۇز، باتۇر ئوغۇز!

— ئېپىكت!④ — دېدى لەشكەرلەرنىڭ بىرى، — سەن ياۋچى ئۆترۈك⑤!

— ئەن،⑥ — ئوغۇز قەددىنى مەغرۇر تۇتۇپ جاۋاب بەردى، — مەن ئوغۇز، خاننىڭ ئوغلى، سەن بىلەن مەن يەردەش⑦.

شۇ ئارىدا قوۋۇق ئالدىغا يىگىرمە-ئوتتۇزچە ھون لەشكىرى توپلاندى. ھەممىسى نەيزە-قىلىچلىرىنى تەڭلەپ ئوغۇزغا يېقىنلاشتى. ئوغۇز دەسلەپ ئەجەبلەندى. ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ قالدى. بۇ ئاددىي، ياش لەشكەرلەر ئوغۇزنى كۆرمىگەن، ئۇنى كۆرگەن ياكى نامىنى ئاڭلىغانلارمۇ ئۇنىڭ ئۇستىۋېشىدىكى ياۋچىلارنىڭ لەشكىرىي كىيىمىنى كۆرۈپ "جاسۇس" دەپ ئويلاشقاندى. ئوغۇز دەرھال دۇبۇلغا بىلەن تەڭگە ساۋۇتنى سېلىپ

---

① قايىغ — ھونلارغا قاراشلىق قەبىلىلەر.
② سوغناق — ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرى.
③ ئىم — پارول.
④ ئېپىكت — يالغان.
⑤ ئۆترۈك — ھىيلىگەر، يالغانچى.
⑥ ئەن — ياق.
⑦ يەردەش — يۇرتداش، بىر يۇرتلۇق.

تاشلىدى، بېشىدا كەدۆك[1]، ئۈچىسىدا يىپەك بەرتۇ[2] بىلەنلا قالدى. نۆكەر-لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك قىياپىتى نامايان بولدى.

— ئوغۇز! — دېدى بىرسى ئۇنى تونۇپ، — ئوغۇز باتۇر!

— ئوغۇز، ئالىپ ئوغۇز، — دېيىشتى باشقىلارمۇ تەڭلا.

— ئەيلۇق-ئەيلۇق[3] — دېدى ئوغۇز خۇشال بولۇپ.

نۆكەر-لەشكەرلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ: "بىزنى كەچۈر، ئۇۋۇلاندۇق-ئۇۋۇلاندۇق"[4] دېيىشكىنىچە ئوغۇزنى قۇچاقلاشتى، ئوغۇز جاۋابەن بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆكتەڭرىگە تېۋىندى. جەغرىبەگ[5] ئىسىملىك ئونبېشى ئوغۇزنى قوۋۇق ئىچىگە باشلاپ كىردى. ئاڭغىچە سول قول ئۇلۇغ سانغۇن، ئوڭ قول ئۇلۇغ سانغۇن[6] بىلگىبەگ[7]... قاتارلىق ھەربىي باشلىقلار ئوغۇزنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئالدى ۋە بارگاھقا باشلاپ ماڭدى؛ شەھەر كوچىلىرى، ئىشىكلىرى كۈنچىقىشقا قاراپ ئېچىلغان[8] سان-ساناقسىز ھەربىي چېدىرلار بىلەن تولغانىدى. ئاتلىق، پىيادە لەشكەرلەر توپ-توپ بولۇپ يۈرۈشەتتى، ئۇلارنىڭ بېشىغا ياكى يەڭلىرىگە بەرجەم[9] قادالغانىدى. "ياۋچىلارنىڭ مېنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىشى بىكار ئەمەسكەن-دە، ئاتام ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بېسىپ بارغۇدەك..." ئوغۇز بارگاھ ئالدىغا كەلدى. بارگاھ ئۈستىدىكى توققۇز مومىغا ھونلارنىڭ بۆرە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن

---

① كەدۆك — يۇڭدىن توقۇلغان، دۇبۇلغا ئىچىگە كىيىدىغان ھونچە باش كىيىم.
② يىپەك بەرتۇ — يۇڭ سېلىپ سېرىلغان قىسقا كەمزۇل.
③ ئەيلۇق — شۇنداق، ھەئە.
④ ئۇۋۇلاندۇق — خىجىل بولدۇق.
⑤ جەغرىبەگ — قارچۇغابەگ.
⑥ سانغۇن — سەركەردە، گېنېرال.
⑦ بىلگىبەگ — دانىشمەن، ئەمىر، مەسلىھەتچى.
⑧ ھونلارنىڭ ئۆيى — چېدىرلارنىڭ ئىشىكى كۈن چىقىشقا قاراپ بېكىتىلەتتى.
⑨ بەرجەم — ھون قوشۇنلىرىنىڭ جەڭ باشلىنىشتىن بۇرۇن تاقايدىغان بەلگىسى — قوتاز قۇيرۇقى.

www.uyghurkitap.com

توققۇز بايرىقى ئېسىلغانىدى. قىزىل، ئاق، قارا يۇڭ يىپلاردىن توقۇلغان پالاسلار بىلەن ياسالغان چېدىر ئېگىز ھەم كەڭ ئىدى. ئوغۇز تۆردە ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا سانغۇنلار، بىلگىبەگ، ئۇنىڭ تۆۋىنىدە باتىسخان، تۇمەنبېشى، مىڭ بېشىلار ئۆز مەرتىۋە دەرىجىلىرى بويىچە ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇشتى. داستىخان سېلىندى، سوكۇش[1]، يۇركەمەچ[2]لەر، ئىدىش-ئىدىش شارابلار كەلتۈرۈلدى. تائام ئۈستىدە قىزغىن سۆھبەتلەر داۋام قىلىندى. ئوغۇز بىلىدىكى، ھونلار بىلەن ئۇلۇغ ياۋچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلغان، شۇ سەۋەبتىن تۇمەن تەڭرىقۇت ياۋچى ئېلىگە باسقۇن قىلىش توغرىسىدا تۇغراغ[3]چۈشۈرگەن. ھون لەشكەرلىرى مۇشۇ شەھىرى سوغىناققا كەلگەندە ھاۋا بۇزۇلۇپ، كۈندۈزى كۈن، كېچىسى ئاي تۇتۇلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن كۈنتەڭرى بېشارەت بېرىپ، ئايتەڭرى تولغاندا سەپەرگە ئاتلانماقچى بولۇپ كۈتۈپ تۇرۇشقان.

— سەن باتۇر، قورقماس يىگىتسەن، — دېدى بىلگىبەگ سۆھبەت داۋامىدا ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلەن، — ياۋچىلارنىڭ ئەھۋالىنىمۇ بىلىسەن، يوللارمۇ ساڭا تونۇش، شۇڭا ئىمدى[4]سەن ئوگدىن يورۇت[5]، بىزگە باش بول.

— تەڭرىقۇتنى، ئانامنى سوم سېۋىندىم[6]— ئوغۇز ھاياجىنىنى بېسىۋېلىپ دېدى، — لېكىن... بىلگىبەگنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىمەن.

ئوغۇزنىڭ سۆزى ھەممەيلەنگە ياقتى، قىزغىن چاۋاك چېلىندى. تائام

---

① سوكۇش — ئوغلاق گۆشى.
② يۇركەمەچ — ئىنچىكە ئۈچەيگە قېرىن، ئۆپكە قاتارلىقلارنى تىقىپ پىشۇرغان كاۋاپ — ھونلارنىڭ بىرخىل تامىقى.
③ تۇغراغ — ھون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ يارلىق-پەرمانى.
④ ئىمدى — ئەمدى.
⑤ ئوگدىن يورۇت — ئالدىدا ماڭ، باشلاپ ماڭ.
⑥ سوم سېۋىندىم — بەك سېغىندىم.

يېيىشىلىپ بولۇندى. خۇش كەيپ سورۇن ئەھلى شۇمشە[1] چاينىشىپ ئولتۇرۇپ ئىدىشلاردىن ئاياغلارغا شاراب قۇيۇپ ئىچىشكە باشلىدى.

ھاۋا ئوچۇق بىر كېچىسى ئايتەگرى يۈز ئاچتى، باتۇر ئوغۇز قوماندانلىقىدىكى ھون ئاتلىق قوشۇنى ھەربىي يۈرۈشنى باشلىدى. سان-ساناقسىز ئاتلارنىڭ تۆمۈر تاقىلىرى بادائىن جاران[2] قۇملۇقىنى چەيلەپ ئۆتتى. ئاسمان-پەلەككە كۆتۈرۈلگەن، يىراق-يىراقلارغا سوزۇلغان، كۈن نۇرىنى توسقان سايىسىرىق چاڭ-توزان ياۋچىلار چېگرىسىغا يېقىنلاپ كەلدى، ياۋچى لەشكەرلىرى قارشىلىق كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالماي چېكىندى. لېكىن ھون قوشۇنلىرى خېشى كارىدورىغا كەلگەندە ياۋچى قوشۇنلىرى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. دەھشەتلىك يېغى باشلاندى. تاغۇ-تاشلار، جىلغا-جىرالار، ئوتلاق، قۇملۇقلار، ئېكىنزارلار، ئادەم ۋە ئاتلارنىڭ جەسەتلىرى، سۇنغان، كاردىن چىققان نەيزە-قىلىچ، قالقانلار بىلەن تولدى. ئاسماندا ئۇچۇشۇپ يۈرگەن قاغا-قۇزغۇنلارنىڭ كۆپلىكىدىن كۈن نۇرى توسۇلۇپ پايتەخت ساندىبىل ئاسمىنى خۇددى گۈگۈم پەردىسى يېپىنغاندەك بىر ھالەتكە كېلىپ قالدى. ساندىبىل شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسى خېلى مۇستەھكەم ئىدى. باتۇر ئوغۇز بۇنى بىلگەچكە سانغۇنلارغا ھۇجۇمنى توختىتىپ شەھەرنى بىر مەزگىل قورشاپ تۇرۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىنى كۆك ئاتلىق، غەرب تەرىپىنى ئاق ئاتلىق، شىمال تەرىپىنى قارا ئاتلىق، جەنۇب تەرىپىنى قىزىل توروق ئاتلىق قوشۇن مۇھاسىرىگە ئالدى. مۇھاسىرە ئىككى ئايغا سوزۇلدى. بۇ جەرياندا ھون قوشۇنلىرى دەم ئېلىپ، سەپلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، تولۇقلاپ ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋالدى. قامال ئاستىدىكى ياۋچى قوشۇنى بىلەن شەھەر ئاھالىسى ئوزۇق-تۈلۈك، سۇدىن قىيىنىلىپ ھالسىزلاندى. ئاخىر پايتەختى ۋە ئۆزلىرىنى

① شۇمشە — يېگىلى بولىدىغان بىرخىل ئۆسۈملۈك.
② بادائىن جاران — ئىچكى موڭغۇلدىكى قۇملۇق.

www.uyghurkitap.com

ساقلاپ قېلىشقا كۆزى يەتمىگەن ياۋچىلار بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنى بۇزدى-دە، ناھايىتى زور بەدەل بېرىش، قۇربان بېرىش ھېسابىغا قورشاۋنى يېرىپ ئۆتۈپ غەربكە قاچتى. ھونلارنىڭ قەدىمىي زېمىنى قايتۇرۇۋېلىندى.

تۈمەن تەڭرىقۇت غالىبلىرىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئوردا ئەھلى ۋە نۇرغۇن قوشۇن بىلەن تەڭرىبالىقتىن قىرناق[1] شەھىرىگە كەلدى. شەھەر سىرتىدىكى دالىغا چېدىر-بارگاھلار تىككۈزدى. قوي، تۆگە، كالا ئۆلتۈرگۈزۈپ كاتتا زىياپەت تەييارلىدى.

ئوغۇز باتۇر غالىبىيەت تۇغىنى كۆتۈرگەن ھون قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىدا كەلمەكتە ئىدى. ئۇ، قىرناق دالىسىغا كىرگەندە، داقا-دۇمباق، نەي-سۇنايلار چېلىندى. ئوغۇز باتۇر قارشى ئالغۇچىلار سېپىنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان دادىسى تۈمەن تەڭرىقۇتنى، ئۇنىڭ يېنىدىكى تۇقشىنى — ئۆگەي ئىنىسىنى كۆرۈپ سەل تاتاردى، كۆڭلى غەش بولدى، چۈنكى تەڭرىقۇتنىڭ يېنىدا پەقەت ئۇنىڭ تەخت ۋارىسىلا بىللە مىڭىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. ئاتا-ئانا مېھرى، سېغىنىش، ۋىسال ئارزۇسى ئوغۇز باتۇرنىڭ گۇمانلىرىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ نېرى كەتكۈزدى.

— ئوغلۇم ئوغۇز!

— قوزام، باغرىم.

— باتۇرۇم!

تۈمەنخان، ئالدىن بىرخون[2] ئەبمەك[3]نى ئىككى قوللاپ كۆتۈرگەن ئالچى ئايىغان، ئۇنىڭ كەينىدىن بىر جۈپ ئالمىنى تۇتقىنىچە ئالچى سۇجۇك يۈگۈرۈپ كېلىشتى، ئوغۇز باتۇرنى نۆۋەت بىلەن قۇچاقلاشتى، باغرىغا بېسىپ سۆيۈشتى. ئوغۇز باتۇر ئانىسى بىلەن سۆيگىنى تەڭلىگەن

① قىرناق — ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرى.
② بىرخون — توقۇز نان بىر خون بولىدۇ.
③ ئەبمەك — ھازىرقى ھەممەك نان.

ئارمغان[1]لەرنى هۆرمەت-تەزىم بەجا كەلتۇرۇپ تۇرۇپ قوبۇل قىلدى. ئەمما ئوغۇز باتۇرنىڭ كۆڭلى هامان تەشۋىش، گۇمانلاردىن خالىي ئەمەس ئىدى. زىبايەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دۇبۇلغا، ساۋۇت كىيگەن، ئالتۇن-كۈمۈش، قاشتېشى بىلەن زىننەتلەنگەن سىدرىم[2]لىرىغا قىلىچ، ئوقيا ئاسقان هون لەشكەرلىرى بىلەن يىپەك، كىمخاپ، شايىلاردىن تىكىلىپ، كۆنجەك[3]، يەڭ، پەشلىرىگە كەشتە تىكىلگەن رەڭگارەڭ كىيىملەرنى كىيگەن، پۇتلىرىغا باشماق كىيىپ، بۆك، تەلپەكلىرىگە لاچىن پەيلىرىنى قادىشۋالغان قىرناق ئاهالىسى بىرلىكتە ئوغۇز باتۇرنىڭ جەڭلەردە كۆرسەتكەن قەهرىمانلىقى ۋە تىنچ-ئامان قايتىپ كەلگەنلىكىگە ئاتاپ كۆكتەڭرى، كۈنتەڭرى، يەرتەڭرىلىرىگە تېۋىنىدى، ئىبادەت قىلىشتى، شەهەر، يېزا، يايلاقلاردىن تاللىنىپ كەلگەن يۈزلىگەن قامان ۋە قام[4]لار توپ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدانغا چىقىپ ناغرا-سۇناي، دۇمباق ساداسىغا قوللىرىدىكى چوڭ-كىچىك تۆمرۈك[5]لىرىنى تەڭكەش قىلىپ چېلىپ ساما سالدى.

كەچتە هەممەيلەن ئۆز چېدىرلىرىدا دەم ئېلىۋاتقاندا تەگرىقۇت تەختى جايلاشقان قىزىل چېدىردا تۈمەنخان بىلەن ئوغۇز — ئاتا-بالا تەنها سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. بىر چاغدا چېدىر ئىشىكىدە غۇيان[6]لىق يابغۇ[7] توغرۇل[8]بەگ پەيدا بولدى.

---

① ئارمغان — سوۋغا-سالام، هەدىيە.
② سىدرىم — كەمەر، پوتا، بەلباغ.
③ كۆنجەك — ياقا.
④ قام — ئايال بۈۋى، كاهىن.
⑤ تۆمرۈك — داپ.
⑥ غۇيان — هونلارغا قاراشلىق يۇقىرى نەسەبلىك قەبىلىلەرنىڭ بىرى.
⑦ يابغۇ — باش ۋەزىر.
⑧ توغرۇل — بىرخىل يىرتقۇچ قۇشنىڭ نامى بولۇپ، هونلاردا ئادەم ئىسمى بولۇپ كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

— ئۇلۇغ ئابا[1] جەقرەر[2] — دېدى ئۇ ئوغۇز باتۇرغا قاراپ تەزىم قىلىپ،
— كىلاجۇم[3] بار، دەيدۇ.

ئوغۇز باتۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتىسىغا تەزىم قىلدى. كەينىگە شوخشۇيدى، تۆمەن تەگرىقۇت ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى:

— فەت[4] ئۇخلا! — دېدى بۇيرۇق ئاھاڭىدا.

— تەڭرى قۇت بەرگەن ئۇلۇغ قاغانىم[5] — ئوغۇز باتۇر ئاتىسىغا يەنە بىر قېتىم ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، — كۆكتەڭرى بىلەن يەرتەڭرىنىڭ نامى بىلەن ئىجازەت سورايمەن.

تەڭرىلەرنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغاندىن كېيىن تۆمەنخان جىم تۇرۇپ قالدى. ئوغۇز باتۇر قەددىنى رۇسلاۋېتىپ دېدى:

— بەن بەردۇ[6] كىبا ئۆژلەك[7]

ئوغلىنىڭ كۆزلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان قەتئىيلىكنى كۆرۈپ تۆمەنخان ئىختىيارسىز ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدى. ئوغۇز باتۇر دادىسىنىڭ كۆزلىرىدە پەيدا بولغان بىرخىل ئەنسىزلىك، خىجىللىق ئىپادىلىرىنى كۆرمىدى. ئۇ ئالدىراپ چېدىردىن چىققاندا ئىشىكتە كۈتۈپ تۇرغان يابغۇ توغرۇلبەگ ئۇنى ئالچى ئايقاغاننىڭ قىزىل چېدىرىغا باشلاپ قويۇپ ئۆزى كېتىپ قالدى.

ئالچى ئايقاغان ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بىلگە خان، ئىبىل قوساي، قۇتىغۇ مەلىكىلىرى ئوتتۇرىسىدا، چېدىر تۆرىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن جىنجۇ[8]لىرى ۋە خاس كۈمۈش تىكىنلەر چېدىر دىۋارىدا ھالقا

---

[1] ئابا — ئانا، ئاپا.
[2] جەقرەر — چاقىرىۋاتىدۇ.
[3] كىلاجۇم — سۆزۈم.
[4] فەت — يېنىمدا، قېشىمدا.
[5] قاغانىم — شاھىم، پادىشاھىم، خاقانىم.
[6] بەن بەردۇ — مەن باراي، چىقاي.
[7] كىبا ئۆژلەك — سەل تۇرۇپ كېلىمەن.
[8] جىنجۇ — ئۈنچە-مەرۋايىت، ئوغۇزلاردا كېنىزەك.

شەكىللەندۈرۈپ ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالتۇن-كۈمۈش گەردىشلىك داپلارنى تۇتۇشقان ياش قاملار ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. قاتار-قاتار مەشئەللەرنىڭ يورۇقىدا چېدىر ئىچى ئاجايىپ سۈرلۈك تۈس ئالغانىدى. بۇ، ئالچى ئايقاغاننىڭ ئوغلى بىلەن دىدارلىشىش شەرىپىگە ئۇيۇشتۇرغان تەڭرىگە تېۋىنىش مۇراسىمى ئىدى.

— باتۇرۇم، جەغرىم.[1]

مەلىكىلەر ئارىسىدا ئولتۇرغان ئالچى سۆجۈك چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، كېلىپ ئوغۇز باتۇرنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى ۋە ئۇنى قاملارنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئوغۇز باتۇر كۆكتەڭرىگە تېۋىندى. مۇراسىم تۈگىگەندىن كېيىن چېدىردا ئانا-بالا تەنھا قېلىشتى.

— كۆزۈمدىن ئۇچتۇڭ، قوزام، سېۋىندىم، بېغىرىم خۇن بولدى. سېنى ياۋ قولىدا ئۆلۈپ كېتەرمۇ دەپ قورقتۇم. تەڭرىلەر شەپقەتلىك ئىكەن، قۇت بەردى، سېنى ماڭا قايتۇردى. ھە، ئىمدى قەت تۇر[2]، لېكىن، لېكىن ... ئاھ، تەڭرىم!

ئالچى ئايقاغان ھەم شادلىق ھەم ھەسرەت ئىچىدە يىغلاپ ياش تۆكتى. ئوغۇز باتۇر ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى گۇمانلىرى بىلەن ئانىسىنىڭ ھەسرەتلىك ياشلىرىدا ۋە تەڭرىنى تىلغا ئېلىپ قىلغان ئاخىرقى خىتابلىرىدا قانداقتۇر بىر باغلىنىش بارلىقىنى سەزدى.

— ئۇلۇغ ئابا، — ئوغۇز باتۇر ئانىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ باغرىغا باش قويدى، — يىغلىما، مېنى چاقىرىپسەن، بىر گېپىڭ بار سېنىڭ، ئوچۇق ئېيت، تۈيۈپ تۇرىمەن، ئاتام بىر شۇملۇق قىلدى بولغاي، تۇقشنى ئۇنىڭ يىنىدا كۆرۈپ بىلگەنىدىم. ئېيت ئاپا، مەن ھەممىنى بىلەي.

— جېنىم باغرىم، — ئايقاغان خېلى بىر ۋاقىتقىچە كۆز يېشىنى

① جەغرىم — قارچىغام.
② قەت تۇر — يېنىمدا تۇر.

www.uyghurkitap.com

توختىتالماي قالدى، ئوغلىنى ئۇزاققىچە سۆيدى، ئاندىن ياشلىرىنى سۈرتۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئوغۇزۇم، باتۇرۇم، مەنمۇ شۇ ئاتاڭنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا يىغلايمەن. ھازىرمۇ ساڭا شۇنى دېمەكچى ئىدىم، — ئايقاغان بېشىنى كۆتۈرۈپ چېدىر چاڭغىرىقىدىن تۇن بوشلۇقىغا قاراپ كۆكتەڭرىگە تېۋىنىپ قويدى، — سەن ئۇلۇغ تەڭرىقۇت تۇمەنخاننىڭ تۇنجى ئوغلى، تۇمەن تەڭرىقۇت سېنى تەخت مىراسخورى دەپ جاكارلاپ پۈتكۈل ھون ئېلىگە تۇغراغ چۈشۈرگىنى ھېلىمۇ ھەممىنىڭ يادىدا، لېكىن ئاتاڭ سېنى ياۋچىلارغا بارىمتاي قىلىپ ئەۋەتكەندىن كېيىن ئۆزۈن ئۆتمەي تۇغراغنى بىكار قىلدى، بۇنىڭ سەۋەبىنى سەن بىلمەيسەن، ئەنە، چاڭغىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆكتەڭرى، ئايتەڭرى گۇۋاھ، ئوغلۇم، كىچىك ئالچى چىلغۇزا[1]ئۇلۇغ تەڭرىقۇتنى... ئاھ بۇنى ساڭا قانداق دېيەلەيمەن؟ تەڭرىم، ئۇلۇغ تەڭرىلىرىم ئوغلۇمغا قۇت بەرگىن، قۇت.

ئايقاغان ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ يەنە ياش تۆكۈشكە باشلىدى. ئۇلۇغ ئانا، ئېرى تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاساسەن كۈندە دېگۈدەك كېچىنى كىچىك ئالچىسى چىلغۇزىنىڭ ھەرىمىدە ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنى بولسا يادىدىن چىقىرىپ قويغانلىقىنى، كارى بولمىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كۈندەشلىك، رەشك يالقۇنلىرىدا ئۆرتىنىپ-كۆيۈپ ئازابلانغانلىقىنى، چەككەن دەرد-ھەسرەتلىرىنى ئەر يەتكەن يۈرەك پارىسى — ئوغلىغا قايسى تىلى بىلەن ئىزھار قىلالىسۇن. ئايقاغان يىغىسىنى توختىتىپ پەقەت تۆۋەندىكى سۆزلەرنىلا ئېيتالىدى:

— ئاتاڭ ئاخىر كىچىك ئالچىنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئوغلى — ئۆگەي ئىنىڭ تۇقشىنى تەخت ۋارىسى دەپ جاكارلىدى، تۇغراغمۇ چۈشۈردى، دېمەكچى بولغىنىم شۇ.

ئوغۇز باتۇر ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا غەزەپتىن تىترەيتتى، ئايقاغان بولسا

---

① چىلغۇزا — تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئىككىنچى خوتۇنىنىڭ ئىسمى.

ئەمدى يىغلىمايتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ چېدىر ئوتتۇرىسىغا كەلدى ۋە ئۈنلۈك ئاۋازدا خىتاب قىلدى:

— ئاھ، ئۇلۇغ كۆكتەڭرىم، يەر تەڭرىم، كۈن، ئاي، يۇلتۇز تەڭرىلىرىم، ئەلكىنلىك[1]تە — تۇتقۇنلۇقتا قالغان ئوغلۇمنى ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بەردىڭ، ماڭىمۇ، ئوغلۇمغىمۇ قۇت بەردىڭ. ھون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ تاج-تەختىگە ئەزەلدىن تۇنجى ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن، تۇمەنخان بۇ ئۇلۇغ-مۇقەددەس قانۇننى بۇزدى، گۇناھكار بولدى. چىلغۇزنىڭ ئاتىسى شابۇ[2]دەك ئېسىل ئۇرۇقتىن چىققان قۇتىغۇ بولسىمۇ، لېكىن ئانا تەرەپ جەمەتى ئەشەق[3]لەر. ھەم ئۆزىمۇ بىر ئەرسۇ.[4]شۇنداقكەن، ئۇنىڭ ئوغلى تۇقۇش تەڭرىقۇت بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس. تەڭرىلىرىم سىلەر بۇ ئۆتۈرۈكلەرنى جازالاڭلار. ھونلارنىڭ ئۇلۇغ تەڭرىقۇتلۇق سەلتەنىتىنى، تاجۇ-تەختىنى ئېسىل نەسەبلىك، ئەقىللىق، قەيسەر ئوغلۇم ئالىپ ئوغۇزغا بېرىڭلار.

ئالچى ئايقاغاننىڭ يۈرەكنى تىترىتىدىغان تەسىرلىك خىتابلىرى تۈگىگەن ھامان چاڭغىراقتىن سىزىلگەن بىغۇبار ئايتەڭرى كۆرۈندى، نۇر چاچتى، كۈلدى. يۇلتۇز تەڭرىلەرمۇ جىمىرلاپ تەبەسسۇم قىلدى. ئوغۇز باتۇرنىڭ قۇلىقىدا ئانىسىنىڭ خىتابلىرى ياڭرايتتى. ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرى تىك-تىك تۇردى، كۆزلىرىدە دەھشەتلىك بىر ئوت ياندى، كۆكۈچ يۈزى لىپىلدىدى، يىلپىزنىڭكىدەك ھەيۋەتلىك مۈرىسى غەزەپتىن تىترىدى، ئېيىقنىڭكىدەك كەڭ كۆكسى بىر پەسىيىپ، بىر كۆتۈرۈلەتتى. ۋۇجۇدىدا تەڭداشسىز بىر كۈچ-قۇدرەت ماگمىسى پارتلاپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

---

① ئەلكىنلىك — مۇساپىرلىق.

② شابۇ — ھونلارغا قاراشلىق يۇقىرى نەسەبلىك ئۇرۇقنىڭ نامى، ئوردا ئەمەلدارلىرى شۇلاردىن تاللىناتتى.

③ ئەشەق — تۆۋەن، پەس.

④ ئەرسۇ — قەدىرسىز نەرسە.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ غەيرىي، بەدھەيۋەت قىياپىتىدىن ھېچنېمىگە تىز پۈكمەيدىغان، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جاسارەت ۋە مەغرۇرلۇق ئىپادىلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. خىلىدىن كېيىن ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئانىسىغا ئېگىلدى، ئاندىن بېشىنى يۇقىرى كۆتۈردى، كۆكتەڭرى بىلەن يەر تەڭرىنىڭ ئۇلۇغ نامىنى ئېلىپ قەسەمىيات قىلىشقا باشلىدى.

پايتەخت تەڭرىبالىق بايرام تۈسكە كىرگەنىدى. شەھەر ئاھالىسى چىرايلىق ياسىنىپ ناغرا-سۇناي چېلىشاتتى. قامانلار بىر گۇرۇھ، قاملار بىر گۇرۇھ بولۇپ، مەخسۇس سورۇن تۈزۈپ كۈنتەڭرىگە، كۆكتەڭرىگە بېغىشلانغان قەسىدىلەرنى ئوقۇشتى، ئۇسسۇل ئويناشتى. ھون ئوردىسىنىڭ ئىچى-تېشى ۋە ئوردا سەينالىرى تويغا كەلگەن مېھمانلار بىلەن توشتى. توي، تەنتەنە، خۇشاللىق ئەۋجىگە چىقتى. زىياپەتلەر ئىنتايىن مول بولدى. ئوغۇز باتۇر بىلەن ئالچى سۈجۈكنىڭ توي مۇراسىمى دەبدەبە بىلەن ئۆتتى. ئوغۇز باتۇر يارى بىلەن قوشۇلىدىغان كەچتە ئاتىسى تۈمەن تەڭرىقۇت بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلىشىپ، ئۇلۇغ ياۋچىلار خانى بارىمتاي قىلىپ بەرگەن خانزادىنى ئازاد قىلغۇزدى ھەمدە ئۇنىڭغا چۆرە، مۇھاپىزەتچى نۆكەر-لەشكەرلەرنى قوشۇپ غەربكە يولغا سالدى. ئوغۇز باتۇر بىرنەچچە ئايغىچە خاس قەسرىدە تەڭداشسىز گۈزەل مەھبۇبىسى سۈجۈك بىلەن ياشلىق، مۇھەببەت ۋىسالىنىڭ پەيزىنى سۈردى. بىراق ئاتىسىنىڭ ۋاپاسىزلىقى، ئانىسىنىڭ يىغا ئارىلاش قىلغان خىتابلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى قاتتىق ئازابلايتتى. دەردى كۈنسېرى كۆچىيەتتى. تاج كىيىپ، تەختتە ئولتۇرۇپ، تەڭرىقۇتلۇق شان-شەرىپى بىلەن ئۇزۇن يىللار دەۋران سۈرۈپ ياشاش ئىستىكى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ باراتتى. يۈرىكى شۆھرەت ياالقۇنلىرىدا تاۋلىنىپ، ۋۇجۇدى ئىستىلاچىلىقنىڭ دەبدەبىسى، ھۇزۇرى، لەززىتى بىلەن مەست بولاتتى، شۇڭلاشقا ئۇ ھەر كۈنى دىگۈدەك ئالچى ئايىغاغىغا ئەگىشىپ، سۈجۈكنى يېتىلەپ، پايتەخت يېنىدىكى مەشھۇر ھون گۋادۇبۇسىغا[1] بىرىپ تەڭرىلەرگە تېۋىناتتى،

---

[1] ھون گۋادۇبۇ ـــ ھون ئىبادەتخانىسى.

قامانلاردىن دۇئا ئالاتتى. زېرىككەن، ئىچى پۇشقان چاغلاردا ئايىغانىنىڭ ھەرىمىدە جىنجۇلار، كۈمۈش تېكىنلەر، قاملارنىڭ شېرىن سۆھبەتلىرىگە داخىل بولاتتى، نەغمە ئاڭلايتتى، ئۇسسۇل كۆرەتتى. قامان بىلەن قاملارنىڭ داپ چېلىپ پىرە ئوينىشلىرى ھەممىدىن قىزىق ئىدى.

بىر كۈنى تۈمەن تەڭرىقۇت ئوردا زىياپىتى ئۆتكۈزدى، بۇنداق چاغلاردا تۈمەنخان چوقۇم بىرەر مۇھىم قارارنى ئېلان قىلاتتى. ئوغۇز باتۇر ئوردا مۇراسىم زالىنىڭ تۆرىدە، دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان تۇقشىنى كۆرۈپ شەھىرى قىرناقتا — ئانىسىنىڭ چېدىرىدا قىلغان قەسىمىنى يادىغا ئالدى. زىياپەت ئۈستىدە تۈمەن تەڭرىقۇت ئوغلى ئوغۇزنىڭ قىئاتنى ئۆلتۈرگەنلىكى، ياۋچىلار قولىدىن يەم بىلەن قېچىپ قۇتۇلغانلىقى، يەنە قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ ياۋچىلارنى مەغلۇپ قىلىپ ئۇلارنىڭ قولىدىكى زېمىنلارنى قايتۇرۇۋالغانلىقى... قاتارلىق شانلىق، ئۇلۇغۋار پائالىيەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ كۆپ ماختىدى. ئوغۇز باتۇر بىلەتتىكى، ئاتىسى ئۆزىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئوغلى ئوغۇزنىڭ دادىسىنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشى ئۈچۈن كۆڭلىگە پۈككەن، تېخى ھېچكىمگە دېمىگەن بىر پىكرىنى قارار سۈپىتىدە ئېلان قىلدى:

— ئوغلۇم ئوغۇز كىچىكىدىن باشلاپ ھەربىي ھەمىلەرنى پىششىق ئۆگەنگەن، ئۆزىمۇ ھوشيار، قەيسەر يىگىت، بۈگۈندىن باشلاپ ئۇ ئىلكىمدىكى پۈتكۈل ھون قوشۇنىغا باش بولسۇن، قوشۇننى جەڭگە تەييارلىسۇن!

ئاشۇ تەنتەنىلىك جاكاردىن كېيىن ئەتىسى تەڭرىقۇتنىڭ ئالتۇن مۆھۈرى بېسىلغان تۇغراغ چۈشۈرۈلدى. ئوغۇز باتۇر تەڭرىلىرىگە تېۋىنىپ قىلغان تەلەپ-ئىلتىجالىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چەكسىز ئارزۇلارغا چۆمۈلدى، شۇ ئارزۇلاردىن زېھنى، ئەقلى ئۆتكۈرلەشتى. ئۇ، ھون قوشۇنلىرىنى قايتىدىن تەرتىپكە سالدى. پايتەخت ئەتراپى ۋە ھون زېمىنىدىكى چوڭ-كىچىك شەھەرلەردە، مۇستەھكەم ھەربىي

قەلئەلەرنى قۇردى. قوشۇنلارنىڭ سانىنى كۆپەيتتى. هون ئارمىيىسىنى ئىنتىزاملىق، جەڭگىۋار، يېڭىلمەس بىر قوشۇنغا ئايلاندۇرۇش يولىدا هارماي-تالماي ئىجتىهات قىلدى. ئۇ يەنە كۆپ قېتىملىق تەجرىبىلەر، ئارقىلىق ئاۋازلىق ئوقيا ئىجاد قىلدى. ئۆز ئىجادىيىتىنى پۈتكۈل هون قوشۇنى ئىچىدە كېڭەيتتى.

هەش-پەش دېگۈچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. هون قوشۇنى كۈندىن-كۈنگە زورايدى، كۈچەيدى. ئوغۇز باتۇر ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقى، سەزگۈرلىكى، كۈچتۈڭگۈرلىكى بىلەن هون قوشۇنى ئىچىدە قەهرىمان سەركەردىگە خاس كاتتا شۆهرەتكە، يۈز-ئابرويغا ئىگە بولدى.

بىپايان يايلاقلاردا ياپيېشىل ئوت-چۆپلەر يەلپۈنۈپ تۇراتتى. تاغۇ-تاش، جىلغا-جىرا، ئوتلاقلاردا ئوتلاپ يۈرگەن توپ-توپ قوي-كالا، ئات-تۆگىلەرنىڭ سانىغا ساناق يەتمەيتتى. ئېكىنزارلارنىڭ بىر ئۇچى ئۇپۇققا تۇتىشاتتى. سۇيى مول، هاۋاسى ساپ بۇ زېمىننىڭ ئوتتۇرىسىدا چاسا شەكىللىك، هەربىر تەرىپى يەتتە يۈز مېتىردىن ئارتۇق ئۇزۇنلۇقتا سوقۇلغان ئېگىز سېپىل بىلەن قورشالغان هەيۋەتلىك قورغان بولۇپ، بۇ — هونلارنىڭ پايتەختى — تەڭرىبالىق ئىدى.

ياز، تومۇز تەپتىدە هاۋا مىستەك قىزىرىپ، يەرلەر تۆمۈردەك قارايغانىدى، شۇنداقتىمۇ پايتەختتە يەنىلا هايات قاينايتتى. ئوغۇز باتۇر ئىككى يۈزگە يېقىن خاس مەهرەم ۋە مۇهاپىزەتچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، تەڭرىقۇت ئوردىسىنىڭ كەڭ، ئېگىز قوۋۇقىدىن چىقتى-دە، مەيدانىنى كېسىپ ئۆتۈپ چوڭ كوچىغا كىردى. ئالىي نەسەبلىك ئوردا مەنسەپدارلىرىنىڭ ئائىلىلىرى جايلاشقان كوچىدىن ئۆتتى. بۇ كوچىنىڭ ئاخىرى كاسىپ-هۈنەرۋەنلەر، تىجارەتچىلەر، ئاۋام پۇقرالار ياشايدىغان ئاۋات رەستە — بازار ئىدى. ئوغۇز باتۇر تۇلپار ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ پايتەخت ئاهالىسى ۋە پۈتكۈل هون دىيارىدىكى تۈرلۈك قەبىلە-ئۇرۇقلار ئارىسىدا دائىم بىرخىل ئەجەبلىنىش، ئىپتىخارلىق هېسسىياتى بىلەن تىلغا



www.uyghurkitap.com

ئېلىنىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئېگىز، ھەيۋەتلىك قەددى-قامىتى بوگون نامايىشكارانە بىر سۈرەتتە تېخىمۇ مەغرۇر كۆرۈنمەكتە ئىدى. مەنسەپدارلارنىڭ خوتۇن-بالىلىرى. ئاقسۆڭەكلەر، باي-سودىگەرلەر، تۆمۈرچى-مىسكەرلەر، زەرگەرلەر، بوياقچى-تۇماقچىلار، موزدۇز-ناۋايلار، كۆنچى-كىگىزچىلەر، يايمىچىلار، دۇغچى-قەردۇ[1] چىلار: "ئوغۇز، باتۇر ئوغۇز! سۇباش"[2] دېيىشىپ ئىشلىرىنى دەررۇ توختىتىشاتتى، ئېگىلىپ، تىزلىنىپ ھۆرمەت-تەزىملىرىنى ئىزھار قىلىشاتتى. ئوغۇز باتۇر ھەممىگە بىردەك باش لىڭشىتىپ جاۋاب قايتۇراتتى. تۇلپارنىڭ بېشىغا بېكىتىلگەن قوتاز قۇيرۇقى، ئالتۇن، ئالماس بىلەن زىننەتلەنگەن نوقتا، يوگەن، ئېگەر، ئوغۇز باتۇرنىڭ ئۇستىۋىشىدىكى يىپەك، يۇڭدىن توقۇلغان شاھانە لىباسلار ئۇنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. ئۇ، شەھەر دەرۋازىسىدىن چىققاندا جىددىي ھالەتتە تۇرغان نەچچە مىڭ لەشكەر قىلىچ-قالقانلىرىنى جاراڭلىتىپ: "ھۇررا" توۋلاپ ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە مەھرەملەرنىڭ كەينىدىن ئۆز سەپلىرى بويىچە ئەگەشتى.

ئوغۇز باتۇر كېچە-كۈندۈز يول مېڭىپ ئۇرخۇن دەرياسىنىڭ تارمىقى ھېسابلانغان كىچىك ئېقىن تامىر ۋادىسىغا كېلىپ توختىدى. ئوۋ قىلدى. كېچىلىرى گۈلخان يېقىپ كاۋاپ پىشۇردى، شاراب ئىچىشتى، گۈزەل، ھاۋالىق بۇ زېمىندا بىر ھەپتىگىچە سۈرجەك[3] راسا قىزىدى، يەنە بىر ھەپتە ۋاقىت ئىچىدە قوشۇن ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئېلىپ باردى. ھەممەيلەن قايتىشقا تەرەددۇت قىلىشىۋاتقان كۈنى سەھەردە تۇيۇقسىز سۇناي-دۇمباقلار چېلىندى، ئارقىدىن ئوغۇز باتۇرنىڭ:

— يەرىقلەن![4] يومۇرلەن![5] — دېگەن قاتتىق، جاراڭلىق ئاۋازى

---

① قەردۇ — ئۇششاق مۇز پارچىلىرى، قېتىققا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىلىدۇ.
② سۇباش — قوماندان
③ سۈرجەك — مەشرەپ.
④ يەرىقلەن — قوراللان.
⑤ يومۇرلەن — يىغىل، توپلان.

ئاڭلاندى.

مەھرەملەر، مۇھاپىزەتچىلەر، لەشكەرلەر دەررۇ قوراللىنىپ كەڭ زالدا سەپ تۈزۈشتى. ئوغۇز باتۇر تۇلپارنى سەپنىڭ ئۇدۇلغا ئاپىرىپ پۇتلىرىنى چۇشەپ قويۇپ قايتىپ كەلدى. ھەممەيلەن تۈرگۈن، ئۆز سۆزلۈك، قەيسەر، شاھزادىنىڭ تەدبىرلىك، باتۇر سۇباشىنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قېلىشتى. ئوغۇز باتۇر يېنىدىكى خاس مەھرەمنىڭ قولىدىن ئۆزى كەشىپ قىلغان ئاۋازلىق ئوقيانى ئالدى.

— ئەگەر مەن مۇشۇ ئاۋازلىق ئوقيايىمنى نېمىگە قارىتىپ ئاتسام سىلەرمۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن شۇ نەرسىنى نىشانلاپ ئوقيايىڭلاردىن ئوق ئۈزۈڭلار، كىمكى بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىسا، شۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن.

— خوپ! — دېيىشتى سەپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى.

ئوغۇز باتۇر توققۇز نەپەر لەشكەرنى تاللاپ سەپنىڭ ئالدىغا تۇرغۇزدى. ئۇلار شۇ ھامان يالىرىغا ئوق سالدى. ئوغۇز باتۇر ئالتۇن بېزەكلىك سىدىرىمىغا ئېسىلغان قىيىش قورمان[1]دىن پولاتتىن ياسالغان ئوقبېشى كىيدۈرۈلۈپ، قۇيرۇقىغا لاچىن پېيى بېكىتىلگەن بىر تال ئوقنى ئالدى-دە، قولىدىكى ئاق كىرىچلىك ياغا سالدى ۋە تۇلپارنى نىشانغا ئالدى. كىرىچنى ئانچە كۆچىمەيلا ئاخىرقى چەككىچە تارتىپ قويۇۋەتتى، ساداقتىن چىققان ئوق گويا بوراندەك گۇر-گۇر ئاۋاز چىقىرىپ ئۇچتى-دە، تۇلپارنىڭ بويىنىغا سانجىلدى. ياۋچى خانىنىڭ ئاتخانىسىدىن مىنىپ كېلىنگەن بۇ تۇلپار ئاجايىپ ئېچىنىشلىق ئاۋازدا كىشنىۋەتتى. ئوقيالىرىنى نىشانغا ئالغان توققۇز لەشكەر تېخىچە كىرىچنى قويۇۋەتمەستىن تۇرۇشاتتى، قوللىرى تىترەيتتى، ئۇلار سۇباشىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، ھەمىشە "قوش قەنەتىن، ئەر ئەرتىن" دەپ ماختايدىغان بۇ سۆيۈملۈك تۇلپارغا ئوق ئۈزۈشكە

① قورمان — ئوقدان، قاپ.

پېتىنالمايۋاتاتتى. ئوغۇز باتۇر غەزەپكە كەلدى، قىلىچىنى يالىڭاچلاپ كېلىپ ئەسىرنى ئىجرا قىلمىغان بۇ توققۇز لەشكەرنى رەھىمسىزلەرچە بىر-بىرلەپ چېپىپ تاشلىدى. ئارقىدا سەپتە تۇرغان نۆكەر-لەشكەرلەر قورقۇنچقا چۈشۈپ لاغ-لاغ تىترەيتتى، ئوغۇز باتۇر بىرقانچە مەھرىمىنىڭ تىزلىنىپ يىلىنىشى، كۈنتەڭرىنى، يەر تەڭرىنى شېپى كەلتۈرۈپ كەچۈرۈم سورىشى ئارقىسىدا مىڭ تەستە غەزىپىدىن ياندى ۋە مەھرەملەردىن بىرى توقۇپ تەييارلىغان باشقا بىر بوز ئايغىرغا مىنىپ بولغاندىن كېيىن قايتىشقا بۇيرۇق بەردى.

ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. بىر كۈنى ئوغۇز باتۇر تۈمەنلىگەن قوشۇننى كەڭرى دالاغا يىغدى، ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى ئوچۇق بولۇپ، ئاسماندا بۇلۇت دىدارى كۆرۈنمەيتتى. بىپايان دالا قۇياش نۇرىدا بەرقۇتتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. بىرنەچچە كۈنگە سوزۇلغان جاپالىق ھەربىي مەشىقتىن كېيىن، ئوغۇز باتۇر بىللە ئېلىپ كەلگەن، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، ئەمما توي قىلىش ۋاقتى بەلگىلەنمىگەن كىچىك ئالچىسىنى بىر چەتتە تۇرغۇزۇپ، ئاۋازلىق ئوقياسىنى شۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى. بۇ قېتىممۇ ئۇ سەپ ئالدىغا چىقىرىپ ئېتىشقا بۇيرۇق بەرگەن توقسان لەشكەر كىچىك ئالچىنى ئېتىشقا پېتىنالمىدى. نەتىجىدە ئوغۇز باتۇر ئۇلارنىڭمۇ كاللىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى ۋە ھېلىقى كۈندىكى بۇيرۇقنى تەكرارلاپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ تەقدىرى چوقۇم مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئەسلەتتى. نۆكەر-لەشكەرلەر بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق بۇيرۇقنى سۆزسىز، تەخىرسىز ئىجرا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆكتەڭرىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ قەسەم قىلىشتى.

كۈز بولدى. ھەر يىلى كۈزدە مول ھوسۇل بايرىمى بولاتتى. ھونلارنىڭ قەدىمىي ئەنئەنىسى بويىچە ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇن، سېلىنگا، ئورخۇن دەريا ۋادىسىدىكى، بايقال كۆلى بويى ۋە ئالتاي، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە، تەڭرىقۇملۇقى ئەتراپلىرىدا... ياشاۋاتقان يېگىرمە نەچچە ئۇرۇق-قەبىلىلىرى تامىر ئېقىنى بويىغا يىغىلدى. تۈمەن تەڭرىقۇتمۇ مول ھوسۇل بايرىمىنى

تەبرىكلەش ئۈچۈن ئوردا ۋە پايتەختتىكى ئەلەمدار، قەلەمدارلارنى، خانىش، مەلىكە، قونجۇي، جىنجۇلىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئوغۇز باتۇرمۇ ھون قوشۇنلىرىنى شۇ يەرگە يۆتكەپ كەلدى. تۈمەن تەڭرىقۇتتىن تارتىپ ئاددىي پۇقرالارغىچە ھەممەيلەن ئاۋۋال بىرنەچچە كۈنگىچە تەڭرىلەرگە تېۋىنىدى، ۋاقىتلىق ياسالغان گۋادۇبۇدا ئىبادەت قىلدى. پۈتۈن ۋادى بويلاپ ھەرقايسى قەبىلە، لەشكىرىي قىسىملار بويىچە قازانلار ئېسىلىپ، قوي، كالا ئۆلتۈرۈلۈپ نەزىر ئېشى پىشۇرۇلدى. ھەرقايسى سورۇنلاردا توپ-توپ قامانلار داپ چېلىپ، پىرە ئويناپ مول ھوسۇل بايرىمىنىڭ شەنىگە، ئۇلۇغ تەڭرىقۇتقا ئاتالغان قەسىدىلەرنى ئوقۇشتى، ئايەت ئوقۇپ دۇئا قىلىشتى. قامان دىنىنىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە بايرام مەزگىلىدە قاملار سىرتقا چىقماي گۋادۇبۇدا ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىشتى. بايرام ئاخىرلىشاي دېگەندە تۈمەن تەڭرىقۇت كۈنگە قاراپ ئۇۋ قىلىشنىڭ ياخشى سائىتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى-دە، كەيپى خۇش ھالدا خانىش ئالچى ئايقاغاننى، ئالچى چىلغوزىنى ۋە تەخت مىراسخورى تۇقشخاننى، ئۆزىگە يېقىن ئوردا مەنسەپدارلىرىنى، خاس سىپاھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋغا ماڭدى. ئالچى ئايقاغان ئۆزىنىڭ داۋاملىق ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ قېپقالدى ۋە قاملارنىڭ ئارىسىدا ئوغلىغا ئاتاپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىشقا باشلىدى. ئوغۇز باتۇر دەل مۇشۇنداق بىر پەيتنىڭ كېلىشىنى كۈتكەنىدى. كۈنتەڭرىمۇ قوت ۋە ئامەتتىن بىشارەت بېرىۋاتقاندەك ھارارەتلىك نۇر چېچىپ تۇراتتى. ھون قوشۇنى بۇيرۇق بويىچە بېسىلىپ سەپ تارتىپ خۇددى تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئوۋ قىلىشىنى يىراقتىن قوغداۋاتقاندەك بىر كۆرۈنۈشتە مۇھاسىرە چەمبىرىكى ھاسىل قىلدى. ئوغۇز باتۇر يېقىنلاپ بېرىپ ئەڭ ئاۋۋال ئاۋازلىق ئوقياسىنى ئاتىسى تۈمەن تەڭرىقۇتقا ئاتتى، ئالچى چىلغوزىنى، تۇقشخاننى، ئاتىسىغا يېقىن ئوردا ئەمەلدارلىرىنى... ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئوۋغا ماڭغان تەڭرىقۇت سىپىگە سانسىز ئەجەللىك ئوقلار ئېتىلدى. سول قول، ئوڭ قول ئۇلۇغ سانغۇنلار، ئېل قۇساي، يابغۇ، قۇتنغۇلار ئىچىدىكى تۈمەنخاننى ھىمايە قىلغۇچىلار

دەرھال سەپتىن ئايرىلىپ چىقىپ ئوغۇز باتۇرغا قارشى ئاتلاندى. قاتتىق قانلىق جەڭلەر بىرنەچچە كۈن داۋام قىلدى. ئەمما نۇسرەت-غالىبىيەت قۇياشى ئوغۇز باتۇرنىڭ بېشى ئۈستىدە پارلىدى. ئەزەلدىن ئوغۇز باتۇرنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان قۇتان ئىسىملىك بىر يابغۇ جەڭ مەيدانىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئوغۇز باتۇرغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ:

ئاۋۇن تۈنى-كۈندۈزى يەلكىن كەچەر،
كىمنى قالى ساتغا ساكۈچىن كەۋەر

(زاماننىڭ كۈنى-تۈنى يولۇچىلاردەك ئۆتىدۇ. ئۇ كىمنى دەسسىسە شۇنىڭ كۈننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ) دەپ كىنايە قىلدى.

— ئەيلۇق، ئەيلۇق، — دېدى ئوغۇز باتۇر كۈلۈپ، — ئاۋۇن ئاتامنى ساتغادى[1]، پۈتۈنلەي تۈگەشتۈردى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 204-يىلى.

سەيخانتال[2] تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەن يېنىك، ئىزغىرىن شىمال شامىلى دەسلەپ ياغقان قارلارنى ئۇچۇرتاتتى. ئېكىنزارلار نېپىز قار ئاستىدىكى قىشلىق ئويقۇسىنى باشلىغانىدى. مال-ۋارانلار ئېغىل-قوتانلارغا سولانغان، ئوت-چۆپلىرى يىغنۋېلىنىپ، ئۈستىنى قار باسقان پايانسىز يايلاقلاردا پەقەت تۈچ قوڭغۇراقلىق تۆگىلەرلا تىمسقىلاپ يۈرۈشەتتى. ئۆيۈك[3]لەردە ئۆسكەن قىبىن، چۈلۈك[4]شاخلىرىدا سەجەر[5]لەر تىنماي ۋىچىرلىشاتتى. كۆز يەتمەس سېفىرا[6]لارنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىدىكى بۇلاق، ئېقىنلاردا قەردۇلار كۆز چاقنىتىپ

① ساتغادى — دەسسىدى، چەيلىدى.
② سەيخانتال — ئىچكى موڭغۇلدىكى بىر جاي.
③ ئۆيۈك — تۆپىلىك، ئېگىزلىك.
④ چۈلۈك — قارىغاينىڭ بىر خىلى.
⑤ سەجەر — قۇشقاچ.
⑥ سىفرا — ساي، ۋادى.

يالتىرايتتى.

سۈزۈك ئاسماندا ئەگىشىپ يۈرگەن تەڭەلكۈچ[1] يىراق بىر جىلغا ئىچىدە ئۆلجىنى كۆردى بولغاي كەك، قارا قاناتلىرىنى جۈپلەپ پەسكە شۇڭغۇدى.

هون دىيارىدا قىش ئەنە شۇنداق باشلاندى. سوغۇقنىڭ كۈچىيىشىگە قارىماي پايتەخت تەڭرىبالىق جىددىي كەيپىياتقا چۆمگەنىدى. ئۆي-چېدىرلار ئالدىدا هون لەشكەرلىرى مىغىلدىشىپ يۈرەتتى. شەھەر ئىچىدىكى بارلىق تۆمۈرچىخانا، موزدۇزخانا، تىككۈچىلىك ئۇستىخانىلىرى، ناۋايخانىلار، قورال-ياراغ، كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلاشقا سەپەرۋەر قىلىنغانىدى. كوچىلاردا قورال-ياراغ، ئوزۇق-تۈلۈك بېسىلغان هارۋىلار، توقۇپ تەييارلىغان ئاتلار تىقىلىشىپ كەتكەنىدى. سېپىل ئۈستىدە، كۆڭگىرا-قوختىلاردا، شەھەرنىڭ تېشىدىكى مەيدانلاردا دۇبۇلغا، ساۋۇت كىيىپ، پەۋەس قوراللانغان لەشكەرلەر جەڭگىۋار هالەتتە ئۆتكەنىدى.

ئوردا مۇهاپىزەتچىلىرى ئادەتتىكىدىن كۆپەيتىلگەنىدى. تەڭرىقۇت ئوردىسىدا دۆلەت كېڭىشى بولۇۋاتاتتى. ئوردىنىڭ تۆر تېمىغا هون تەڭرىقۇتىنىڭ دۆلەت بايرىقى ئېسىلغانىدى. بايراق كاككۇك ئاغزى رەڭلىك يىپەك رەختتىن تىكىلگەن بولۇپ، بىر ئالتۇن تاج، تاجنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن گەۋدىسى ئالتۇندىن ياسالغان قارچىغا قوندۇرۇلغان، قارچىغا ئالتۇن تاج چېكىلىكىدىكى ئىككى جۈپ كۆك بۆرىنىڭ بىر كېيىكنى چىشلەۋاتقانلىقىغا نەزەر سېلىپ تۇرغان قىياپەتتە قاراپ تۇراتتى.

تامىر ۋادىسىدا ئېلىپ بېرىلغان غەلىبىلىك جەڭدىن كېيىن بارلىق قوشۇنغا، هون پۇقرالىرىغا:

مەن سەنلەرگە بولدۇم قاغان،
ئالالىنىڭ يا تاقى قالغان.

---

① تەڭەلكۈچ — سار.

تامعا بىزگە بولسۇن بۇيان،①
كۅك بۅرە بولسۇنعىل ۇران.②
تۅمۇر جىدالار③بول ۇرمان،
ئاۋ يىيرىدە يورۇسۇن قۇلان.
تاقى تالۇي، تاقى مۇرەن،④
كۇن تۇغ بولعىل، كۅك قۇرتقان.⑤

دەپ جاكار قىلعان ۇعۇزحان بۇگۇن "باتۇر تەڭرىقۇت" دىگەن شۅھرەتلىك نام بىلەن ئاشۇ بايراق ئاستىدىكى ئالتۇن تەختتە مەعرۇر ۇلتۇراتتى. پولاتتىن ياسىلىپ ئالتۇن ھەل بىرىلگەن، ئالدى تەرىپىگە بۅرە بىشى نەقىش قىلىنعان، قۇببىسى ئەتراپىدىكى تۅت مۇنارىعا ئالماس، قاشتىشىدىن كۅز قۇيۇلعان دۇبۇلعا ۇنىڭ چاقناپ تۇرعان كۅزلىرى، كۅكۅچ يۇزىنى تىخمۇ سۇرلۇك-ھەيۋەتلىك كۅرسىتەتتى. ۇستىدىكى زەنجىرلىك ساۋۇتى ۇنىڭ قەددى-قامىتىگە ئالاھىدە بىر سۅلەت ۋە تەڭداشسىز جاسارەت بىغىشلىغانىدى. ۇنىڭ سول ۋە ۇڭ يىنىدا — پەستە يىڭىدىن تەيىنلەنگەن سول قول ۇلۇغ بىلگەخان، ۇڭ قول ۇلۇغ بىلگەخان، سول قول، ۇڭ قول ئىل قۇساي، سول قول، ۇڭ قول قۇتىغۇ، سانغۇن، تۇتۇقبەگ، خەزىنبەگ...لەر ۇرۇن ئىلىشقانىدى. ۇدۇل تەرەپتە بولسا سول، ۇڭ باتىسخان، تۇمەنبىشى...لار ۇلتۇرۇشقانىدى.

قىزعىن مۇلاھىزىلەر بولۇپ ۅتتى. مۇھاكىملەر بارعانسىرى چوڭقۇرلاشتى. جانلىق، تەسىرلىك نۇتۇقلار ئالقىش-چاۋاكلار تۇپەيلى پات-پات ئۇزۇلۇپ تۇردى. پىكىرلەر ئىزچىللىشىپ، تەدبىرلەر ئىنىق

① بۇيان — بەخت-سائادەت.
② ۇران — جەڭگىۋار شوئار، چاقىرىق.
③ جىدالار — نەيزىلەر.
④ تاقى تالوي، تاقى مۇرەن — دەريا-دىڭىز ئاقسۇن راۋان.
⑤ قۇرتقان — قورعان، شەھەر، قەلئە.

www.uyghurkitap.com

كـۆرسـىتىلدى. ۋەزىپىلەر تەقسىم قىلىندى. دۆلەت كېڭىشىنىڭ ئاخىرقى قارارىغا ئاساسەن سول قول، ئوڭ قول سانغۇنلار يىپەك رەختتىن ئىشلەنگەن ھەربىي خەرىتىنى ئېچىپ يايدى. باتۇر تەڭرىقۇت خەرىتە ئالدىغا كېلىپ، خەرىتىدىكى ئۇلۇغ ئوكيان، لىنا دەرياسى، بايقال كۆلى، يەنسەي دەرياسى، سىندۇ[1]ۋە كاسپىي دېڭىزى... قاتارلىق جايلارغا بۆرە بېشى شەكلىدە ياسالغان كىچىك بايراقچىلارنى بىر-بىرلەپ قادىدى. كېڭەش تامام بولدى.

قار توختاپ ھاۋا ئېچىلدى. كېچىمۇ ئاي-يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى بىلەن گۈزەللەشتى. ئايتەڭرى بېشارەت بەردى، بۇ قۇتلۇق سائەتلەر ئىدى، ھەربىي يۈرۈش دۇمبىقى ياڭرىدى.

بـاتـۇر تـەڭرىقۇت يۈگەن، نوختا، ئېگەر، ئۈزەڭگىلىرى ئالتۇندىن زىـنـنـەتلەنگەن بوز ئايغىرغا مىنىپ شەھەردىن چىقتى، ئۇنىڭ بويىندا كىچىكىدە ئانىسى ئالچى ئايقاغان پۈتۈپ بەرگەن بىر جۈپ بۆرە ئوشۇقى سىيلىنىپ تىكىلگەن تۇمار ھېلىمۇ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئالدىدا بولسا كۆك يايلىلىق، كۆك كۆزلۈك بىر بۆرە يورغىلاپ كېلىۋاتاتتى. باتۇر تەڭرىقۇت توختىدى، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىراپ ھەربىي يارلىقنى ئېلان قىلدى.

— ئاق[2]قا يۈزمىڭ، قىزىل[3]غا يـۈزمىـڭ، كـۆك[4]كە يـۈزمىـڭ، قارا[5]غا يۈز مىڭ ئاتلىق سۇ[6]ماڭدۇرۇلسۇن!

لەشكەرلەر سېپىنىڭ ئالدىدا تۇرغان تۆت نەپەر سانغۇن، قىرىق نەپەر تۈمەنبېشى، تۆت يۈز نەپەر مىڭبېشى قىلىچلىرىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ

---

① سىندۇ — ھىندى ئوكيان.

② ③ ④ ⑤ — ئاق، قىزىل، كۆك، قارا — ھونلار تۆت تەرەپنى تۆت خىل رەڭ بىلەن بەلگىلەيتتى. ئاق غەربنى، قىزىل جەنۇبنى، كۆك شەرقنى، قارا شىمالنى كۆرسىتەتتى.

⑥ سۇ — قوشۇن، لەشكەر.

ھەممىسى بىردەك:

— خوپ! — دەپ ۋارقىراشتى.

ھەربىي يارلىق لەشكەرلەر سېپىنىڭ ھەممىسىگە يەتكۈزۈلگەندە بولسا: "باتۇر تەڭرىقۇت ئۇچۇن جېنىمىز پىدا!" دېگەن ياڭراق سادا ئاسمان-زېمىننى قاپلىدى ۋە ئۇزاققىچە داۋام قىلدى.

ھون لەشكەرلىرى ئاق، قىزىل تورۇق، كۆك، قارا ئاتلىقلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر بۆلۈنمە يۈز مىڭ لەشكەردىن تەركىب تاپقانىدى. ھەربىر بۆلۈنمىنىڭ ئالدىدا بۆرە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن توققۇز تۇغ لەپىلدەيتتى. نەي، سۇناي، دۇمباقلارنىڭ ئاۋازلىرى پەلەكنى تىترىتەتتى. پايتەخت تەڭرىبالىقنىڭ سېپىل قوۋۇقى ئۈستىدە ئالچى ئايىغان ۋە تېخى بىر ياشقا توشمىغان بوۋىقى كۆكخان[1]نى كۆتۈرۈۋالغان ئالچى سۈجۈك تەڭلا ياش تۆكۈپ، يىغلاپ تۇرۇپ تەڭرىلەرگە تېۋىنىشتى ۋە:

— ئوغۇز، ئوغۇز، — دەپ نىدا قىلىشتى.

سەپ ئالدىدا كېتىۋاتقان بۆرىلەرنىڭ كۆزلىرىدە ۋىل-ۋىل ئوت ياناتتى، ئوت بارغانسېرى ئۇلغىيىپ يالقۇن چاچاتتى، بۆرىلەرنىڭ كۆپكۆك سىرتلىرى پارقىرايتتى، قىپقىزىل تىللىرىدىن:

— تەڭرىنىڭ ئوغلى، تەڭرىلەرنىڭ ئوغلى، قۇت بولسۇن ساڭا! — دېگەن ئۇتلۇق نىدالار چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. تارىختا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان ۋە ھازىرغىچە كىشىلەر ئاغزىدا سۆزلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ، شانۇ-شەۋكەتلىك ۋەقەلەرنىڭ گۇۋاھچىسى، ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاتاقلىق تەڭرىقۇتى — ئوغۇز خان سەلتەنەتلىك تارىخىي، ھەربىي يۈرۈشنى ئەنە شۇنداق باشلىغانىدى.

---

[1] كۆكخان — ئوغۇزخاننىڭ ئوغلى، تەخت ۋارىسى، ئوغۇزخاندىن كېيىن تەختتە ئولتۇرغان.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 203-يىل، كۈز.

كۆك بۆرىنىڭ كۆزلىرىدە يېشىل نۇرلار چاقنايتتى، ئۇ ئەركەك بۆرە ئىدى. تۇرقى بەكمۇ ھەيۋەتلىك بولۇپ، بېشىنى ئۇيان-بۇيان بۇراپ ئەتراپقا ۋەھىمىلىك نەزەردە تىكىلەتتى. كۈز شامىلى تاغ باغرىدىن توپ-توپ قوي، كالا، يىلقىلار ئوتلاۋاتقان بىپايان يايلاقلاردىن، قۇچۇرا ۋە چاتقاللار بىلەن قاپلانغان دەريا بويلىرىدىن نەي، تۆمرۈك[1] سادالىرىنى ئېلىپ كېلەتتى. بۆرە گويا نەغمە-ناۋا ساداسىنى بېرىلىپ تىڭشاۋاتقاندەك بېشىنى تىك تۇتۇپ، قۇلاقلىرىنى شىڭگايتىپ نىمىگىدۇر ھۈرپىيەتتى، ئەتراپىدا بىرەر شەپە ئاڭلانسا شۇ ھامان ئېتىلىپ بارىدىغاندەك بىرخىل ھالەتكە كېلەتتى. گۈلخان يالقۇنلىرىدا ئۇنىڭ سىرت[2]لىرى كۆكۈچ، قارامتۇل رەڭدە يالتىراپ كېتەتتى، قىپقىزىل تىلىمۇ بىر پارچە يالقۇندەك سوزۇلۇپ تۇراتتى. ئېگىزدە، تاغ باغرىدىكى كەڭ، تۈز سەينادا تەگرىقۇتقا ئاتاپ ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئالاھىدە ھەشەمەتلىك سايىۋەن ياسالغانىدى. سايىۋەن ئۈستىدىكى توققۇز خادىغا بۆرە بېشى، ئىككى يانغا قانات قېقىپ پەرۋاز قىلىشقا ئىنتىلىۋاتقان ئىككى جەغرى[3]نىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن توققۇز تۇغ ئېسىلغانىدى. سايىۋەننىڭ تۆت ئەتراپىدا رەڭگارەڭ ساچۇ[4]لار تىترەپ-لەپىلدەپ تۇراتتى. سايىۋەن ئاستىدىكى يولۋاس تېرىسى قاپلانغان شاھانە كۇرسىدا باتۇر تەگرىقۇت ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كەيپىتى قىزىرىپ خۇمارلاشقان كۆزلىرى بۆرىنىڭ ئوتتەك يېلىنجاپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۆرە خېلى يىراقتا، پەستىكى گۈلخان يېنىدا تىلىنى ساڭگىلاتقان پېتى باتۇر تەگرىقۇتقا قاراپ تۇراتتى. بۆرىنىڭ ئىلاھىي قىياپىتى ئاجايىپ ئۇلۇغۋار، ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك ئىدى، كۆپكۆك كۆزلىرىدىن يېشىل نۇرلار چاقنايتتى، بۇ نۇرلار گۈلخانلاردىن

---

① تۆمرۈك — داپ.
② سىرت — قىل، تۈك، يايىل.
③ جەغرى — بۈركۈت، قارچىغا.
④ ساچۇ — پۆپۈك.

كۆتۈرۈلگەن كۆكۈچ يالقۇنلارغا ئوخشايتتى. بۇ نۇرلار باش-ئاخىرىغا كۆز يەتمەيدىغان سانسىز گۈلخانلارغا ئاتەش يالقۇنلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تۈن پەردىسى ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتقان خانگاي[1]تىزمىلىرىنى، شىمالغا قاراپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سېلىنگا[2]دەرياسىنىڭ كەڭ ۋادىلىرىنى قىزغۇچ شولىلارغا چۆمدۈرگەنىدى. شامال يۈزلەرنى سىلىققىنا سىيپاپ-سۆيۈپ ئۆتەتتى. گۈلخانلارنىڭ ئىس-تۈتەكلىرىنى، نەغمە سادالىرىنى، كاۋاپ، شاراب ھىدلىرىنى دەريانىڭ جەنۇبىغا ھەيدەيتتى. سېلىنگا دەرياسى توختىماي شىددەت بىلەن دولقۇن كۆتۈرۈپ شارقىرايتتى، گۈركىرەيتتى. تۆمرۈك، نەي، بەرباب ساداسى تاغلاردىن، قاپتاللاردىن، چوڭقۇر ھاڭلاردىن ئەكس سادا قايتۇراتتى. بايرام بەزمىسى داۋام قىلىۋاتاتتى. سايىۋەن ئاستىدىكى بەزمە تازا قىزىپ ئەۋجىگە چىققانىدى. بۆرە قىپقىزىل تىلىنى چىقىرىپ مىدىرلاتتى، باتۇر تەڭرىقۇت سەگەكلىشىپ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، قۇلىقىغا ئىلاھىي نىدالار ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— ئوغلۇم، ئوغۇز، بىلىمەن، ئەجدادلىرىڭ مۇشۇ چەكسىز گۈزەل زېمىندا چۈنۋېي[3]دىن تارتىپ ئاتاڭ تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ زامانىسىغىچە مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ياشاپ كەلدى. ئۇلار بەزىدە كۆپەيدى، بەزىدە ئازايدى، لېكىن تارقاق ھالەتتە ياشىدى. بۇرۇن نۇرغۇن تەڭرىقۇتلار دەۋران سۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلار بىر-بىرى بىلەن ھوقۇق-مەنپەئەت تالىشىپ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىپ ھېچقايسىسى بۇ زور ئەلنى بىرلىككە كەلتۈرەلمىدى. سەن ئاتاڭنى ئۆلتۈرۈپ تەختنى قولغا ئالغىنىڭدىن كېيىن، ئۇزاق زامان بىر-بىردىن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ، بىر-بىرىگە قارشى قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ كەلگەن چېچىلاڭغۇ ھون ئەلكۈن[4]لىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر تۇغ

---

① خانگاي — موڭغۇلىيىدىكى تاغ.
② سېلىنگا — موڭغۇلىيىدىكى دەريا.
③ چۈنۋېي — ھونلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى.
④ ئەلكۈن — قەۋم-قەبىلە.

www.uyghurkitap.com

ئاستىغا توپلاپ جاھاندا ئەڭ كاتتا، بۈيۈك ھون دۆلىتىنى تىكلىدىڭ، تىل-يېزىق، ئۆرپ-ئادەت ۋە ئېتىقادنى بىرلىككە كەلتۈردۈڭ. لەشكەر توپلاپ، ھەربىي يۈرۈش قىلىپ ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمىنى ئىستىلاھ قىلدىڭ. دېمەك، سەن تۈرلۈك دانا تەدبىر-چارىلەرنى قوللىنىپ، بۇ دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا پارلاق يول ئاچتىڭ، تۆت گىردابى چەكسىزلىككە سوزۇلغان بۇ زېمىندا تۇلپىرىڭنىڭ تۇياقلىرى تەگمىگەن يەر قالمىدى. شۆھرەت-داڭقىڭ مەغرىبتىن مەشرىققىچە يەتتى. ئەپسۇسكى، سەن يەنىلا زېمىن توغرىسىدا باش قاتۇرىسەن، بىر زېمىن بار، ئۇنى ئېلىشىمگە ئالسام دەپ ئويلايسەن. ئەمما ئۇ زېمىننىڭ ئىگىلىرى باشقىلارغا قارىغاندا خېلىلا كۈچلۈك. سەن مۇشۇنداق قانائەت لىباسىنى كىيىپ، مەغرۇرلۇق شارابىنى ئىچىپ، غەپلەت تۆشۈكىدە يېتىۋەرسەڭ بولمايدۇ، بۇ قىلمىشىڭ بىزنىڭ ئىرادىمىزگە خىلاپ. مەغرىبتىمۇ، شەرقىي شىمال تەرەپتىمۇ سەن كۆزلىگەن زېمىنلار بار. ئاۋۋال مەغرىب زېمىنلىرىغا ئات سال، ئاندىن شەرقىي شىمالدىكى زېمىنلارنى ئېلىشقا ئال. ئۇ زېمىننىڭ ئىگىلىرى ئاۋۋال سەندىن قىممەتلىك نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەممە مۇمكىنچىلىكلەر ئاخىرىدا بولىدۇ. ئوغلۇم ئوغۇز، بېشىڭنى كۆتۈر، مەست-مۇستەغرەق بولۇپ غەپلەتكە چۆكمە. بۈگۈن بايرامنىڭ ئاخىرقى كۈنىغۇ، بەس، بىر ھەپتىدىن بۇيان ئەيش-ئىشرەت قىلغىنىڭ يېتەر. قوپ، ئەسەد[1]بىلەن ئەجدىھا[2]غا تېۋىن. ئايتەڭرى يۈز ئاچقان ھامان پايتەختكە قايت. ھاكىمدارلىقنى ئادالەت بىلەن يۈرگۈز، يىراقلارغا ئات سال!...

باتۇر تەڭرىقۇت سەگەكلىشىپ، مەي تەسىرىدىن ئېغىرلاشقان بېشىنى كۆتۈردى. سايىۋەن پەردىلىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىن كۆككە قاراپ ئەسەد بىلەن ئەجدىھاغا تېۋىندى، ئاندىن ئالدىغا — سايىۋەن جايلاشقان سەيناىدىن خېلىلا پەستە چاراسلاپ يېنىۋاتقان گۈلخانلارغا، ئىشىكى كۈن چىقىشقا قاراپ ئېچىلغان قاتار-قاتار ئاق چېدىرلارغا تىكىلدى. چېدىرلارنىڭ ئەتراپىدا بۆرىلەر

① ② ئەسەد، ئەجدىھا — يۇلتۇز ئىسىملىرى.

ئايلىنىپ يۈرەتتى. ھېلىقى بۆرە خېلى يىراقتا — دەريا قىرغىقىدا چوقچىيىپ تۇرغان خەرسەڭ تاش ئۈستىدە، بىر پەسسىيىپ، بىر كۆتۈرۈلۈۋاتقان دولقۇنلارغا قارىغىنىچە تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. بۆرىنىڭ ئاشۇ تۇرقىدىنمۇ بىرخىل جىددىيلىك، تاقەتسىزلىك ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. بۇ ھال باتۇر تەڭرىقۇتقىمۇ تەسىر قىلدى. چۈنكى تۇغۇلۇپلا بۆرە تېرىسىگە يۆگەلگەن باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ كەيپىياتىدىمۇ ئاشۇ ھالەت ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ سارغۇچ، گىجمەك چاچلىرى ئاستىدىكى كەڭ، مىس رەڭ پېشانىسىدە، ئۇششاق تەر تامچىلىرى يالتىرىدى، قوشۇمىسى قاتتىق تۈرۈلدى، چوڭ-چوڭ دۈگىلەك كۆزلىرىدە كۆكۈچ رەڭ ئوت يېلىنجىدى. دۆلەت ئەركانلىرى ئۇنىڭ چىرايىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەرسىز ھەدەپ يەپ-ئىچىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. پاراڭ، كۈلكە-چاقچاق ئەۋجىگە چىققانىدى. تەڭرىقۇت ئوردىسىنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى قائىدە-يوسۇنى بويىچە بۇ بايرام-بەزمىدىمۇ ئېسىل نەسەبلىك سۇلىندى[1] ئۇرۇقىدىن ھەمدە قويىندى[2]، سۇبىندى[3] ۋە چۇبىندى[4] ئۇرۇقىدىن چىققان سول قول ئۇلۇغ بىلىگەخانلار، سول قول ئۇلۇغ يابغۇلار، سول قول ئېل قۇساي-قۇتىغۇلار، سانغۇن، تۇتۇقبەگلەر، تۈمەنبېشى، مىڭبېشىلار باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ سول تەرىپىدە، يۇقىرى ئابرويلۇق، جەسۇر ئاتالغان غۇيان[5]، شابۇ[6]، لان[7] ئۇرۇقىدىن چىققان يەنە يۇقىرىقى مەرتىۋىدىكى

---

① سۇلىندى —ھونلارنىڭ ئالىي نەسەبلىك ئۇرۇق-قەبىلىسى، تەڭرىقۇتلار شۇ ئۇرۇقتىن چىقاتتى.

② ③ ④ —قويىندى، سۇبىندى، چۇبىندى — ھونلارنىڭ ئالىي نەسەبلىك قەبىلىلىرى. ئوردا، دۆلەت ئەمەلدارلىرى شۇ ئۇرۇقتىن چىقاتتى.

⑤ ⑥ ⑦ — غۇيان، شابۇ، لان — ھونلارنىڭ يۇقىرى ئابرويلۇق قەۋم-قەبىلىلىرى. باتىسخان، سانغۇنلار شۇ قەبىلىلەردىن چىقاتتى.

ھاكىمىيەت ئىگىلىرى بولسا، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۆز مەنسەپ-مەرتىۋە دەرىجىلىرى بويىچە تىزىلىپ ئولتۇرۇشقانىدى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ كەينى تەرىپىدە پايتەخت گۋادۇبۇ[1]سى بىلەن ئوردا گۋادۇبۇسىنىڭ ئۇلۇغ قامانى، ئوردىنىڭ باقشى[2]سى ھەزرەت قانتۇرمىش ئولتۇراتتى. ئۇ، ئىچىدە شۇرلاپ دۇئا ئوقۇغاچ بۆرە ئوشۇقلىرىدىن ياسالغان تەسۋىسىنى ئالدىرىماي سىيرىيتتى. چارلاشقان، شالاڭ چاچلىرى گەدىنىگىچە، ئاپئاق، قوۋۇق ساقىلى مەيدىسىگىچە چۈشكەن، نازۇك تەبىئەتلىك بۇ ئۇلۇغ قامان تەڭرىلەرنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە دۆلەت ئىشلىرىدا تەڭرىقۇتقا ئالدىن بېشارەت ۋە مەسلىھەت بېرەتتى.

باتۇر تەڭرىقۇت بايىقى ئىلاھىي نىدالارنى ئەسكە ئالدى، لېكىن بەزمە ئەھلىنىڭ خۇشال-قىزغىن كەيپىياتىغا بەرھەم بېرىشكە كۆزى قىيماي جىمجىت ئولتۇرۇپ ئالدىغا نەزەر تاشلىدى، ئەتراپىغا رەڭگارەڭ ساچۇ تۇتۇلغان، يۇڭ، يىپەكتىن توقۇلغان كەڭ داستىخانلار قويى، سوغۇن[3]، ئۇلا، قىرغاۋۇل، كەپتەر، توشقان گۆشلىرى، ئوغلاق، پاقلان گۆشىدىن قىلىنغان تونۇر كاۋاپلىرى، زىخ كاۋاپ، بېلىق كاۋىپى، تۇتماچ[4]، كۇرشەك[5]، سىمراق[6]، بولدۇنى[7]، قېزا، كۆمەچ، توقاچ، قارانان، ئاۋزۇرنى[8]، قۇرت، يۇركەمەچ[9] قاتارلىق يېمەكلىكلەر ۋە ئۈزۈم، شاپتۇل، قوغۇن-تاۋۇز، بادام،

---

① گۋادۇبۇ — ئىبادەتخانا.
② باقشى — ئۇستاز، ئوقۇتقۇچى، پالچى، بېشارەتچى.
③ سوغۇن — كېيىك، جەرەن.
④ تۇتماچ — تاماق ئالدىدا يېيىلىدىغان ئىشتەي ئېچىش غىزاسى.
⑤ كۇرشەك — سۆك، گۈرۈچلەرنى سۇ ياكى سۈتتە قاينىتىپ ئۈستىگە ياغ قۇيۇلۇپ يېيىلىدىغان تاماق.
⑥ سىمراق — خېمىردىن پىشۇرۇلۇپ دورا-دەرمەك ئارىلاشتۇرۇپ يېيىلىدىغان تاماق.
⑦ بولدۇنى — ئىچىگە قۇرت ياكى ھۆل ئۈزۈم سېلىپ تەييارلىنىدىغان تاماق.
⑧ ئاۋزۇرنى — بۇغداي ئۇنى بىلەن ئارپا ئۇنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىدىغان تاماق.
⑨ يۇركەمەچ — ئىنچىكە ئۇچەيگە قېرىن، ئۆپكە قاتارلىقلارنى تىقىپ پىشۇرغان كاۋاپ.

ياغاق، ئالما قاتارلىق مېۋىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئوردىنىڭ شاراب بېگى مەخسۇسلا باتۇر تەگرىقۇتقا، ئۇنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئىككى مۇلازىمى بولسا ئوردا ئەئىيانلىرى (دۆلەت ئەركانلىرى)غا شاراب تۇتماقتا ئىدى. ئاغارتقۇ[1]، سۇچىك[2]، بوزا، قىمىز تولدۇرۇلغان كۈمۈش ئاياغلار نۆۋەت بىلەن ئايلىناتتى. بەمە ئەھلىنىڭ يۈز-بويۇن، قۇلاقلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى، كۆزلەر قان تولغاندەك كۆرۈنەتتى. گاھ ئۇسسۇلچى-رەققاسلار كېپىنەكتەك لەرزان پىرقىراپ، گاھ قىزىقچى-ھەبيارلار چاقچاق، يۇمۇر-لەتىپىلەرنى ئېيتىشىپ سورۇننى قىزىتماقتا ئىدى. پەستە شېغىل تاشلىقساي، ياپيېشىل يايلاقلاردا سانسىز گۈلخانلار ياناتتى. قامان[3]لار ياغاچ گەردىشلىك، تۆمۈر ھالقىلىق تۆمرۈكلىرىنى داراڭلىتىپ چېلىپ، گۈلخان ئەتراپىدا دەۋر قىلىپ ئايلىناتتى. قام[4]لار چىرايلىق ياسانغان بولۇپ، ئوت يورۇقىدا يىلاندەك تولغىنىپ، قۇيۇندەك چۆرگىلەيتتى، مۇناجات ئېيتىپ تەگرىلەرگە مەدھىيە ياغدۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئاسماندىن يەرگە چۈشۈۋاتقان پەرىشتىلەرگە تىمسال بولۇپ، ئاجايىپ نەپىس، چىرايلىق ئىدى. ياش لەشكەرلەر دەريا بويىدا ئەمدىلەتىن سارغىيىشقا باشلىغان ئوت-چۆپلەر، چىمەنلەر ئۈستىدە گاھ يۇملىشاتتى، گاھ بىر-بىرلىرىنى قوغلىشاتتى، گاھ بايرام قوشاقلىرىنى ئېيتىشاتتى. دەريا قىرغىقىنى بويلىتىپ سانسىز چېدىرلار تىكىلگەنىدى. ھەربىر چېدىر ئۈستىدىكى خادىغا بۆرە بېشى كەشتىلەنگەن كاككۇك ئاغزى رەڭلىك يىپەك تۇغ ئېسىلغانىدى. چېدىرلاردا لەشكەرلەر بىلەن ھەرقايسى قوۋم-قەبىلىلەردىن كەلگەن ئاقساقاللار، پۇقرالار ئارىلىشىپ ئولتۇرۇپ بەزمە قىلىشماقتا ئىدى. ئادەت بويىچە ئۇلارنىڭ بەزمىلىرىنى جەغرى ئۇنىۋاندىكى تۆت يۈز نەپەر بەگ باشقۇرۇۋاتاتتى. دۇمباق، ناغرا،

---

① ئاغارتقۇ — بۇغداي يارمىسىدىن ياسالغان ئىچىملىك.
② سۇچىك — ئاچچىق ھاراق.
③ قامان — شامان دىنىنىڭ راھىب، باقشى، ئۆلىمالىرى.
④ قام — ئايال راھىب، كاھىن، بۈۋى.

نەي، داپ، سۇناي، بەرباب، سادالىرى پۈتكۈل سېلىنگا ۋادىسىنى لەرزىگە سالماقتا ئىدى. ھەربىر چېدىر، ھەربىر گۈلخان ئەتراپىدا توپ-توپ بۆرىلەر ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن يېشىل نۇرلار چاقنايتتى.

— ئەي تەڭرىنىڭ ئوغلى، جاھاننىڭ قۇتلۇق ئەركىسى! — باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان قانتۇرمىش ھەزرەت سوزۇق ئاھاڭدا شېۋىرلاشقا باشلىدى، — ئەي، كۆكتەڭرى بىلەن يەر تەڭرى تەرىپىدىن ھايات بېرىلگەن، كۈنتەڭرى بىلەن ئايتەڭرى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان ئۇلۇغ تەڭرىقۇت! بايىقى ئىلاھىي نىدالارنى يادىڭدىن چىقاردىڭمۇ! بەزمە شارابلىرى ئەقلىڭنى ئالدىمۇ؟ بېشىڭنى كۆتۈر! ئۈستۈڭدە ئايتەڭرى كۆرۈندى. ئۆتكەن يىلى مول ھوسۇل بايرىمىنى تۇغلا[1] دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان تامىر دەرياسىنىڭ بويىدا ئۆتكۈزگەنىدىڭ. بۇ يىل ئاۋۋال ئوردا خەزىنىسىنى تەرتىپلىك بۇلاڭ-تالاڭ قىلدۇردۇڭ، ئەل نۇرغۇن بايلىقتا ئېرىشتى. ئاندىن ئاتاڭ، مەرھۇم تەڭرىقۇت تۈمەنخاننىڭ روھىغا ئاتاپ توققۇز تۆگە، توقسان كالا-قوتاز، توققۇز يۈز قوي قۇربانلىق قىلدىڭ. قۇربانلىقنىڭ قېنىنى ئاتاڭنىڭ مەقبەرىسىگە چاچتىڭ. ئاخىردا بۇ سېلىنگا دەرياسىنىڭ باشلىنىش ئېغىزىدا مول ھوسۇل بايرىمىنى ئۆتكۈزدۈڭ. بايرام باشلىنىش بىلەن تەڭ ساڭا قارام يەر-جاھاننىڭ ھەممە يېرىدىن خۇش خەۋەرلەر كەلدى. ئاشلىق-دانلار تۆكمە بولۇپتۇ، مال-چارۋىلىرىڭنىڭ ھېسابىغا ساناق يەتمەپتۇ، ئادەملىرىڭنىڭ سانىمۇ تېز كۆپىيىۋېتىپتۇ. بۇ، بىر مۆجىزە، تەڭرىلەرنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان مۆجىزىسى، قۇتى. ۋەھالەنكى، سەن شۇ تاپتا مۇراد-مۇددىئالىرىڭغا يەتتىم، دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ شۇ ئوي سېنى بىخۇدلاشتۇرۇپ قويماقتا. ھوشيار ۋە ئاگاھ بولغىنىكى، ناھايىتى يىراقتا، شەرقىي شىمالدا قونشى[2]لىرىڭ نىيىتىنى بۇزۇۋاتىدۇ، قۇتراۋاتىدۇ. تەڭرىلەر

---

① تۇغلا — موڭغۇلىيىدىكى دەريا.
② قونشى — قوشنا.



www.uyghurkitap.com

بېشارەت بەردىغۇ. ئۇلار سېنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسەڭنى سوراپ ئەلچى ماڭدۇردى. سەن كەڭ قورساق، ئېھتىياتچان بول. تەڭرىلەرنىڭ بېشارىتى ۋە ھۆكۈمى بويىچە ئىش قىل، تەڭرىلەر سېنىڭ زېمىن تەلىپىڭنى قاندۇرىدۇ. بىراق سەنمۇ ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك نەرسىدىن قەتئىي ۋاز كېچىشىڭ، ئېرىشىدىغان نەرسىگە بولسا جان پىدالىق بىلەن يېپىشىشىڭ كېرەك. قىسقىسى، سەن سىناققا دۇچ كەلدىڭ، تەڭرىلەر سېنى سىناۋاتىدۇ. ھە، ئورنۇڭدىن تۇر! ئايتەڭرىگە تېۋىن! ئاندىن قايتىپ تەڭرىلەرنىڭ ھۆكۈمىنى ئادا قىل!...

باتۇر تەڭرىقۇت كەيپىنى ئېغىرلاشقان بولسىمۇ، يەنىلا يىگىتلىك كۈچ-قۇدرىتى، جۇشقۇنلۇقى غالىب كېلىپ چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. سول قولىنى كۆتۈرۈپ بايرامنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئىشارە قىلدى. داستىخانلار يىغىشتۇرۇلدى، داقا-دۇمباق سادالىرى توختىدى. باتۇر تەڭرىقۇت ۋە بارلىق دۆلەت ئەركانلىرى سايىۋەن ئاستىدىن كەڭ سەيناغا چىقىپ ۋاقىتلىق گۋادۇبۇغا كىردى ۋە قانتۇرمىش ھەزرەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئايتەڭرىگە تېۋىنىش مۇراسىمىنى تەنتەنە بىلەن تامام قىلدى. ئاي كۆكتە نۇر چېچىپ تۇراتتى، يۇلتۇزلار چىمىرلايتتى، گۇلخانلارنىڭ ئاخىرقى چوغلىرى كۆز شامىلىدا يېلىنجايتتى. باتۇر تەڭرىقۇت پايتەختكە قاراپ راۋان بولدى. ئالچى ئايىغان كېنىزەكلىرى بىلەن سىپاھلارنىڭ مۇھاپىزىتىدە كېتىۋاتاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا قالغان بىر تۈركۈم چارۋىدارلار يايلاق، چۆل-دەشتىلەرگە بۆرىلەر ئۈچۈن دەپ نۇرغۇن قويلارنى تاشلاپ ماڭدى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ تۇلپارى ھەممىنىڭ ئالدىدا ئەركەك بۆرىگە ئەگىشىپ چاپماقتا ئىدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 202-يىل، ئەتىياز.

بۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن يېشىل نۇرلار چاقنايتتى. ئەتراپ قاراڭغۇمۇ، يورۇقمۇ ئەمەس ئىدى، ھەممە نەرسە غۇۋا، خىرە-شىرە كۆرۈنەتتى. باتۇر

تەگرىقۇت ئۇۋ كىيىملىرىنى كىيىپ، ئوقيا، ساداق ئاسقاندى. ئۇ ئاتلىق، تەنها هالدا ئۆتكۈر كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكەتتى. ئۆزىنىڭ نىمە ئۈچۈن مەھرەم-سىپاھ، مەرگەن-پالۋانلىرىنى ئالماي يالغۇز ئۇۋغا چىققانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشىنەلمەيتتى. تۇمشۇقىغا ئۈركەن[①]قاپچۇق كىيدۈرۈلگەن جەغرى ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا مەغرۇر گىدىيىپ ئولتۇراتتى. ئەمدىلەتىن كۆكلىرۈشكە باشلىغان يايلاقلار، قاقاس چۆللەر، قۇم بارخانلىرى، كۆككە بوي سوزغان تاغلار، ئېگىز-تاغلىق قىيا، چوڭقۇر جىرالاردىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تارام-تارام سۇلار، زەڭگەر ئاسمان، ئاق-بوزرەڭ، قارامتۇل بۇلۇتلار... ئۇنىڭ ئالدىدا گاھ نامايان بولاتتى، گاھ غايىب بولاتتى. قەيەردە ئۇۋ بار، بۆرە مىنى نەگە باشلايدىكىن، دەپ ئويلىغان باتۇر تەگرىقۇت بۆرىگە بىرخىل ئۈمىد بىلەن تىكىلدى. بۆرە كۆزلىرىدىن يېشىل نۇر چاقنىتىپ، تىلىنى سوزغىنىچە ئورنىدا مىدىر-سىدىر قىلماي تۇراتتى. باتۇر تەگرىقۇت بىر هازا تېگىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆزى خالاپ كۆك رەڭ[②]گە ئات سالدى، بۆرە شۇ هامان قاتتىق هوۋلاپ ئاتنىڭ ئالدىنى توسىدى. باتۇر تەگرىقۇت هەيران بولۇپ توختىدى ۋە قىزىل رەڭ[③]گە ئات سالدى. بۆرە يەنە تېخىمۇ قاتتىق هوۋلاپ ئاتنىڭ ئالدىنى توسىدى. باتۇر تەگرىقۇت يا كۈلۈشنى، يا ئاچچىقلاشنى بىلەلمەي خىيالغىچە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئاخىر ئۇ قارا رەڭ[④]تەرەپكە قاراپ ئات سىيلىۋىدى، بۆرە يىلاندەك سويلاپ-ۋىشىلداپ گويا باتۇر تەگرىقۇت ئۆزى كەشىپ قىلغان ئاۋازلىق ئوقيانىڭ ئوقىدەك قارارەڭ تەرەپكە ئېتىلدى. باتۇر تەگرىقۇتنىڭ تۇلپارىمۇ بۆرىنىڭ كەينىدىن شامالدەك تېز چاپتى. ئاز ئۆتمەي بۆرە، باتۇر تەگرىقۇتنى

---

① ئۈركەن — قېيىش، كۆن.
② ③ ④ — هونلار تەرەپلەرنى رەڭ بىلەن بەلگىلەيتتى، كۆك رەڭ — شەرقنى، قىزىل رەڭ — جەنۇبنى، قارا رەڭ — شىمالنى، ئاق رەڭ — غەربنى كۆرسىتەتتى.

مەنقشلاغ[1]قا باشلاپ كەلدى. مەنقشلاغ ــــ ئوت-چۆپ، گۈل-گىياھلىرى ئادەم بويى ئۆسىدىغان، بۇلاقلىرى كۆپ، ھاۋاسى ساپ يايلاق ئىدى. بۇ يەردە ھەر يىلى يازدىن-كۈزگىچە مەرھۇم تەگرىقۇت تۈمەنخاندىن قالغان بۈيۈك تۇلپار ئوتلايتتى. لەشكەرلەردىن توققۇزى مەخسۇس بۈيۈك تۇلپارنى بېقىش-مۇھاپىزەت قىلىشقا مەسئۇل ئىدى. ھازىر بولسا بۈيۈك تۇلپار ئوردا ئاتخانىسىنىڭ خاس ئېغىلىدا تۇرۇۋاتاتتى.

بۆرە مەنقشلاغنىڭ دائىرىسىنى بىر ئايلىنىپ كېلىپ باتۇر تەگرىقۇتنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بايىقى يېشىل نۇردىن قىلچە ئەسەر قالمىغان بولۇپ، ھەدەپ ياش ئېقىپ تۇراتتى. باتۇر تەگرىقۇت تۇساتتىن بــۈيــۈك تــۇلپارنىڭ ئېچىنىشلىق كىشنىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى-دە، چۆچۈپ ئەتراپىغا نەزەر سالدى. مەنقشلاغ جىمجىت ئىدى، ئەتراپتا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. بۈيۈك تۇلپارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ھاۋادا گۈلدۈرمامدەك ياڭراپ جاھاننى تىترىتەتتى. بىپايان دالا گۇگۇم مەزگىلىدىكىگە ئوخشاش قــارىيىپ كۆرۈنەتتى، چەكسىز بوشلۇقنى قارا تۇمان قاپلىغانىدى. باتۇر تەگرىقۇتنىڭ يۈرىكى ئاسقىپ قاتتىق دۈپۈلدەشكە باشلىدى. بۈيۈك تۇلپار قايتا كىشنىگەندە باتۇر تەگرىقۇت قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتى:

ــــ بۈيۈك تۇلپار! ئاتامنىڭ تۇلپىرى! ... ــــ باتۇر تەگرىقۇت چۈش كۆرگەنىدى. ئۇ چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ئويغانىدى. قۇنجۇي[2] ئــايزات[3]چىرايى تاتارغان، كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا ئېگىشىپ ئۇنىڭ يۈزىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈۋاتاتتى.

ــــ نىمە بولدۇڭ ئۇلۇغ قاغانىم؟... ئەجەب قورقۇتتىڭا؟

باتۇر تەگرىقۇت جاۋاب بەرمىدى، ئىككى يېنىغا قاراپ ھەشەمەت بىلەن

---

① مەنقشلاغ ــــ يەر نامى.
② قۇنجۇي ــــ مەلىكە، توقال خوتۇن.
③ ئايزات ــــ ئايدىن تۆرەلگەن.

بېزەلگەن، ئېپار، زەپەر، ئالچى[1]ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان ھۇجرىدا ياتقانلىقىنى بىلدى. بۇ، ئۇنىڭ ياش، گۈزەل، سۆيۈملۈك خوتۇنى ئايزاتنىڭ قەسرىدىكى خاس ھۇجرا ئىدى. دېرىزىلەردىن شۇڭغۇپ كىرگەن تاڭ نۇرى بۇ ھۇجرىنى ئاجايىپ سىرلىق تۈسكە كىرگۈزگەنىدى، ئىشىك-دېرىزىلەرنىڭ ھال رەڭ يىپەك پەردىلىرىگە، نەقىشلىك تورۇسقا ئېسىلغان ئالتۇن قەندەللەرگە، تەكچىدىكى تەڭرى تەقلىدى — ئالتۇن بۇتقا تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان ئاجايىپ بىرخىل سېھرىي كۈچ يوشۇرۇنغانىدى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ چىرايىدىكى قورقۇنچلۇق كەيپىيات تۈگىدى، بىراق ئۇ بۆيۈك تۈلپار توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدى. تەڭرىلەرنىڭ بىشارەتلىرىنى ئەسكە ئېلىپ كۆڭلى گۇمان، شۈبھە بىلەن تولدى. «ئەڭ قىممەتلىك نەرسە...» ئايزات بېرىپ تاشئەينەك ئالدىدا ئولتۇردى. ئۇ، تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇنلا تۇرۇپ كەتكەنىدى، يۇيۇنۇپ-تارىنىپ، ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىپ چىرايلىق ياسانغانىدى، قاپقارا سومبۇل چاچلىرىنى بېشى ئۈستىگە ئىككى قات تۈرمەكلىگەن، بويۇن، قول، بارماقلىرىغا ئالتۇن بېزەكلىرىنى تاقىغان ئىدى... شۇ تاپتا ئۇ قۇلاقلىرىغا ئالتۇن تۇلغاغ[2]لىرىنى سېلىۋاتاتتى. باتۇر تەڭرىقۇت ئۇنىڭ شام يورۇقىدا، تاڭ نۇرىنىڭ شولىسىدا ۋاللىداپ پارقىرىغان بېزەكلىرىگە، خاتىرجەم چىرايىغا بىرخىل ھېرىسمەنلىك، سۆيۈنۈش نەزىرى بىلەن تىكىلدى. ئايزاتنىڭ تېپىك شەرق گۈزەللىرىگە خاس زىلۋا بوي-قامىتىدىن، كۆزلىرىدىكى تەڭداشسىز سېھرىي قۇدرەتتىن ۋە ئۇنىڭ ئەقىللىق، چېۋەر ئىكەنلىكىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېس قىلدى.

ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ئىناقسىزلىق پەيدا بولۇپ، بەزىدە بۇ ئىناقسىزلىق ئۆزئارا جېدەل-ماجىرالارغا،

---

① ئالچى — تېلەن (ھازىرقى چىلىيەنشەن) تېغى، ئۇ تاغدىن ئالچى گۈلى چىقىدۇ ۋە ئۇپا-ئەڭلىك ياسىلىدۇ، ھون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ خوتۇنلىرى ئۆز ئىسمىنىڭ بېشىغا ئالچى ئاتالغۇسىنى قوشاتتى.

② تۇلغاغ — ئالتۇن ھالقا، زىرە.

ھەتتا پات-پات قانلىق قىرغىنچىلىقلارغىچە يېتىپ باراتتى. تۆمەن تەڭرىقۇت دەۋرىدىمۇ بۇ خىل ئىناقسىزلىق، جېدەل-توقۇنۇش توختىمىدى. ئوغۇزخان باتۇر تەختكە چىقىپ تەڭرىقۇت بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا بىرقانچە قېتىم ھەربىي توقۇنۇش، قانلىق جەڭلەر بولۇپ ئۆتتى. ئاخىر ئىككى تەرەپ نۇرغۇن قېتىملىق سۆھبەت، سۈلھى قىلىشلار ئارقىلىق يېقىن قوشنىدارچىلىق، ھەمكارلىق كېلىشىمى تۈزۈشتى. كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن گاۋزۇ — ليۇباڭ قىزى ماۋچۇننى مىڭ سەر ئالتۇن بىلەن بىللە ھون قاغانى باتۇر تەڭرىقۇتقا ھەدىيە قىلدى، ئىككى تەرەپ قۇدىلاشتى. باتۇر تەڭرىقۇتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە پادىشاھ خەن گاۋزۇغا ئون مىڭ توپ يىپەك رەخت، يىگىرمە مىڭ دانە بۆكەن-بۇغا مۈڭگۈزى، يۈز دانە يولۋاس، قاپلان تېرىسى، يۈز دانە كېيىك ئىپارى، ئىككى يۈز نەپەر قۇل-چۆرە ۋە زىرائەت، كۆكتات ئۇرۇقلىرىنى ھەدىيە قىلدى. قېيناتا بىلەن كۈيئوغۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن قويۇقلاشتى، ئۆزئارا ھەمكارلىق، ياردەم، سودا-تىجارەت ۋە تۈرلۈك ئالاقىلار كۈچەيدى. تويدىن كېيىن خەن مەلىكىسى ماۋچۈن ھونلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئايزات دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالدى ھەمدە باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ بىرىنچى خانىشى، قاراقاتىن كۈنسىلىگ[1]تىن قالسىلا ئوردىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ئايالغا ئايلاندى.

مەھرەملەر كىرىپ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ كىيىنىشىگە ياردەملەشتى، شاھلىق تاجىنى تاقىدى. باتۇر تەڭرىقۇت قونجۇي ئايزاتنىڭ گۈزەل شاھانە قەسرىدىن چىقتى. ئايزات قەسىر دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى:

— ئەي ئۇلۇغ قاغانىم، تەڭرىنىڭ ئوغلى، — دېدى ئايزات نازلىق كۈلكىسى بىلەن تىكىلىپ، — يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن نورۇز، مەن بۇ بايرامنى مەنقىشلاغدا ئۆتكۈزۈشنى خالاپ قالدىم.

---

① كۈنسىلىگ — كۈندەك ئىللىق خوتۇن.

www.uyghurkitap.com

— خالىغىنىڭچە بولسۇن، قۇنجۇيۇم، — دېدى باتۇر تەگرىقۇت توختاپ كەينىگە بۇرۇلغاندىن كېيىن جىددىي ئاھاڭدا، — ھەرەمدىكى كۈمۈش تېكىن، كېنىزەكلەر، گۈزەل قاملار ساڭا ھەمراھ بولۇپ باردۇ، ئەلۋەتتە ئۇ يەردە زېرىكىش بولمايدۇ.

— دېگىنىڭ راست، يەنە بىزنى تېخى سىپاھلىرىڭ مۇھاپىزەت قىلىپ باردۇ. مەن دەيمەن، ئۇلۇغ قاغانىم، مەنقىشلاغقا بۆيۈك تۇلپارنى مىنىپ بېرىشقا ئىجازەت بەرسەڭ.

— ھىم!... مەن... تەگرىلەر بىر نىمە دېسۇن!

ئايزات مەيۇسانە قاراپ قالدى. ئۇ، ھون ئوردىسىغا كەلگەندىن بۇيان بىرقانچە قېتىم بۆيۈك تۇلپارنى مىنىپ سەيلە قىلغانىدى. بۇنداق شەرەپ باتۇر تەگرىقۇتنىڭ ئانىسى ئالچى ئايقاغاندىن باشقا، ئوردىدىكى ھەممە خانىش، قۇنجۇي، كۈمۈش تېكىنلەرگە كەمدىنكەم نېسىپ بولاتتى.

قاڭقىل[1] ئاقساقىلى ھەدىيە قىلغان، ئۈچ ئات قوشۇلغان شاھانە ھارۋا باتۇر تەگرىقۇتنى مەخپىي يوللار بىلەن ئوردىغا ئېلىپ ماڭدى. نەيزە، قىلىچ، قالقان بىلەن قوراللانغان جەسۇر سىپاھلار ئۇنى ئىنتايىن ھوشيارلىق ۋە ساداقەت بىلەن مۇھاپىزەت قىلىپ كېلەتتى. باتۇر تەگرىقۇت ئالتۇن تەختتە قارار تاپقان ھامان ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرغان سول قول، ئوڭ قول دۆلەت ئەركانلىرى بىردەك ئورنىدىن تۇردى:

— ياشىسۇن تەگرىنىڭ ئوغلى! تۈمەنمىڭ يىللار ياشىسۇن!!!

بۇ ئاۋاز گويا ئېشەك ئېرىسىدە كېرىلگەن سانسىز دۇمباقلارنىڭ گۈمبۈرلىگەن ساداسىغا ئوخشاش چىقتى. ئاندىن ھەممەيلەن يەنە باشلىرىنى ئېگىپ، قەددىنى پۈكۈپ تەزىم قىلدى:

— كۆكتەگرى بىلەن يەر تەگرى ھايات بەرگەن، كۈنتەگرى بىلەن

---

[1] قاڭقىل — قەبىلە نامى، تارىختا گاۋچې (ئېگىز ھارۋىلىقلار) دەپمۇ ئاتالغان، ھارۋىنى كەشىپ قىلغان.

ئايەتڭرى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان ئۇلۇغ تەڭرىقۇتىمىزغا سالام!

باتۇر تەڭرىقۇت جاۋابەن بېشىنى لىڭشىتىپ قول ئىشارىسى قىلدى، ھەممەيلەن ئولتۇرۇشتى. باتۇر تەڭرىقۇت خېلىغىچە جىمىپ كەتتى. كەينىدە ئۆرە تۇرغان قانتۇرمىش ھەزرەتنىڭ ۋەھىمىلىك شۇئىرلاشلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى. ئوردا ئىچى ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى. باتۇر تەڭرىقۇت خېلىدىن كېيىن قەددىنى سەل رۇسلاپ تۆۋەندىكىلەرگە بىر-بىرلەپ كۆز يۈگۈرتتى-دە، ئاندىن:

— ئــاتام، ئۇلۇغ تەڭرىقۇت تۈمەنخاندىن قالغان بۈيۈك تۇلپارنى قاراتوينىغا بېرىمىزمۇ؟ — دېدى.

ئاشۇ سوئال بىلەن تەڭ دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ كۆڭلىدىكى تەشۋىش كــۈچىيىپ، چىرايلىرى جىددىي تۈس ئالدى، ئېگىز، كەڭ دېرىزىلەردىن كىرگەن ئارامبەخش باھار ھاۋاسى ئوردا ئىچىگە بىرخىل سالقىنلىق بەخش ئەتكەنىدى. ئەمما دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ چىرايلىرىدا تومۇز ئىسسىقىغا ياكى بــولمىسا زىمىستان سوغۇقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقاندەك بىر تەرزدىكى ئارامسىزلىق ئىپادىلىرى ئەكس ئەتتى.

بۇنىڭدىن ئون كۈن ئىلگىرى شەرقىي شىمالدا، لياۋخې[1] دەرياسىنىڭ باش تارمىقى بولغان شىراموررۇن[2] دەرياسىنىڭ بىپايان ۋادىلىرىدا ياشايدىغان قــۇدرەتلىك توڭگۇسلارنىڭ ياش پادىشاھى قاراتوين بىر يابغۇ[3] سىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئون بەش كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قىرىق تۆگىلىك قىممەت باھا ئارمىغان[4] بىلەن ھون پايتەختى تەڭرىبالىققا ئەۋەتكەنىدى. ئەلچىلەر تەڭرىقۇت ئوردىسىدىن تاكى سۇبىران[5] دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغىچە

---

① لياۋخې — ئىچكى موڭغۇلدىكى دەريا.
② شىراموررۇن — ئىچكى موڭغۇلدىكى دەريا.
③ يابغۇ — ۋەزىر.
④ ئارمىغان — سوۋغا-سالام.
⑤ سۇبىران — ھون، ئوغۇز شەھەرلىرىنىڭ بىرى.

ئىككى رەت تىزىلغان لەشكەرلەر ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشلىرى، نــەغمە-ناۋا ئىچىدە قارشى ئېلىندى ھەمدە مەخسۇس ئالىي قەسىرلەرگە ئــورۇنــلاشــتۇرۇلــۇپ كــاتتا زىياپەتلەر بېرىلدى. تەڭرىبالىق شەھىرىنىڭ ئــوردا-قــەسىرلىرى، سودا بىنالىرى، چوڭ-كىچىك كوچىلىرى، بازارلىرى، باغچىلىرى... ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇلدى. قوبۇل مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى ئەلچىلەر قىرىق تۆگىلىك ئارمىغاننى باتۇر تەڭرىقۇتقا تەقدىم قىلدى. ئاندىن ئەلچىلىك مۇددىئاسىنى ئىزھار قىلىپ: ”پادىشاھىمىز قاراتويىن بۈيۈك تۇلپارنى سەندىن سوۋغا سۈپىتىدە بېرىشنى تەلەپ قىلدۇ“ دېدى. دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ كۆزلىرى تەئەججۈپ ئىلكىدە چەكچەيدى، كۆڭۈللىرىدىن بىر ئاچچىق سىزىم كېچىپ ئۆتتى. ئەمما باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايىتى ساز ئىدى. ئۇ: ”تەڭرىلەر بۇ توغرىلىق ئاللىقاچان بېشارەت بەرگەن، ئــەمما مەندىن تەلەپ قىلىنىدىغان نەرسىنىڭ بۈيۈك تۇلپار ئىكەنلىكىنى ئېيتمىغان. شۇڭا، بىز بۇ تەلەپنى ئوردا كېڭەشىدە قارار قىلىمىز“ دەپ مۇراسىمنى ئاخىرلاشتۇرغاندى. ئەنە شۇ سەۋەبلىك بۈگۈن ئوردا كېڭەشى چاقىرىلغانىدى.

— ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ قۇتلۇق ئوغلى! — دېدى سول قول ئۇلۇغ بــىلگەخان بىر ھازادىن كېيىن تۈنجى رەت ئېغىز ئېچىپ، — مەرھۇم تەڭرىقۇتىمىز تۇمەنخاندىن قالغان بۈيۈك تۇلپار ساڭا ھەم بىزگە قىممەتلىك مىراس، ئۇ بىزنىڭ پەخرىمىز، ئىپتىخارىمىز، ئۇنى ياتلارغا ھەرگىز بەرمەيمىز!

ئوڭ قول ئۇلۇغ بىلگەخان ئورنىدىن تۇردى:

— بۈيۈك تۇلپار بىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقىمىز، شان-شەرىپىمىز، ئۇنى ياتلارغا بېرىش قورقۇنچاقلىقتىن، خۇشامەتتىن نىشاندۇر!

سول قول ئۇلۇغ يابغۇ قاپقىنى تۈرگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا:

— بــۈيۈك تۇلپار جەڭ ئاتلىرىمىزنىڭ سىمۋولى، پۈتكۈل جاھاندا

يۈگۈرۈكلۈكتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان تۇلپار يوق، ئۇنى بىز هونلارغا تەڭرىلەر ئىنئام قىلغان. شۇڭا ئۇنى ياتلارغا بېرىش ئۆزىمىزنىڭ يۈز-ئابرويىنى ئۆزىمىز يەرگە ئۇرغان بىلەن تەڭ! — دېدى.

ئوڭ قول ئۇلۇغ سانغۇن[1] دۇبۇلغىسىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ دېدى:

— تەڭرى قۇت بەرگەن ئۇلۇغ قاغان! تەڭرىبالىقتىن چىقىپ ئالدىمىزدا ماڭدىڭ، بىز ساڭا ئەگىشىپ تەڭرىقۇملۇقى[2]نى، بادائىن جاران قۇملۇقى[3]نى، ئۇردۇس[4]، سەيخەنتال[5] قۇملۇقلىرىنى كېزىپ چىقتۇق. ساندىبىل[6]، قاشتېشى قوۋۇقى[7]، قوش[8]، لولان[9]، كېنگىت[10]، كىرورەن[11]، كۈسەن[12]، سۇلى[13] قاتارلىق شەهەرلەردە توققۇز تۇغلىرىمىز جەۋلان قىلدى. جەڭ ئاتلىرىمىز تەڭرىتاغلىرىدىن، جۇڭغار ئويمانلىقىدىن، ئالتاي، سايان[14] تاغلىرىدىن ئۆتتى. بايقال[15] قىرغاقلىرىدا توختاپ غەلىبىلىرىمىزنى تەبرىكلىدۇق. سەن هامان ئالدىمىزدا يول باشلاپ ماڭاتتىڭ.

---

① سانغۇن — سەركەردە-گېنېرال.

② ③ ④ ⑤ — ئىچكى موڭغۇلدىكى جايلار.

⑥ ساندىبىل — گەنسۇنىڭ جاڭيې شەهىرى ئەتراپىدا بىنا قىلىنغان قەدىمىي شەهەر.

⑦ قاشتېشى قوۋۇقى — يۈيمېنگۈەن.

⑧ قوش — تۇرپان.

⑨ لولان — لوپنۇر.

⑩ كېنگىت — قارا شەهەر.

⑪ كىرورەن — لوپنۇر كۆلى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقى ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى شەهەر، هازىر خارابىسى بار.

⑫ كۈسەن — كۇچا.

⑬ سۇلى — قەشقەر.

⑭ سايان — سىبىرىيىدىكى تاغ.

⑮ بايقال — سىبىرىيىدىكى مەشهۇر كۆل.

يېنسەي [1] ، ئۇرخۇن [2] ، قورۇلۇن [3] دەريالىرىنىڭ گۈزەل، چەكسىز ۋادىلىرى، مۇنبەت يايلاقلار بىزگە قارام بولدى. ھازىر بىز تەڭداشسىز كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە ئۇلۇغ تەڭرىقۇتلۇق دۆلەت بولۇپ قالدۇق. شۇڭا، نېمىدىن قورقىمىز؟ ئاشۇ توڭگۇسلارغا بۈيۈك تۇلپارنى بېرىمىزمۇ؟ ياق، بەرمەيمىز؟!

باشقىلارمۇ نۇرغۇن دەلىللەرنى كۆرسىتىپ يۇقىرىقى پىكىرلەرنى قوللاپ چىقتى، باتۇر تەڭرىقۇت مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ھەممە گەپكە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى. قانتۇرمىش ھەزرەتنىڭ شۇنىرلاپ ئوقۇۋاتقان دۇئالىرى ھېلىھەم داۋام قىلىۋاتاتتى. دۆلەت ئەركانلىرى گويا ئالدىن باش قوشۇپ ۋەدىلىشىۋالغاندەك ھەممىسى بۈيۈك تۇلپارنى توڭگۇسلارغا بەرمەسلىكتە چىڭ تۇردى.

— بىر ئاتنى دەپ قوشنا ئەلنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرسەك بولماس!

— دېدى باتۇر تەڭرىقۇت ئاخىرىدا، — ئەلچىلەر كىرسۇن! بۈيۈك تۇلپار ئالدىمدا ھازىر قىلىنسۇن!

زىلزىلە باشلاندى، كۆزلەردە نارازىلىق ئۇچقۇنلىرى ياندى، كۆڭۈللەرنى تەشۋىش، گۇمان ئىگىلىدى، تەنلەر شۈركۈندى، جىمجىتلىق، بۇرۇقتۇرمىلىق ھۆكۈم سۈردى. باتۇر تەڭرىقۇت بەخىرامان-خاتىرجەم ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئايزاتنىڭ ئەتىگەنكى مەيۈسانە قىياپىتى، ئىلتىجالىق قاراشلىرى لىپپىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئەلچىلەر كىردى، ئارقىدىن تۆت سىپاھ ئېگەر-يۈگەن، قۇشقۇن يانبېغى ئالتۇن، گۆھەر، ياقۇتلار بىلەن زىننەتلەنگەن بۈيۈك تۇلپارنى ئەكىردى.

— دوستىمىز قاراتويىنغا بۈيۈك تۇلپارنى ھەدىيە قىلدىم!

---

①②③ — موڭغۇلىيە، سىبىرىيەدىكى دەريالار.

باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى، يۈرەكلىرى ئېچىشتى، بىراق تەڭرىقۇتنىڭ قارارىغا ھېچكىم مۇخالىپ كېلەلمەيتتى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 201-يىل، ياز.

بۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن يېشىل نۇرلار چاقنايتتى. كۈن غەربىي ئۇپۇققا يېقىنلىشىۋاتاتتى. ئالتۇن رەڭدە تاۋلىنىپ يانغان شەپەق نۇرىدا بۆرىنىڭ قارا كۆككە مايىل سىرتلىرى يىڭى توقۇلۇپ پاتلانغان يىپەكتەك پارقىرايتتى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ تۇلپىرى بۆرىگە ئەگىشىپ شامالدەك تېز چاپاتتى. ھاۋا تىنجىق، ئىسسىق ئىدى. يايلاقلار يېشىللىققا پۈركەنگەنىدى. يىراق-يىراقلارغا سوزۇلغان قوي، كالا، پادىلىرىنىڭ توپى خۇددى كۆكتە ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلار توپىنى ئەسلىتەتتى. يىلقىلار، تۆگىلەر تاغ يامزاللىرىدا ئوتلايتتى، تېخىمۇ يىراقلاردا ئاقىرىپ كۆرۈنگەن قۇملۇقلاردا گىرىمسەن كىيىك پادىلىرىدەك لۆمشۈپ يورغىلايتتى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ كەينىدىن ئون نەپەر سانغۇن ۋە خاس مەھرەم-سىپاھلار، داڭلىق مەرگەن، ئوۋچى-پالۋانلار ۋە ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى ئاتلارغا غانجۇغىلىغان خىزمەتكار-مالايلار ئەگىشىپ كېلەتتى.

باتۇر تەڭرىقۇت ياز مەۋسۇمى كىرگەندىن بۇيان غايەت زور ھەربىي يۈرۈش تەييارلىقىنى قىلىش توغرىسىدا تۇغراغ[1]چۈشۈرگەنىدى. ھونلار ۋە ھون ئىتتىپاقىدىكى بارلىق قوۋم-قەبىلىلەر ئەزەلدىن ”يايلاق مىللەتلىرى“ دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى كىچىكىدىن تارتىپ مال بېقىش،

---

[1] تۇغراغ — يارلىق، بۇيرۇق، ئەمر-پەرمان.

تېرىقچىلىق قىلىشنى پىششىق ئۆگىنىپلا قالماستىن، يەنە ئادەت بويىچە چەۋەندازلىق، قىلىچ چېپىش، نەيزە سانجىش، ئوقيا ئېتىش، قالقان تۇتۇپ رەقىبلىرىدىن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش قاتارلىق ھەرخىل جەڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىشنى ئۆزلىرىنىڭ باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتى دەپ ھېسابلايتتى. ئۇلار چەۋەندازلىقتا ئات ئۈستىدە، ئاتنىڭ بىلىدە، ئاتنىڭ قورسىقىدا مەھكەم تۇرۇۋېلىپ قىلىچ چاپالىغان، نەيزە ئۇرالىغان، يەرگە قادالغان مەلۇم نەرسىنى قولى بىلەن ئەمەس، بەلكى چىشلەپ ئالالىغان ھەمدە شۇ پېتى مەنزىلگە يېتەلىگەنلەرنى، قىلىچ ياكى نەيزىنى ئالدىغا قانداق شىلتىسا، ئىككى يېنىغىمۇ، كەينىگىمۇ شۇنداق تېزلىك بىلەن شىلتىيالىغانلارنى ھەقىقي يىگىت — ئەر دەپ ھېسابلايتتى. ئەنە شۇنداق ماھارەتلەرنى تولۇق ئىگىلەپ سىناقتىن ئۆتكەنلەر ئاتلىرىغا مىنىپ، قىلىچ، نەيزە، ئوقيا بىلەن قوراللىنىپ ئۆزلۈكىدىن لەشكەرلەر سېپىگە كېلىپ قوشۇلاتتى. لەشكەر بولالمىغانلارنىڭ، جەڭگە قاتناشمىغانلارنىڭ ئۆز قوۋم-قەبىلىسى، ئۆز جەمەتى ئىچىدە ئەسلا يۈز-ئابرويى بولمايتتى. شۇ تۈپەيلى ھون دىيارىدىكى بارلىق يىگىتلەر ھەربىي ماھارەتلەرنى ئۆگىنىشنى ھايات يولى، جەڭگە قاتنىششنى ئالىي مەقسەت دەپ قارايتتى ۋە ئۆزلىرى سايلاشقان يۈز بېشى، ئونبېشىلارنىڭ باشلامچىلىقىدا توپ-توپ بولۇپ لەشكەرلەر سېپىنى ھاسىل قىلاتتى. جەڭ پەيتلىرىدە پىداكارلىق كۆرسىتىپ شەرەپ قازىنىشقا، تەڭرىقۇتنىڭ ئىلتىپات-ئىنئاملىرىغا مۇيەسسەر بولۇشقا تىرىشاتتى. جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەر دەرىجىمۇ دەرىجە ئۆستۈرۈلەتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇلارغا يەر، سۇ، چارۋا-يايلاق سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلەتتى.

بۇ قېتىممۇ باتۇر تەڭرىقۇت چۇشۇرگەن تۇغراغ يېتىپ بارغانلىكى جايدىن ئات ۋە قورال-ياراقلار بىلەن تولۇق قوراللانغان سان-ساناقسىز

چەۋەنداز يىگىتلەر تەگرىقۇت ئۈچۈن تىكلىگەن بارگاھلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشتى. شۇنىڭ بىلەن ھونلارنىڭ ئەسلىدىكى لەشكەرلەر توپلىرىغا يەنە لەشكەرلەر قوشۇلۇپ، لەشكەرلەرنىڭ سانى ھەددى-ھېسابسىز كۆپىيىپ كەتتى. ئاتلار تىپىچەكلەيتتى، كىشنەيتتى، چاپچىيتتى. قىلىچ-نەيزىلەر پارقىرايتتى، تۇغلار لەپىلدەيتتى. باتۇر تەگرىقۇت بىر بارگاھدىن يەنە بىر بارگاھقا يېتىپ بارغان ھامان كەڭ دالالاردا تىزىلغان لەشكەرلەر سېپى نۆۋەت بويىچە ھەربىي مەشىقنى باشلايتتى. قىلىچلار جاراڭلايتتى، نەيزىلەر ۋىشىلدايتتى، يانىڭ كىرىچلىرىدىن ئۈزۈلگەن ئوقلار گۈر-گۈر ئاۋاز چىقىرىپ ئۇچاتتى. ئاتلار قارا تەرگە چۆمۈلەتتى، ئوت-چۆپلەر چەيلىنەتتى، توپا-توزانلار شىددەت بىلەن كۆتۈرۈلۈپ بۇلۇتلارغا قوشۇلاتتى. ئۆز قوشۇنلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈش بىلەن ئۈچ ھەپتىنى ھەربىي بارگاھلاردا، چەكسىز دالا-قىرلاردا ئۆتكۈزگەن باتۇر تەگرىقۇت خاتىرجەم بولۇپ، ئۇلارغا دەم ئېلىش ئىجازىتى بەرگەندىن كېيىن ھاردۇق چىقىرىش، كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىدە كاتتا شىكارنى باشلىغانىدى. بىرىنچى قېتىملىق شىكار غەنىيمەتلىرى بىلەن ئايدالادا بەزمە ئۆتكۈزدى. بۈگۈن بولسا ئىككىنچى قېتىملىق شىكارنى تۈگىتىپ، پايتەختكە قايتىپ كېتىۋاتاتتى.

دىمىق تىنجىق يېنىپ ھاۋا سالقىنلىشىۋاتاتتى. كۈن ئاداققى نۇرلىرىنى سېپىۋاتقاندا باتۇر تەگرىقۇتنىڭ قۇلىقىغا:

— ئوغلۇم ئوغۇز، كىچىلىك ئىبادەت ۋاقتى يېقىنلاشتى، ئۇلۇغ ھەزرىتىڭ — ئۇلۇغ قامانىڭ سېنى كۈتمەكتە. يەنە، يەنە بىر مۈشكۈل ئىشمۇ سېنى كۈتمەكتە. بىز سېنى سىنايمىز. بىلمەن، سەن بىزنىڭ ئىرادىمىز بويىچە ئىش قىلسەن، ماڭا تېۋىن! — دېگەن نىدالار ئاڭلاندى.

باتۇر تەگرىقۇت توختىدى. پېتىۋاتقان كۈنگە قاراپ تېۋىندى، ئاندىن

يولنى داۋام قىلدى. بۆرە ئالدىدا چېپىپ باراتتى. يىراقتىن پايتەختنىڭ غايەت زور ھەيۋەتلىك سېپىللىرى، كۆكنى سۆيگەن ئېگىز مۇنارلىرى كۆرۈندى. باتۇر تەڭرىقۇت ھايال ئۆتمەيلا پايتەختكە كىرىپ كەلدى. ئۇردا گۋادۇبۇسىنىڭ ئالدىدىكى سەينادا توپ-توپ قامانلار تۆمۈرلۈك ساداسىغا ئۇنلۇك ئىبادەتنى جور قىلىپ ئوقۇۋاتاتتى. باتۇر تەڭرىقۇت يېقىنلاپ كەلگەن ھامان تۆمۈرلۈك ساداسى ئەۋجىگە چىقتى، باتۇر تەڭرىقۇتقا ئالقىش-مەدھىيىلەر يېغىشقا باشلىدى. باتۇر تەڭرىقۇت تۇلپاردىن چۈشتى. سانغۇنلارنىڭ ھەمراھلىقىدا پەلەمپەي باسقۇچلىرىدىن كۆتۈرۈلدى. دەرۋازا بوسۇغىسىدا ئالچى ئايقاغان ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى، باتۇر تەڭرىقۇتمۇ ئانىسىنىڭ باغرىغا بېشىنى قويدى. ئىچكىرى سەينادا قامانلار پىرە ئويسۇلىنى ئويناش ئارقىلىق جىن-ئالۋاستىلارنى قوغلاۋاتاتتى، سەينانىڭ ئەتراپىغا ھەرخىل چوڭلۇقتىكى لاتا قورچاقلار قويۇلغانىدى. ھەربىر قورچاقنىڭ ئالدىدا بىر قاچىدىن "جىن ئېشى" بار ئىدى. تاملارغا قادالغان نوكچىلەر پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى. باتۇر تەڭرىقۇت گۋادۇبۇغا كىرىپ كەلدى. دۆلەت ئەركانلىرى بۇرۇنلا كېلىپ بولغانىدى، ھەممىسى ئۆز جايلىرىدا سۈكۈتتە ئولتۇراتتى. باتۇر تەڭرىقۇت مۇنبەرنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ دائىمىي كۇرسىسىدا ئولتۇردى. گۋادۇبۇنىڭ تۆت گىردابىدىكى چوڭ تەكچىلەرگە تەڭرىلەرنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، ياغاچتىن ياسالغان تەڭرى تەقلىدلىرى قويۇلغانىدى. تەڭرى تەقلىدلىرى ئالدىدىكى ئىسرىقدانلاردىن كۆكۈچ ئىس بىلەن قوشۇلۇپ ئارچا ياغىچى، ئادىراسمان ۋە قوي مېيىنىڭ ئۆتكۈر ھىدى تارايتتى. قانتۇرمىش ھەزرەت مۇنبەردە ئۆرە تۇرۇپ تەڭرىلەرگە تېۋىنىدى، ئاندىن ۋەز ئېيتىشقا باشلىدى:

— تەڭرىلەر ئالەمنى نۇرغۇن قەۋەت قىلىپ ياراتتى. ئالەمنىڭ

ئۈستۈنكى ئۇن يەتتە قەۋىتى ئەرشتۇر. ئەرش يورۇق-پارلاق زېمىندۇر. ئەرش — تەڭرىلەرنىڭ ماكانىدۇر. ئالەمنىڭ ئاستىنقى توققۇز قەۋىتى دوزاختۇر، دوزاخ قاراڭغۇ زۇلمەت باسقان زېمىندۇر. تەڭرىلەر بىزنى ئەنە شۇ ئەرش بىلەن دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياشايدىغان قىلىپ ياراتتى.

قانتۇرمىش ھەزرەتنىڭ ئاۋازى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ياڭراق، ھەيۋەتلىك بولۇپ دۆلەت ئەركانلىرى ئۇنىڭ ۋەزلىرىنىڭ تەسىرىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ تىترەيتتى. باتۇر تەڭرىقۇت ۋەزنى ئىنتايىن ئىخلاس بىلەن تىڭشاشقا تىرىشقان بولسىمۇ، قۇلىقىغا يەنىلا ”يەنە... يەنە بىر مۇشكۇل ئىشىمۇ سېنى كۈتمەكتە، بىز سېنى سىنايمىز!...“ دېگەن نىدالار كىرىۋالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەڭرىلەرنىڭ ئالەمنى، ئەرشنى، دوزاخنى، ئىنسانلارنى يارىتىشى توغرىسىدىكى ۋەز-تەرغىباتلار يالغۇز باتۇر تەڭرىقۇتقىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ھونلارغا چۈشىنىشلىك ئىدى. ئەمما قانتۇرمىش ھەزرەت ۋە باشقا بارلىق قامانلار شامان دىنىنىڭ سادىق مۇخلىسلىرى، ئىجراچىلىرى سۈپىتىدە مۇقەددەس ئەھكاملارنى داۋاملىق، تەكرار تەرغىب قىلىشنى ۋىجدانىي بۇرچى دەپ ھېسابلايتتى. بۈگۈن بولسا، قانتۇرمىش ھەزرەت ھېلىقىدەك ھەممىگە مەلۇم بولغان دىنىي بايانلاردىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ روھلىرى تەڭرىلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر. تەڭرىلەر ئادەملەرنىڭ روھىنى ھايۋاناتلارغا، ھايۋاناتلارنىڭ روھىنى ئادەملەرگە كۆچۈرۈپ ساقلاپ قالىدۇ. مەسىلەن، تەڭرىلەر مەرھۇم تەڭرىقۇتىمىز تۈمەنخاننىڭ روھىنى ئۇنىڭ مىنگەن ئېتىغا كۆچۈردى. ئۇ ئات شۇڭلاشقا بۈيۈك تۇلپار دېيىلىپ قەدىرلىنىپ كەلگەنىدى. ئەپسۇس... بۈيۈك تۇلپار ھازىر ياتلارنىڭ قولىدا...

باتۇر تەڭرىقۇت سەل چۆچۈدى. قانتۇرمىش ھەزرەت تۆرىگە مىختەك تىكىلىپ ئولتۇرغان شۆھرەتلىك قاغاندىن قىلچە ھېيىقماي سۆزلەۋاتاتتى. باتۇر تەڭرىقۇت قانتۇرمىشنى ئاشۇ تەئەددىي سۆزلىرى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشمۇ مۇمكىن ئىدى. بىراق تەڭرىلەرنىڭ ئەلچىسى بولمىش ئۇلۇغ باقشىنى، بۇ تەڭداشسىز پالچى، رەمبال-داخاننى يەنىلا ئاياپ قېلىشى، ئۇلۇغلىشى لازىم ئىدى، باتۇر تەڭرىقۇت بۈيۈك تۇلپار ۋەقەسى تۈپەيلى ئوردىدا، پايتەختتە، لەشكەر، پۇقرالار ئارىسىدا كۆتۈرۈلگەن غۇلغۇلىنىڭ تېخىچە بېسىقماي كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. قانتۇرمىش ھەزرەتنىڭ سۆزلىرىدىن كەيپى ئۇچتىمۇ، ئىشقىلىپ، ئورنىدىن تۇردى-دە، سانغۇن، مەھرەم-سىپاھلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا گۇۋادۇبۇدىن چىقىپ كەتتى. كوچىدا مەشئەل كۆتۈرۈۋالغان قامانلار، قاملار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. كوچا قاسناقلىرىدىكى قاتار ئۆيلەردىمۇ ئىبادەت قىلىنىۋاتقانلىقى دېرىزىلەردىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاۋازلاردىن مەلۇم ئىدى. ئاسمان تۈن پەردىسى ئاستىدا سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. سىپاھلارنىڭ بىر قىسمى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئالدىدا كىشىلەرنى ئىتتىرىپ، قامچىلاپ يول ئېچىپ باراتتى. باتۇر تەڭرىقۇت كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت-تەزىم قىلىپ ئېگىلىشلىرىگىمۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ ۋارقىراشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماستىن، تۇلپىرىنى ئۆز يورغىسىغا قويۇۋېتىپ خىيالغا چۆمگەنىدى. ئۇنىڭ خىياللىرى تولىمۇ سىرلىق ئىدى. ئوردىدىكى دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن كېڭەش، سۆھبەت، مۇلاھىزىلەردە، زىياپەت سورۇنلىرىدا، خۇسۇسىي پاراڭ قىلىپ ئولتۇرغاندا ئۇ كۆڭلىدىكىنى ئاشۇ يېقىن ئادەملىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا ئاشكارا قىلىشنى خالىماي كېلىۋاتاتتى. ئوردىدىكى ئەڭ بىلىگ دانىشمەنلەر ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەلمەي ھەيران ئىدى. ئۇ، كۆڭلىدىكى خىيال-تەسەۋۋۇرلىرىنى،

مەقسەت-مۇددىئالىرىنى ئانىسى ئالچى ئايقاغانغىلا ئېيتاتتى. پەقەت قانتۇرمىش ھەزرەتلا ئوردىغا ياندىش تار ھۇجرىسىدا ياكى گۈدۈبۇنىڭ ئېھتىكاپخانىسىدا ئولتۇرۇپ، بۆرە ئوشۇقلىرىدىن ياسالغان تەسۋىسىنى سىيرىپ پال ئېچىش ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالاتتى. قانتۇرمىش ھەزرەت ھەمىشە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى، قاغاننىڭ ھاياتى، قىسمەتلىرى، كەلگۈسى توغرىسىدا پال ئاچاتتى. ئۇنىڭ بىشارەت، ھۆكۈملىرى كۆپىنچە ھاللاردا باتۇر تەگرىقۇتنىڭ خىيال-تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن ئوخشاش چىقىپ قالاتتى.

باتۇر تەگرىقۇت قاراقاتىن كۇنسىلگىنىڭ قەسرىگە يېتىپ كەلگەندە سانغۇنلار بىلەن خوشلاشتى. گۋادۇبۇ تەرەپتىن ئىبادەت مۇزىكىسىنىڭ ھەيۋەتلىك سادالىرى ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى... كۇنسىلگىنىڭ نازلىق بىقىپ كۆلۈمسىرەشلىرى، قىزغىن مۇھەببەت بىلەن سۆيۈپ-قۇچاقلاشلىرى ياش، بەقۇۋۋەت باتۇرنىڭ پۇتكۈل ۋۇجۇدىنى شامدەك ئېرىتىپ، ئۇنى بەخت-پاراغەت دېڭىزىنىڭ چەكسىز قايناملىرىغا غەرق قىلىۋەتتى. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي چۈشىدە كۇنسىلگىنىڭ ئوتلۇق تەبەسسۇملىرىنى ئەمەس، ئايزاتنىڭ قايغۇلۇق كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئېقىۋاتقان ھەسرەت ياشلىرىنى كۆردى. ئايزات ئۆزىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ئېرىنى ئەسلا كۆرمىگەندەك ھەدەپ يىغلايتتى، باتۇر تەگرىقۇت گەپ سورىسا ھېچ جاۋاب بەرمەيتتى. ئايزاتنىڭ يىغىسىغا ھەمدەم بولۇپ بىر چىشى بۆرىمۇ يىغلايتتى. باتۇر تەگرىقۇت يېقىنلاشقانسېرى ئايزات كەينىگە داجىپ ئۆزىنى قاچۇراتتى. شۇ ئارىدا قاياقتىندۇ قانتۇرمىش ھەزرەت پەيدا بولدى-دە، باتۇر تەگرىقۇتقا روبىرو تۇرۇپ: «ئەي ھەممىگە قادىر تەگرىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى! خەن مەلىكىسى سېنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرەتتى، ۋەھالەنكى سەن ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىدىغان بولدۇڭ، چۈنكى بۇ تەگرىلەرنىڭ خاھىشى بىلەن سادىر

www.uyghurkitap.com

بولىدىغان ئىش. ھەي دەرىخ!... ئەتە ھۇزۇرۇڭغا مېھمان كېلىدۇ“ دېدى-دە، شۇئان غايىب بولدى، ئايزاتمۇ ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى. چىشى بۆرە ناھايىتى يىراقتا گويا بىر تال چېكىتتەك كۆرۈنۈپ كېتىپ باراتتى. باتۇر تەڭرىقۇت بۆرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ: ”تۇن! تۇن!“① دەپ ۋارقىرىدى. بۇ ئاۋاز ھاۋادا ئەكس سادا پەيدا قىلدى، ئەمما بۆرە قايتمىدى. باتۇر تەڭرىقۇت يەنە بىر قېتىم ۋارقىرىدى، لېكىن ئاۋازى چىقمىدى، كۆچەپ كەتكەنلىكتىن گېلى چىڭقىلىپ، بوغۇلۇپ ئويغىنىپ كەتتى. مىس، قاشتېشى، شامدانلاردىكى شاملار ئاللىقاچان ئۆچۈپ، پەقەت ئالتۇن شامداندىكى ئازغىنا قالغان شاملا لىپىلداپ يېنىپ تۇراتتى. قاراقاتتىن كۇنسلىگ شامان سەنەملىرىدەك گۈزەل قىياپەتتە جىمجىت ئۇخلاۋاتاتتى. باتۇر تەڭرىقۇت شامدانلارغا قاراپ ۋاقتىنىڭ تېخى تۈن نىسپىمۇ بولمىغانلىقىنى بىلدى. دېرىزىلەرنىڭ ئارقىسىدىن مۇھاپىزەتچى سىپاھلارنىڭ بوش ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۈن شامىلى دېرىزە-ئىشىكنىڭ يىپەك پەردىلىرىنى لەرزان تەۋرىتەتتى. باتۇر تەڭرىقۇت خانىش كۇنسلىگنىڭ قوينىدا يېتىپ، قۇنجۇي ئايزاتنى چۈشەپ چىققانلىقىغا ئانچە ئەجەبلىنىپ كەتمىدى. چۈنكى ئۇ تەڭرىلەرنىڭ بېشارىتىگە ئاساسەن ئايزاتنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ يۈرەتتى. ئۇ، كېچىچە تۈرلۈك خىياللار بىلەن ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزدى.

باتۇر تەڭرىقۇت ئوردىغا كېلىپ ئالتۇن تەختتە قارار تاپقاندىن كېيىنمۇ كۆڭلىدىكى خاراموشلۇق يوقالمىدى. ئايزاتنىڭ يىغا باسقان مىسكىن چىرايى كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمەي تۇرىۋالدى. دۆلەت ئەركانلىرى ئۇنىڭ روھسىز

---

① تۇن — قايت.

هالىتىدىن ئەنسىرەپ قېلىشتى. خېلىدىن كېيىن ئارقىش[1] بەگ توققۇس ئەلچىلىرىنىڭ تەخىرىقۇت ئوردىسىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سورايدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. باتۇر تەخىرىقۇت ماقۇللۇق ئىشارىسىنى بىلدۈردى. قوبۇل مۇراسىمى باشلاندى. توققۇس ئەلچىلىرى كىرىپ سالام-تەزىمنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، سەكسەن تۆگىلىك قىممەت باھا ئارمىغانلىرىنى باتۇر تەخىرىقۇتقا تەقدىم قىلدى. ئۇلۇغ خەزىنە بەگ ئارمىغانلارنى ساناپ، تىزىملاپ ئۆتكۈزۈۋالدى. باتۇر تەخىرىقۇت ئەلچىلەرگە رەھمەت ئېيتتى ۋە ئۇلارغا يۇڭدىن، يىپەكتىن توقۇلغان سىپتا، قىزىل بويالغان ھونچە ئۈزۈن تونلارنى تەقدىم قىلدى. دۆلەت ئەركانلىرى باتۇر تەخىرىقۇتنىڭ ئوچۇق چىرايىدىن، خۇشال كەيپىياتىدىن، مەردلەرچە ئىلتىپاتلىرىدىن يەنە تەشۋىشكە چۈشۈشتى. چۈنكى ئۇلار توققۇسلارنىڭ بۇ قېتىممۇ يەنىلا يولسىز بىر تەلەپ بىلەن كەلگەنلىكىنى مۆلچەرلەشكەنىدى. دېگەندەك، ئەلچىلەرگە سۆز بېرىلگەندە ئۇلارنىڭ يېتەكچىسى يەنە بىر شۇم تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. باتۇر تەخىرىقۇت جاۋاب ئورنىغا پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى، ئوردىدىكىلەر دەرغەزەپ بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. لېكىن باتۇر تەخىرىقۇتنى قورقۇپ يەنە جىممىدە ئولتۇرۇشتى. باتۇر تەخىرىقۇتنىڭ ئەمرى بىلەن دۆلەت ئەركانلىرى ۋە ئەلچىلەرگە ئوردا زىياپىتى بېرىلدى. زىياپەت نەغمە-ناۋا، ناخشا-ئۇسسۇل، بەزمە، كۈلكە-چاقچاق بىلەن داۋام قىلىپ يېرىم كېچىدە ئاخىرلاشتى.

ئوردىنى ئېغىر سۈكۈت، ۋەھىمە قاپلىدى، بۇ ھال بىر ھەپتىگىچە داۋام قىلدى. كۈن تەكشى نۇر چېچىپ، ھاۋا تازا قىزىغان بىر كۈنى باتۇر

---

[1] ئارقىش — خەۋەرچى.

تەڭرىقۇت ئوردا كىڭىشىنى چاقىردى. دەسلەپ ئوڭ قول بىلىكەخان ئېغىز ئاچتى، ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ زەردىلىك، غەزەپلىك ئاھاڭدا چىقتى:

— توڭگۇسلارنىڭ كاتتىسى ھەققەتەن بەك كۆندى[1]، جۇق[2] ئادەمكەن. قۇنجۇي ئايزاتنى تەلەپ قىلغانلىقى بىزنى ھاقارەت قىلغانلىق بولماي نىمە؟ ئۇ بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىۋاتىدۇ!

— ئەيلۇق![3] — دېيىشتى باشقىلار.

سول قول ئۇلۇغ يابغۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ قەھر-غەزەپ بىلەن ياڭرىدى:

— بىز بولساق بىر بۇرسلان[4]، قاراتوين بولسا ئالدىمىزدا بىر تال قەرىنجەق[5]، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ، تەڭرىنىڭ كىلىنىنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا سوراپتۇ، بۇ، بىزگە ئىنتايىن قاتتىق ئۆتۈنۈچ[6] ئەمەسمۇ؟ ئۇلۇغ خەن پادىشاھىنىڭ قىزى — ئۇلۇغ تەڭرىقۇتىمىزنىڭ خوتۇنىنى ياتلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىش بىزگە ئۆلۈم بىلەن تەڭ!!!

باتىسخان دېدى:

— بىز ئەلچى ئەرسۇ[7]لارنىڭ بېشىنى كېسەيلى! ئېلىگە باسقۇن قىلايلى!

بۇ سۆز ھەممەيلەننىڭ ئورتاق پىكرىگە ئايلاندى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ

---

① كۆندى — رەزىل.
② جوق — پەسكەش.
③ ئەيلۇق — ھە، شۇنداق.
④ بۇرسلان — ئارسلان.
⑤ قەرىنجەق — چۈمۈلە.
⑥ ئۆتۈنۈچ — ئار-نومۇس.
⑦ ئەرسۇ — پەس، قەدىرسىز.



www.uyghurkitap.com

خىيالىدا ھىلىقى كۆنى كۆرگەن چۈشى، ئايزاتنىڭ قايغۇلۇق چىرايى، ئېقىۋاتقان كۆز يېشى، چىشى بۆرە... نامايان بولدى ۋە يۈرىكى پىژژىدە قىلىپ قالدى. بىراق ئۇ كۆڭلىدە بۇرۇنلا قارار تاپقان پىكرىدىن يەنىلا يانمىدى.

— بىر ئايالنى دەپ قوشنا ئەل بىلەن بولغان دوستلۇقىمىزنى بۇزساق بولماس، دوستلۇق ھەممىدىن ئەلا!...

مىلادىدىن بۇرۇنقى 200-يىل، قىش.

قۇيۇندەك تېز چېپىپ كېتىۋاتقان جۈيغا[1] بۆرىنىڭ كۆزلىرىدە يېشىل نۇرلار چاقنايتتى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇنچىلىك چاققان ۋە سىلىق ئىدىكى، پۇتلىرىنىڭ قار باسقان يەرگە تەگكەن-تەگمىگەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. پۇتلىرى ئوق يىلاندەك ئالغا قاراپ ئېتىلاتتى، بۇنداق چاغدا ئەۋرىشىم بېلىمۇ پۇت ھەرىكىتىگە ماس ھالدا ئالدىغا سوزۇلاتتى. كۆل رەڭ تۈكلۈك نېپىز قۇلاقلىرى شىڭتىيىپلا تۇراتتى. ھەربىر سەكرەپ ئالغا ئېتىلغاندا پۇتلىرى ئاستىدىن ۋىشىلدىغان ئاۋاز چىقاتتى. ئۇ پات-پات قەدىمىنى ئاستىلىتىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قىپقىزىل تىلىنى چىقىراتتى-دە، يەنە ئالدىغا قاراپ چاپاتتى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ تۇلپىرى بۆرىگە ئەگىشىپ باراتتى. تۇلپارنىڭ يىگىلا تاقىلانغان تۇياقلىرى ئاستىدىن چېچەكتەك ئاپئاق قار ئۇچقۇنلىرى تۇزۇيتتى. باتۇر تەڭرىقۇت تۇلپار ئۈستىدە ھەقىقىي چەۋەندازلارغا خاس غۇرۇر، تەمكىنلىك بىلەن غادىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا يىگىرمە نەپەر سول قول، ئوڭ قول ئۇلۇغ سانغۇن، ئاتمىش نەپەر تۈمەنبېشى

① جۈيغا — باشلامچى.

ھەمراھ ئىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈز مىڭ ئاق ئاتلىق لەشكەر قار باسقان چەكسىز دالا-قىرلارغا، يايلاقلارغا، قۇملۇقلارغا قارامانانادەك يېيىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئاخىرىدا ئۇزۇق-تۈلۈك، قورال-ياراغ، جەڭ غەنىيمەتلىرىنى يۈكلىگەن ھارۋا، تۆگە، قوتاز، ئېشەكلەرنى ۋە بىر-بىرىگە چېتىپ باغلانغان بەش مىڭ ئەسىرنى ھەيدەپ يىگىرمە مىڭ پىيادە لەشكەر كېلەتتى. ئەسىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى نەۋقىران-قابىل يىگىتلەر، گۈزەل-بەرنا قىز-جۇۋانلار بولۇپ، ئوردىغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن ھون ئاقسۆڭەكلىرىگە قۇل قىلىپ بېرىلىدىغانلار ئىدى.

تۇياقلار ئاستىدىكى قار-مۇزلار غاراسلايتتى. ھارۋا چاقلىرى غىچىرلايتتى، نەيزە، قىلىچ، قالقان، دۇبۇلغا، زەنجىرلىك ساۋۇتلار، ئاتلارنىڭ ساخت[1]لىرى قىش قۇياشىنىڭ ئىللىق نۇرىدا يالت-يۇلت قىلىپ پارقىرايتتى. قارلار، ئۆستەڭ-ئېرىق، كۆل بويلىرىدىكى قاتقان نېپىز قەردۇ[2]لار ناۋات رەڭدە سۇزۇلۇپ، قۇياش ئەكسىدە جىلۋە قىلاتتى. قارلىق زېمىن سانسىز ئات-ئۇلاغلارنىڭ تۇياقلىرى ۋە سانسىز پۇتلارنىڭ ئاستىدا ئىختىيارسىز چەيلىنىپ باراتتى.

تاڭلار ئاتاتتى، كەچ كىرەتتى. باتۇر تەڭرىقۇت ھەر كۈنى ئەتىگەندە كۈنگە قاراپ تېۋىناتتى. ھەربىي يۈرۈش داۋام قىلاتتى، ھېچكىم توختاشنى خالىمايتتى. ئاتلارنىڭ دۈكۈر-دۈكۈرلىرى، قامچىلارنىڭ قارسىلداشلىرى يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. قاراقۇم چۆلى[3]، تۇران تۈزلەڭلىكى[4]، كاسپىي

---

① ساخت ــ ئالتۇن بېزەك.

② قەردۇ ــ نېپىز، ئۇششاق مۇز پارچىلىرى، ھازىر خوتەندە قەردۇغا قېتىق ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىدۇ.

③ ④ ــ قاراقۇم چۆلى، تۇران تۈزلەڭلىكى ــ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جايلار نامى.

دېڭىزى، ئارال دېڭىزى، سىر ۋە ئامۇ دەريا ۋادىلىرى، بالقاش كۆلى... ئارقىدا قالدى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ لەشكەرلىرى ئالتاي تاغلىرىنى بېسىپ ئۆتتى، سايان[1]تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە توختاپ چېدىر تىكتى، گۈلخان ياقتى، دەم ئالدى. ئاندىن ئۇرخۇن[2]دەرياسى بويىدىكى يېڭىدىن پايتەخت قىلىنغان كاتتا شەھەر ئەجدەربالىق[3]قا قاراپ ئاتلاندى. قۇياش گاھ بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ ھاۋانى تۇمان، جۇدۇن قاپلايتتى. زىمىستان سوغۇقى يۈزلەرگە نەشتەردەك سانجىلاتتى، گاھ ھاۋا ئېچىلىپ قۇياش كۆرۈنەتتى. شۇنداق پەيتلەردە باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ قۇلىقىغا كۆڭلىنىڭ ۋەھىي-نىدالىرى ئاڭلىناتتى:

— ئوغلۇم ئوغۇز، بىلىمەن، بۇرۇنقى تەڭرىقۇتلار ئارزۇ قىلغان، لېكىن ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان نى-نى ئىشلارنى سەن قىلدىڭ. دۇنياغا مەشھۇر، شانۇ-شەۋكەتلىك قاغان، تەڭرىقۇت بولدۇڭ، قان ئاققۇزدىڭ، قان كەچتىڭ، جان بەردىڭ، جان ئالدىڭ. يەنە نۇرغۇن زېمىن-ئەللەر ساڭا قارام بولدى. مانا ھازىرمۇ غەربتىكى نۇرغۇن ئەللەرنى، ئاجايىپ گۈزەل، باغۇ-بوستانلىق زېمىنلارنى ئىستىلاھ قىلىپ، نۇسرەت قۇچۇپ قايتىۋاتىسەن. ھوشيار ۋە ئاگاھ بولغىنكى، ساڭا يەنە تېخىمۇ نۇرغۇن زېمىن، ئادەم ۋە نۇرغۇن مال-دۇنيا كېرەك، ئاشۇ نەرسىلەرگە قانچە كۆپ ئىگە بولساڭ، شۇنچە كۆپ كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولىسەن. شەرقتە، ناھايىتى يىراقتا مىڭ چاقىرىملىق زېمىن بار، قۇنىشلىرىڭ ئۇ زېمىنغا كۆز ئالايتماقتا. شۇڭا، سەن شىجائەت كەمىرىنى مەھكەم باغلا، ئىشەنچ تۇغلىرىڭ سامادا جەۋلان قىلسۇن! زەپەر قىلىچىڭ قىنىدا ياتمىسۇن! بۇ، بىزنىڭ ئىرادىمىز! بىز سېنى سىنايمىز!

كىچىلىك يۈرۈشلەردە ئاي-يۇلتۇزلار تەبىئەتنىڭ جامالىنى ئاجايىپ گۈزەل رەڭلەر بىلەن بويايتتى. شۇنداق پەيتلەردە ئايتەڭرىمۇ باتۇر تەڭرىقۇتقا

---

① سايان — سىبىرىيىدىكى تاغ.
② ئۇرخۇن — موڭغۇلىيىدىكى دەريا.
③ ئەجدەربالىق — ئەجدىھا شەھرى.

يۇقىرىدىكى بىشارەتلەرنى قايتا يەتكۈزەتتى.
پايتەخت ئەجدەربالىقنى قىلىن قار باسقانىدى. ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى سوغۇق ئىدى. پۈتكۈل پايتەخت ئاھالىسى سوغۇققا قارىماي رەڭگارەڭ تۇغ-ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن ھالدا كوچىلارغا چىقىپ ئۆز غالىبلىرىنى قارشى ئالماقتا ئىدى. ناغرا، نەي، دۇمباق سادالىرى پەلەككە يېتەتتى. قارشى ئېلىش مۇزىكىسىنىڭ سادالىرى قىش شامىلىدا شەھەر ئەتراپىدىكى سەھرا-يايلاقلارغىچە ئۇچۇپ باراتتى. باتۇر تەڭرىقۇت پايتەختنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى سۇغىناق[1] دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. دەل شۇ چاغدا شەرقىي تەرەپتىكى سۇبران دەرۋازىسىدىن بىر يۈز ئەللىك تۆگىلىك ئارمغان بىلەن قاراتويىنىڭ ئەلچىلىرى كىرىپ كەلدى. جەڭلەردە زەپەر قۇچۇپ، ھېسابسىز ئولجا-غەنىيمەتلەرگە ئېرىشكەن، نۇرغۇن ئەللەرنى بويسۇندۇرغان باتۇر تەڭرىقۇت ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئۆز قەسرىگە قاراپ ماڭدى. توڭگۇس ئەلچىلىرىمۇ دۆلەتنىڭ قائىدە-بەلگىلىمىلىرىگە مۇۋاپىق قارشى ئېلىنىپ، ئالىي قەسرلەرنىڭ بىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پۈتكۈل پايتەخت بايرام تۈسىگە كىرگەنىدى. ئەجدەربالىق تەڭرىبالىققا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ، ئاۋات، ھەيۋەتلىك شەھەر ئىدى. كوچىلاردا ئادەم ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىدى. توپ-توپ قامانلار تومرۇك چېلىپ، ئەپسۇن-ئايەت ئوقۇپ جىن-ئالۋاستىلارنى قوغلاش ھەرىكىتىنى ئورۇنلايتتى. قاملارمۇ كوچىغا چىقىشقانىدى، ئۇلار كۆكتىن چۈشۈۋاتقان پەرىشتىلەر سىياقىدا ياسانغان بولۇپ، قار ئۈستىدە ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن سىلىق يورغىلاپ، لەرزان پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينايتتى.
قار توختىماي ياغاتتى، قىش ئۇزاققا سوزۇلدى. بۇنداق پەيتلەرنى ھەمىشە چۇقان-سۈرەنلىك جەڭ مەيدانلىرىدا، قانلىق جەڭلەردە قىلىچ چېپىپ، نەيزە سانجىپ، ئوقيا ئېتىپ ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلىنىپ قالغان ھون

[1] سۇغىناق — ھون، ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرى.

لەشكەرلىرى بىكارچىلىقتىن زېرىككىنىدىن باشلىدى. ئۇلارنىڭ قولى قىچىشاتتى، قېنى قىزىيتتى، ئات چاپقۇسى، ئات ئۈستىدە جانبازلىق قىلغۇسى، قىلىچ ئويناتقۇسى، ئۇران[1] تووۋلاپ ھۇجۇمغا ئۆتكۈسى، دۈشمەنلەرنى سۈر-توقاي قىلغۇسى، كۆپلەپ ئولجا-غەنىيمەتلەرگە ئېرىشكۈسى كېلەتتى، لېكىن تەڭرىقۇتتىن تۇغراغ چۈشمەيۋاتاتتى. ھون لەشكەرلىرى كۆڭلەرنى تىت-تىتلىقتا ئۆتكۈزدى. ئاخىر ئۆز قارارگاھلىرىدا، شەھەر سىرتىدىكى سانسىز ئاق چېدىر-بارگاھلاردا سۈرجەك[2] باشلىدى. شۇنىڭدەك توڭگۇس ئەلچىلىرىمۇ كۆڭۈلدە دېگۈدەك زىياپەتلەرگە، ئويۇن-تاماشىغا، بەزمە-سۈرجەككە جەلپ قىلىنىپ تۇردى. قانتۇرمىش ھەزرەت پال ئېچىپ خاسىيەتلىك دەپ قارىغان بىر كۈنى باتۇر تەڭرىقۇت توڭگۇس ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلدى، قوبۇل مۇراسىمىنى بىڭگى پايتەختىنىڭ ھەشەمەت بىلەن ياسالغان، ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھۈنەر-سەنئىتى بىلەن بېزەلگەن بىڭگى ئوردىدا ئىنتايىن داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. تۆر تامغا بۆرە بېشى، ئىككى يانغا قانتىنى كېرىپ ئۇچۇشقا تەييار تۇرغان ئىككى جەغرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن گىرب ئېسىلغانىدى. باتۇر تەڭرىقۇت ئېگىز، كەڭ مۇنبەر ئوتتۇرىسىدا قويۇلغان ئالتۇن تەختتە بىرخىل ئۇلۇغۋار سۆلەت بىلەن ئولتۇراتتى. تەخت ئالدىدىكى توققۇز باسقۇچلۇق پەلەمپەيگە يۇڭدىن توقۇلغان قىزىل پاياندار سېلىنغانىدى. پاياندازنىڭ سول ۋە ئوڭ تەرىپىدىكى يولۋاس، قاپلان تېرىسى ۋە كۆن قاپلانغان ئورۇندۇقلاردا سول قول، ئوڭ قول بىلگەخانلار، يابغۇلار، قۇتىغۇلار، ئېل قۇساي، خەزىنىبەگلەر، سانغۇنلار، مىڭبېشلار... ئولتۇراتتى. تەخت ئالدىدىكى پەلەمپەيدىن باشلانغان پاياندازنىڭ ئاخىرقى ئۇچى مەلۇم ئارىلىقتىن كېيىن تەختكە روبىرو قويۇلغان ئورۇندۇقلارنىڭ ئالدىدا توختايتتى. بۇ ئورۇندۇقلاردا ئەلچىلەتتە باتۇر تەڭرىقۇت

---

① ئۇران ــــ چاقىرىق، شوئار.
② سۈرجەك ــــ مەشرەپ.

www.uyghurkitap.com

قوبۇل قىلىدىغان ئەلچىلەر، دىپلوماتلار، مېھمانلار، تەڭرىقۇتقا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي، سىياسىي ئىشلىرىدىن مەلۇمات بېرىشكە تېگىشلىك بولغان يابغۇلار، خەزىنىبەگلەر، ئۇلۇغ سانغۇنلار، دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئەرز-داد ئېيتىپ كەلگەن كىشىلەر ئولتۇراتتى. بۈگۈن دەل ئاشۇ ئورۇندۇقلاردا توققۇس ئەلچىلىرى ئولتۇردى. ئۇلار ئالدى بىلەن باتۇر تەڭرىقۇتقا سالام قىلدى ۋە:

— كۆكتەڭرى بىلەن يەر تەڭرى تەرىپىدىن ھايات بېرىلگەن، كۈنتەڭرى بىلەن ئايتەڭرى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان ئۇلۇغ تەڭرىقۇت ئوغۇزخان باتۇرغا ئۇلۇغ پادىشاھىمىز قاراتوپىنىڭ مۇبارەك ئېھتىرامىنى يەتكۈزىمىز! — دېدى.

باتۇر تەڭرىقۇتمۇ جاۋابەن باش لىڭشىتتى. ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن ئارمىغانلىرىنى تەقدىم قىلدى. يۈز تۆگىلىك ئالتۇن، كۈمۈش، ئالماس، گۆھەر، ياقۇت، ئۈنچە-مەرۋايىت، ئەللىك تۆگىلىك ھاراق-شاراب ئۇلۇغ خەزىنىبەگنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تىزىملاپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. باتۇر تەڭرىقۇت سوۋغا-سالاملار ئۈچۈن قاراتوپىنىڭ ياخشى كۆڭلىگە، دوستلۇق ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت-تەشەككۈر ئېيتتى، ئاپىرىن ئوقۇدى. ئاندىن ئەلچىلەر قاراتوپىنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇردى. مەكتۇپنى سول قول ئۇلۇغ يابغۇ ئېلىپ ئوتتۇرىدا ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇدى. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئالدىنقى ئىككى قېتىمدىكىدەك ساراسىمىگە چۈشمىدى، بەلكى پەرۋاسىز، ئېغىر-بېسىق ھالدا ئولتۇرۇشتى. باتۇر تەڭرىقۇت مەكتۇپقا بېرىلىدىغان جاۋابنى تەڭرىلەر بېشارەت بەرگەن ۋاقىتتا دۆلەت كېڭەشى چاقىرىپ قارار قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە يۈز تۆگىلىك سوۋغاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى نەق مەيداندىلا پاك-پاكىز دۆلەت ئەركانلىرىغا ئىنئام قىلىپ بەردى. بۇ، تەڭرىقۇتلارنىڭ ئادىتىدە كەم كۆرۈلىدىغان ئالاھىدە ئىلتىپات-ساخاۋەت ئىدى. ئەللىك تۆگىلىك ھاراق-شاراب شۇ مىنۇتتىن باشلاپ بىر ھەپتىگىچە داۋام قىلغان ئوردا زىياپىتىدە ئىچىلدى. ھون ئوردىسىدىكىلەرمۇ، ئەلچىلەرمۇ ئوخشاشلا

ۋاقتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان زىياپەت-بەزمىدىن قانغۇچە ھوزۇرلاندى. پۈتكۈل پايتەخت ئاسايىشلىق ئىچىدە ئىدى. شەھەر ئىچىدىكى لەشكەرلەر قارارگاھلىرىدىمۇ، شەھەر سىرتىدىكى ئىشىكى كۈنچىقىشقا قاراپ ئېچىلغان سان-ساناقسىز ئاق چېدىرلاردىمۇ ئوخشاشلا سۈرجەك-بەزمە داۋام قىلىۋاتاتتى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ مەرھەمەتلىرىگە ئېرىشىپ خۇشلۇقتىن خۇدىنى بىلمەي قالغان دۆلەت ئەركانلىرى دۆلەت كېڭىشىنىڭ قاچان ئېچىلىدىغانلىقى، قانداق قارار چىقىرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا قىلچە ئويلانماستىن بەزمىگە، ئىچىملىككە بېرىلىپ كەتتى. ئەلچىلەرمۇ بەخىرامان، خۇشال يايراشقا باشلىدى. ئاقىۋەت قانتۇرمىش ھەزرەت ئون ئىككى بۇرجىدىكى يۇلتۇزلار ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ، ۋاقىتنى بېكىتكەندىن كېيىن باتۇر تەڭرىقۇت دۆلەت كېڭىشىنى ئاچتى.

— تۇڭگۇسلارنىڭ پادىشاھى بىرىنچى قېتىم بۈيۈك تۇلپارنى سورىغانىدى، بەردۇق، ئىككىنچى قېتىم قۇنجۇي ئايزاتنى خوتۇنلۇققا سورىغانىكەن، بۇ ھاقارەتنى، بۇ نومۇسنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇردۇق. بۇ قېتىم زېمىن سوراپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. بىزدە نېمە كۆپ، زېمىن كۆپ، بۈيۈك تۇلپار بىلەن قۇنجۇي ئايزاتنىڭ ئالدىدا زېمىن دېگەن نېمىگە ئەرزىيتتى؟

— بىزنىڭ چېگرىمىز بىلەن تۇڭگۇسلارنىڭ چېگرىسى ئوتتۇرىسىدىكى زېمىن ناھايىتى كەڭ، كۆكتىن-قارىغىچە مىڭ چاقىرىم، قىزىلدىن-ئاقىچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. بىراق بۇ زېمىن ئىنتايىن قاقاس، چۆل-دەشت بولغاچقا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولماي كەلگەن. ئەمدىلىكتە قاراتۇيىن ئۇ زېمىننى ئۆتۈنۈپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇ راستىنلا ئەخمەق ئىكەن، بولمىسا بىر پارچە گىياھ ئۈنمەس چۆل ئۈچۈن شۇنچىۋالا كۆپ، قىممەت باھالىق مال-دۇنيانى بىزگە بېرىۋېتەمتى؟

— تۇڭگۇسلار نەچچە يىللاردىن بېرى بىزگە بولغان قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىپ كەلدى. بىز بۈيۈك تۇلپار بىلەن

www.uyghurkitap.com

قۇنجۇي ئايزاتنى بىرىشكە چىدىغان يەردە ئاشۇ قاقاسلىقنى بىرىشكە چىدىمىساق بولماس!

— دۇنيادا دوستلۇق ھەممىدىن ئۇلۇغ، يەر-زېمىندىن ۋاز كەچسەك كېچىمىزكى، دوستلۇقتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمىز. قوشنىمىزنىڭ — دوست ئەلنىڭ كۆڭلىنى چېكىپ قويساق بولمايدۇ!

— بەس! — باتۇر تەڭرىقۇت قەھر بىلەن ۋارقىرىدى، تەختتىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى، چىرايى قورقۇنچلۇق تۈس ئالدى، كۆكۈچ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى يېلىنجىدى، — توڭگۇسلارنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، ئالماس، گۆھەر، ياقۇتلىرى ۋىجدانىڭلارنى، ھاراق-شارابلىرى ئەقلىڭلارنى بۇلىغاپتۇ. ھوشيار ۋە ئاگاھ بولۇڭلاركى، يەر-زېمىن دېگەن دۆلەتنىڭ دەسمايىسى، قىممەتلىك بايلىقى، يەر-زېمىن قانچە كۆپ بولسا تېرىقچىلىق قىلىپ، مال-ۋاران بېقىپ بېيىغىلى بولىدۇ. يەر-زېمىن بىلەن ئەل گۈللىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن يەر-زېمىننى قانداقسىگە باشقىلارغا بېرىۋەتكىلى بولسۇن!!!

ئوردا تىترەشكە باشلىدى. بىرنەچچە دەقىقە داۋام قىلغان دەھشەتلىك سۈكۈتتىن كېيىن باتۇر تەڭرىقۇت بايا پىكىر قىلغان سول قول ئۇلۇغ بىلگەخان، ئوڭ قول ئۇلۇغ يابغۇ، سول قول ئۇلۇغ قۇتىغۇ ۋە ئوڭ قول ئۇلۇغ سانغۇن تۆتەيلەننى ھارۋا چاقىغا باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈش جازاسى[1]غا ھۆكۈم قىلدى. بۇلاردىن سول قول ئۇلۇغ بىلگەخان باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ نەۋرە ئاكىسى ئىدى. دۆلەت كېڭەشى ئاشۇنداق پاجىئە بىلەن ئاياغلاشتى. ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي توڭگۇس ئەلچىلىرىمۇ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى بىلەن نىقابلانغان يىگىرمە نەپەر سانغۇن ۋە تۈمەنبېشى بۇكتا[2]لىرىنى قويىنىغا تىقىشىپ، توڭگۇس ئەلچىلىرى

① ھونلارنىڭ جازا قانۇنى بويىچە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلار ھارۋا چاقىغا باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈلەتتى.

② بۇكتا — خەنجەر، پىچاق.

سۇپىتىدە بىر يۈز ئەللىك تۆگىنى يېتىلەپ، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ھېلىقى مىڭ چاقىرىملىق زېمىنىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىك توغرىسىدىكى جاۋاب مەكتۇپىنى ئېلىپ شەرقىي شىمالغا راۋان بولدى.

ئــويــۇن-تــامــاشــىلار كۆڭۈلگە تېگىپ، لەشكەرلەرنىڭ قولى يەنە قىچىششقا باشلىدى، قېنى قىزىدى. سوغۇق تازا كۈچەيگەن، قارلار مۇزغا ئايلانغان بىر ئاخشىمى تۇمانلار سۈزۈلۈپ، ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى ھەممە ئون تۆت كۈنلۈك ئاي كۆكتە پارلاپ نۇر چاچتى. ھونلار ئاي تولغاندا ھەربىي يــۈرۈشنــى باشلايتتى، ئاي تۇتۇلسا توختايتتى ياكى چېكىنەتتى، جەڭ پــەيــتــلىرىدىمۇ شۇنداق قىلاتتى. ئاينىڭ چىقىشى لەشكەرلەرنى خۇشال قىلىۋەتتى. قانتۇرمىش ھەزرەت پايتەخت گۋادۇبۇسىنىڭ ئالدىدا پەشتاقتا تۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ھەربىي مۇزىكا ياڭرىدى. باتۇر تەڭرىقۇت جەڭ دىــسە چىراغقا ئۆزىنى ئۇرغان پەرۋانىدەك ئۆزلىرىنى ئۇرىدىغان جەسۇر، خىللانغان يۈز مىڭ قارا ئاتلىق لەشكەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇران توۋلىدى:

— مــەن تــەڭــرىــنــىــڭ ئوغلى، سىلەرنىڭ تەڭرىقۇتۇڭلار! مەن تەڭرىلەرنىڭ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرىمەن!


لــەشــكــەرلەر سىپىدىن قىزغىن قىقاس-چۇقان، قوللاش سادالىرى كــۆتــۈرۈلدى. باتۇر تەڭرىقۇت ئالچى ئايقاغانىنى سۆيۈپ خوشلاشتى ۋە جاراڭلىق ھەربىي مۇزىكا، گۈرۈلدىگەن دۇئا-تىلاۋەتلەر ئىچىدە شەھەردىن چىقتى.

بۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن ۋىل-ۋىل ئوت ياناتتى. ھەربىي يۈرۈش چاقماق تېزلىكىدە تېز داۋام قىلدى. شىۋىرغان ھۇشقۇيتاتتى، قارلار كۆچەتتى. ھونلار شــىــراموروۇن دەرياسىنىڭ قار باسقان بىپايان ۋادىلىرىدا گويا ئاسماندىن چۈشكەندەك تۇيۇقسىز پەيدا بولدى. بۇ چاغدا قاراتويىن "ئەلچىلەر" ئېلىپ كەلگەن خۇش خەۋەر تۈپەيلى مىڭ چاقىرىملىق زېمىنغا ئىگە بولغانلىقىنى تــەبــرىكلەپ شاھانە توي-بەزمە ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. باتۇر تەڭرىقۇت ئۇنىڭ پايتەختى ۋە ئوردىسىغا بوراندەك تېزلىكتە باسقۇن قىلىپ كىرىپ كەلدى

ۋە قاراتوينىنى ئۆز قىلىچى بىلەن چېپىپ تاشلىدى، بۈيۈك تۇلپارنى، ئايزاتنى قۇتقۇلدۇرۇپ چىقتى. توڭگۇسلار پايتەختنى ئىشغال قىلىندى. باتۇر تەڭرىقۇت سانغۇنلىرىغا تۇغراغ چۇشۇرۇپ توڭگۇس پادىشاھلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىنى بۇزدۇرۇپ تۈزلەتكۈزۈۋەتتى. مىڭ چاقىرىملىق زېمىن بىلەن توڭگۇس زېمىنى ھونلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

باتۇر تەڭرىقۇت شىرامورۇن ۋادىسىدا قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، يەنە شۇنداق تېزلىكتە غايىب بولدى. ئۇ، ئەجدەربالىققا قايتقانىدى. بۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن ۋىل-ۋىل ئوت ياناتتى، كۆكۈچ نۇرلار چاقنايتتى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ تۇلپىرى بىلەن سانسىز جەڭ ئاتلىرى بۆرىگە ئەگىشىپ چاپماقتا ئىدى.

# ئارسلان قوزترايدۇ



غەربتە چوقچيىپ تۇرغان قارلىق چوققىلار كۆزگە ناهايتى ئوچۇق كـۆرۈنـگەن بىلەن ماڭسا-ماڭسا يەتكلى بولمايدۇ. بىراق، بۇ يەردىكى بـىر-بىرىگە مىنگەشكەن، قاتمۇ قات، ئېگىز-تىك، تاقىر، گىياھ ئۈنمەس تاغلاردا بولسا قار يوق. شۇنداقتىمۇ، بۇ تاغلار نەيزىدەك ئۆتكۈر، ئۇچلۇق چـوقـقـىلىرى، قارامتۇل، سارغۇچ، سۇرلۇك قامەتلىرى بىلەن كىشلەرگە رىۋايەتلەردىكى هەيۋەتلىك، قورقۇنچلۇق تىلسماتلارنى ئەسلىتىدۇ. پەستە رەسكام دەرياسى بىلەن تاشقورغان دەرياسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن هاسىل بولغان قەدىمىي زور ئېقىن — يەكەن دەرياسى ئەنسىز شارقىرايدۇ. باش باهارنىڭ تـەلۋە جۇدۇنى كۆكنى قاپلىغان، شۋىرغان تىنماي هۇشقۇيتىدۇ، تاغلار ئارىسىدىكى جىملىق مانا شۇ سەۋەبلىك بۇزۇلغان.

ئىككى-ئۈچ كۈندىن بېرى، بىردىن، ئىككىدىن بولۇپ ئايرىتاشتىكى تـاغ قاپتىلىغا توپلانغان جەڭچىلەر ئارىسىدا جىمجىتلىق هۆكۈمران. بۇ جـىـمـجـىـتلىق جىددىي، ئەمما ئۇزۇنغا سوزۇلغان سۈكۈنات، جەڭسىز چـېـكـىنىشكە قارشى سۈكۈنات، شۇنداقلا هايات-مامات ئوتتۇرىسىدىكى غەزەپلىك، جاهىلانە سۈكۈنات... ئىدى.

www.uyghurkitap.com

پولكوۋنىك لەشكەر [1] جۇۋسنى يىپىنچاقلىغان هالدا جەڭچىلەردىن ئــون قەدەم يىراق يەردە ــــ شىغىللىقتا ئۆرە تۇراتتى. سوغۇق شامالدا بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەپ تۇرغان ئۇزۇن، سارغۇچ، ئۇچى ئىگىلگەن بۇرۇتى ئــوتــتــۇز ياشلىق قىران بەستىگە ئانچە ياراشمىغاندەك تۇرسىمۇ، لېكىن تــۈجــۈپــلــەپ ياسىتىلغانلىقىغا قارىماي، ئەمدىلىكتە ئۆسۈپ ئۈستۈنكى كالپۇكىنى پۈتۈنلەي يايقان بۇ بۇرۇتلار ئۇنىڭ جەڭچىلىك، كوماندىرلىق ســالاھــىيىتىگە ئالاھىدە ھۆسن بېغىشلاپ تۇراتتى. داۋاملىق چېكىنىش تــوغــرىــســىــدا ئىككى سائەتكە يېقىن سۆز قىلغان، سۆزلىرىنىڭ ھەربىر جۈملىسىدە باش شتابنىڭ بۇيرۇقىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، جەڭچىلەرنى قايىل قىلىشقا تىرىشقان لەشكەر ھېچكىمنىڭ مىدىر-سىدىر قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، غەزىپىنى باسالماي قالدى. ئۇ، ھەر قېتىم شىغىل ئۈستىدە ئۇيان-بۇيان ماڭغاندا جەڭچىلەرگە يان تەرەپتىن كۆرۈنۈپ قالغان يۈزلىرى، كۆزلىرى ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئوچۇق ئىپادىلەپ تۇراتتى.

بۈگۈن كېچە جەڭچىلەر مۇشۇ قاپتالدا تۈنىگەنىدى، نەدىكى تۈنەش بولسۇن؟ ئۇلار كېچىچە بىر-بىرلىرىنىڭ چوررۇق تارتقان، باجىنگىر كىيگەن پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ، ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزاتتى. ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلەر چوققىلار ئۈستىدىن يۈز ئاچقان باش باھار ئەتىگىنىدىكى قۇياشنىڭ سۇس نۇرىدا تېخىمۇ قىزىل رەڭ ئالغانىدى. لەشكەر ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئوقتەك تىكىلگەن كۆزلىرىدىكى قۇياش نۇرىدا جۇلالىغان قىزىللىقتا سىڭىپ كەتكەن قان ۋە ئۆلۈم دەھشىتىنىڭ غەزەپلىك ئىپادىلىرىنى كۆرۈپ تــۇراتــتــى. بۇ كۆزلەردىكى غەزەپ ئىپادىسى ــــ لەشكەرنىڭ چېكىنىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقلىرىنىڭ ئۇلارنى قىيناۋاتقانلىقىدىن پەيدا بولغانىدى. لــەشــكــەرنىڭ كۆز ئالدىدىكىسى ھەربىي بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتىپ، ھېلىمۇ-ھەم جۇۋىلىرىغا پۈركىنىپ ئولتۇرۇشقان، جاندىن تويۇپ

---

[1] لەشكەر ــــ تاجىكچە ئىسىم.

تەلۋىلەشكەن ئىنسانلار تۈركۈمىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار تېخى يېقىندىلا كوماندىرنىڭ بۇيرۇقى ئاڭلانغان ھامان، دۈشمەن سېپىگە ئوقتەك ئېتىلىدىغان ئارسلان سۈپەت باھادىرلاردىن ئىدىغۇ؟ ئەمدىلىكتە ئۇلارغا نېمە بولدىكىنە؟ باش شتابنىڭ قەتئىي بۇيرۇقلىرىمۇ، پولكوۋنىكنىڭ زورلۇق تەلەپپۇزىدىكى ھۆركىرەشلىرىمۇ، ئاخىرىدا چېكىنىشنىڭ سەۋەبلىرىنى يېلىنىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشلىرىمۇ كار قىلمايۋاتىدۇ. سۈكۈنات داۋام قىلماقتا، ئېغىرلاشماقتا. ھېچكىم ئورنىدىن مىدىرلاشنى، بىرەر ئېغىز سۆز قىلىشنى خالىمايدۇ. قورال-ياراغ، ئوق-دورا، نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يولغا چىقىش ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. لەشكەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تىترەك، ئىزتىراپ، ئىككىلىنىش تۇيغۇسى غەزىپىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. نېمىلا بولمىسۇن، ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغان مۇشۇ ئازغىنا جەڭچىنى تاشقورغانغا ساق-سالامەت ئەپكېتىش — كوماندىر پولكوۋنىك لەشكەرنىڭ ۋەزىپىسى-دە. مۇشۇلارمۇ بولسا ئۆز يۇرتىنى، ئاتا-ئانا، خوتۇن-بالا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى كۆرۈۋالسۇن، ئۆمۈر كۆرسۇن، شۇلارنى ئويلاپ لەشكەرنىڭ تاقىتى چەكتىن ئاشتى، ئۇنىڭ ئاۋازى يەنىلا بۇيرۇق ئاھاڭىدا كەسكىن جاراڭلىدى:

— يولغا چىقىشقا ھازىرلان!

بۇيرۇق جاۋابسىز قالدى، ھېچكىم قىمىر قىلمىدى. لەشكەرنىڭ ئاۋازى يەكەن دەرياسىنىڭ تىنىمسىز شاۋقۇنلىرىغا ئارىلىشىپ كەتتى.

— يولغا چىقىشقا ھازىرلان!

سۈكۈنات داۋام قىلاتتى، — جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى بىراقلا گاس بولۇپ قالغاندەك ئىدى. پەقەت ئېقىنغا قان تور يايغان، قانداقتۇر غەلىتە، چۈشىنىكسىز تۇيغۇلار يوشۇرۇنغان ئۆتكۈر كۆزلەرلا لەشكەرگە ھامان تىكىلىپ تۇرغىنى-تۇرغانىدى. لەشكەرنىڭ قىش شىۋىرغانلىرىدا يېرىلغان، سوغۇقتا قىزارغان يۈزى پۈرۈشۈپ كەتتى. كۆزلىرى يېرىم قىسىلىپ دەھشەتلىك تۈس ئالدى. جەڭچىنىڭ ھەربىي بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماسلىقى

كوماندىرنىڭ غۇرۇرىغا، سالاھىيىتىگە قىلىنغان ھاقارەت ئىدى، لەشكەر بۇنى چۈشىنەتتى. ئۇ ئىنتايىن چەبدەس بىر ھەرىكەت بىلەن ئالدىدا — شىغىل ئۈستىدە تۇرغان ئاپتوماتنى ئالدى-دە، جەڭچىلەرگە قاراتتى. جەڭچىلەر ئۇنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بايىلا سېزىشكەنىدى، شۇڭا ئۆزلىرىگە توغرىلانغان ئاپتوماتنى كۆرگەندىمۇ ھېچكىم ئەجەبلەنمىدى، چۆچۈمىدى. ئۇلار كوماندىرنىڭ قولىدا ئۆلۈشكە رازى ئىدىكى، ھەرگىز بىر قەدەم ئارقىغا چېكىنىشكە، بولۇپمۇ بىھۇدە، جەڭسىز چېكىنىشكە رازى ئەمەس ئىدى.

بەستلىك، قاۋۇل بىر جەڭچى ئورنىدىن تۇردى، بۇ — كوماندىر ۋېزۋوت ئاقىۋول ئىدى. ئۇنىڭ جەڭچىلىرى تۇمشۇق سارايى ۋە كاچۇڭدىكى جەڭلەردە ئىلگىرى-ئاخىر قۇربان بولغاندىن كېيىن، يېنىك يارىدار بولغان ئىككى جەڭچىسى بىلەن ئايرىتاشقا كېلىپ، مۇشۇ توپقا قوشۇلغانىدى. لەشكەر ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرغىنىنى كۆرۈپ، قالغانلارمۇ قوزغىلىپ يولغا چىقىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدى بولغاي، ئۇنىڭ قولىنى كۈرۈژۈكتىن تارتىۋالدى، بىراق ئاقىۋولدىن باشقىلار قوزغالمىدى.

— بىز بىر پولك ئەسكەر ئىدۇق، — ئاقىۋول جۇۋىسىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ، ھەربىي گىمناستوركىسىنىڭ يۇقىرىقى تۈگمىلىرىنى يەشتى. شۇ ھامان لەشكەر ئاپتوماتنى ئاقىۋولنىڭ كۆكرىكىگە توغرىلىدى، ئاقىۋول بولسا لەشكەرگە كۆزلىرىنى مىت قىلماستىن تىكىلىپ قاراپ دېدى، — بىز بىر پولك ئەسكەرلەر ئىدۇق، نۇرغۇن جەڭچى ئىدۇق، يەكەندە بىر بۆلۈك جەڭچىلىرىمىز شېھىت بولدى، تۇمشۇق سارايىدا ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى ئۆزۈڭ بىلىدىغانسەن؟ كاچۇڭدا ئۆلگەنلەر كۆمۈكسىز، گۆرسىز قالدى. بەلكىم ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى غىجىر، قاغا-قۇزغۇن يەۋاتقاندۇ، لېكىن سەن بىزنى چېكىندۈرۈۋەردىڭ، چامسالغا كەلگەندە ماڭماي تۇرۇۋالدۇق. سەن: بىتىمنى ئىجرا قىلمىساق بولمايدۇ، دېدىڭ. ماقۇل دېدۇق، چېكىندۇق. گومىنداڭچىلار قوغلاۋەردى، ئارقىمىزدىن ئېتىۋەردى، ئۆلۈۋەردۇق، قېچىۋەردۇق. چېكىنىش بىلەن قوغلاش ئارىلىقىدىكى بىر قېتىملىق قىسقا توقۇنۇشتا كوماندىر

باتالىيون ناسىراخۇن گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق تۈردە ئۆلتۈرۈلدى. ئارقا يول داۋىنىدا ئۇلار يەنە بىزگە يېتىشىۋېلىپ ئاۋۋال ئوق چىقاردى، ئۈستىمىزگە باستۇرۇپ كەلدى. بىزمۇ ئاتتۇق، قان تۆكۈلدى، جان بەردۇق، جان ئالدۇق، فۇڭلىيەن ئۆلمەي قالغان ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. بىزمۇ خورىدۇق، ئازلىدۇق. چېكىن! دېدىڭ، چېكىنسەك ئۇلار قوغلايتتى، چېكىنمىدۇق. سەن ”چېكىن!“ دەپ بۇيرۇق قىلىۋەردىڭ، جىم تۇرۇۋالدۇق. چۈنكى، ئۆلۈكىمىز كۆپىيىپ، تىرىكىمىز ئازايغانسېرى چېكىن دېگەن گەپ قۇلىقىمىزغا كىرمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. خۇددى ھازىرقىدەك شۇ چاغدىمۇ سەن ئاپتوماتىڭنى بىزگە تەڭلىدىڭ. شېرىنبەگ قوپۇپ ساڭا روبىرو تۇردى-دە: ”چېكىنىش بىزگە ئۆلۈم...“ دېدى. سەن ”ئۆلۈم دېگەن مانا!“ دەپ گۈملا قويدۇڭ. ئۇ ئۆلدى، دۈشمەننىڭ قولىدا، ئوقىدا ئۆلگىنىمىز ئاز كەلگەنمىدى؟! ھۆرلۈك، ئازادلىق... دەپ قولىمىزغا قورال ئالغانلىقىمىز، قان كېچىپ جەڭ قىلغانلىقىمىز گۇناھمۇ؟ جىنايەتمۇ؟! كۆزۈڭ كۆردى كوماندىر، شۇ چاغدا مىرقەدەم ئۆزىنى ئېتىۋالدى، چورۇق بىلەن مىرزاباي بىر-بىرىنى ئېتىشتى. تىلەك سېنىڭ ئوق چىقىرىشىڭدىن بۇرۇن ئۆزىنى مۇنۇ يەكەن دەرياسىغا تاشلىدى. ئۇمۇ چېكىنىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈكى ئۇلۇغ ئېقىن ئىچىدە ساھىل بويلاپ يەكەنگە — گومىنداڭچىلارنىڭ قېشىغا ئېقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى چېكىندۈرەلىدىڭمۇ؟ شېرىنبەگ ئۆلۈپ ئازدىن كېيىن، گومىنداڭچىلار بىزنى قورشىۋالدى، بېشىمىزغا مۆلدۈردەك ئوق ياغدۇردى، خۇدا كۆڭلۈڭگە سالدىمۇ، پەقەت شۇ چاغدىلا سېنىڭ ئاغزىڭدىن ”چېكىنىش!“ دەپ ئەمەس، ”ھۇررا!...!“ دېگەن بىر سۆز چىقتى. بۇ سۆز بىز ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ سۆز ئىدى ۋە بىزگە پەقەت شۇ سۆزلا كېرەك ئىدى. ”ياشا لەشكەر، يىگىت سەن“ دەپ خۇشال بولدۇق، لېكىن بىز ئاز ئىدۇق، ئېتىشتۇق، ئېتىشىپ تۇرۇپ چېكىندۇق. ئاڭلاپ قوي، چېكىنىش دېگەن سېنىڭ ھازىرقى بۇيرۇقۇڭدەك بولمايدۇ، ئاشۇ جەڭ ۋاقتىدىكىدەك بولىدۇ. گەرچە بىز

چېكىنگەن بولساقمۇ، دۈشمەنلەردىن ئۆلگىنى كۆپ ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بىــز... چېكىنىش داۋامىدا چېچىلىپ كەتتۇق. مانا، توپلانغىنىمىز ئاران يىگىرمە جەڭچى، تىرىك قالغانلار يەنە بارمۇ؟ نەدە تېنەپ يۈرىدۇ؟ بۇنى خۇدا بىلىدۇ، بەلكى پۈتۈن بىر پولك ئەسكەردىن بىزلا قالغاندىمىز...

ئاقىبول كوماندىرنىڭ ئۇقى جاننى ئالغۇچە كۆڭلىدىكى بارىنى تولۇق ئىزهار قىلىۋالماقچى بولغاندەك ئالدىراپ، تېز-تېز سۆزلەيتتى. قالغانلار يەنە شــۇ ئــېغىر، سۇرلۇك سۈكۈنات ئىلكىدە كۆزلىرىنى ئاقىبولغا قارىتىلغان ئاپتوماتتىن ئالماي ئولتۇرۇشاتتى. ئاقىبول قاچان ئېتىپ تاشلىناركىن، بۇ تېخى نامەلۇم، ئۇنىڭ دەيدىغانلىرى تېخى تۈگىمىگەنىدى، لەشكەر ئۆزىنى بېسىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئاقىبول ئېغىر-ئېغىر نەپەس ئالدى ۋە ئالدىراپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— پــولــكــوۋنىك لەشكەر، بىز بىتىمنى ئىجرا قىلدۇق، ئۇرۇشنى توختىتىپ چېكىندۇق، گومىنداڭچىلارچۇ؟ ئۇلار بىتىمنى ئىجرا قىلدىمۇ؟ كۆرۈۋاتىسەن، ئۇلار چېكىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى بىزنى تاپ باستۇرماي قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئايرىتاشقا — مانا ماۋۇ بىز تۇرغان يەرگىمۇ كېلىدۇ تېخى، بىزنى ئاتىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، سەنمۇ بىزنى ئاتماقچى، ئۆلتۈرمەكچى، مــەيــلــى ئــات بىزنى! ياق، مېنى ئات! مەن چېكىنمەيمەن، جاهاندىن مۇشۇنداقلا تۈگىشىپ كېتەي. مىسالەن، مەن چېكىنسەم نەگە بارىمەن؟ تــاشقورغانغىمۇ؟ ياق... بارمايمەن، چىرايلىق، ئامراق خوتۇنۇم گۈلجان، ئوغلۇم قەلەم گومىنداڭچىلارنىڭ ئوقىدا ئۆلدى، ھېچنېمەم قالمىدى. ئەمدى مــەن ســېنىڭ ئوقۇڭدا ئۆلسەم-ھە؟ توختا، پولك كوماندىرى لەشكەر، قولۇڭنى ئۆز قېرىنداشلىرىڭنىڭ قېنىدا بۇلغىما، مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئاتىمەن، ئــۇلــۇغ ئــاللانىڭ مۇبارەك نامىنى شېپى كەلتۈرۈپ سەندىن ئۆتۈنەي: جــەڭــچــىــلــەرنى، قېرىنداشلىرىڭنى ئاتمىغىن، ئۇلار تىرىك قالسۇن، ئۇلار رەياپېكنىڭ باشسىز تېنىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆز قوللىرى بىلەن كۆمگەنغۇ؟ ئــۇلار يەنە سىڭلىڭ گۈلبۆتەنى ئەسرلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ساڭا ياردەم

بەرسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتساڭمۇ بولىدۇ. مېنى سەن ئاتما، ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئاتاي. ئۆلۈكىمنى چېكىندۇرمەكچى بولساڭ، يۇدۇپ ئېلىپ كەت! خالىساڭ، يۇرتۇم تاغارمىغا ئاپىرىپ كۆم، لېكىن... تىرىكىم چېكىنمەيدۇ، مانا، قارا...!

لەشكەرنىڭ ئاپتومات تۇتقان قولى قېتىپ قالغاندەك ئىدى. غەزەپ ۋە دەھــشــەت قاپلىغان كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدا يەكەن دەرياسىنىڭ ئاقۇچ بۇژغۇنلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇششاق تامچىلار يالتىراپ قالدى. ئاقيول ئاللىقاچان ئوڭ يېنىدىكى قورام تاشقا يۆلەكلىك ئاپتوماتنى قولىغا ئالغان بولۇپ، ئاپتومات ئىستىۋۇلىنى پېشانىسىغا تىرەپ، ئوڭ قولىنى كۆرۈۋۈكقا ئۇزاتقانىدى.

— توختا، دوستۇم توختا!

— تا... تا... تات...!

لەشكەرنىڭ ئىلتىجالىق ئاۋازىنى ئاپتوماتنىڭ شىددەت بىلەن ئېتىلغان ئاۋازى بېسىپ كەتتى: ئولتۇرغان جەڭچىلەرمۇ شۇ هامان تاپانچا، ئاپتومات ۋە مــۇزبىرىسكا مىلتىقلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مەيدىسىگە، پېشانىسىگە قاراتتى. لەشكەر ئاپتوماتنى تاشلاپ شىغىل ئۈستىدە قانغا بويىلىپ، سۇنايلىنىپ ياتقان ئاقيولغا ئۆزىنى ئاتتى. جەڭچىلەر بىر-بىرىگە قاراشتى. قوراللىرىنى تاشلاپ، ئاقيولنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— ئاقيول! ئاقيول...!... ئاق... يو...ل!

ئوق ئاقيولغا ئەمەس، بەلكى لەشكەرگە تەگكەندەك بولغانىدى. ئۇ كىچىككىنە تار شىغىللىق مەيداندا ساراڭدەك ۋارقىراپ-پىرقىراپ ئايلانغىلى تــۇردى. ئۇ دەسلەپ: ”ئاقيول! ئاقيول...!“ دەپ ۋارقىرىغان بولسىمۇ، كــېــيىنچە ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئۇققىلى بولمىدى. توسۇن تايدەك چاپچىپ-چۆرگىلەپ، پىرقىراپ هالسىرىغان لەشكەر شۇ تۇرۇقدا جەڭچىگىمۇ، شۆهرەت قازانغان جەڭگىۋار پولك كوماندىرىغىمۇ ئوخشىمايتتى. ئۇ تۇساتتىن جىمىپ قالدى. بۇ جىملىق ۋاقىتلىق ئىدى، ئۇ ئاقيولنىڭ قانلىق جەسىتىگە

لاپپىدە بىر قارىۋالدى-دە، يەنە پىرقىراشقا باشلىدى ۋە ”گۆلبۆتە! گۆلبۆتە“ دەپ بوغۇق ئاۋازدا چاقىرىشقا باشلىدى، توساتتىن ئۇ يەنە قەھرلىك ئاۋازدا:

شىشەيى سەد پارەرا،
پەيۋەندە گەردەن مۇشكۇل ئەست،
دىل ئەگەر رەنجىدەرا،
خۇرسەندە گەردەن مۇشكۇل ئەست ①

دېگەن بېيىتنى ئېيتتى. ئۇنىڭ بۇ غەلىتە، ئېچىنىشلىق ھەم بىرئاز كۈلكىلىك ھەرىكىتىگە جەڭچىلەر دىققەتتە قاراپ تۇرۇش بىلەن كۇپايىلەندى. ئۆز كوماندىرىنىڭ خۇي-پەيلىنى ئوبدان بىلىدىغان جەڭچىلەر ئۇنىڭ بارا-بارا پەسكارىغا چۈشۈپ ئوڭشىلىپ قېلىشىغا ئىشىنەتتى.

گۇلبۆتەدەر نەزمى مەردۇم،
ئەز ھەسەل شىرىن ئەست.
مىسلى كەيپى خەر بۆزە.
خۇمارى دارەم گۇلبۆتە②
.........
شىشەيى سەدپارەرا،
شىشەيى سەدپارەرا...

لەشكەر بېيىتنى تەكرارلاۋېتىپ بايا تاشلىۋەتكەن ئاپتوماتنى ئالدى.

① شىشە سۇنۇپ مىڭ پارە بولسا، ئۇلاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇشكۇلدۇر، ئەگەر كۆڭۈل رەنجىگەن بولسا ئۇنى خۇش قىلىشمۇ ئوخشاشلا مۇشكۇلدۇر.
② گۇلبۆتەنىڭ سۆزى ھەسەلدىنمۇ تاتلىق، شېرىن تۇيۇلدۇ، مىسالى، ئۇ مېنى تاۋۇزدەك تەمى بىلەن ئۆزىگە مەھلىيا قىلغاچ، گۇلبۆتەگە خۇمار بولدۇم.

جەگچىلەر كۆنگەن، ئەجەبلىنىشنى بىلمەيدىغان بىرخىل تەبىئىي نەزەردە ئۇنىڭغا تىكىلىشتى. لەشكەر قۇياشنى يوشۇرۇپ تۇرغان چەكسىز، تۇمان باسقان كۆككە قارىتىپ ئاتقىلى تۇردى. بىر دىسكا ئوق ئېتىلىپ بولدى، بىلىدىكى ئوقدانىدىن يەنە بىر دىسكا ئوقنى ئالدى. بۇ قېتىم ئۇ ئاپتوماتنى يەكەن دەرياسىنىڭ توۋەن ئېقىمى تەرەپكە قاراتتى. ئوق ئاۋازى ھاۋانى تىترەتتى. بىر دىسكا ئوق ئېتىلىپ تۈگىدى، پورۇخ ھىدى قاپتال ئىچىنى قاپلىدى. شۇ پەيتتە توۋەن ئېقىم تەرەپتىن ”ۋاڭ!“ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ۋىڭىلداپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن ئوق قاپتالنىڭ سەل نېرىدىكى ئېگىز قىياغا تېگىپ ئۇچقۇن چاچرىتىپ قاڭقىپ كەتتى.

— ئابرۇن[1]ئېلىڭلار!

ئەتىگەندىن بېرى چېكىنىش توغرىسىدىكى نەچچە قېتىملىق بۇيرۇقلارغا جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن جەگچىلەر ئەمدىلىكتە ھەربىيلەرگە خاس قىزغىنلىق، جەڭگىۋارلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشتى، ئەپلىك ئورۇننى تېپىپ جايلىشىپ قوراللىرىنى ئوقلىدى... ئەپسۇس... غەزىپى تېشىپ، قېنى قىزىپ تۇرغان جەگچىلەر ئۇچۇن تازا پەيزى قىلىپ پوخادىن چىققۇچە ئېتىشىدىغان پۇرسەت نېسىپ بولمىدى. دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى تىك قىيانىڭ ئارقىسىدىن بىر ئاق سالۋا تۇماق ھەدەپ لەپەڭشىمەكتە ئىدى. لــەشــكــەر بــىــر سېكۇنتچە تېگىرقىدى، ئاندىن قارشى تەرەپكە جاۋابەن قولاقچىسىنى ئېلىپ، ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇلاڭلاتتى. جەگچىلەر ھوشيارلىق بىلەن نىشاننى كۆزەتمەكتە ئىدى... قىيا ئۈستىدە ئادەم قارىسى كۆرۈندى. قىيادىن بۇ تەرەپكە سىيرىلىپ چۈشتى، قاپتالغا يېقىنلاپ كەلدى. ئارىلىق ئەللىك قەدەمچە قالغاندا لەشكەر:

— دوستۇم... دوستۇم...! — دېدى ۋە گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆرە بولدى، — راست شۇ، دوستۇم توختاخۇن.

---

[1] ئابرۇن — مۇداپىئەلىنىپ ئېتىشقا ئەپلىك بولغان جاي.

www.uyghurkitap.com

جەڭچىلەر ئورنىدىن تۇردى. توختاخۇن قەدىمىنى تېزلىتىپ، قاراپ تۇرغانلارغا ئۆزىنى ئاتتى.

— ئۆلمەپسەن-دە؟! — لەشكەر توختاخۇننىڭ ئۇڭ قولى ئۇستىگە سۆيدى، ئامان قاپسەن، رىسقىڭ باركەن تېخى...

— شۇنداق، — توختاخۇن لەشكەرنى قۇچاقلىدى، — مانا، دىدارلاشتۇق، خۇدا سىلەرگە يەتكۈزدى مېنى...

توختاخۇن جەڭچىلەرگە يۈزلەندى.

— خوش ئامەدى، خوش ئامەدى! — دېيىشتى جەڭچىلەرمۇ.

لەشكەر توختاخۇننى چەتتىكى بىر قورام تاش ئۇستىگە ئولتۇرغۇزدى. جەڭچى قوشمەت خالتىسىدىن يېرىم ئارپا نېنىنى، بىر بۇردا پىششىق گۆشنى، يەنە بىر جەڭچى تۇلۇمنى توختاخۇنغا ئۇزاتتى.

توختاخۇن يىگىسارلىق ئۇيغۇر ئىدى. ھەسەن ھاجى رەھبەرلىكىدىكى مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇن ئىگىز ياردا گومىنداڭچىلار بىلەن سوقۇشقاندا، دۈشمەن قىلىچى ئۇنىڭ سول قولىنى چورت ئۈزۈۋەتكەن. كېيىن ئۇ رازۋېدكا قىلىۋېتىپ، دۈشمەنگە ئەسىر چۈشكەن، پەيت تېپىپ قاچقان. شۇ قېتىم ئۇ تاجىك پولكىغا قوشۇلۇپ رازۋېد گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان. كاچۇڭدىكى جەڭدە ئۇ، قىسمدىن ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، مانا بۈگۈن مىڭ بىر جاپادا ئۆز يىگىتلىرىنى ئىزدەپ-قوغلاپ كەلگەنىدى.

— سۆزلىگەچ تۇر، — دېدى لەشكەر تېز، قوپال ئاۋازدا، — سېرىق ئىتلار يەنە كېلىۋاتامدۇ؟

توختاخۇن ناننى چايناۋېتىپ تۇلۇمدىن بىر يۇتۇم سۇ ئوتلىدى.

— نېمىدەي؟ چىرايىڭ بۆلەكچە تۇرىدۇ، ئاچچىقلاپ قالدىڭمۇ بىر ئىشقا؟ ئۆزۈڭنى بىسۇال، ئاچچىق، خاپىلىق، غەزەپ ئەقلىنى قاچۇرىدۇ، سەن پولك كوماندىرىغۇ؟ ئاخىر... ئاڭلا، سېرىق ئىتلار قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، سەن بولساڭ داۋاملىق چېكىنىۋاتىسەن. بۇ دورەم كېلىۋاتقىنى پوقنىڭ قۇرۇتىدەك جىق، يەنە كېلىپ قانداق كېلىۋاتىدۇ دېمەمسەن؟ ھە، توغرا،

باشتىن سۆزلەي، ئۇقۇنىمنى دەي، خالمەمەتنى بىلسەڭ، مۇشۇ پولكتا ئىـــدىغۇ؟ ئۇ مۇناپىق گۇي، كاچۇڭدىكى جەڭدە رەيابىكنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ، كاللىسنى كېسىۋېلىپ يەكەنگە قېچىپ كەتكەن، كۆردۇڭمۇ ماۋۇ گـۇيـنـــىڭ قىلىقىنى...؟ خالمەمەت، كوماندىر ئىسكادىرون رەيابىكنىڭ جەڭچىسى ئىدىغۇ؟ ھە، شۇ مۇناپىق، ئىپلاس ئۆز كوماندىرىنىڭ بېشىنى دۈشمەنلەرگە تاپشۇرۇپ بەرگەن، دۈشمەنلەر رەيابىكنىڭ بېشىنى گۈلبۈتەگە كـۆرسـەتـكـەنـمـىش... ئاھـ خۇدا! گۈلبۈتە شۇ چاغدا نېمە بولۇپ كەتكەندۇ-ھە؟ بايا دېگىنىمدەك شۇ مۇناپىق، خائىن خالمەمەت سىلەرنى قوغلاپ كېلىۋاتقان شۇنچە جىق ئىتنى بىر ئۆزى باشلاپ كېلىۋاتىدۇ.

— ھە...! — لەشكەر قاتتىق ئەندىككەنلىكتىن تووۇلۇۋەتتى، شۇ ھامان ئۆزىنى بېسىۋالدى، — راست دەۋاتامسەن؟ خالمەمەت خائىنمۇ؟ سېرىق ئىتلارنى شۇ باشلاپ كېلىۋاتامدۇ؟

— بۇ خەۋەر ئىشەنچلىك، يالغان سۆزلىسەم جاجام بىر پاي ئوق.

لەشكەرنىڭ يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولدى، خائىننىڭ رەزىل قىياپىتى كۆز ئالدىدا خىرە گەۋدىلەندى، "گۈلبۈتە، ئاھـ... سىڭلىم...!" قېرىنداشلىق مـۇھەببىتى، سىغىنىش ھېسسىياتى لەشكەرنىڭ غەزەپ، خورلۇق، ئۆلۈم دەھـشـەتلىرى بىلەن پۇچۇلانغان يۈرىكنى شېرىن ھېسلارغا تولدۇردى. دۈشمەن قانچىلىك كۆپ ۋە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قولىدىن چوقۇم گۈلبۈتەنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش كېرەك ئىدى. بىراق، گۈلبۈتە يەكەندە، دۈشمەن قولىدا، بۇلار بولسا ھەدەپ چېكىنىپ كېتىۋاتىدۇ، ئارىلىق ئۇزىراۋاتىدۇ. يـەكـەن بـىلەن ئايرىتاشنىڭ ئارىلىقى نەچچە يۈز پوتەي... ئېتىشماي چـېـكىنىش — بۇيرۇق. باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى. لېكىن، جــەڭچىلەر چېكىنەمدۇ؟ ئاقىۋەل نېمە دېدى؟ ئاخىردا قانداق قىلدى؟ چېكىنەمدۇق، يۇرتقا نېمدەپ بارىمىز؟ ئاتا-ئانام گۈلبۈتەنى، رەيابىكنى قېنى دېسە، نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟ ئېتىشايلى، ياق، چېكىنىش كېرەك! مەن كوماندىر تۇرۇپ، باش شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى... مانا شۇ خىياللار، گادىرماچ

www.uyghurkitap.com

ئوي-پىكىرلەر ئىلكىدە خېلى ئۇزاق تېڭىرقاپ ئولتۇرغان لەشكەر قەتئىي بىر قارارغا كەلگەندەك دىككىدە ئورنىدىن تۇردى.

— قوشمەت!

— بار، — قوشمەت تېز ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنى رۇسلاپ كېلىپ لەشكەرنىڭ ئالدىدا توختىدى، چاس بەردى، — مەن تەييار، پولك كوماندىرى.

كۆكنى قاپلىغان تۇمان بارا-بارا قويۇقلىشىۋاتاتتى، جەنۇب تەرەپتىكى تاغلار ئۈستىدە بىر بۆركۈت قاناتلىرىنى يېيىپ ئەگىپ بارغانسېرى پەسلەۋاتاتتى. لەشكەر بۆركۈتنىڭ لەرزان پەرۋاز قىلىشىغا سەپسالدى. ئۇ، ئالدىدا بۆيرۈق كۈتۈپ تۇرغان جەڭچىنى كۆرمىگەندەك، ئۇنتۇپ قالغاندەك قىياپەتتە بىر ھازا تۇردى.

— مەن تەييار، پولك كوماندىرى.

لەشكەر چۆچۈپ ئېسىنى يىغدى، قوشمەتكە قارىدى، خىجىللىقتىن يۈزى ئۆپكىدەك ئېسىلدى ۋە ھەربىي ئۇستاپقا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى دەرھال ئۇنتۇپ، سىناش نەزەرى بىلەن قوشمەتنىڭ بېشىدىن-ئايىغىچە قاراپ چىقتى.

— جەڭچىلەرنى باشلاپ تېزلىك بىلەن چېكىنىشكە... ئالغا...!

— چېكىنىش ئۆلۈم... يولداش پولكوۋنىك...

— كاپىشما! — لەشكەر غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

— رۇخسەت قىل، كوماندىر، بۇرۇن ھەر قېتىم جەڭگە چۈشكەندە ئۆزۈڭ "چېكىنىش — ئۆلۈم بىلەن تەڭ" دەيتتىڭغۇ، پولك كوماندىرى، ھازىر ئۇ سۆزۈڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭ...

— كاپىشما! ئىت ئۆۋلى!!

— رۇخسەت قىل، كوماندىر، مەن ئىت ئەمەس، ئىتلار بىزنى قوغلاپ كېلىۋاتىمىش... توختاخۇن شۇنداق دېدىڭغۇ، پولكوۋنىك لەشكەر، مەن چېكىنمەيمەن، شېرىنبەگنى ئاتقاندەك مېنىمۇ ئات، يا بولمىسا، ئاقيولغا

ئوخشاش ئۆزۈمنى-ئۆزۈم...

قوشمەتنىڭ قورقۇمسىز چىرايىغا قاراپ لەشكەرنىڭ كۆزلىرىدە غىل-پال تەبەسسۇم ئەكس ئەتتىيۇ، شۇ ھامان غايىب بولدى.

— ئازادلىق ئۇچۇن! — دېدى لەشكەر يۇقىرى ئاۋازدا.

— جېنىمىز پىدا...! — دېدى قوشمەت جاۋابەن.

كۆپچىلىك شۇئان:

— ھۇررا... ھۇررا...! — دەپ چۇقان كۆتۈردى.

قـوشـمەتنىڭ ۋە باشقا بارلىق جەڭچىلەرنىڭ ئاۋازلىرى شۇنچىلىك مەغرۇر، قەتئىي جاراڭلىق چىقتىكى، بايىلا ئۆز ئىچىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى يېقىنلىشىپ قالغان پاجىئەنى كۆتۈپ تۇرغان جەڭچىلەرنىڭ چىرايىدا شادلىق جـىلۋىلىرى پارلىدى، قەلبلەردىكى قەتئىي پىكىرلەر، ۋىجدان خىتابلىرى، قـىـتىغىرلىققا، جاھىللىققا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان ئىرادە ۋە كۈچنىڭ مـەنـىـۋى ئالەمدىكى يوشۇرۇن ئۈمىد-ئارزۇلىرى پولكوۋنىك لەشكەرنىڭ "ئازادلىق ئۈچۈن!" دېگەن ياڭراق، جۇشقۇن، ھايات بەخش ئاۋازى بىلەن تەڭ رېئاللىققا يۈزلىنىش ئالدىدا تۇراتتى.

ئـازغـىـنـا جىملىق ھۆكۈم سۈردى، لەشكەرنىڭ كۆزىگە قوشمەت ئاقىۋىلدىنمۇ جاھىل، قەيسەر، قۇدرەتلىكتەك كۆرۈندى. ئاقىۋىل دېگۈلۈكنى دېۋىلىپ ئۆلۈۋالدى، قوشمەتچۇ؟ ئۇمۇ مەيلى كوماندىرنىڭ ئوقىدا بولسۇن ياكى ئۆزىنىڭ ئوقىدا بولسۇن... ئۆلۈشكە تەييار، باشقىلارمۇ شۇنداق.

— ئەدەھەمنى كوسراپ يولىدىن قايتۇرۇپ كەل!

— خوپ، كوماندىر، بۇيرۇقنى قەتئىي ئورۇندايمەن.

قـوشـمـەت قاپتالنىڭ تاغقا تۇتاش جايىدا پۇشقۇرۇپ، يەر پۇراپ تېپىچەكلەپ تۇرغان ئېتىنى تېزلىكتە توقىدى، مىندى، تاغ يانباغرىنى بويلاپ يۇقىرىغا چېپىپ كەتتى.

جـەڭچىلەر بۆلەكچە جانلاندى، ئەتىگەندىن بېرى شۇنچە قەتئىي بـۇيـرۇقـلارغـا پـىسەنت قىلمىغان جاھىل ئىنسانلار گويا ئاللادىن بىرەر

كارامەتلىك ۋەھىي ئاڭلىغاندەك شۇئان تەۋرىشىپ، قوزغىلىپ ھەرىكەتكە كەلدى. قوراللىرىنى تازىلىدى، ئوقلىدى. چۈنكى، ئۇلار چېكىنمەيتتى، چېكىنىشمۇ جەڭ قىلىپ ئېتىشىپ تۇرۇپ چېكىنەتتى، ئەدەھەم كەلسە توققۇز تۆگىگە، ئۈچ ئاتقا يۈكلەنگەن پېتىر①، رۇشنەي②، ئىستانكىۋاي③، ئوق، گىرانات، ئوزۇق-تۈلۈك، ئاتلارنىڭ يەم-خەشەكلىرى جەڭچىلەرگە تەقسىم قىلىناتتى، جەڭ تەييارلىقى شۇ. لەشكەر چېكىنىش توغرىسىدىكى قارارنى

— باش شتابنىڭ بۇيرۇقىنى ئۆزۈل-كېسىل ئۆزگەرتكەنىدى.

— ياشا لەشكەر!

— خۇدا بىر جېنىڭغا مىڭ جان بەرسۇن.

— تۆكۈلگەن خۇنىمىز بىكارغا كەتمەيدىغان بولدى.

— خۇن تۆكمەيمىز، ھەي رەۋشەن، پولكوۋنىكنىڭ تويىنى قىلىمىز.

— داپ بىلەن نەي يوق-تە.

— غەم قىلما، پېتىر بىلەن ئىستانكىۋاي ئۆزى ساز ھەم ناخشا...

جەڭچىلەر لەشكەرنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ، خۇشاللىقلىرىنى ھەرخىل سۆز-چاقچاقلار بىلەن ئىزھار قىلىشماقتا ئىدى. بۇ ماختاشلار لەشكەرنىڭ قۇلىقىغا ئەسلا ئاڭلانمىدى، ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۇساتتىن يەنە تۈرۈلدى ۋە توپ ئارىسىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.

— توختى!

— بار، — توختاخۇن لەشكەرنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى، چاس بەردى،

— بۇيرۇق بەر كوماندىر، ئورۇنلاشقا تەييارمەن.

— قىسقىنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدە سىنى ساقلايمىز، — لەشكەر ئاخىرقى بۇيرۇقنى يۇقىرى ئاۋازدا بەردى، — سەن رازۋېدكىغا...!

— خوپ!

---

① پېتىر — مىناميوت.

② رۇشنەي — يېنىك پىلىموت.

③ ئىستانكىۋاي — ئېغىر پىلىموت.

تاغنىڭ مەيىن شاملى تۇمانلارنى قوغلاشقا باشلىدى، قۇياش قارامتۇل بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىقىشنى خالىمىغاندەك ئىدى. توختاخۇن لەشكەرنىڭ ئالدىدىن قايتتى، چاپىنىنىڭ قولسىز سول يېڭى يېنىك شامالدا تەۋرىنەتتى، ئوڭ قولىدا دولىسىغا ئېسىۋالغان ناگاننىڭ قېپى ئۈستىدىن چىڭ تۇتۇپ، چۈشتىن بۇرۇن ئۆزى كەلگەن يول بىلەن دەريا قىرغىقىنى بويلاپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى.

غەرب ئاسمىنىدا چالا-پۇچۇق كۆرۈنۈپ يەنە بۇلۇت-تۇمانلار ئارىسىغا مۆكۈنۈۋالغان قۇياش قارلىق چوققىلار ئۈستىگە ئولتۇرغان چېغىدا تولۇق كۆرۈندى، كۈچسىز شەپەق ۋە ھەرە چىشلىق تاغلار تىزمىسىنىڭ قارامتۇل، كۆكۈچ، سېرىق رەڭگىنى نامايان قىلدى. جەڭچىلەر لەشكەرگە ئەگىشىپ، ئاتلىرىنى يېتىلەپ مېڭىشتى. كەچكى شەپەق ئۆچتى، تاغ ئىچى، دارا، جىلغا، قاپتاللار قاراڭغۇلاشتى. جەڭچىلەر بەلگىلەنگەن ئورۇنغا كېلىپ ئاتلىرىنى چۈشەشتى، تۇرۇۋىلارنى ئاتلارنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈشتى. بۇيرۇققا ئاساسەن قىسقىنىڭ يۇقىرىقى بېشىدا ياي شەكلىدە ئابرۇن ئېلىشتى، بىرىنچى جەڭچى قىسقىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تىك قىيا ئۈستىدىن مېڭىپ، قىسقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قىيا ئاراچلىرىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. ھەربىر ئابرۇندا قورام تاشلاردىن ئاددىي ئىستىھكاملار، يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئاتىدىغان ئەپچىل ئاكوپ...لار ياسىلىشقا باشلىدى. جەڭچىلەر كۆڭۈللۈك، قىزغىن ھەرىكەت قىلاتتى. بۇنداق تەبىئىي، چىن ۋىجداندىن قايناپ چىققان غەيرەت-شىجائەت، جۇشقۇنلۇق، جەڭ قىلىشقا تەلپۈنۈش پەقەت جەڭلەردە پىشقان، قىساس يالقۇنى يۈرىكىگە يېغىلغان ئىنسانلاردىلا بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ئۈچۈن چېكىنىش — خورلۇق، ھاقارەت ئىدى، ئۇيات، نومۇس ئىدى. ھازىر بولسا تېخىمۇ شۇنداق. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا چېكىنىش دېگەن سۆز يۈرەكنى تىترىتىدىغان، قورقۇنچلۇق ئۇقۇم مەڭگۈ مەۋجۇت ئەمەس. ئەگەر مەۋجۇت دېيىلسە، ئۇلاردا پەقەت ئاقيولدىكىگە ئوخشاش قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادە، جاھىلانە جەسۇرلۇق،

ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان، چىكىنىشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدىغان ئالىيجاناب باتۇرلۇق... لا مەۋجۇت ئىدى، خالاس.

جەڭچىلەر ئۆز تەجرىبىلىرى، ھەربىيلەرگە خاس ھوشيارلىقى بىلەن قاراڭغۇ تۈن زۇلمەت پەردىسىنى يىپىشتىن بۇرۇن ئىشلىرىنى تۈگەتتى.

لەشكەر دەل قىسقىنىڭ يۇقىرىقى ئاغزىدا — تاش ئىستىھكامىنىڭ دالدىسىدا يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدىن ئاقىول ئېيتقان سۆزلەر ئاجايىپ دەھشەتلىك، تەسىرلىك كارتىنىلارنى ياساپ ئۆتەتتى. لەشكەر مۇڭغا چۆككەندى، ئۇنىڭ ئەتراپىنى كېچە قاراڭغۇلۇقى ئەمەس، بەلكى چەكسىز ھەسرەت تۇمانى ئورىۋالغاندەك تۇيۇلاتتى. لەشكەر ئاقىولغا، بۇ سادىق جەڭچىگە، ۋېزۋوت كوماندىرىغا چىن دىلىدىن ئىچىندى. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن جەڭچىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى شىغىل تاشلار ئارىسىغا دەپىن قىلغانىدى، تاشقورغاندىن يەكەنگىچە... شۇنچە ئۇزاق، بىپايان داللاردا، يەكەن دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئاقىولغا ئوخشاش باھادىر جەڭچىلەردىن، ئىنقىلابچىلاردىن قانچىسىنىڭ ئۆلۈكى قېپقالدى، قانچىسىنىڭ ئۆلۈكى كۆمۈلدى، قانچىسىنىڭ كۆمۈكسىز قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆيلەنگەن، بالىلىرى بارلاردىن كۆرە، تېخى ئەمدىلا بۇرۇتلىرى خەت تارتقان، نەۋقىران، شوخ يىگىتلەر كۆپرەك ئىدى. ئاھ... قانغا مىلەنگەن ياش نوتىلار ... لەشكەر ئۇلارنىڭ بىرلىرىنى تونۇيتتى، بىرلىرىنى تونۇمايتتى. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا مەقسەت ئۈچۈن بىر بايراق ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ئوت يۈرەك ئارسلانلار ئىدى. ئۇلار غالىبىيەت قۇياشىنىڭ نۇر چاچقىنىنى كۆرەلمەي ياش ھاياتىدىن ۋاقىتسىز جۇدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ روھى ھامان قىساس ئېلىش يولىدا لەشكەر ۋە ئۇنىڭ ئاشۇ ئازغىنا جەڭچىسى بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتىدىغۇ؟...

لەشكەر خىيالىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، شىغىل تاشلارنىڭ بوش شاراقلىغان ئاۋازىدىن كېيىن، يېنىدا قوشمەت پەيدا بولدى.

— پولكوۋنىك، دوكلات، ئەدھەمنى قايتۇرۇپ كەلدىم.

ـــ ياخشى، ـــ دېدى لەشكەر، ـــ ئىستانكىۋاي بىلەن رۇشنەي بىردىن ماڭا قالدۇرۇلسۇن! پېتىردىن ئىككىسى قىسقىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قىيا ئۇستىگە، رۇشنەيدىن ئىككىسى سول تەرەپتىكى قىيا ئۇستىگە، قالغان ئىــســتــانــكىۋاي، پېتىر، رۇشنەيلەر ئۇدۇلدىكى، ئالدىدىكى جەڭچىلەرگە يېرىلسۇن! ئوق، گىراناتلارمۇ تولۇق تارقىتىلسۇن!

ـــ خوپ، پولك كوماندىرى.

قــوشــمــەت كــەينىگە ياندى، جەڭچىلەر تېخىچە ئۇخلىمىغانىدى. بىر-بىرلەپ پەسكە چۈشۈپ تەقسىمات بويىچە قورال ئېلىپ يەنە جايلىرىغا تارقىدى. كېچە ـــ قازان كۈيىسىدەك قاپقارا ئىدى، قاراڭغۇلۇقتا زېمىن، ئاسمان، تاغلار... ھەممىسى بىرلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. ھېچنېمىنى كۆرگىلى، پەرق قىلغىلى بولمايتتى. تۈن ئىلكىگە ئەسىر بولغان تەبىئەت دۇنياسى جىمجىت ـــ سۈكۈنات ئىچىدە ئۇخلايتتى. پەستە پەقەت يەكەن دەريــاسىلا ئويغاق، ئۇ مەڭگۈ ئۇخلىمايدۇ، شاۋقۇنلىرى بەزىدە سۇرلۇك، ھــەيــۋەتلىك، بەزىدە مۇڭلۇق، مىسكىن ئاھاڭدىكى ناخشىسىنى ئوقۇپ ئېقىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ بوش بەزىدە كۈچلۈك شاۋۇلداشلىرى، دولقۇن كۆتۈرۈپ گــۈرۈلدەشلىرى ھايات-مامات ئارىلىقىدىكى جىددىي دەقىقىلەردە غەزەپكە تولغان ئارسلاننىڭ نەپەس ئېلىشىنى ئەسلىتىدۇ. ئاخىرى ئۇزۇلمەس شوخ، ئــويناق دولقۇنلار مۇھەببەتنىڭ تۈنجى ئىزھارىنى ئاڭلاپ ھاياجانلانغان قىزنىڭ كۆكسىدەك بىر پەسىيىپ، بىر كۆتۈرۈلىدۇ. لەشكەر ئۈچۈن ئانا زېمىنىدىكى بۇ ئۇلۇغۋار، دائىمىي ھادىسىلەر ئانچە ئەھمىيەتلىك ئەمەس، ئۇ تاشقورغان بىلەن يەكەن ئارىلىقىدا نەچچە قېتىم قاتنىغان، ھەر قېتىمدا مۇشۇ دەريانىڭ ساھىللىرىنى بېسىپ ئۆتكەن، ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك، دولقۇنلۇق شارقىراشلىرىنى ئاڭلىغان، تىنچ، خاتىرجەم ئېقىشلىرىنى تالاي قېتىم كۆرگەن، تېنىمسىز ھەرىبىي يۈرۈشلەردە، شىددەتلىك جەڭلەردە، جەسەتلەر ئارىسىدىن ئۆمىلەپ ئۆتكەن مىنۇتلاردا ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھۇررا... ئاۋازلىرى بىلەن ئوق ئاۋازلىرىدىن باشقا ھېچقانداق بىر سادا تەسىر قىلالمايدىغان، ئاڭلانمايدىغان

بولۇپ قالغانىدى. ھازىرمۇ ئۇ ئۆز مۇھىتىنى دەريا شاۋقۇنلىرىنىڭ ئاۋازلىرىدىن مۇستەسنا، جىمجىت دەپ پەرەز قىلاتتى ۋە ئۆزى بىلگەنچە خىيال سۈرەتتى.

ئۇنىڭ تەرەپتىكى قىيا ئۈستىدە ئىككى جەكچىنىڭ گۇدۇڭ-گۇدۇڭ قىلىپ سۆزلىشىۋاتقان ئاۋازى لەشكەرنىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتتى، ئاۋازنى چىڭراق چىقىرىپ سۆزلىگىنى رەۋشەن ئىدى:

دىل ئەگەر رەنجىدەرا،
خۇرسەندە گەردەن مۇشكۇل ئەست.

— ھە، ئاخىرىنچۇ؟ — دېدى رەۋشەننىڭ سەپدىشى.

گۇلبۆتە نەزمى مەردۇم،
ئەز ھەسەل شىرىن ئەست...

لەشكەرنىڭ نەپىسى قىسىلدى، كۆتۈرۈپ قويۇقۇسىز ئېغىر ھەسرەت تېـغى پۈتكۈل جىسمىنى ئېزىپ-مىجىپ تاشلىغاندەك بولدى. رەۋشەن، ئاقـيـولـنـىـڭ ئۆلـۈمـىـدىـن كـېـيـىـن لەشكەرنىڭ ئەسەبىيلىشىپ، پىرقىراپ-چۆرگىلەپ، ۋارقىراپ ئېيتقان بېيىتلىرىنى تەكرارلىماقتا ئىدى.

تـاجـىـكـلار ئـارىسىدا قەدىمدىن ھازىرغىچە "گۇلبۆتە" ئىسىملىك مۇھەببەتكە سادىق، ئاق كۆڭۈل، باتۇر بىر قىزنىڭ غايىۋى ئوبرازى ۋە بۇ قىز ھەققىدە توقۇلغان قوشاق-بېيىتلار ياشاپ كەلمەكتە ئىدى. لەشكەرنىڭ كـەيـنىدىن تۇغۇلغان قىزغا گۇلبۆتە دەپ ئىسىم قويۇلۇشى "گۇلبۆتە" ھەققىدىكى قوشاق-بېيىتلارنى تېخىمۇ ئاۋۇتتى، بۇ قوشاق-بېيىتلار تاجىك كۆچمەنلىرىنىڭ تاغ باغرىدىكى تاش تاملىرى ئىچىدە، يايلاقلاردىكى ئاق ئـۆيـلـەردە، ھېيت-بايراملاردا، قىرلاردىكى ياپيېشىل مونداق، زىرىق، گـۈلـنـەپـشـە... لـەرنىڭ ئۈستىدە... بۇك-باراقسان قارىغاي، بۇرا-ئارچا

ئورمانلىقلىرى ئارىسىدا جاراڭلايدىغان بولدى. چىرايلىق، شوخ يىگىت ـــ رەيابېكنىڭ سۆڭەك نېيى، ئۈجمە ياغىچىدا ياسالغان ئاددىي راۋابى قوشاقلارنى تېخىمۇ جۇشقۇن كۈي-ئاھاڭ بىلەن ئىپادىلەپ ئەۋجىگە كۆتۈردى. گۈلبۆتە ـــ خۇددى تاجىكلارنىڭ سۆيۈملۈك، غايىۋى قەھرىمانى "گۈلبۆتە"گە ئوخشاش ساغلام، شوخ، ئەقىللىق، گۈزەل قىز بولۇپ يېتىلدى. لەشكەرنىڭ ئۆيىگە تۇنجى كەلگەن ئەلچى ـــ خالمەمەتنىڭ تاغىسى ئىدى. قىز تەرەپ ئەلچىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى، خالمەمەتنى كۈيئوغۇل قىلىشقا رازىلىق بىلدۈرۈشتى. رەيابېكنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرىدە تاجىك راۋابىنى مۇڭ بىلەن چېرتىپ لەشكەرنىڭ ئۆيى ئالدىدىن ئۆتكەندە:

شىشەيى سەدپارەرا،
پەيۋەندە گەردەن مۈشكۈل ئەست.
دىل ئەگەر رەنجىدەرا،
خۇرسەندە گەردەن مۈشكۈل ئەست.

گۈلبۆتە دەريادىن سۇ ئېلىۋاتقاندا يىراقتىن ئەگىپ كېلىپ:

گۈلبۆتە دەر نەزمى مەردۇم،
ئەز ھەسەل شىرىن ئەست...
......

دەپ ئوقۇغان ناخشىلىرى گۈلبۆتەنىڭ كۆڭۈل رىشتىسىنى ئىختىيارسىز رەۋىشتە رەيابېككە باغلاپ قويغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ رەيابېك گۈلبۆتەگە ئاشىق-بىقارار ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ شوخ، ئوچۇق كۆڭۈللۈكى، ساز، ناخشىغا ماھىرلىقى بىلەن گۈلبۆتەنىڭ يۈرىكىگە مۇھەببەت چوغىنى سالغانىدى. قىزنىڭ بىرسىگە تەلپۈنۈشى، بىرسىگە نارازىلىقى، نەپرىتى كېيىنچىرەك

ئاتا-ئانىغا مەلۇم بولدى. ئاتا-ئانا قىزىنىڭ رايىغا باقتى، گۈلبۆتە مۇرادىغا يەتتى. رەيابېكنىڭ راۋاب، نېيى تېخىمۇ شوخ، جۇشقۇن، تەسىرلىك ئاھاڭلار بىلەن جاراڭلىدى. ”گۈلبۆتە“ توغرىسىدىكى قوشاقلار يەنىمۇ كۆپەيدى. ئــەر-خوتۇن چارۋا باقاتتى، روزغارى يېتىشمىسىمۇ، ئىناق، مۇھەببەتلىك تۇرمۇش لەززىتىدىن ئۆزلىرىنى ئەڭ بەختلىكلەر قاتارىدا سانايتتى. راۋاب بىلەن نەي ئاشىقنىڭ مەشۇقىغا بولغان مۇھەببىتىنى، ساداقىتىنى ئىزھار قىلىپ تېخىمۇ شوخ، يارقىن جاراڭلىدى. لېكىن... بەختلىك كۈنلەر ئۇزاققا بــارمــىدى، تاشقورغاندا ئىنقىلاب پارتلىدى. لەشكەرنىڭ رىغبىتى بىلەن رەيابېكمۇ قولىغا مىلتىق ئالدى. گۈلبۆتە سۆيۈملۈك ئېرىدىن ئايرىلىشنى خالىماي، ئۇ سەپكە ئاتلاندى. لەشكەرنىڭ ئاتا-ئانىسى گۈلبۆتەنىڭ بەش ياشقا كىرگەن ئوغلىنى باغرىغا باسقىنىچە جانجان پەرزەنتلىرى ئوغۇل، قىز، كــۈيئوغلىنى جەڭگە ئۇزاتتى... بىرىنچى قېتىملىق يەكەن مۇھاسىرىسى مەغلۇپ بولغاندا، گۈلبۆتە بەختكە قارشى دۈشمەنگە ئەسىر چۈشتى. ئارقا يول داۋىنىدىكى ئاربلاش جەڭدىن كېيىن، رەيابېكنىڭ باشسىز تېنى بىر ئــازگالدىن تېپىلدى، خالمەمەتمۇ ھېچ يەردە كۆرۈنمىدى. لەشكەر ئۇنى ئــەســىرگــە چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئىسكادىرون كوماندىرى، باھادىر جەڭچى، ئۇستا قوشاقچى، سازەندە يىگىتنىڭ پاجىئەلىك ئــۆلــۈمى تاجىك پولكىدىكى جەڭچىلەر ئۈچۈن ئېغىر مۇسىبەت ئېلىپ كــەلــدى. لــەشــكــەر شــۇندىن بۇيان دورا يېگەن بېلىقتەك خاراموش، ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك پەرىشان يۈرەتتى، قاپىقى ئېچىلمايتتى. ئۇنىڭ ھە دېسە، ”چېكىنىڭلار! چېكىنىڭلار!“ دېگەن بۇيرۇقلىرىمۇ بىرخىل خاپىلىق، نــارازىلىق، قېيداشلىق ۋە غەلىتە، قەتئىي، جىددىي ئاھاڭدا بېرىلەتتى. بۈگۈن ئەتىگەندىن تارتىپ ئاقيول ئۇزۇن نۇتقىنى داۋاملاشتۇرغانغا قەدەر بەرگەن بۇيرۇقلىرىمۇ خۇددى شۇنداق ئاھاڭدا جاراڭلاپ تۇردى. ئاقيولنىڭ سۆزلىرى، قان تولغان كۆزى ئېپادىلەپ تۇرغان ھاياجان، مۇڭ-ھەسرەت، غــەزەپ ۋە زار، مەردانە خىتابلار، رەيابېكنى، گۈلبۆتەنى تىلغا ئېلىشلار،

تـوخـتـاخـۇن ئېلىپ كەلگەن خەۋەر... لەشكەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى پۈتۈنلەي ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى. خالمەمەتنىڭ كونا ئاداۋەتنى ئىچىدە ساقلاپ، ئۆز سەپدىشى رەيابىكتىن ئۆچ ئېلىشى، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ دۈشمەنگە ئاپىرىپ بېرىشى، خائىن بولۇپ كېتىشى، گومىنداڭچىلارنى ئۆز قېرىنداشلىرى ئۈستىگە باشلاپ كېلىشى... لەشكەرنىڭ نەزىرىدە تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان بىر دەھشەتلىك مۆجىزە ئىدى، ”مەيلى، — دەيتتى لەشكەر ئـۆز-ئـۆزىـگـە پىچىرلاپ، — كۆرەرمىز؛ ئۇن نەچچە قېتىملىق جەڭدە كـەيـنـى-كـەيـنـىـدىـن بـاھادىرلىق كۆرسىتىپ، جەڭچىلىكتىن پولك كوماندىرلىقىغىچە كۆتۈرۈلدۈم. بۇ — باتۇرلۇق ۋە قان ئاققۇزۇش بەدىلىگە كەلگەن شەرەپ! قېنى، يەنە ئېلىشىپ باقىمىز، ھەممىدىن بۇرۇن سەن خائىننى...“

— كوماندىر، پولك كوماندىرى سەن نەدە؟!

لەشكەر ئېسىنى يىغدى، قىسىق ئىچىدىكى تار كۆتەرمىدىن بىرسىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، بۇ توختاخۇن ئىدى.

— كېلىۋەر، مەن بۇ يەردە.

بىر پەستىن كېيىن توختاخۇن تاش ئىستىھكامنىڭ بۇ يېقىغا ئۆتتى.

— كېلىۋاتقىنى راستمۇ؟ — تاقەتسىزلىنىپ سورىدى لەشكەر.

— راسـت، — تـوخـتـاخـۇن سوغۇقتىن مۇزلىغان، ھارغانىدى، تىترەيتتى، ئۇيۇشقان گەۋدىسىنى يېنىدىكى قورام تاشقا تىرىدى، ئۇھ تارتتى، — مېنىڭ قىياس قىلغىنىمدىنمۇ كۆپكەن ئۇ ئىتلار، قارىغاندا، كۈندۈزى دەم ئېلىپ ئۇخلاپ، كېچىسى مېڭىۋاتقان ئوخشايدۇ، قىياسىمچە ئۇلار ئاشۇ مېڭىشىدا تاڭ سەھەرگە يېقىن مۇشۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ دەم ئالىدۇ. سەپنىڭ كەينىدە يەتمىش-سەكسەنچە ئات، كالا ھارۋىسىمۇ باردەك قىلىدۇ.

— خالمەمەت... باشلاپ كېلەرمۇ؟

— بۇ ئېنىق گەپقۇ، پولك كوماندىرى.

لەشكەر جىمىپ كەتتى، ئۇ ئويلايتتى، تەشۋىش ئىچىدە ئازابلىناتتى.

گۈلبۆتەنى ئەسلەيتتى، سىغىناتتى. جەڭچىلەر، ئۇزۇن يوللاردىكى جاپا-مۇشەققەتلەر ئۇنىڭ ئەسلىدىكى نازۇك تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن بولسىمۇ، گۈلبۆتەنىڭ تەقدىرى، رەيابىكىنىڭ ئۆلۈمى، خالمەمەتنىڭ خائىنلىقى ... ئۇنىڭ قەلبىنى ھەر دائىم قامچىلايتتى. مانا ئۇ، دۈشمەن بىلەن يەنە جەڭ قىلىدۇ. دۈشمەن قوۋۋ، ھىيلىگەر، سان، كۈچ جەھەتتىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە. ئازادلىق، ھۆرلۈك ئۈچۈن باشنى قولتۇققا ئېلىپ جەڭگە چۈشىدىغانلار بولسا ناھايىتى ئاز، ئاران يىگىرمە جەڭچى، توختاخۇننى قوشقاندا...

توختاخۇن ئۇيان-بۇيان قىمىرلاپ ئىستانكىۋاي بىلەن رۇشنەيىنىڭ قاپقارا گەۋدىسىنى، ئىستىھكام يوچۇقلىرىدىن چىقىپ تۇرغان ئىستۇللىرىنى سىلاشتۇرۇپ كۆرۈپ، كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك بولدى. ئۇ بەكلا ھارغانىدى، ئۇيقۇسى كەلمەيتتى. لەشكەرنىڭ خىيالىنى بۆلۈشكىمۇ پېتىنالمايتتى. بۈگۈنكى تۈن چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە ئاخىرلىشىۋاتقان بولسىمۇ، لەشكەر ئۈچۈن، جەڭچىلەر ئۈچۈن بۇ تۈن چەكسىزدەك، تاڭ ئاتمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى...

شەرق تەرەپتىكى تاغلار ئۈستىدىكى ئاسمان بوشلۇقى ئاقىرىشقا باشلىغاندىلا، جەڭچىلەر قوزغىلىپ ئاخشامقى ئىشلىرىنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ پۇختىلاشقا كىرىشتى. ئۇلار ئاللىقاچان جەڭگە تەييارلىنىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىشقانىدى، ھەممەيلەن دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنى بويىدىكى يىلان باغرى يولغا، تىك قىيا، دۆمبەللەرگە، جىلغىلارغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇشتى.

سۈبھى تەرەپ قىزىرىشقا باشلىدى، كۈن ئۆزىدىن بۇرۇن شەرقىي تاغنىڭ چوققىلىرىغا ئالتۇن شەپىقىنى ئەۋەتتى. كۈتۈش — نېمىدېگەن ئازابلىق!، تاغ ئىچى، جىرا، قاپتاللار پۈتۈنلەي يورۇپ بولدى. پەستە يەكەن دەرياسىنىڭ ئويناق ئۆركەشلىرى شەپەق نۇرىدا زەررەڭ تامچىلارنى چاچراتماقتا، كۈتكەن پەيت يېتىپ كەلدى. توختاخۇننىڭ پەرەز، ھۆكۈملىرى خاتاسىز ئىدى. دۈشمەن قوشىنى تار، ئېگىز-پەس يولدا ئارغامچىدەك سوزۇلۇپ كېلىشمەكتە. ئۇلار قىسقىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى جەنۇب تەرەپ

تىك، شىمال تەرەپ پەس كەلگەن يانتۇلۇققا كېلىپ توختىدى، ئارقىدىكىلىرىمۇ يېغىلدى. ئۇلار شۇ يەردە دەم ئالماقچى، ئەگەر ئەھۋال شۇنداق بولسا لەشكەرنىڭ قۇرغان تورىقىغا ھېچنېمە چۈشمەيتتى. كەڭ ئوچۇقچىلىقتا جەڭ قىلىش لەشكەر ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى.

توساتتىن رەۋشەن لەشكەرنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالدى.

— كوماندىر، كوماندىر، مەن گۈلبۆتەنى كۆردۈم.

— گۈلبۆتە! — لەشكەر ئاچچىق ئىڭرىۋەتتى، — گۈلبۆتە؟ راست كۆردۈڭمۇ؟

— ھەئە، خالمەمتمۇ بار، ھەممىنىڭ ئالدىدا...

— ماڭ جايىڭغا!

رەۋشەن ئېگىشكىنىچە تاشلار ئارىسىدىن ئۆملەپ قىيانىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. لەشكەرنىڭ چىرايى تاتارغانىدى، ھەر قېتىم قىسىلغاندا غەزەپ ئىپادىسى ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى، بۇ قېتىم چوڭ ئېچىلىپ چەكچەيدى. چەكچەيگەن كۆزلىرىدە بولسا غەزەپ گويا پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ماگمىنىڭ يىنىۋاتقان، ئۆلغىيىۋاتقان يالقۇنىنى ئەسلىتەتتى. لەشكەر يېنىدا تۇرغان توختاخۇنغا ئىشارە قىلىۋىدى، توختاخۇننىڭ ناگىنىدىن ئۈچ پاي ئوق ئېتىلىپ دۈشمەن سېپىنى ساراسىمىگە سالدى ۋە ئۇلار ئالمان-تالمان قورالىرىنى بەتلەپ قىسقىقا قاراپ سىلجىشتى. ئوبدان بولدى، ئۈچ پاي ئوق دۈشمەننىڭ قورساق تويغۇزۇش، كېچىلىك يۈرۈشنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈستىدە كۆرۈۋاتقان شېرىن چۈشلىرىنى بۇزۇۋەتكەنىدى، تەقدىر شۇنداق ئورۇنلاشتۇردىمۇ ياكى بىرەر تاسادىپىيلىق تۈپەيلىدىن بولدىمۇ، ئىشقىلىپ، شۇنچىلا كۆپ دۈشمەن ئۈچۈن قىسىق ئېچىدىن ماڭماي ئامال يوق ئىدى. قىسىقنىڭ جەنۇبى تىك قىيا تاغ، شىمال تەرىپى تىك دۆمبەل، دۆمبەلنىڭ كەينى تەرىپى دەريا، شىددەتلىك ئېقىن، كەڭ ھەم چوڭقۇر... جەڭچىلەر لەشكەرنىڭ ئەقىل-پاراستىگە يەنە بىر قېتىم ئاپىرىن ئېيتىشتى، ئۈچ پاي ئوق گويا بىر تىلسىماتتەك مۆجىزە كۆرسىتىپ

دۈشمەن قوشۇنىنى قىسىق ئېچىگە يېتىلەپ كىردى، قىسىق گويا تاغلارغىلا ئوخشايتتى.

خالمەمەت قولى باغلاقلىق گۈلبۆتەنىڭ يېنىدىن تۇتقان ھالدا ھەممىسىنىڭ ئالدىدا كېلەتتى، لەشكەر بۇنى ئېنىق كۆردى. شۇ ھامان يۈزىدە قان دىدارى قالماي تاتىرىپ سارغايدى. ئەمدىلا قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن دۇنيا ئۇنىڭ كۆزىگە بۇگۈن كېچىدىكى قاراڭغۇلۇقتىنمۇ بەكرەك قارا، زۇلمەتلىك كۆرۈندى. ئەگەر ئوق چىقارسا... ئوق ئالدى بىلەن گۈلبۆتەگە... لەشكەر ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. دۈشمەنىنىڭ ئالدىنقى قىسمى قىسقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى، ئۇلار ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئالدىغا، ئوڭ-سولغا دىققەت بىلەن سەپسېلىپ كەلمەكتە. كۈتۈۋېرىشكە بولمايتتى، لەشكەر كۆزىنى يۇمۇۋالدى، يەنە ئاچتى، گۈلبۆتە...! خالمەمەت...!

قىسقىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغ، قىيالار ئۈستىدىن ئىستانكوۋاي، ئۈزۈن، قىسقا مۇزىرىسكا كارابىن، گېرمانىسكىلار قىسىق ئىچىدە پاتىپاراق بولۇشقان دۈشمەنلەرگە شىددەت بىلەن ئوق ياغدۇرۇۋاتاتتى. لېكىن جەڭچىلەر ئوت كۈچىنى دۈشمەنىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى قىسىملىرىغا مەركەزلەشتۈرگەنىدى، ئالدىنقى قىسمى لەشكەرنىڭ ئالدىدىكى رۇشەنەي، پىتىر، ئاپتوماتلارغا تەقسىم قىلىنمىدىمىكىن...؟! توغرا، جەڭچىلەر گۈلبۆتە تۇرغان جايغا قارىتىپ ئېتىشنى خالىمايتتى، لەشكەر بۇنى سەزدى.

— گۈلبۆتە...! سىڭلىم گۈلبۆتە...! گۈل... بۆ...!

لەشكەر پولك كوماندىرلىق، ھەربىيلىك سالاھىيىتىدىن شۇنداق تېز قايتتىكى، ئاقىۋال ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندىن كېيىنكى تەلۋىلىكى، ئەسەبىيلىكى ئەسلىگە كەلدى. ئورنىدىن تۇرۇپ پىرقىراپ-چۆرگىلەشكە، ۋارقىراشقا باشلىدى. دۈشمەنلەر گۈلبۆتەنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ ئالغا سىلجىشاتتى، ئوق ئۈزەتتى. ئەمدى ئامال يوق ئىدى، لەشكەر تۇيۇقسىز ھەرىكىتىنى توختاتتى.

— هۇررا...! هۇررا...!!!

ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئىستانكىۋاي قاتتىق سىلكىنىپ ئېتىلىشقا باشلىدى.

— مەندىن بۇرۇن ئۆلگەنلەرنىڭ خۇنى ئۈچۈن! مىر قەدەم ئۈچۈن! چوروق بىلەن مىرزا ئۈچۈن! ناسىراخۇن، رەيابېك، شېرىنبەگ ئۈچۈن...! ئاقىول ئۈچۈن...! هۇررا... هۇررا!!!

قۇيۇق ئىس-تۈتەك ئارىسىدا گۈلبۈتە كۆرۈنمىدى، ئاھ... گۈلبۈتە! لەشكەر بىر سېكۇنتقا ئېتىشنى توختىتىپ ئالدى تەرەپكە تىكىلدى، گۈلبۈتە يوق ئىدى.

— سىڭلىم گۈلبۈتە...! سەن مېنىڭ ئوقۇمدا... رازى بول، رازى بول...! هۇررا...!! گۈلبۈتە ئۈچۈن...!!

لەشكەر غەزەپ بىلەن ھۆركىرەيتتى، ۋارقىرايتتى، ئاتاتتى، قوشمەت ئورنىدىن يۆتكىلىپ چۈشۈپ ئىستانكىۋايغا، رۇشنەيگە ئوق قاچىلاشقا باشلىدى. قىسىق ئىچىدىن ئاڭلانغان قىيا-چىيا، ۋارقىراشلار، ئىڭراشلار، تىللاشلار، ۋارقىراپ كوماندا بېرىشلەر... ئوق ئاۋازلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئايرىشتاش داۋىنىنى لەرزىگە كەلتۈردى. پېتىردىن ئېتىلغان ئوقلار دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ چېكىنىشىگە پۇرسەت بەرمىدى. دۈشمەنلەر ئۆز ئۆلۈكلىرىنى، قىسقىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تىك تاغلارنىڭ يانغا بۆرتۈپ چىققان گىرۋەكلىرىنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ ئاتاتتى، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتەتتى. بىراق، ئۇلار ئۈچۈن لەشكەرنىڭ قىسىق ئاغزىدىكى تاش ئىستىھكامىدىن باشقا نىشانلارنىڭ ھەممىسى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئېگىزگە قارىتىپ ئېتىلغان ئوقلار تاغقا تېگەتتى، ياكى ھاۋاغا ئۇچاتتى. ئېگىزدىن پەسكە، قىسىق ئىچىگە ئېتىلغان ئوقلار دەل جايىغا تېگەتتى. بۇنداق پايدىسىز شارائىتتىكى جەڭ دۈشمەنلەرنى ھالاكەت گىردابىغا يېقىنلاشتۇرماقتا ئىدى. ھەممە يەرنى ئىس-تۈتەك قاپلاپ كەتتى، پۇرۇخ ھىدى دىماغلارنى ئېچىشتۇرۇپ، نەپەسنى قىساتتى. پىلىموت، مىلتىقلارنىڭ ئىستىۋۇللىرى ئوتتەك قىزىپ كەتتى، ئەمدىلىكتە جەڭچىلەر ئالدىرىماي،

ئۈزۈپ-ئۈزۈپ ئاڭقىلى تۇردى، بەزىدە ھەتتا ھەر ئىككى تەرەپ بىر پايمۇ ئوق ئېتىشماستىن جىمىپ قېلىشاتتى. قۇياش ئاستا-ئاستا ئاسمان قەھرىگە كۆتۈرۈلمەكتە، ھاۋا دىمىق، شامال يوق. تارقىلالمىغان ئىس-تۈتەك قىسىق ئۈستىدە، قىيا، تاغلارنىڭ يانباغىرلىرىدا لەيلەپ يۈرمەكتە. بىر-بىرىگە ئوڭ-تەتۈر مىنگىشىپ قالايمىقان يېتىشقان جەسەتلەرنىڭ كۆپلۈكى ئاجايىپ دەھشەتلىك بىر مەنزىرە پەيدا قىلغانىدى. جەڭچىلەر قوراللىرىنى سوۋۇتۇپ، قايتىدىن ئوقلاپ قىسقىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قاراپ سىلجىدى، دەريا تەرەپتىكى يانتۇلۇقتا توپلىشىپ غۇژمەك بولۇۋېلىشقان قالدۇق دۈشمەنگە گىراناتلار ئۇچۇپ باردى.

لەشكەر ئاپتوماتنى ئاستى، رۇشەنىنى كۆتۈرگىنىچە تار يولنى بويلاپ يۈگۈردى، ھۆررا تۇۋلىدى، جەسەتلەردىن ئاتلاپ ئۆتتى، ئالدى تەرەپكە ئوت ئاچتى، كېتىۋېتىپ يىقىلدى، ئوڭ پۇتىغا ئوق تەگكەنىدى. ئۇنىڭ كۆزى، دەل قانغا بويۇلۇپ ياتقان گۈلبۆتەنىڭ ئېچىلىپ قالغان پاقالچاقلىرى ئۈستىگە چۈشكەنىدى، قولىدىكى رۇشەنەي خالەمەتىنىڭ ئۆلۈكى ئۈستىدە توغرىسىغا تۇرۇپ قالدى. ”گۈلبۆتە... گۈلبۆتە...!!“ لەشكەر شۇنچىلىك دەھشەت سىلىپ ۋارقىرىدىكى، ئاۋازى قىسىق ئىچىدە ياڭراپ ئەكس سادا قايتۇردى. ئۇ تەستە ئورنىدىن قوزغىلىپ ئۆرە بولدى، سەل سىلجىپ گۈلبۆتەنىڭ بېشىنى تىزىغا ئالدى، گۈلبۆتە قاتتىق يارىلانغان، قورسىقىغا، دولىسىغا، پۇتلىرىغا ئوق تەككەنىدى. تېخى ھايات ئىدى. يارىلانغان جايلىرىدىن قان تەپچىرەپ تۇراتتى. بارغانسېرى قانسىراۋاتاتتى.

— سىڭلىم!

خېلىدىن كېيىن گۈلبۆتەنىڭ قويۇق، ئۇزۇن كىرپىكلىرى مىدىرلاپ، نۇرى قاچقان كۆزلىرى لەشكەرگە تىكىلدى. لەۋلىرى قىمىرلىدى، ئاۋاز چىقمىدى، بارلىق دەرمانىنى يىغىپ ئاران تەستە:

— ئاكا...، — دېيەلىدى.

— سىڭلىم، مېنىڭ ئوقۇم...

— ھە... ئوقۇق ئاۋۋال... ئاۋۋال... ئاۋۇ خا... خائىنغا...
— ساڭچۇ؟
— مـا... ماڭا...، — گۈلبۆتەنىڭ نەپسى قىسىلدى، خىرقىراپ قالدى، بەكمۇ قىينالغان ھالدا، — سىنىڭ ... ئو... قو...، — دېدى.

لەشكەرنىڭ يۈرىكى پىچاق تىققاندەك ئېچىشتى، گۈلبۆتە ئېچىنىشلىق بىر قىياپەتتە ياتاتتى. ئۇ، ئاكىسى لەشكەرنىڭ قۇچىقىدا خارت-خۇرت قىلىپ بىر-ئىككى تىپىدى-دە، جان ئۈزدى.

لەشكەر ئېسىنى يوقاتقاندەك، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. توختاخۇن كېلىپ گۈلبۆتەنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەتتى، لەشكەر ئاپتوماتنى خالمەمەتنىڭ جەسىتىگە قارىتىپ ئاتتى، ئاتتى، بىر دىسكا ئوق ئېتىلىپ بولدى. ئاندىن ئۇ ئالدىغا قاراپ يىقىلىپ-قوپۇپ ئىلگىرىلىدى، دۈشمەن ئۆلۈكلىرىگىمۇ، يارىدار ياتقانلىرىغىمۇ، تەسلىم بولۇپ قول كۆتۈرۈۋاتقانلىرىغىمۇ ئوخشاشلا ئوق ياغدۇردى.

— دوكلات، يولداش پولك كوماندىرى! — قوشمەت لەشكەرگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىپ توختىدى، — دوكلات... يولداش پولك كوماندىرى، ئۆلگەن دۈشمەن ئىككى يۈز بەش، بىر يۈز يەتمىش دانە مىلتىق، ئون ئـــىــكــكى دانە رۇشنەي، ئىككى دانە ئىستانكۋاي، يەتمىش ئۈچ ھارۋا ئوق-دورا، ئوزۇق-تۈلۈك ئولجا ئالدۇق. بىزدىن... بىزدىن بەش جەڭچى قۇربان بولدى، يارىدار يەتتە...

لەشكەرنىڭ قۇلىقىغا ھېچنېمە كىرمەيتتى. قوشمەت ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى، لەشكەرگە ئەدھەم، رەۋشەن ۋە يەنە جەڭچىلەر ... ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى. لەشكەر توختىماستىن ئۇدۇلغا، ئوڭ-سولغا قارىتىپ ئاتماقتا؛ قان ئېقىۋاتقان پۇتىنى سۆرەپ-دىڭگوسلاپ كېتىۋاتاتتى، ئاتاتتى، ئاپتوماتنىڭ ئوقى تۈگىمەيدىغاندەك قىلاتتى، ئېتىپ تۇرۇپ ھەدەپ چۇقان سالاتتى: "بىزدەك ئارسلانلارنى كۆرۈپ قويۇش ... — دەيتتى ئۇ جان-جەھلى بىلەن ۋارقىراپ، خىتاب قىلىپ، — تاغدا تۇغۇلغان، تاغدا

چوڭ بولغان ئارسلانلار بىز! مانا كۆردۈڭمۇ؟ چېكىنگەندىمۇ ئەسلىدىكى ئۇرۇش مەيدانىدىن نەچچە يۈز چاقىرىم ئارقىغا چېكىندۇق، سەنلەر ۋەدىگە ۋاپا قىلىشماي ھەدەپ بىزنى قوغلاشتىڭ. چېكىنسەك، بىزدىن قورقتى، دەپ ئويلاپ تېرەڭگە پاتماي قېلىشتىڭ، قۇتراشتىڭ. سەنلەرنىڭ قۇترىشىڭ مۇشۇنچىلىك، بىز قۇترىساق مانا شۇنداق قۇترايمىز! ئارسلان قۇترىسا تاغۇ-تاش تىترەيدۇ...!!

لەشكەرنىڭ ئاپتوماتى توختاپ قالدى، ئوق تۈگىگەنىدى؛ لېكىن، ئاغزىدىن تېخىچە غەزەپ، ئىنتىقام ئوقلىرى ئېتىلىپ تۇراتتى! ئۇ شارتتىدە بۇرۇلۇپ، رەۋشەننىڭ قولىدىكى ئۇزۇن مۇزىرىسكىنى تارتىۋالدى-دە، يەنە بىرنەچچە پاي ئوق ئاتتى. كېتىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشتى، جەڭچىلەر ئۇنى يۆلىدى. ئاغزىدىن:

— بىز مانا شۇنداق قۇترايمىز، ئۆلۈكلىرىڭ سېسىيدۇ، چىرىيدۇ، سېسىقچىلىق تۆپەيلىدىن نەچچە يىلغىچە بۇ داۋاندىن ئادەمزات ئۆتۈشتىن ئەيمىنىدۇ، لېكىن ئۇلار باشقىدىن يول ئاچىدۇ. بىز قۇترايمىز، مۇشۇنداق ... قۇتراپ...“ دېگەن سۆزلەر بوش ئاھاڭدا چىقاتتى.

جەڭچىلەر ئۇنىڭ پۇتىنى تېڭىشقا باشلىدى...



نۇر روزى

# مۆمىننىڭ مومىغا چىقىشى

بەقىسەم تون كىيگەن ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى ئاق پىشماق ئادەم كۆك سىرلانغان كەڭ دەرۋازىدىن ئاق بوز ئاتنى يورغىلىتىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ، مەكتەپ سەيناسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، تىزگىنىنى يەڭگىل تارتتى، ئات توختاپ، سوزۇپ-سوزۇپ ئىككى قېتىم كىشنىدى-دە ئالدى پۇتلىرى بىلەن يەرنى چاپچىشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا مەكتەپ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈۋاتقان ياشقىنا قارا خىزمەتچى چۆچۈپ ئارقىسىغا قارىدى-دە، يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئالدى ۋە ئېگىلىپ سالام قىلدى:

— تېچ-ئامان كەپلا شىياۋجاڭ.

ئۇ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىلىك ئېلىشىنى كۈتمەيلا، ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ، ئاتتىن چۈشۈردى.

— خوش، بۈگۈن نىمە بولدى؟ مەكتەپ چۆلدەرەپ قاپتىغۇ؟

— مۇئەللىملەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى سىلىنىڭ "تۆگە دۆڭ"دىكى قوناقلىرىنىڭ بېشىنى ئۈزدۈرۈشكە ئېلىپ كەتتى.

مۇدىرنىڭ چوڭ كۆزلىرى قىسىلىپ چىرايى سەل ئېچىلغاندەك بولدى. سېمىز قوللىرى بىلەن شاپ بۇرۇتىنى ئىككى يانغا تاراپ قويدى. خىزمەتچى ئالا يوللۇق بەلۋېغىغا قىستۇرۇۋالغان كىچىككىنە مىس چىلىم بىلەن قىزىل پۆپۈكلۈك تاماكا خالتىسىنى چىقاردى. تاماكىنى ئۇۋلاپ، سەيخانىغا تولدۇرۇپ قويدى ۋە ئۇنى چوغلاپ مۇدىرغا تۇتتى، ئۆزى بولسا ئاتنى

www.uyghurkitap.com

سـوۋۇتـۇشقا تۇتۇندى. مۇدىر تۇرغان يېرىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇردى-دە، خـىـزمەتچىنىڭ ئاتنى سوۋۇتۇشىغا نەزەر سالغاچ، چىلىمنى خورۇلدىتىپ چېكىنىشكە باشلىدى. خىزمەتچى ئاتنى يېتىلەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، چىلىمنى ئۇنىڭغا ياندۇرۇپ بەردى-دە، تۇيۇقسىز سورىدى:

— تەرتىپ مۇدىرىچۇ؟

— ئادەم ئۇقۇشقىلى كەتتى.

— ئادەم ئۇقۇشقىلى؟ ئادەم ئۇقۇشۇپ نېمە ئىش قىلماقچىكەن؟

خىزمەتچىنىڭ رەڭگى سارغىيىپ كەتتى-دە، دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى:

— بايراقنىڭ تانىسى غالتەكتىن چىقىپ كەتكەنىكەن، — دېدى ئۇ ئىـېـڭـىـكـى بىـلەن مەكتەپ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى موما ياغاچنى كۆرسىتىپ، — ئاشۇ مومىغا چىقىپ، تانىنى غالتەككە يۆگىيەلەيدىغان ئادەم تېپىلىپ قالارمىكىن دەپ ئەتىگەندىلا چىقىپ كەتكەنىدى.

— هە؟!

مۇدىر بېشىغا كالتەك تەگكەندەك چۆچۈپ كەتتى.

ئىككى قولىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىغا قارىغانىدى، مومىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېسىلىپ تۇرغان گومىنداڭ بايرىقىغا كۆزى چۈشتى.

هەر كۈنلۈكى يىگىرمە غۇلاچلىق مومىنىڭ ئۇچىدا هەيۋەت بىلەن لەپىلدەپ تۇرىدىغان بايراق ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى ئالا-پاساق ئۆتلىنىپ قـورۇلـۇپ قـالغان تېرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. يۈرىكى بىردىنلا پىژژىدە ئېچىشتى-دە، يۈزى پوكاندەك ئېسىلىپ، سېمىز گۆشلىرى لىپ-لىپ تىترەپ، بـۇرۇتـى لـىكىلداپ كەتتى. قاڭشالىق بۇرنىنىڭ ئۈستىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ، بايراقتىن كۆزىنى ئالماي تۇرۇپ ئارقىسىدا قول باغلاپ تۇرغان خىزمەتچىدىن سورىدى:

— نەچچە كۈن بولدى؟

— تۈنۈگۈن شۇنداق بولغانىدى.

مۇدىر خۇددى بىر كىشى ئۇنى چۆرگىلىتىۋەتكەندەك پىررىدە ئارقىسىغا

ئۆرۈلدى. دىر-دىر تىترەپ تۇرغان خىزمەتچىگە چەكچىيىپ ئالايدى-دە، يوتىسىغا پاقىدە بىرنى شاپىلاقلاپ، ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. خىزمەتچىمۇ مىس چىلىمنى دەرھال چوغلاپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئىشخانىسىغا كىردى ۋە قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئىككى قوللاپ چىلىمنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

مۇدىر چىلىمنى قاتتىق-قاتتىق بىر ئىككىنى شورىدى-دە، ۋارقىرىدى:

— ئاتقا مىنىپ تېز ماڭ! بېرىپ تەرتىپ مۇدىرىنى تېپىپ كەل!

— خوپ.

خىزمەتچى چىقىپ كەتتى. مۇدىر قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، ئىشخانىسىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇيانغا ماڭغىلى تۇردى. ئارىدىن چاي قاينىمى ۋاقىت ئۆتكەندە تەرتىپ مۇدىرى كىرىپ كەلدى-دە، پۇتلىرىنى جۈپلەپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى:

— خوش نۇسرەت ئەپەندى، — مەكتەپ مۇدىرى قاپىقىنى تۈرۈپ ئۇنىڭغا تىكىلدى، — مەن ئۇيۇشمىغا يىغىنغا كەتكىلى نەچچە كۈن بولدى؟

— بىر ھەپتە بولدى.

— ئۇنداق بولسا، بىر ھەپتىدىن بېرى نېمە ئىشلارنى قىلدىڭىز؟

— كۆرسەتمىلىرى بويىچە، بىرىنچىدىن، بەگلىكىمىز تەۋەسىدىكى بارلىق پىرقە ئەزالىرىنى يىغىپ، جاھاننىڭ دۆڭ-چوڭقۇرلىرىنى تىڭ-تىڭلاشتىن دوكلات ئالدىم. ئۇلار ئاڭلىغان-بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى دوكلات قىلىشتى، ئىككىنچىدىن ئەللىك ئائىلىگە بىردىن پىرقە ئەزاسىنى نازارەتكە قويساق، يەنە تۆت پىرقە ئەزاسى كەملەيدىكەن، بىز نىشانلىغان ئۇنىبېشلارغا ئانكىتنى توشتۇرۇپ بەرسەممۇ، ئۇلار قول قويۇشنى كېيىنكە سۈرۈۋاتىدۇ. نەچچە كۈندىن بېرى ئۇلارنى تاپالمىدىم. يەنە ئون ئانكىتقا تېخى ئادەم يوق.

— خوش، ئۇنداق بولسا، ئەتە ئەتىگەنگىچە مۇشۇ كەم تۆت ئادەمنى قەتئىي تولدۇرۇش كېرەك! ئەتە مۇشۇ ئىشلارنى تەكشۈرگىلى داڭبۇدىن ئادەم كەلمەكچى. ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، تېخى بايراقنىمۇ

چىقىرالماپسىلەر، ئادەم ئۇقۇشتۇقمۇ، قېنى ئۇ ئادەم؟
— ئۇقۇشتۇم، دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ قالدى.
— قانداق ئادەم ئىكەن ئۇ؟
— ئون ئۈچ ياشلىق بىر كىچىك بالا.
— كىچىك بالا؟ كىچىك بالا يىگىرمە غۇلاچلىق مومىغا قانداق چىقالايدۇ؟

— چوڭ ئادەم ئەسلا چىقالمايدۇ، موما ياغاچ ئىنچىكە، چىققاندىمۇ، يېرىمىغا چىقىپ بولغۇچە سۇنۇپ كېتىدۇ، — تەرتىپ مۇدىرى دۇدۇقلىدى — نا.. ناۋا... دا چىقالمىسا، مومىنى، ئۆ... ئۆ... رۈپ قايتا تىكلەشكە توغرا كېلىدۇ.

— قاپاقباش! — مۇدىر پاقىدە شىرەگە مۇشتلىدى-دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ بىگىز قولىنى تەرتىپ مۇدىرىنىڭ بۇرنىغا تەڭلىدى، — ئەتە داڭبۇدىن تەكشۈرگىلى ئادەم كېلىدۇ دەۋاتسام، يەنە مومىنى ئۆرۈپ قايتا تىكلەيلى دەۋاتىسەن، نېمىدېگەن دۆتلۈك بۇ! ھەرقايسىڭدەك سۆرەلمىلەر بىلەن مومىنىڭ سۇپىسىنى چۇۋۇپ مومىنى قايتا تىكلەپ بولغۇچە بىر ھەپتە ئۆتمەمدۇ؟! تېخى كۆمۈلگەن بېشى سىبسىپ كەتكەن بولسىچۇ؟! غەرىزىڭ ئالـــــبۇرۇنلا ماڭا مەلۇم، مېنىڭ ئىشىمغا توپا سالماقچى، ئىناۋىتىمنى تۆكمەكچى!

تەرتىپ مۇدىرى تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن چىققان تەر كـــۆزلـــىرىــگە چـــىـپـىلداپ ئېقىپ كىرىپ ئېچىشتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، سۈرتۈۋېتىشكە جۈرئەت قىلالماي كۆزىنى چىملىدىتاتتى.

— كەچۈرسىلە شياۋجاڭ، مەن خاتا سۆزلەپ سالدىم.

— ھىم! خاتا سۆزلەپ سالغانمىش! سېنىڭ كاللاڭدا شۇنداق ئوي بار! قالغان گەپنى كېيىن سۆزلىشەيلى! مومىغا قانداق بولمىسۇن بىرسىنى چىقىرىش كېرەك! زۆرۈر تېپىلغاندا بىرەر ئادەمنىڭ خۇنىدىن كەچسەكمۇ مەيلى! ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم.

— ئۇ بالا مومىغا چىقالامدىكەن؟

— چىقالايدىغاندەك قىلىدۇ. ئۆزىمۇ "قەتئىي چىقالايمەن" دەپ ھۆددە قىلدى. لېكىن، ئۇ ھارامزادە بىزگە بىر شەرت قويۇۋاتىدۇ، يالغاندىن ماقۇل بولۇپ گوللاپ ئېلىپ كەلدىم.

— شەرت؟! قانداق شەرتكەن ئۇ؟

— دادىسىنى قاماقتىن قويۇپ بېرىشنى شەرت قىلىپ قويدى.

دادىسى كىمكەن؟ نېمىشقا قاملىپتىكەن؟ — سەگەكلىشىپ سورىدى مۇدىر.

— سوپاخۇن باينىڭ ئۆيىدە نىمكار بولۇپ ئىشلەيدىغان بەش تۆگمەنلىك كۆنچى ئىكەن. بۇ يەرگە كەلگىلى بىر يىل بولۇپتىكەن. "بىر چەملىك كالا تېرىسىنى ئوغرىلىۋالدى" دەپ چۆيگۈچەكسو [1] غا قاماپ قويغىلى بىر ئاي بولۇپتۇ. شاڭجاڭ [2] بەش تۆگمەندىن تاڭ-تىڭلاپ يىقىندا مەلۇمات ئاپتۇ. ئەسلىدە ئىلىلىق ئوغرىلارغا قوشۇلۇپ، ھۆكۈمەتكە قارشى ئۇرۇش قىلغان قىزىل پاچاق ئىكەن. بىتىمدىن [3] كېيىن قېچىپ يۈرۈپتىكەن. ئۇنى ئەتە ناھىيىدىكى يامۇلغا كىرگۈزۈپ بېرىدىكەن.

— مۇنداق دەڭ تېخى. تۆت كۈنلۈك يەردىن قېچىپ كېلىپ بۇرنىمىزنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنۇۋالغىنىنى، بىشىمىزغا چاڭگا تىزسىمۇ ئۇقماپتۇق. ھە، ئېيتىڭچۇ، ئۇنىڭ بالىسىغا نېمىدەپ ۋەدە بەردىڭىز؟

— داداڭنى بوشىتىپ بېرىمىز، دەپ.

— ئوبدان دەپسىز، ئىشنى كېچىكتۈرمەي تېزراق ھەرىكەت قىلىڭ! مەن بىر رايوننىڭ پىرقە شۇجىسى، سىز بولسىڭىز بىر ھەيئەت، ھەر ئىككىمىز

---

[1] چۆيگۈچەكسو — رايونلۇق مەھكىمە.

[2] شاڭجاڭ — يېزا باشلىقى.

[3] بىتىم — 1946-يىلى گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان تىنچلىق بىتىمى.

”چاقىرسا ئېتى بار، تۇتسا سېپى بار“ ئادەملەر، قېرىشقاندەك بىز تۇرغان مەكتەپتىكى پىرقە بايرىقى چىقىرىلماي مومىنىڭ يېرىمىدا ئەسكى پالازدەك ساڭگىلاپ تۇرسا، بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ تۇرغىلى بولىدۇ؟! بۇ بايراق پىرقىمىزنىڭ جېنى، بۇنىڭسىز پىرقىمىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ! يەنە شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، بۇ بايراق چىقىرىلماي مۇشۇنداق سالپىيىپ تۇرۇۋەرسە، كاللىمىزغا سەگەك بولساق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بايراقنى جېنىمىزنى تىكىپ قوغدىشىمىز كېرەك. مەن ئۇلۇغ گومىنداڭ پىرقىمىزنى قىزىل پاچاقلاردىن قوغدايمەن دەپ تېخى تۈنۈگۈنكى يىغىندا يەنە بىر قېتىم قەسەمياد قىلدىم.

مۇدىر ئالدىرىماي، خۇددى قەدىمىنى ساناۋاتقاندەك، چوڭ قەدەم بىلەن ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا بىرنەچچە قېتىم مېڭىپ، تەرتىپ مۇدىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، تاققىدە توختىدى-دە، ئىشخانىدا ئۇلاردىن باشقا ھېچ كىشى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئۇ بالىنىڭ شەرتىگە ماقۇل بولغىنىڭىز ئوبدان بولۇپتۇ. مۇنداق ئـادەمـنـى يامۇلغا كىرگۈزۈپ بەرسەكمۇ بولىدۇ، بۈگۈنكى مۇشۇ بايراق چىقىرىش يولىدا نەزىر قىلىنۇەتسەكمۇ بولىدۇ... ئاي-ھاي...! بۇ پىرقىمىز ئۈچۈن نېمىدېگەن ئالىي ساداقەت... تىلىمىز تېخىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ، — ئـۇ نـۇسـرەتـنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، نېمىلەرنىدۇ پىچىرلاپ، ئۆز پىلانىنى ئوقتۇردى.

— خوش، سىز چىقىپ ئۇ بالىنى كىرگۈزۈۋېتىڭ، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەھۋالنى شاڭجاڭغا مەلۇم قىلىپ قويۇڭ.

ماتادىن تىكىلگەن كۆكلەك-تامباللىرى يىرتىلىپ، ئالا-يېشىل ياماقلار چـۈشكەن، ئاق دوپپىسى ئۆڭۈپ قىزغۇچ توپا رەڭگىدە بولۇپ قالغان، كۆزلىرى چوڭقۇر، ئورۇق، ئېگىزغىنا بالا بوسۇغىدا كۆرۈندى. مۇدىر لىككىدە ئورنىدىن تۇردى.

— ھە، كېلىڭ، كېلىڭ يىگىت، ئولتۇرۇڭ.

بالا ئولتۇرمىدى، مۇدىرغا تىكىلىپ قاراپ، ئىشكىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ تۇرۇۋەردى، مۇدىر ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، قولىدىن بوشقىنا تارتىپ، ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى، يۇزىگە يالغاندىن كۈلگە يۇگۇرتۇپ، بالىغا بىر ئاق ناننى تۇتقۇزدى. ”يەڭ ئوغلۇم“ دېدى ئۇ تۇمشۇقىدا ئىملاپ ناننى كۆرسىتىپ، بالا ناننى چوڭ-چوڭ چىشلەپ يەۋاتقاندا، مۇدىر ئۇنىڭ پۇتىغا كۆز تاشلىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭ دۈمبىلىرى يېرىلىپ، ئاقۋالداقتەك ئېتىلىپ كەتكەنىدى. مۇدىر كۆيۈنگەن قىياپەتتە ئۇنىڭ پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ تـاپانلىرىغا قارىدى، تىكەن، شوخا كىرىپ، شور پېتىپ قېتىپ كەتكەن تاپانلىرى بەئەينى تۇكچە سالغاندەك تۆشۈك ئىدى. قىرىۋالغۇدەك گۆشى يوق قوللىرى بولسا، تارىشىدەك قاتتىق ئىدى. مۇدىر ئۆز ئىچىدە ”مومىغا چىقالايدۇ“ دەپ ھۆكۈم قىلدى. گويا ئۆزىنى بالىغا ئېچىنغاندەك قىلىپ كۆرسىتىپ باش لىڭشىتىپ:

— ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— مۆمىن.

— داداڭنىڭ ئېتىچۇ؟

— مۇسا.

— ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلىسەن؟ خەت بىلەمسەن؟

— سوپاخۇن باينىڭ ئۇي-كالىلىرىنى باقىمەن. خەت بىلمەيمەن.

— نەچچە كالا باقىسەن؟

— يىگىرمە.

— يــىگــىــرمە؟ ھەي... كىچىككىنە بالىغمۇ شۇنچە جىق كالا باقتۇرامدۇ؟ تۇزۇكرەك كىيىم-كېچەكمۇ بەرمەپتۇ. ھەي بىچارە، پۇتلىرىڭ يــېرىلىپ ئاختامىلىقنىڭ چالمىسىدەك بولۇپ كېتىپتۇ. ساڭا بەك ئۇۋال بولۇپتۇ. بۇنداق ئىنساپسىزلارنىڭ جاجىسىنى بېرىش كېرەك!

ئۇ كارىۋاتنىڭ تېگىدىن نىمكەش بولغان تاسمىلىق بىر جۇپ كەشنى ئېلىپ بالىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى:

— مه مۇنۇ كەش پۇتۇڭغا چوڭ كەلسمۇ، كىيىۋالغىن.
بالا كەشكە كۆزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپلا قويدى-دە، سالماقلىق بىلەن سورىدى:

— بايراقنى چىقىرىپ بەرسەم، دادامنى قويۇپ بېرەمسىلە؟

— قويۇپ بېرىمىز، خۇش بولامسەن؟ ئاتا-بالا ئىككىڭلار يەنە بىللە بولىسىلە.

— راستما؟

— راست بولمايچۇ، ئاللا ئالدىدا قەسەم قىلىپ بېرىمەن، — مۇدىرنىڭ مەككار كۆزلىرى بالىغا تىكىلدى.

— ئۇنداق بولسا، تىلخەت بەرسىلە.

— مۇنداق دېگىن. تىلخەت يېزىپ بېرىش تەسمىدى، مانا قاراپ تۇر. مۇدىر قولىغا قەغەز-قەلەم ئالدى، شىتىرلىتىپ خەت يېزىشقا باشلىدى:

"تىلخەت

مەنكى چاقا ئۆستەڭ مەھەللىسىدىكى سوپاخۇن باينىڭ ئىمكىرى موسا كۆنچىنىڭ ئوغلى مۆمىن شۇ توغرىسىدا ھۆججەت بېرىمەنكى، مەكتەپتىكى پىرقە بايرىقىنىڭ تانىسىنى غالتەككە ئېلىش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن جىنىمنى پىدا قىلىپ كەلدىم. پىرقىمىزنىڭ بايرىقىنى چىقىرىش يولىدا كۆتۈلمىگەن بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىسام پىرقە ئۈچۈن شېھىت بولغايمەن. بۇنىڭغا ھېچ كىشىنىڭ دەۋا قىلىشقا ھەققى يوقتۇر.

دەپ تىلخەت بەرگۈچى:
مۆمىن مۇسا.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

شاھتلار:
مەكتەپ مۇدىرى ئوسمان ئەسھەدۇللا.
تەرتىپ مۇدىرى نۇسرەت ئەخمىدى.
مىنگونىڭ 37-يىلى 9-ئاي.“

مۇدىر تىلخەتنى مۆمىنگە ئۇزاتتى. بالا بېشىنى چايقىدى:
— مەن خەت بىلمەيمەن، ئوقۇپ بەرسلە.
— خوپ مەن ئوقۇپ بېرەي، — مۇدىر سەل ئويلانغاندىن كېيىن يۇقىرىقى خەتنى مۇنداق ”ئوقۇش“قا باشلىدى:

”تىلخەت

مەنكى مەكتەپ مۇدىرى ئوسمان ئەسھەدۇللا، شۇ توغرىسىدا ھۆججەت بېرىمەنكى، سوپاخۇن باينىڭ يىللىقچىسى مۆمىن دېگەن بالا مەكتەپ بايرىقىنىڭ تانىسىنى غالتەككە ئىلىپ بېرىدىغان بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھكار دادىسى موسانى قاماقتىن بوشىتىپ بېرىدىغان بولدۇق.

دەپ تىلخەت بەرگۈچى:
ئوسمان ئەسھەدۇللا.“

— قانداق، بولۇپتىمۇ؟
ساددا مەسۇمنىڭ چىرايىغا شادلىق كۈلكىسى يامرىدى.
— بولۇپتۇ، — دېدى ئۇ خۇشاللىقىنى باسالماي.
— بولغان بولسا، ئىككىمىز تەڭ قول قويايلى.

www.uyghurkitap.com

مۇدىر سۇرۇخنى بالىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى ۋە ئۇنىڭ بارمىقىنى تۇتۇپ ئىسمىنىڭ ئۈستىگە باستۇردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىسمىغا تۇجاڭزىسىنى باستى. بالا خەتنى قولىغا ئالدى. ئۇ بۇنداق ئەگرى-بۈگرى خەتلەرنى تونىمىسىمۇ، خەتكە سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىمىر-چىمىر بولۇپ، بۇ ”ئىلمەك-توقماق“ سىزىقلار ئارىسىدىن دادىسى قوچقىنى كەڭ ئېچىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىۋاتقاندەك كۆرۈندى-دە، كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. ئۇ شاققىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، خۇشال ھالدا موما سۈپىسىغا كەلدى-دە، پەلەمپەيلەردىن سەكرەپ-سەكرەپ، سۈپىنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە مۇدىرغا قاراپ دېدى:

— قېنى ئەمسە، دادامنى كەلتۈرۈپ بەرسىلە.

— بولىدۇ، خاتىرجەم بولغىن. بايراقنى قانچە تېز چىقارساڭ، داداڭ بىلەن شۇنچە تېز كۆرۈشىسەن. داداڭنى ھازىرلا ئالدىڭغا ئۇندۇرىمەن، — مۇدىر يېنىدا چىلىم تەڭلەپ تۇرغان خىزمەتچىگە ئۇنلۇك بۇيرۇدى، — تەرتىپ مۇدىرىغا ئېيتقىن، دادىسىنى تېزدىن مۇشۇ يەرگە كەلتۈرسۇن! يەنە ئېيتىپ قوي، مەن ئېيتقان كۆرسەتمىگە دىققەت قىلسۇن! خىزمەتچى يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بالا خاتىرجەم بولدى-دە، مومىغا قارىدى. كۆك سىرلانغان يىگىرمە غۇلاچ كېلىدىغان بۇ موما ئىككى ئۇلاقلىق بولۇپ، ھەربىر ئۇلىقى ئۈچتىن چەمبەر بىلەن مەھكەملەنگەنىدى. ئۇ، مومىغا بىردەم كۆز تىكىپ تۇردى-دە، شىپپىدە ئولتۇرۇپ قوللىرىنى سۈپىنىڭ پىشىشىق خىشلىرىغا سۈركىدى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇدىردىن يەنە سورىدى:

— دادام ھازىرغىچە نېمىشقا كەلمەيدۇ؟

— سەن چىقىۋەر، داداڭ ھازىرلا كېلىدۇ.

موما مۆمىنىڭ قوچقىغا پاتمىدى، لېكىن ئۇمۇ بوش كەلمىدى، ئۇ مومىنى پۇتلىرى بىلەن يۆگەپ چىماق سېلىپ، قوللىرى بىلەن قۇچاقلاپ تۇتۇپ، مومىنى چۆرگىلەپ يۈرۈپ يالمانتاقتەك يامىشىشقا باشلىدى. ھايت-ھۇيت دېگۈچە، يەتتە غۇلاچلىق تۆۋەنكى ئۇلاقنىڭ چەمبىرىگە

چىقتۇالدى. مۇدىر تۆۋەندە تۇرۇپ ۋارقىرىدى:
— يىگىت، غەيرەت قىل، ئاز قالدى!
مۆمىن بىر ئىلىك قىلىنلىقتىكى چەمبەرگە دەسسەپ بىر پەس دېمىنى ئېلىۋالدى-دە، يەنە يۇقىرىغا يامىشىشقا باشلىدى. ئىككىنچى ئۆلاققا يەنە ئىــككى غۇلاچلا قالغانىدى، تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى سىرقىراپ كەتتى، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ تىنالماي قالدى. ئاران دېگەندە ئىككىنچى ئۆلاقنىڭ تۆۋەنكى چەمبىرىگە چىقىۋالدى-دە، مومىغا مەھكەم چاپلاشتى. ئــۇ ســەل دېــمــىنى ئېلىۋېلىپ تۆۋەنگە قارىدى. دادىسى كۆرۈنمەيتتى.
ئاغزىلىرىنى كاككۇكتەك ئېچىشىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرۇشقان كىشىلەرنىڭ ئــىــچــىــدە مــۇدىــرنىڭ پۇرقىرىتىپ چىلىم چېكىۋاتقانلىقىنى كۆردى-دە، ۋارقىرىدى:
— شىياۋجاڭ، دادام تېخىچە كەلمەپتىغۇ؟
— كېلىدىغان ۋاقتى بولدى، غەيرەت قىل يىگىت! دادىسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتمىغان ئوغۇلنى ئوغۇل دەپ نېمە قىلىدۇ؟! ئۈچىغا چىقساڭلا، داداڭنىڭ قۇتۇلغىنى شۇ...
”مومىنىڭ ئۈچىغا چىقسام، دادامنى قۇتۇلدۇرالايمەن“ بۇ خىيال ئۇنىڭغا يېڭى كۈچ بېغىشلىغاندەك بولدى.
ئۇ يەنە مومىغا يامىشىشقا باشلىدى. يۇقىرىلىغانسېرى موما ئىنچىكىلەپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا بىمالال پاتقۇدەك بولدى، لېكىن ئىغاڭلىشى كۈچىيىپ تېخىمۇ سىلىقلاشتى. شۇنچە كۈچىسىمۇ چىماقلىرى تۇتماي، بىرنەچچە قېتىم تــۆۋەنگە سىيرىلىپ كېتىشكە قىل قالدى. ئۇ ھاسىراپ، دېمى تۇتۇلۇپ تىنالماي قالغاندا، مومىنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئېڭىكىنى مومىغا چىڭ تاقاپ، بــويــنــى بــىــلــەن قىسىپ تۇرۇپ، سەل توختايتتى-دە، ئازراق دېمىنى ئېلىۋالاتتى. مۇشۇ مومىدەك ئېگىز بولغان قاپاق تېرەكلەرگە چىقىپ، قاغا چاڭگىلىرىنى چۇۋۇشلىرى، ئانىلىرى قاناتلىرى بىلەن شاپىللاپ تۇرسىمۇ، قــورقــماي كۆكنەك بالىلىرىنى ئېلىپ چۈشۈشلىرى... غىل-پاللا قىلىپ

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتتى. تېرەكلەرگە چىقىش، بۇ مومىغا چىقىشقا ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. بۇ موما ئېگىز ۋە بەك سىلىق...

ئۇ، تەر كىرىپ، ئېچىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى مومىغا سۈركىدى. ”مەيلى قانداقلا بولمىسۇن چىقىش كېرەك. مومىغا چىقسامىلا دادامنىڭ قۇتۇلغىنى شۇ. دادا!... دادا...!“ ئۇ ھەر قېتىم ”دادا!“ دېگەندە دادىسى ئۇنى يۆلەپ يۇقىرىغا ئىتتىرىۋاتقاندەك بىلىنەتتى-دە، كۆچكە كېلىپ قالغاندەك يەنە بىر قېتىم يۇقىرىغا ئۆرلەيتتى. ئۇ يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى موما خۇددى قارا بوران سوققان زىلزىلىۋا سۇۋادان تېرەكتەك ئىغاڭلايتتى. تۆۋەندىن مۇدىرنىڭ ”غەيرەت قىل! تېز بول! ئاز قالدى! داداڭنى قۇتقۇز!“ دەپ ۋارقىراشلىرىنى، جامائەتنىڭ ”ئۆزۈڭگە پەخەس بول! سىلكىنمە! يىنىپ چۈش!“ دېگەن چۇقانلىرى بېسىپ چۈشتى. مۆمىن يەنە ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ يۇقىرىغا ئۆرلىدى. ئەنە! يەنە ئۈچ غۇلاچ... ئىككى غۇلاچ... بىر غۇلاچ... موما ئىغاڭلايتتى... سۇنۇپ كەتسە... ئۇنىڭ ئىشى تۈگەيدۇ...

مانا... ئۇنىڭ قولى موما تۆشۈكىدىن ئىككى تەرەپكە بىر غېرىچ چىقىپ تۇرغان غالتەكنىڭ ئوقىغا تەگدى-دە، ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇ، ئوڭ قولتۇقىغا ئوق بىلەن مومىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ، ئوقنىڭ ئىككىنچى ئۇچىنى چىڭ تۇتتى، سول قولى بىلەن تانىنى تارتىپ، پۇتىغا ئۆزەڭگە قىلىپ دەسسەپ سەل دېمىنى ئالدى. ئۇ غالتەككە قارىدى، تانا غالتەكنىڭ ئېرىقچىسىدىن چىقىپ كېتىپ، ئوققا يۆگىشىپ قالغانىكەن. بىر قولى بىلەن تانىنى سىلكىپ تارتىپ، غالتەكنى ئارقىسىغا ياندۇردى. موما ھەدەپ لەپەڭشىپ ئۇنىڭ بېشى قېيىپ تۇرسىمۇ، تانىنى غالتەكنىڭ ئېرىقچىسىغا سالدى. شۇنداقلا ئۇ ئەتراپىغا قارىدى: ”ۋاي-ۋۇي، نېمىدېگەن ئېگىز! جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. ئەنە، كۆنىپېتىش تەرەپتىكى قارىيىپ كۆرۈنگەن تاغ بىزنىڭ بەش تۈگمەنگە پەقەت بىر كۆنلۈكلا كېلىدۇ. جاھان ئەجەبمۇ چوڭ ئىكەن. شۇنچە چوڭ جاھان بىزگە نېمانچە تار؟

ھەي! كۈن ئالماقنىڭ تەسلىكى! بىر چارەك قوناقنى بىرىشنى تەس كۆرۈپ دادامنى ئوغرى تۇتۇپ، سولتىپ قويدى تېخى! ياق! بىردەممۇ ھاڭۋېقىپ تۇرماسلىق كېرەك، دادامنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك!» ئۇ تۆۋەنگە قاراپ توۋلىدى:

— شىۋاجاڭ بايراقنى چىقارسىلا!

مۇدىر تانىنىڭ بىر قېتىنى تارتتى. بايراق كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى-دە، تانىنى سىيرىپ تارتىشقا باشلىدى. بايراق مومىنىڭ ئۇچىغا چىقتى-دە، بايراقنىڭ كالتىكى تاقىدە غالتەككە تاقاشتى. مۇدىر خۇشاللىقىدىن توۋلىۋەتتى:

— بىزنىڭ بايراق يەنە مومىنىڭ ئۇچىغا چىقىپ لەپىلدىدى! بىزنىڭ بايراق ئاسماندا پەرۋاز قىلدى! يىگىت، سەل تەخىر قىلغىن! يەنە بىر قېتىم سىناپ باقاي!

دەل شۇ چاغدا، ئۈچ ئادەم پۇتىغا كىشەن سېلىنغان، يۈز-كۆزلىرى سارغىيىپ كەتكەن، ئورۇق، ۋىجىككىنە، كەكە ساقال بىر بوۋاينى ئالدىغا سېلىپ مەيدانغا ئېلىپ كەلدى. بوۋاي توپلىنىپ تۇرغان جامائەتكە ئېگىشىپ سالام قىلدى-دە، يوغان كۆزلىرىنى نەشتەردەك تىكىپ مۇدىرغا قادالدى. مۇدىر بىر قەدەم ئارقىغا داجىدى. كىشىلەر مومىنىڭ ئۇچىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشاتتى. بوۋايمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مومىنىڭ ئۇچىدا تۇرغان ئوغلىنى كۆردى-دە، چۆچۈپ كېتىپ ۋارقىرىدى:

— مۆمىنجان، نېمىشقا مومىغا چىقىۋالدىڭ؟

مۆمىن دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ پەسكە قارىدى، ئۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقتا جاۋاب بەردى:

— دادا! سېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بايراقنى چىقىرىپ بەردىم.

بوۋاي ئەھۋالنى ناھايىتى تېزلا چۈشەندى. ئۇ بالىسىنىڭ مومىدىن سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى-دە، قاتتىق ۋارقىرىدى:

— توختا! چۈشمە!

مۆمىن بۇ چاغدا سىيرىلىپ ئۈستۈنكى ئۇلاققا چۈشۈپ بولغانىدى. ئۇ چۆچۈپ چەمبەرگە دەسسىۋالدى-دە، مومىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ، دادىسىغا قارىدى، بوۋاي يەنە ۋارقىرىدى:

— ئوغلۇم! ئاناڭنى ئۆلتۈرۈشكەندە، سەن كۆرگەن ئىكەنسەن، ئۇنى نېمىدەپ ئۆلتۈرگەن؟!

— قىزىل پاچاق ئېرىڭنى تېپىپ بەر، دەپ.

— قانداق ئۆلتۈرگەن.

— ئوت توغرايدىغان جادۇغا بېسىپ، توغراپ ئۆلتۈرگەن.

— ئاناڭنى ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ شەپكىسىدە قانداق بەلگە بار ئىدى؟

بالا بېشى بىلەن مومىدىكى بايراقنى كۆرسىتىپ جاۋاب بەردى:

— ئاشۇ بايراقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكىگە ئوخشايتتى.

— بەش تۆگمەندە ئون توققۇز ئادەمنى تۆمۈر مىخ بىلەن ئۈجمىگە مىخلاپ ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ قانداق بەلگىسى بار ئىدى؟

— مۇشۇنىڭغا ئوخشايتتى.

— بىتىمدىن كېيىن، يىنىپ كەلگەن قىرىق ئادەمنى تىرىكلا خۇمدانغا سالغانلارنىڭچۇ؟

— ئۇلارنىڭمۇ خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشايتتى.

— ئوغلۇم، ئاڭلا! سەن چىقارغان ئاشۇ بايراقنى يوقىتىمىز دەپ نەچچە مىڭلىغان ئادەملەر قۇربان بولدى. بىز يوقىتىمىز دەپ كۈرەش قىلغان بايراقنى سەن چىقىرىپسەن، قۇربان بولغان شېھىتلەرنىڭ روھىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىسەن؟! داداڭنىڭ يۈزىگە قانداق قارايسەن؟!

بالا شۈككىدە بولۇپ قالدى. مۇدىر بوۋاينىڭ ئاغزىغا كۈچەپ مۇشت بىلەن ئۇردى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئوقتەك قان كېلىپ، سارغىيىپ كەتكەن كۆڭلىكىنىڭ ئالدى پېشىنى قىپقىزىل بويىۋەتتى. بالا بىردىنلا ناھايىتى تېزلىك بىلەن يۇقىرىغا ياماشتى-دە، مومىنىڭ ئۇچىغا يەنە چىقىپ بولدى. مۇدىر ۋارقىرىدى:

— يېنىپ چۈش، يېنىپ چۈش! داداڭنى ئېلىپ كەت! لېكىن، بالا مومىدىن چۈشمىدى...

— ئۇنىڭ پەسكە قاراپ توۋلىغىنى ئاڭلاندى:

— دادا! مېنى بېقىپ چوڭ قىلغىنىڭغا رازى بول! مەندىن رازى بول...! — ئۇ، مومىنىڭ ئۇچىنى چىڭ قۇچاقلاپ، پۇتلىرىنى مومىغا قاتتىق تاقاپ تۇرۇپ، مومىنى شۇنداق قاتتىق لىڭشىتتىكى، موما ئىغاڭلاپ تۆۋى تەرىپى غىرسلاپ كەتتى. تۆۋەندە قاراپ تۇرغان كىشىلەر ئىچىدە ئاللا-چۇقان كۆتۈرۈلدى.

مۇدىر پوكاندەك ئېسىلىپ، غەزەپ بىلەن تاپانچىسىنى چىقاردى-دە، بالىغا قارىتىپ ئارقا-ئارقىدىن ئوق ئۈزدى، دەل شۇ چاغدا، بىرسى ئۇنىڭغا قــاتــتــىق كاللا قويۇپ، تاپانچىسىنى چۈشۈرۈۋەتتى-دە، ئۇنىڭ بوينىنى چــىــشــلەپ، تارتىپ سىلكىدى، مۇدىرنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، ”ۋايجان“ دەپ چوشقىدەك چىرقىراپ كەتتى. يالاقچىلار موسانى سىلكىشلەپ، مۇدىرنى قۇتقۇزۇۋالدى. مۇدىر ئارانلا كۆزىنى ئېچىپ، موساغا ئالايماقچى بولۇۋىدى، بوۋاي ئۇنىڭ يۈزىگە شالاقىدە تۈكۈردى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر چىشلەم گۆش يەرگە چۈشتى. مۇدىرنىڭ ئۈزۈلگەن بويۇن تومۇرىدىن قاپقارا قان جىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يەردىكى تاپانچىسىنى ئالدى-دە، تۆت ئادەم يەرگە بېسىپ تــۇرغان بــوۋايغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئۈزدى... دەل شۇ چاغدا، قاراس-قۇرۇس قىلىپ، موما سۇندى-دە، مۆمىن مومىنىڭ ئۇچىنى قۇچاقلاپ بــايــراق بىلەن گۈرسۈلدەپ يەرگە چۈشتى. چۈشتىيۇ، بېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ يەنە يەرگە قويدى...

ئــۇنــىــڭ ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ قان ئېقىۋاتاتتى... ئوق زەربىدىن ھالسىزلانغان موسا بوۋاي چىشىنى چىشىغا چىشلەپ، ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، پۇتىدىكى ئېغىر كىشەننى سۆرەپ، ئوغلىنىڭ قېشىغا كەلدى-دە، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى:

www.uyghurkitap.com

ــــ بالام ــــ دېدى ئۇ، هاسراپ خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن، ــــ داداڭ سەندىن مىڭ مەرتىۋە رازى. سەنمۇ مەندىن رازى بولغىن... ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى ئاستا يۇمۇلدى.

ئاتا-بالىدىن ئاققان قان بىر پارچە كىگىزنىڭ ئورنىدەك يەرنى قىپقىزىل بويىۋەتتى. بۇ قانلار ئەمدى ئۇلتۇراي دەپ قالغان كۈننىڭ نۇرىدا قىپقىزىل بولۇپ تاۋلىناتتى. مۇدىر ئۆز كارامىتىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرمەكچى بولۇپ بويىنىنى سوزغانىدى. ئۇمۇ يىقىلدى. ئۇنىڭ قانسىرىغان يۈزى مۇردىدەك ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

ــــ كۆتۈرۈڭلار! تېز بولۇڭلار! ، ــــ دەپ ۋارقىرىدى تەرتىپ مۇدىرى نۇسرەت، ــــ يۈسۈپ خاتىپنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ داۋالىتايلى!

جامائەت ئارىسىدا قاراپ تۇرغان بىر مويىسىپىت بوۋاي هاسىسى بىلەن مۇدىرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى:

ــــ هېلىقى يۈسۈپ خاتىپكەن، پەيغەمبىرىمىزگىمۇ مۇدىرغا جان كىرگۈزۈشكە ئىجازەت بېرىلمىگەن.

تەرتىپ مۇدىرى چۆچۈپ مۇدىرنىڭ يۈرىكىنى تىڭشىدى. لېكىن ئۇ ئاللىقاچان جەهەننەمگە سەپەر قىلغانىدى.

بەش تۈگمەن يېزىسىنىڭ جامائەتلىرى موسا بىلەن مۆمىننىڭ جەسەتلىرىنى مەهەللىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى زاراتگاهلىققا دەپنە قىلىشتى. چوكقۇر قايغۇ ئىچىدە دۇئا-تەكبىر قىلىشىپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشۈپ، ئاستا-ئاستا تارقاشتى. لېكىن، ئاق تۇماقلىق بىر ياش يىگىت تۇپراق بېشىدا هۆڭ-هۆڭ يىغلاپ، خېلى ئۇزۇنغىچە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋەردى. مەهەللىنىڭ توخۇلىرى ئىككىنچى قېتىم چىللاشقا باشلىغاندىلا ئۇ ئاندىن ئورنىدىن تۇردى. قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاللاغانلىرىنى كەڭ ئېچىپ دۇئا قىلدى:

ــــ قەدىرلىك موسا ئاكا، مۆمىنجان، ياتقان يېرىڭلار جەننەتتە بولسۇن، مەن يەنە بىز تۇرغان تاغقا كەتتىم، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار،

بىز چوقۇم سىلەر ئۈچۈن قىساس ئالىمىز!

يىگىت ماڭماقچى بولۇپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى-دە، چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا تونۇش بولمىغان ئون نەچچە ئادەم تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قايغۇلۇق يۈزلىرى ۋە سىماپتەك كۆز ياشلىرىنى كۆرگەن ھېلىقى يىگىت خاتىرجەم ھالدا، مەردانە قەدەم تاشلاپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ تېخى يەتتە-سەككىز قەدەممۇ ماڭمىغانىدى، قاراپ تۇرغانلاردىن بىرسى:

— ئۇكام توختاڭ، — دېدى مۇلايىم ئاۋازدا. يىگىت توختىدى.

— سىز تاغلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ ھېلىقى كىشى.

— ياق، مەن تاغلىق ئەمەس، تاغ لاچىنلىرىنىڭ توپىدىنمەن.

— موساكام يۈرگەن شۇ تاغدىكى لاچىنلارنىڭ توپىغا بىزنىمۇ باشلاپ بارسىڭىز.

يىگىت ئۇلارغا بىر قۇر قاراپ چىقتى. تۈن قاراڭغۇسىدا ئۇلارنىڭ كىملىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمىسىمۇ ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەش قىيىن ئەمەس ئىدى. يىگىتنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك جاراڭلىدى:

— يۈرۈڭلار!

شۇنداق قىلىپ بۇ يىگىت ئۆزىگە تونۇش بولمىغان ئون نەچچە ئەزىمەتنى ئەگەشتۈرۈپ، قوناقلىقنىڭ قىرى بىلەن يۈرۈپ كەتتى. بۇلۇتلار ئارىسىدىن ماراپ تۇرغان ئون تۆت كۈنلۈك ئاي سۈتتەك ئاپئاق نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ، ئۇلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

# قىساس



## چۆلدىكى بوستان

ھىممىتى چەكسىز تەبىئەت غىلاڭ تاشلىق بۇ سايغا ئاندا-ساندا يۇلغۇن، چاكاندا، ئاق تىكەنلا ئاتا قىلغانمىكىن؟ ئۇنداقمۇ ئەمەستەك. شۇنداق قارىساڭ، سايىنىڭ كۈن چىقىش چېكىسىدە بىر يېشىللىق كۆرۈنىدۇ. ئۇپۇق بىلەن سۈيۈشكەن ئۇ يېشىللىق كۆز يەتكۈسىز بۇ كەڭرى سايىنىڭ چېكىسىگە قىسىلغان غۇنچىغا ئوخشايدۇ. بۇ غۇنچە يىراقتىن كۆرۈنگەندەك ئۇنچىۋالا كىچىك ئەمەس. بۇ غۇنچىنىڭ نامى چاقا. ئۇنىڭ باشقا نامى بارمۇ-يوق، بۇ تېخى نامەلۇم.

چاقانى شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان تاشيول يۇقىرىقى ۋە تۆۋەنكى چاقا، دەپ ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن.

يۇقىرىقى چاقانىڭ پەللىمۇ پەللە ئېگىز قىرلىق ئېتىزلىرى قويۇق،

پاخپاق جىگدىلىككە تۇتىشىدۇ. جىگدىلىكنى ئاچچىق تاغ بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن غىلاڭ تاشلىق سايدىن كونا ئۆستەڭ ئايرىپ تۇرىدۇ.

پەللىمۇ پەللە ئۆرلىگەن ئېتىز قىرلىرى تۆۋەندىكى چاقانىڭ ئايغىدىكى تۆمۈرچى مەھەللىسىدىن قارىغاندا، خۇددى چوڭ يولدىن تاققا سىلىنغان پەلەمپەيلەردەك كۆرۈنىدۇ. كونا ئۆستەڭنى بىر زامانلاردا يۇرت چوڭلىرى چاپتۇرغانىكەن. ئۇلار غىلاڭ تاشلىق سايغا سۇ باشلىماقچى بولۇشقان. كەڭلىكى ئون بەش ماڭدام كېلىدىغان ئۆستەڭ پۈتكەندە، نۇرغۇن تەن جېنىدىن جۇدا بولغان. ئەنە ئاۋۇ پوزنەك مەھەللىسىنىڭ كۆن پېتىشتىكى ”قىرتاش“نى بويلاپ، ئۇزۇنسىغا سوزۇلغان قىيالىقنى ئالا قويماي ئىگىلىگەن كىچىك-كىچىك توپا دۆۋىلىرى — گۈل-گىياھسىز قەبرىلەر، كونا ئۆستەڭنىڭ قانلىق تارىخىغا گۇۋاھ!

لېكىن ساي ئېگىز، باشلام پەس بولغاچقا، سۇ ئاقمىغان. كىشىلەر قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئامالالارنى ئىشلەتكەن، ئەمما كارغا يارىمىغان. ئېقىپ كەلگەن كۆك قوم ئاستا-ئاستا تىنىپ ئۆستەڭ تۈزلىنىپ كەتكەن. بۇ ئۆستەڭ كۆن نۇرىدا خۇددى چەكسىز ئۇزۇنلۇقتىكى ئەينەكتەك پارقىراپ سوزۇلۇپ ياتاتتى.

ئوۋچىلار بۇ ئۆستەڭدىن بەكمۇ رازى ئىدى. ئۇلار قۇمغا چۈشكەن ئىزلارغا قاراپلا نېمىنىڭ ئىزى ئىكەنلىكىگە ئېنىق ھۆكۈم قىلالايتتى. ئىز چۈشكەن يۈنىلىش بويىچە قاپقانلىرىنى قۇراتتى-دە، بەخىرامان ئۇخلاپ، ئەتىسى ئەتىگەنلىكى كېلىپ ئولجىلىرىنى ئېلىپ كېتىشەتتى.

”ئازنىلىق چېلىشىش“مۇ مۇشۇ ئۆستەڭدە بولاتتى. ھەر جۈمەدىن كېيىن، بۇ يەردىن كۆتۈرۈلگەن كۆلكە-چاقچاقلار تۆۋەندىكى چاقاغىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۆۋەنكى چاقانىڭ قارا چىلان توپىلىق يەرلىرى بوكىكىدە توغراقلىققا، ئاندىن پايانسىز قىزىل قوم دۆڭلىرىگە تۇتىشاتتى. چاقادا ئىككىلا مەھەللە — پوزنەك مەھەللىسى ۋە تۆمۈرچى مەھەللىسى بار ئىدى.

پوزنەك مەھەللىسى كونا ئۆستەڭنى بويلاپ سوزۇلغان بوك-باراقسان جىگدىلىككە جايلاشقان بولسا، تۆمۈرچى مەھەللىسى قىزىل قۇم باغرىدىكى توغراقلىق ئىچىگە چۆكۈپلا كەتكەنىدى.

چاقالىقلار سودا-سېتىقلىرىنى "ئۆتەك بازىرى"دا قىلىشاتتى. يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئۇگىسىمۇ شۇ يەردە ئىدى.

چاقانى يېقىندىن بېرى ئەنسىزلىك ئىلكىگە ئالدى... تاغ تەرەپتىن كېلىدىغان گۈلدۈرلەشلەردىن چاقالىقلار چۆچۈشتى. بۇ ئاۋاز خۇددى مورىنىڭ كەينىگە تاش-توقماق ئۇرۇلغاندەك ئېنىق ئاڭلىناتتى. ئۇلار ھاڭ-تاڭ بولۇشاتتى، كۆزلىرى، قۇلاقلىرى شۇ تەرەپتە ئىدى.

شۇ كۈنلەردە: "تاغلىقلار ئىلىلىقلارغا قوشۇلۇپتۇ، ئۇلارنىڭ ئادەملىرى، قورال-ياراغلىرى ھەددى-ھېسابسىزمىش، ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاچچىق تاغ ئاشۇنداق قاپقارا كۆرۈنىدىكەن. كەمبەغەللەر ھۆكۈمىتى قۇرۇلىدىكەن" دېگەندەك گەپ-سۆزلەر چاقالىقلار ئارىسىغا پۇر كەتتى. بايلار ئەمدى ماللىرىنى تاغقا چىقارمايدىغان بولدى. شەھەردىن چېرىكلەر چىقىشتى. ئۇلار ئۈگىسنى قوچۇۋەتكەن ھەرىلەردەك قۇترىشىپلا كېتىشتى. يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئۈنىمۇ پۈتۈپلا كەتتى. لېكىن ئۇلار "ساۋابلىق ئۈچۈن!"، "ئىلىلىق ئوغرىلاردىن ئاگاھ بولۇڭلار!"، "ئىمانىڭلارنى پاك ساقلاڭلار، سەگەك بولۇڭلار!" دېگەندەك ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ھەرگىزمۇ ئايىمايتتى. "لالىملار"پەيدا بولدى. ھەممە ياقتا تەڭ تىمىسقىلايتتى."كۆزۈڭ ئوچۇق تۇرىدىغۇ؟" دېگەندەك ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە گۈلىيىپ قارايتتى.

"تاك-تاكچىلار"مۇ ئەدەپ كەتتى. ئۇلار يېرىم كېچىلەردە ئىشىكلەرنى زەرب بىلەن ئۇراتتى. "سەگەك!" دېگەن جاۋاب ئاڭلانمىسا ئىشىكلەرنى سۇندۇراتتى. ئۆيلەرنى ئاختۇراتتى. تۇزغا بارىدىغان ساي يوللىرىمۇ ئېتىلدى. ئۆتەك بازىرى يولىغىمۇ توساقلار قويۇلدى، بازارچىلار ھەر تۈن يېتىمى

ئاربلىقتا بىر نۆۋەت تەكشۈرۈلىدىغان بولدى. باۋجاڭنىڭ ئىجازىتى بولمىسا سودىلىقمۇ شامالغا ئۇچاتتى. ئىجازەتكە ئەدناسى، توخۇ چاغلىق بىر نېمە بولمىسا ئېرىشكىلىمۇ بولمايتتى.

لېكىن چاقالىقلار پەرۋا قىلمىدى. چاقانىڭ خۇش چاقچاق ياشلىرى كونا ئۆستەڭدىكى "ئازنىلىق چېلىشىش" مەيدانىنى خۇداغا ئامانەت قويۇپ، ئۆزلىرىلا بىلىدىغان يوللار بىلەن ئاچچىق تاغقا كېتىشتى. مەھەللىدە قالغان قېرى-چۆرىلەر مازار-ماشايىخلاردىن، ئۇرۇق-ئەجدادلىرىنىڭ روھىدىن ئوغلانلىرىغا مەدەت تىلەپ، مەسچىتلەردە، جايىنامازلاردا دۇرۇت ئوقۇشۇپ تاڭنى ئاتقۇزىدىغان بولۇشتى.

## ئىككى ئات

مۇشۇ كۈنلەردە، پوزنەك مەھەللىسىدە بەكمۇ ئالدىراشچىلىق بولۇپ قالدى. ھېكىماخۇن دەسلىپىدىلا ئاچچىق تاغقا ماڭماقچى ئىدى. تەگتۇشلىرى بىلەنمۇ شۇنداق كېلىشكەنىدى. لېكىن ئۇنى شۇنداقلا يولغا سېلىپ قويۇشقا ئانىسىنىڭ كۆڭلى قويمىدى. ئۇ: "قورسىقى ئېچىپ قالارمۇ؟ توڭلاپ قالامسۇ" دېگەندەك ئەندىشىلەردە بولدى. ھېكىماخۇنمۇ ئۇن يەتتە ياشلىق ئىنىسى ھېلىماخۇنغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيتتى. ئۇ: "كىچىك، نادان، ئۆينىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ئانام قىينىلىپ قالسا..." دەپ ئويلاپ تازا خاتىرجەم بولالمىدى. بىر ھەپتە ئۆتتى، ھەممە تەل بولدى — قورۇلغان تالقان خالتىغا لىق قاچىلاندى. ئۆتۈك چەملەندى. جۇۋىمۇ تىكتۈرۈلدى. جىگدە يېرىندىلىرى قورۇق ئېغىلنىڭ يېرىمغىچە دۆۋىلەندى. ئۇن تاغىرى قازناققا تىكلەندى. ئەمدى ئانا-بالىنىڭ كۆڭلى تىندى. ھېكىماخۇن بۈگۈن كېچە تاڭ-تاكچىلار كېتىشى بىلەنلا يولغا چىقماقچى بولدى. ئۇ، ئىنىسىغا ئانىسىنى قاقشاتماسلىقنى قاتتىق تاپىلىدى.

www.uyghurkitap.com

ئانىسىمۇ ئوغلىغا جېكىلەيدىغانلىرىنى جېكىلەپ بولدى. ئۇلار تاك-تاكچىلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنىلا كۈتەتتى، دەل شۇ چاغدا، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئاڭلاندى. ئانىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى:

— هوي، بولمىدى! ئەسكەرلىككە تۇتىدىغانلار...!

ئۇ، بالىلىرىغا لاپپىدە قارىدى-دە شەرەت بىلەن ئۇلارنى يوشۇرۇنۇشقا بۇيرۇدى. ئۆزى بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ تالاغا ماڭدى. بالىلارمۇ چاققان كەلدى-دە، يوشۇرۇنۇشتى. لېكىن ئانا، شۇ هامانلا يېنىپ كىرىپ، ئۇلارنى تالاغا ئېلىپ چىقتى.

— ئات؟ — ئاكا-ئۇكا تەڭلا شۇبرلىدى.

ئۆرۈككە باغلانغان ئىككى ئات غوۋا ئايدىڭدا يەرنى چاپچىپ بىر-بىرىگە خىرىس قىلىشىۋاتاتتى.

ئۇلار ”نېمە ئىش؟“ دېگەندەك تەڭلا بىر-بىرىگە قاراشتى. ئاتلارغا يېقىن كېلىشتى. ئاق قاشقىلىق قارا ئاتنى تونۇشتى.

ئانا لىپپىدە چوڭ ئوغلىغا قارىدى:

— بۇ ئاتنى قۇدىمىزنىڭكىدە كۆرگەندەك قىلىۋىدىم؟

— ...

— ماڭىدىغانلىقىڭنى ئايشەم بىلەمتى؟

— مەن ئۇنىڭ بىلەن چۈشتە خوشلاشقانىدىم.

— بىچارە هەمراخانغا ئۇۋال بولدى. هاشىماخۇندىن كېيىن قېلىپ، پۇچۇلىنىپلا كەتتى. چاي ئىچۈرۈپ قويغىلىمۇ بىر يىلدىن ئاشتى. ئەمما كۆڭۈل ئارامى بولمىدى. پەرزنى ئادا قىلىۋەتسەك تولىمۇ ياخشى بولاتتى. هە، ئاۋۇ ساغرىسىدا تۇخۇم توختىغۇدەك سېمىز ئاتچۇ؟

— بۇ ئات...؟ — هېكىماخۇن بىلەن ئانا بىر-بىرىگە قارىشىپلا قالدى. لېكىن شۇ هامان ئۇلارنىڭ كۆزلىرى لىپپىدە هېلىماخۇنغا چۈشتى. ئۇ تىرنىقىنى تاتىلاپ، يەرگە قاراپ تۇراتتى. ئانىسىنىڭ كۆڭلى بىرنېمىنى

تۇيغاندەك بولدى.

— بالام ھېلىماخۇن... بۇ ئات؟

— ئېلىخان زەرگەرنىڭ، — ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەيلا جاۋاب بەردى.

— ئېلىخان زەرگەر؟ ھە ئۆتەڭ كۆۋرۈكىدىكى؟

— شۇ.

ئانىغا بۇ ئىشمۇ ئايان بولدى. ئېلىخان زەرگەرنىڭ ئەپچىلگىنە بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ قىز ھېلىماخۇن بىلەن بىر دېمەتلىك ئىدى. ئانا بىر قولى بىلەن ئېڭىكىنى تۇتقان ھالدا ئۆيگە يېنىپ كىردى. باللارمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ كېلىشتى. ئانا ئوغلىغا تىكىلدى:

— ھېلىماخۇن، سەن بارمايتتىڭغۇ، بالام؟

ھېكىماخۇن كۈلدى:

— ئايشەم بىلەن خەلچەم يېقىن ئاداشكەن. مەن چۈشتە ئايشەم بىلەن خـوشـلـىشـۋاتقاندا خەلچەم شۇ ئۆيگە بارغانىدى، بەلكىم بۇ ئىشلارنى ئايشەمدىن ئۇققان بولسا كېرەك. ئانا، ئات باغلانغان يالغۇز بىزنىڭ مۇشۇ ئۆيلا ئەمەس، بارالمايدىغان خېلى جىق ئادەملەر ئات-ئۇلاغلىرىنى چىقىرىپ، بارالايدىغانلارنى يولغا سالدى.

ئانا غەمكىن بولۇپ قالدى. كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىر ھازاغىچە ئولتۇرۇپ قـالـدى. خېلىدىن كېيىن، لىپپىدە كىچىك ئوغلىغا قارىدى. ئوغلىنىڭ يوغان-يوغان بىر جۈپ قوي كۆزى خۇددى باپكارنىڭ موكىسىدەك، بىر ئـاكـىسىغا، بىر ئانىسىغا تەلمۈرەتتى، ئانا ئۇنىڭ ئاق-سېرىق مەڭزىنىڭ ۋىـل-ۋىـل قـىزىرىشىدىن تەڭلىكتە قالغانلىقىنى سەزدى-دە، ئوغلىغا بىر ھازاغىچە تىكىلدى. ئاستالا ئورنىدىن تۇردى. بىر ئالا خۇرجۇنغا كىچىك ئـوغلىغا ئاتاپ تىكتۈرگەن قىزىل چەكمەننى، تاشلانمىغان ئاق جۇۋىنى سالدى. ئوغلىنىڭ باش-كۆزىنى سىلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— ھېلىماخۇن، سەنمۇ بارغىن بالام، ئاكاڭ بىلەن بىللە ماڭ، خەلچەم

ساڭا يار-يۆلەك بولۇپتۇ. مۇبارەك، ئوغلۇم! كۆڭلۈمدىكى كېلىنگە ئۇچراپتىمەن. ئەتىلا قولۇم-قوشنىلار بىلەن بىللە ئەلچىلىككە بارىمەن. كۆپىنىڭ ئۈمىدى ئىكەن. بارغىن بالام، بارغىن! سوقۇش دېگەن جان بىلەن ئويىنىشىدىغان ئىش. سوقۇشقا ئوغۇل بالىنىڭمۇ ئوغۇل بالىسى يارايدۇ. تەڭلىك ئۈچۈن بېرىڭلار باللىرىم، داداڭلارنىڭ روھى خۇش بولسۇن! خۇدايىم سىلەرنى پاختىنىڭ ئىچىدە ئوت ساقلىغاندەك ساقلا! كېلىنلىرىمنىڭ ئۈمىدى، چاقالىقلارنىڭ كۈتكىنى شۇنداق ئىكەن، بېرىڭلار! سىلەرنى مەن ئوغۇل دەپ تۇغقان، بوش كەلمەڭلار! يوقسۇللارنىڭ بىر كۆزىدىن قان، بىر كۆزىدىن ياش ئېقىۋاتقانلىقى ھەرگىزمۇ ئېسىڭلاردىن چىقمىسۇن؛ مەن سىلەردىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى...

ئىككى ئوغۇل ئانىسىنىڭ يۈرەكنى تىترىتىدىغان سۆزلىرىنى تىك تۇرۇپ ئاڭلاشتى.

ئەمدى يەنە ساقلاپ تۇرۇش خەتەرلىك ئىش. تاك-تاكچىلار ئاتلارنى كۆرۈپ قالسا ئىشنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. ئانا تالاغا چىقتى. ئەتراپقا قۇلاق سالدى، خېلى يىراق بىر يەردىن تاك-تاك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئانا بۇيرۇق قىلدى:

— ئەمدى مېڭىڭلار، خۇداغا ئامانەت! — ئانا باللىرىغا ئاق يول تىلەپ دۇئا قىلدى. ئوغۇللار سەپەرگە راۋان بولدى. غۇۋا ئايدىڭدا ئۇلارنىڭ قارىسى جىگدىلىككە كىرىپ غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردى.

## غەلىتە كوزىچى

ئانا تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئورنىدىن تۇراتتى-دە، ئۆچكىلىرىنى سېغىپ بولۇپ، جىگدىلىككە ھەيدەيتتى. ئاندىن ئاچچىق تاغقا ئۇزاق-ئۇزاق تىكىلەتتى. تاغ شاملى ئۇنىڭ ئاقارغان چاچلىرىنى، قورۇق باسقان يۈزلىرىنى

سىپپايىتتى.

”ئوغۇللىرىم قايسى قورام تاشنىڭ ئارقىسىدا، قايسى ئارچىنىڭ يېنىدا تۇرىدىكىن؟...“ دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئانا كۆڭلىنى سانايتتى. سانىغىدىن زادىلا ئازمايتتى. ئوغۇللىرى كېتىپ دەل يۈز كۈن بولغاندا، كەكە ساقاللىق، توكۇر بىر كوزىچى سۇ سوراپ كىرىپ قالدى.

”توۋا، يول بويىدىكى ئېرىقتا سۈزۈك سۇ شارقىراپ ئېقىۋاتسا، بۇ ئادەمنىڭ سۇ سوراپ كىرگىنى نېمىسى؟“ دەپ ئەجەبلەندى ئانا.

كوزىچى سۇنى ئىچتى. ئانىنىڭ ئەجەبلىنىشىنى سەزدى بولغاي:

— ۋاھ، ئەجەبمۇ مۇزدەككەن، يۈرىكىم يايراپ كەتتى! ئېرىقتىكى لاي سۇ قورساقنى غولدۇرلىتىۋەتكەندى، — دېدى ۋە ئانا ئېلىپ كەلگەن قېتىققا نان تۇگۇرۇپ يېدى، كېتىش ۋاقتىدا رەھمەت ئېيتىپ، قارا گۈللۈك ساپسېرىق سىرلانغان بىر كوزىنى سوۋغا قىلدى.

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتتى. كوزىچى يەنە پەيدا بولدى!

— بىر خۇرجۇن يوق تۇرىدۇ، ئۆتكەن قېتىم كەلگەندە مۇشۇ ئۆيدە ئۇنتۇلۇپ قالدىمىكىن، دەپ كەلگەندىم. ھە، بولۇپتۇ، بولۇپتۇ بولمىسا، ئۆتە يول، سوراپ باققۇم كەلدى، رەھمەت، — دېدى ئۇ.

كوزىچى يەنە بىر قېتىم بىدە سوراپ كەلدى. ئانا ئۆگزىسىدىن بىدە تاشلاۋاتقاندا، كوزىچىنىڭ ئۆيگە سەگگىرىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قالدى-دە، كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى، ”ئوغرى“ دەپ ئويلىدى ئۇ.

كېيىنمۇ ئۇ ”ئوغرى“ تولا كەلدى. ئۇنىڭ ئېشەكلىرى ئېرىق بويىدا، جىگدىلىكتە ئوتلايتتى. ئۆزى جىگدە سايىسىدا، ياتاتتى. كۆزلىرى ئۆي تەرەپتىن ئۈزۈلمەيتتى. ئايلار ئۆتتى. لېكىن ئانىنىڭ ھېچنەرسىسى يوقالمىدى. ئانىنىڭ ئەمدى ”ئوغرى“ بىلەن كارى بولمىدى. لېكىن ئۆينىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭ ئېشەكلىرىنىڭ تېزەكى نېمىشقا قۇرۇمايدۇ؟ بۇنى ئانىنىڭ بىلگۈسى كېلەتتى...

ئانىنىڭ ئەس-يادى باللىرىدىلا ئىدى. بىر چاي قاينىمى بولسىمۇ باللىرى يېنىدا بولسا ــ ھېچبولمىغاندا بۇلۇت ئارىسىدىن چىققان كۈندەك، ياللىدە بولسىمۇ بىر كۆرۈۋالسىچۇ، كاشكى...

ئۇ، باللىرىنى بەكلا سېغىندى. چۈشىمۇ تولا بۇزۇلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئاللاغا سېغىناتتى:

"ھەي، نېمە بولدىكىن؟ پېشكەللىككە ئۇچراپ قالدىمىكىن؟ بولمىسا، نېمىشقا دېرىكى بولمايدۇ؟! بالا-قازادىن ساقلىغايسەن، ئىلاھىم!" ئانا زادى بولالمىغاندا، "كېلىنلىرى"نى يوقلاپ باراتتى. ئاز-تولا كۆز يېشى قىلىپ، كۆڭلىنى سەل بوشىتىۋالاتتى. ئايلار ئۆتتى، تاغ تەرەپتىن گۈلدۈرلەشلەر ئاڭلىنىپلا تۇردى، لېكىن ئانىنىڭ باللىرىدىن ھېچقانداق خەت-خەۋەر بولمىدى.

ئانا ئۈچ يۈز كۈن بولغاندا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى: "ھەي! ھېلىماخۇن بالام بارمىسىمۇ بولۇپتىكەن، ئۇ كىچىك، نېمىمۇ قىلار ئىدى؟! ئاكىسىغا، تاغلىرىغا بەلكىم يۈك بولۇپ قالغاندۇ!" ئانا ئۈچ يۈز ئەللىك كۈننى سانىغاندا، قەتئىي نىيەتكە كەلدى:

ــ كىچىكى كېلىپلا قالسا، ئەۋەتمەيمەن بولدى، زادىلا ئەۋەتمەيمەن!

## "ئاتىرىپلا كەتتىڭغۇ، بالام؟"

توخۇلار چىللاشقا باشلىدى. مورا بېشىدىكى ساپال چىراغمۇ پىلىلداپ ئۆچەيلا دەپ قالدى. لېكىن ئانا تېخىچىلا جايىنامازدىن تۇرمىدى. پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ كەتتى، بەللىرىمۇ تېلىپ، مۈكچىيىپلا قالدى. ئاخىر ئۇ ئورۇق قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى. دەل شۇ چاغدا ئىشىك چېكىلدى:

تاك-تاك-تاك!

ئانا سەل چۆچۈدىيۇ، دۇئادىن توختىمىدى. ئىشىك يەنە چېكىلدى.

ئۇ دۇئاسىنى چالا-بۇلا قىلدى-دە، ئىشىك تەرەپكە قاراپ:
— سەگەك، سەگەك! — دېدى.
— ئانا، ئانا، بۇ مەن، — بۇ ئاۋاز شۇنداق بوش ئىدىكى، ئانا ئارانلا ئاڭلىدى، شۇ هامانلا قوللىرىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى، سىلاشتۇرۇپ مــورىغا يۆلەكلىك هاسىسىنى تاپتى. دەلدۇگىنىپ بېرىپ، دەمگە قولىنى ئۇزاتتىيۇ، لېكىن ئۇنى تارتمىدى. دېلىغۇل بولۇپ قالدى! "ۋىيەي، غايىۋانە ئاۋاز بولمىسۇن يەنە... ياق! شۇ، دەل شۇنىڭ ئۆزى" ئانا ئىشىككە قاراپ ئۈنلۈك توۋلىدى:
— هېلىماخۇن!
— ئانا!
ئــانــا ئــەمدى چىداپ تۇرالمىدى. دەمنى بىمالال تارتتى. ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى-دە، ئېگىز بويلۇق هېلىماخۇن ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئوچۇق ئىشىكتىن كىرگەن غۇر-غۇر شامال چىراغنى لىپپىدە ئۆچۈرۈۋەتتى.
— ئانا!
— بالام!
قاپقاراڭغۇ ئۆيدە ئۇلار قۇچاقلىشىپ كەتتى.
ئانا ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ، سىرتقا بىردەم قارىدى-دە، ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ سورىدى:
— يالغۇز كەلدىڭمۇ؟ ئاكاڭ قېنى؟
— ...
بىر هازادىن كېيىن ئانا سەل ئېسىگە كەلدى-دە، چىراغنى ياندۇرۇپ، پىلىكنى ئالدىنغىراق سۈرۈپ قويدى. چىراغ قاپقارا ئىس چىقىرىپ، ئۆينى غۇۋا يورۇتتى. ئانا چىراغنى ئوغلىغا يېقىن تۇتتى. ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى:
— يائاللا، بىر يىل، هەي...! بۇ بىر يىل...، — ئۇنىڭ دېمى

www.uyghurkitap.com

سقىلدى، كۆكسى بوشىغىچە سەل تۇرۇپ قالدى، ــ خۇددى ئۇن يىلدەك تۇيۇلدى. تاغقا تولا قاراپ كۆزۈم تېشىلگۈدەك بولدى، ۋاي خۇدايىمەي، ئېسىم قۇرۇسۇن، قورسىقىڭمۇ تازا ئاچقاندۇ بالام، ــ ئانا داستىخان سالدى.

ــ ئال بالام، يە، ئۆي نېنىنى سېغىنىپمۇ قالغانسەن.

ئانا چىراغنى ئوغلىغا تېخىمۇ يېقىن تۇتتى. ساپسېرىق پىشقان ناننى قېتىققا تۆگۈرۈپ ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقان ئوغلىغا مەسلىكى كېلىپ، خېلى ئۇزاققىچە زوقلىنىپ تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش مۇنچاقلىرى تۆكۈلەتتى:

ھېلىماخۇن بوشىغان قاچىنى نېرىراق سۈرۈپ قويدى. ئانىسىغا سىنچىلاپ قاراپ، ئىچى سىيرىلدى، ئانا خېلى جۈدىگەنىدى. يۈزىدىكى قورۇقلار كۆپەيگەن بولۇپ، ئاق سېرىق يۈزى تورلاشقان كۆكچىگە ئايلانغانىدى.

ــ سۇ-سەلدىن قىينالغانسەن، ئانا، ــ دېدى ئۇ ئانىسىنىڭ سولغۇن چىرايىغا تىكىلگەن ھالدا.

ــ ياق، بالام، قىينالمىدىم، بىر قاپاق سۇ ماڭا ئىككى كۈن يېتىدۇ. جۈمە موللىنىڭ كۆلىدىن ئەكەلدىم.

ــ ئەمدى جۈمە موللىنىڭ كۆلىگىمۇ بارمايسەن، ئانا، تاڭ ئاتقۇچە بىزنىڭ كۆلمۇ تولىدۇ. ھەقچان كۆل قۇرۇپ قالدى، دەپ ئويلاپ ئۆستەڭدىكى ئېغىزنى ئېچىۋېتىپ كەلدىم.

ــ رەھمەت، بالام، قىشىمدا سەنلا بولساڭ كۆڭلۈم توق. كەتمەيدىغانسەن؟ ياق! بولدى. ئەمدى كەتمىگىن. ئاكاڭ ئۇ يەردە بولغاندىكىن بولا. بۇ يەردە ئىككىڭلارنى "بەش ئېرىقتا مەدىكارچىلىق قىلىپ يۈرەرمىش" دېگەن گەپ تارقىلىپ كەتتى. تونۇمايدىغان ئادەملەر ئۆيىنى تولا چۆرگىلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەمدى يېنىمدا تۇرغىن. ھېكىماخۇن كەلمەپتۇغۇ؟ سىلەرنى بىللە كۆرسەم خۇشاللىقتىن يۈرىكىم يېرىلىپ

كېتەرمىكىن...

ھېلىماخۇن جاۋاب بەرمىدى، ئۇنىڭ چىرايىدا جىددىيلىك، ئېچىنىش ئەكس ئەتتى.

ئانىنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولدى. كۆزلىرى چەكچەيدى. يۈرىكى بىر نېمىنى تۇيغاندەكلا پۇت-قوللىرى تىترەپ كەتتى:

— نېمە بولدى، تاتىرىپلا كەتتىڭغۇ، بالام؟ دېگىنە زادى نېمە بولدى؟

— ...

ئاكىسى ئېسىگە كەلسىلا ھېلىماخۇننىڭ ئۆپكىسى ئۆرلەيتتى. بىرسى يۈرەك-باغرىنى سۇغۇرۇپ تاشلىۋەتكەندەك تولغىناتتى. شۇ چاغدىكى پاجىئەنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشاتتى. لەۋلىرىنى قاتتىق-قاتتىق چىشلەيتتى. ئۇنىڭ ئاستىنقى لېۋىگە چېكىلگەن گۆلدەك تاتۇقلار شۇنىڭ گۇۋاھى ئىدى.

## تۆگمەندىكى پاجىئە

ئۇلار ئاتلاش[1] ئېغىزىنى ساقلايتتى. ئاكا-ئۇكا ھەپتىدە، گاھىدا تېخى ئايدا بىرەر قېتىم ئارانلا كۆرۈشەلەيتتى. ھېكىماخۇن پات-پات ”تىنىڭ-تىڭلاش“قا چىقىپ كېتەتتى.

ئۇ كۈنى ئاخشىمى سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ”چاساقال“ ھېكىماخۇننى چاقىرتتى:

— چوڭ قىسىم ئۇزاپ كەتتى. بۈيرۇق بولمىغۇچە بۇ ئېغىزنى تاشلاپ كېتىشكە بولمايدۇ. تەمىنات تۈگىدى. كېپەك-پىيەك دەيدىغانلارمۇ تېزىپ كەتتى.

---

[1] ئاتلاش — ئاچچىق تاغ ئېتىكىدىكى كىچىك بىر داۋان.

— ھېلىقى تۈگمەنگە يەنە بېرىپ باقامدىم-يا؟

— مەنمۇ شۇنداق دېمەكچى ئىدىم.

— خوپ، كوماندىر! ھازىرلا يولغا چىقىمەن.

— قورالىڭ ساقمۇ؟ ئوق يېتەرلىكمۇ؟

— قورالىم ساق، ئىككى تال ئوقۇم بار.

«چاساقال» يېنىنى ئاختۇرۇپ ئۈچ تال ئوق چىقاردى. بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئوقلار ئىدى. ئۇ بىرنى ئايرىپ ھېكىماخۇنغا ئۇزاتتى:

— مە، بۇنىمۇ ئېلىۋال، پەخەس بول!

— رەھمەت، كوماندىر!

ھېكىماخۇن يامغۇرلۇق كېچىدە يۈرۈپ كەتتى. ھېلىماخۇن ئاكىسىنى شىرىلداپ سۇ ئېقىۋاتقان ئېقىنغىچە ئۇزىتىپ كەلدى ۋە خوشلىشىۋېتىپ:

— ئانامنى يوقلاپ كەلسەڭ بولاتتى، — دېدى.

— شۇنداق قىلايلى، مەن قايتقاندا چاساقالغا دەپ بىللە بارايلى، — دېدى ھېكىماخۇن.

— بالدۇرراق يېنىپ كەل.

— ئۈگۈنلۈككە تورغاي چۇچۇلىماستىلا شتابقا ئۇنۇپ بولىمەن.

لېكىن ئۈگۈنمۇ ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ھېكىماخۇننىڭ ئۆزى تۇگۇل قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

ھاۋا ئوچۇق، ئەمما توختىماي شامال چىقىپ تۇرغان بىر كۈنى زاۋال ۋاقتى بولغاندا، ھاۋا بۇزۇلۇپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا بىر توكۇر ئات سۆرىگەن يارىيار ھارۋا تاشلارغا ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ دېگەندەك، ئاتلاش جىلغىسىغا كىرىپ كەلدى. ھارۋا قىپقىزىل قان ئىدى.

ئۇلار كۆردىكى... ئاھ، دەھشەت!

بىر تال شال بىلەن تۆت زىختا ھارۋىغا مىخلانغان ھېكىماخۇن غىچچىدە قان ئىچىدە ياتاتتى. تاختايغا «ئىلىلىق ئوغرىلارغا قوشۇلغاننىڭ

سازايىسى“ دەپ يېزىلغانىدى. چاساقال غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇرۇتلىرى تىكىكىدە بولدى. چەكچەيگەن كۆزلىرى قىپقىزىل قانغا تولدى. مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرغان ساقلىنى پاراسلىتىپ يۇلدى. ”يا پەلەك!“ دەپ، ئالدىدا تۇرغان كۆتەككە زەرب بىلەن قىلىچ ئۇردى. كۆتەك ئىككى پارە بولدى. ئۇ شۇ ئاخشىمدىلا بەش يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ تۈگمەنگە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار تاڭ سۈزۈلگەندە تۈگمەنگە يېتىپ كېلىشتى. تۈگمەن بۇزۇلغان، نو يېرىلغان، تۈگمەن تاشلىرى غۇلىتىلغانىدى.

ئۇلار تۈگمەنچىنى هاك خۇمدىنى ئىچىدىن تېپىشتى. ئۇ غال-غال تىترەيتتى. تىلى گەپكىمۇ كەلمەيتتى. چاساقال ئۇنىڭغا نۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى قىلدى. ئۇ گەپنى يىراقتىن باشلىدى:

— هېكىماخۇننى كىچىككىدىنلا تونۇيتتىم، ئۇنىڭ دادىسى ھەسسىنكام ئۇستا تامچى ئىدى. ئەنجان تامغا گۇل كەلتۈرەتتى. ئوغلى قاۋۇل بالا ئىدى. دادىسىغا بەل ئېلىپ بېرەتتى. ئۇ شۇ چاغدىلا كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئىككى ئايدەك بولدى، ئۇ تۇيۇقسىزلا تۈگمەنگە پەيدا بولۇپ قالدى. يوغانلا ئەر كىشى بولۇپ قاپتۇ، دەماللىققا تونۇيالمىدىم. كېيىن بىلسەم، دادىسى مەسچىت مۇنارىسىدىن ئۈچۈپ كېتىپتۇ. ئانىسى قېرى، ئۇكىسى كىچىك، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئالۋاڭ-ياساقمۇ جىق بولغاچقا يېگىلى بىر نەرسە قالماپتۇ. توز-پوستەك يىغلىپ قالغانىدى. بىر تاغارنى لىقلاپ بەردىم. بىراق، هېلىقى بالىدىن گۇمان قىلىپ قالدىم. چاقا دېگەن ئۇ جىگدىلىك يۇرتنىڭ خەقلىرىنىڭ كىيىملىرى خۇددى شۇ يەرنىڭ توپىسىدەك ئاق بولاتتى. لېكىن ئۇ بالىنىڭ كىيىملىرى تاغلىقنىڭ كىيىمىدەك، قىزىل توپا رەڭگىدە تۇردۇ. كىيىنكى قېتىمدا كىيىمنى يەڭگۈشلەپتۇ. لېكىن چورۇقىغا قاراپ يەنىلا تاغدىن كەلگەنلىكىنى بىلدىم. ﴿ئاتاڭغا رەهمەت، ئۆزۈڭگە باركاللا!﴾ دېدىم ئىچىمدە. شۇندىن كېيىن پوستەك، غەلىنى جىق

يىغىپ، تاغارنى لىقلاپ قويىدىغان بولدۇم.

تۆگمەن دېگەنگە بايمۇ كېلىدىكەن، كەمبەغەلمۇ كېلىدىكەن. قەلەندەر، ۋاپىز، ئوغرىمۇ كېلىدىكەن، تۆگمەنگە تۆگە بويلۇق ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم تولا كەلدى. مەن بۇ ئادەمنى تونۇمايتتىم. ئۇنىڭ كىيىمى جۇل-جۇل ئىدى. ھەر كەلگەندە خۇرجۇنىنىڭ بىر كۆزىدە يېرىملا قوناق ئېلىپ كېلەتتى-دە، ئۇن تارتىپ، كۆمەچ كۆمۈپ يەپ ئۈچ-تۆت كۈنگىچە ياتاتتى. تۆت-بەش قېتىم شۇنداق قىلدى.

كېيىنكى قېتىمدا توكۇر ئات قوشۇلغان يارىيار ھارۋىدا تۆت تاغار بۇغداي ئېلىپ كەلدى. مەن ھەيران قالدىم ئۇ بۇغداينى سورۇيمەن، نەمدەيمەن دەپ بىر ھەپتە ياتتى. ئۆلۈشكۈن ھەسسىنكامنىڭ بالىسى كەلدى. ئاردىن بىر چاي قاينىمى ئۆتۈپ تۆت دەرۋىش ساپايى چېلىشىپ، ھۆكمەت ئوقۇشۇپ كېلىپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىككى ئېشەكلىك، بىر پىيادە ئادەممۇ كەلدى. كىشىلەر ئادەتتە مازارلىققىمۇ مۇشۇ تۆگمەن يولىدىن ماڭىدىغان بولغاچقا، ئۇلار بىلەن كارىممۇ بولماپتۇ، ئۇلار سۇ-پۇ ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. كەچقۇرۇن تۆگە بويلۇق ئادەم تارتىلىپ بولغان ئۇننى ئېلىپ قايتىشقا جابدۇندى. ھەسسىنكامنىڭ بالىسى ياردەملىشىپ ھارۋىغا بېسىشىپ بېرىش ئۈچۈن تاغارغا ئېڭىشكەندى. قەلەندەر بىلەن ھېلىقى ئۈچ ئادەم ئۇنىڭغا تەڭلا ئېسىلدى. ‹تاڭ-تۇڭ› قىلىپ ئوقمۇ چىقىپ قالدى، قورقۇپ تىلىم ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالدى، پۇرسەت تېپىپ غېپپىدە تىكىۋەتتىم-دە، تۆگمەننىڭ كەينىدىكى ھاڭنىڭ كامىرىغا كىرىۋالدىم. قاراڭغۇ چۈشتى. بىر ۋاقىتتا، بىرنەچچە ئادەم ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ بىرنەرسىلەرنى سۆرەپ ئېلىپ كېلىشتى-دە، ھاڭنىڭ تۆپىسىگە كۆمۈشتى. كۆمگىنى ئادەممۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ بۇنى بىلەلمىدىم. ئاندىن خورۇلدىتىپ چىلىم چېكىشىپ پاراڭغا چۈشتى:

— مولۇنىڭ بۇ ھىممىتىگە سوجاڭ يەنە نېمە ئىنئام قىلاركىن؟



www.uyghurkitap.com

— ھىم، نېمە ئىنئام قىلاتتى، يەنە شۇ بىر ئېشەك ياكى بىر كالا. ئۇ ئىتتەك پۇراپ تاپىدۇ. بىز تۆتىمىز، پېشانىمىز تەتۈر كەلسە مۇشۇلاردەك ئۆلىمىز، مولۇنغا نېمىتتى؟! يۈرۈڭلار، ئادەمنىڭ زەردىسىنى قايىنىتىدىغان گەپنى قىلماي، تۈگمەنچىنى تاپايلى!

ئۇلار كەتتى. قورقۇنچىدا ئۈچ كۈن بولدى مۇشۇ يەردە ياتتىم.

تۈگمەنچى گېپىنى تۈگەتتى.

— مـولۇن... مولۇن... دەپ تەكرارلىدى چاقاسال، — ھېلىقى تۆگىدەك ئېگىز بويلۇق ئادەم؟

— شۇنداق. ئېگىز بوي، يوغان...

## قانلىق كۆڭلەك

ئەمدى ھېلىماخۇن ئانىسىغا نېمە دېسۇن؟ ھېلىقى پاجىئەنى سۆزلەپ بەرسۇنمۇ؟ بۇنداق پاجىئەنى ئاڭلاپ، ئوغلىنىڭ يولىغا تولا قاراپ كۆزى تېشىلگۈدەك بولغان ئانىنىڭ ئاجىز يۈرىكى چىداشلىق بېرەمدۇ؟

لېكىن دېمەي بولمىدى. ئانا ھېلىماخۇنغا قادىلىپلا تۇرۇۋالدى.

— ئاكام... ئاكامنى... مولۇن تۇتۇپ بېرىپتۇ.

— ھە، نېمە دېدىڭ؟! مولۇن تۇتۇپ بېرىپتۇ، دەمسەن؟! ھېلىقى توخۇ يەيدىغان؟!

— ...

ھېلىماخۇن ئانىسىنىڭ مىختەك قادالغان كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يىنىغا قارىۋالدى.

— سۆزلە، مېنى قىينىما!

ھېلىماخۇننىڭ تىترەۋاتقان قوللىرى يېنىدىكى خۇرجۇنغا سوزۇلدى. ئۇ، خۇرجۇننىڭ ئىزمىسىنى بەكمۇ تەسلىكتە يەشتى ۋە بىر تۈگۈنچەكنى

چىقىرىپ ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئانا تۈگۈنچەكنى يەشتى. ئۇنىڭ يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى قىپقىزىل قانغا بويالغان كۆڭلەككە چۈشتى. كۆڭلەكتىكى بارماق پاتقۇدەك تۆشۈككە تىكىلدى. يۈرىكى گويا غاچچىدە پىچاق سانجىلغاندەك ئاغرىپ كەتتى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۆيى، ھەتتا ئالدىدىكى ئوغلىمۇ گويا بىرسى ئورنىدىن قوزغىۋەتكەندەك پۇلاڭشىغىلى تۇردى. ئانىسىنىڭ قولىدىكى ساپال چىراغ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ھېلىماخۇن ئانىسىنى يۆلىۋالدى. كۆتۈرۈپ سۇپىغا ياتقۇزدى. قايغۇ-مۇسىبەتكە چۆمگەن بىچارە ئانا گاھى ئۈنلۈك، گاھى ئۈنسىز يىغلاپ تاڭنى ئاتقۇزدى.

## مولۇننى تاپ!

ئانا-بالا پەيشەنبىنىڭ تاڭ سەھىرىنى كۆزلىرى ئىششىغان، قىزارغان ھالدا كۈتۈۋالدى. ئانا گەپ قىلمايتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، تەرەت ئېلىپ بامداتنى ئوقۇدى. ئاندىن ھېلىماخۇننىڭ كۆڭلىكىنى يۇيۇپ، ئالدى تېمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن، ئۈستى ئوچۇق كونا ئېغىلدىكى تانىغا يايدى. يېلىنلىرى ئېسىلىپ كەتكەن بىر جۈپ ئۆچكىسىنى ساغدى. ئانىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن سەكرىشىپ جىگدىلىككە كىرىپ كېتىۋاتقان ئوغلاقلىرىغا بىردەم قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قانتى كەڭ ئېچىلغان ئىشىكتىن تاغ تەرەپكە تىكىلدى. تۆگە لوككىسىدەك ئېگىز-پەس ئاچچىق تاغ ئېتەكلىرى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئانا تاغ تەرەپتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ، بۇيرۇق قىلغاندەك دېدى:

— ماڭ بالام، ماڭ! تاغقا چاققان بار! مولۇننى تاپ! ئۇنى تاپمىساڭ، يەنە نەچچە ئاكاڭنىڭ بېشىنى يەيدۇ!

ئانىنىڭ كۆزلىرىدە قەتئىيلىك يالقۇنى چاقنايتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن تاغ تەرەپكە تىكىلگەن كۆزلىرى بىر ئادەمگە

چۈشتى. بۇ ئادەم كونا ئۆستەڭنى ياقىلاپ، قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، قەدىمىنى ساناۋاتقاندەك ئالدىرىماي چامدايتتى. بىردەم-بىردەم توختاپ، بىر نەرسىگە سىنچىلاپ قارايتتى، يەنە ماڭاتتى، يەنە توختايتتى. ئەنە، ئۇ يەنە توختىدى. بۇ تەرەپكە ئۆرۈلدى، يەرگە خېلى ئۇزۇنغىچە قارىدى. ئەنە! بېشىنى كۆتۈردى. تۆت تەرەپكە بىر قۇر قاراپ، جايىدىلا ئولتۇردى. ئەنە! ئورنىدىن تۇردى. مۇشۇ تەرەپكە قارىغىنىچە خېلى ئۇزۇن توختىدى. ئەنە! جىگدىلىكنىڭ ئارىسى بىلەن مۇشۇ ئۆي تەرەپكە قاراپ كەلدى.

هېلىماخۇن ئۇ ئادەمنى يىراقتىنلا تونىدى.

— ئىمرەمزە قوتازغۇ ئۇ ئانا، ئۇ نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟

— نېمە ئىش قىلاتتى، ئىز ئىزدەيدۇ. ئۇ ھەمىشە ئاشۇنداق. بەزىدە بىر ئاي يوقاپ كېتىدۇ. گاھىدا كۈندە نەچچە قېتىم مۇشۇ ئەتراپنى چۆگىلەيدۇ. تۇتقان نەرسىنىڭ تايىنى يوق. بۇ ياققا كەلسىلا بىزنىڭ ئۆيگە قېتىق ئىچكىلى كىرىدۇ. ئەنە، كېلىۋاتىدۇ. قازناققا كىرىپ تۇرغىن، ئوغۇ ئوبدان، ياۋاش ئادەم، شۇنداق بولسىمۇ، سەن تاغدىن كەلدىڭ ئەمەسمۇ.

دېگەندەك ئىمرەمزە بىردىنلا ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سارىخان ئاچا، تىنچ تۇردۇڭمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، كەل ئۇكام، ئۆزۈڭچۇ؟

— تىنچلىق، ئاچا، — ئۇ سۇپىغا چىقتى، دۇئا قىلدى.

ئىمرەمزە ئېلاخۇن قۇشقاچىنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى. ئېلاخۇن ئورۇق، ۋىجىك، پاكار بولغاچقا ”قۇشقاچ“ دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئەكىسىچە، ئوغلى ئىمرەمزە يوغان، سېمىز تۆگىدەك ئېگىز ئىدى. ئۆستەڭلەردىن، تىكلەش يارلاردىن ئېشىكى ئۆتەلمىسە ئېشەكنى يۈدۈپلا ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ”قوتاز“ نامى تەقدىم بولدى. لېكىن غەلىتە يېرى شۇكى، ئۇ ”ئازنىلىق چېلىشىش“ تا باشقىلارنى ئۆزىنىڭ ئۇستىگىلا ئېتىشقا ئۇستا ئىدى. ئۇ دادىسىدىن قالغان ئون بەش مو يەر،

www.uyghurkitap.com

بىر قوتان مالنى تۆگەتكەندىن كېيىن، كۆن نەدە كەچ بولسا، شۇ يەردە يېتىپ-قوپۇپ كۆن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلىنىپ قالدى. ئۇ قاپقانمۇ قۇراتتى. تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالسا، بىر-ئىككى كېيىكمۇ تۇتۇۋالاتتى. ساي بويىغا كەلسە سارىخان ئانىنىڭ قېتىقىغا داخىل بولماي يانمايتتى. لېكىن بۈگۈن بــۇ ئۆينى يېڭىلا كۆرۈۋاتقاندەك بۇلۇڭ-پۇچقاقلارغىچە سىنچىلاپ قاراپ چىقتى. كونا ئېغىل ئالدىدا سارىخانغا گەپ قىلغان بولۇپ بىردەم توختىدى. ئۇ كەتتى، ھېلىماخۇن قازناقتىن چىقتى.

— شۇنچە پىژ-پىژ ئىسسىقتىمۇ ئۆتۈك كىيىپ يۈرۈدىكىنە؟

— يۇتىدا يەتتە-سەككىز يىللىق يەل يارىسى بار. سايمۇ تاشلىق، تىكەنلىك تۇرسا، ھە، ئەمدى ماڭ، ھە... توغرا، قاراڭغۇ چۈشسە بېرىپ شېرىكلىرىڭگە قوشۇل، مولۇننى تاپ!

قاراڭغۇ چۈشتى، يېرىم كېچىمۇ بولاي دېدى. لېكىن ھېلىماخۇن قوزغالمىدى. ئانىسى ئاچچىقلاندى:

— ماڭ ئوغلۇم! كۆزۈڭنى پارقىرىتىپلا ئولتۇرماي مولۇننىڭ ئىزىغا چۈش!

— ...

— ئاكاڭنىڭ قىساسىنى ئالامسەن؟!

ھېكماخۇننى سوغۇق تەر باستى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— ئۇقۇپ قوي، مەن سېنى ئوغۇل دەپ تۇغقان!

ئەمدى دېمىسە بولمىدى، ئۇ ئانىسىغا تەلمۈردى.

— ئىشىم بار ئىدى.

— ئىشىم؟ نېمە ئىش؟ خەلچەم بىلەن كۆرۈشمەكچىمۇ؟

— ياق، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بىر ئىش.

— مۇھىم ئىش؟ مەن سېنىڭ ئاناڭ! مەندىنمۇ يوشۇرىدىغان يەنە قانداق يوغان ئىشكەن ئۇ؟!

— كوزىچى بىلەن كۆرۈشەتتىم.

— كوزىچى بىلەن؟ قايسى كوزىچى؟

— توكۇر كوزىچى بىلەن. باشلىق مۇھىم بىر ئىشنى تاپشۇرغانىدى. ئۆگۈنلۈككىچە مۇشۇ يولدىن ئۆتۈپ قالىدۇ، دېگەنىدى.

— توكۇر كوزىچى؟ ئۇمۇ بىزنىڭ ئادەممۇ؟

— شۇنداق، بىزنىڭ ئادەم. بىزگە سېنىڭ خەۋىرىڭنى شۇ كوزىچى يەتكۈزۈپ تۇراتتى. بىزنى بەشئىبرىقتا مەدىكارچىلىق قىلىپ يۈرۈيدۇ، دەپ گەپ تارقاتقانمۇ شۇ ئادەم. سېنى چېقىل-چۇقۇلغا دارىپ قالمىسۇن دەپتۇ. نەدە ئادەم بولسا، شۇ يەردە "سىلەرنىڭ يۇرتلۇق بىرمۇنچە ئادەملەر پالانى يەردە، پۇستانى جايدا مەدىكارچىلىق قىلىپ يۈرۈيدۇ، ھېكىم، ھېلىم دەيدىغان ئىككى بالىمۇ بەشئىبرىقتا مەدىكارچىلىق قىلىپ يۈرۈپتۇ" دەپتۇ. شۇنداق دېيىشنىمۇ باشلىق تاپشۇرغان. راست، ئاكام بەشئىبرىققا بارغان، بىر ئايدەك تۇرۇپ ئوتتۇز نەچچە ئادەمنى تاغقا ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن.

ئانا بىردەم ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇردى. ئۇلۇغ-كىچىك تىندى. تالادا ئاياغ تىۋىشى چىققاندەك قىلدى، ئۇلار بىردەم تىڭشىدى. باشقا شەپە بولمىدى، ئانا تالاغا چىقتى، تالا قاپقاراڭغۇ ئىدى، ئاسماندا قاپقارا بۇلۇت لەيلىشىپ يۈرەتتى. چاقماق چېقىلاتتى، يىراقلاردا ھاۋا گۈلدۈرلەيتتى، ئۇ يەر بۇ يەردە ئىتلار ئەنسىز قاۋىشىۋاتاتتى. ئانا ئىشىكنى تاقاپ ئۆيگە كىردى. كۆك پىت چېقىۋالمىسۇن، دەپ ئوغلىنى سۇپىنىڭ لېۋىدە ياتقۇزدى. ئۆزى تام تەرەپتە ياتتى. غەپلەت ئۇيقۇسى ئۇلارنى ئىلكىگە ئالدى.

## "باشقا يەردە قويۇڭ!"

ئـانـا گـۈلدۈر-غالاپ، تاراق-تۇرۇقتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. چىراغنىڭ پال-پۇل نۇرلىرىدىن كۆزلىرى چاقنىدى. ئۈچ ئادەم ئوغلىنى

بىسۋالدى. بىرنەچچە چېرىكنىڭ مىلتىقى ئۇنىڭغا بەتلەنگەنىدى. ئانىنىڭ تىلى گەپكە كەلمىدى.

ئۇلار ھېلىماخۇننى باغلاشتى. شۇندىلا ئانا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— قويىۋەت ئوغلۇمنى، خۇنخورلار!

چېرىكلەر ئوغلىنى سۆرەشتى. ئانا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئوغلىغا ئېسىلدى. بىرى ئۇنى گۆپپىدە تەپتى. ئانا ئارقىسىغا دەلدۈگىنىپ، بېشى تامغا جاققىدە ئۇرۇلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، گەجگىسىدىن بېسىۋېلىشتى. چېرىكلەر ھېلىماخۇننى سۆرەيتتى، ئىتتىرەتتى، ئۇ، ئانىسىغا گېپى باردەك ئارقىسىغا قايرىلىپ تىرەجەپ تۇرۇۋالدى. لېكىن بولمىدى. يەنە سۆرەشتى. ئۇمۇ بوش كەلمىدى، بوسۇغىغا پۇتىنى تاقاپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ئـانـىسىغا قايرىلىۋىدى، كۆزى ئىشىككە يېقىنلا تۇرغان كوزىغا چۈشۈپ قالدى-دە، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىدى. ئۇ كوزىنى زەرب بىلەن تەپتى:

— ئانا، كوزىنى باشقا يەرگە — پۇتلاشمايدىغان يەرگە قويۇڭ!

ئېگىز بويلۇق بىرسى شالنى چاچتى:

— ھىم، پۇچۇق كوزىنىڭ غېمىدە قالدىڭمۇ؟ كوزا دەمسەن، كويزا دەمسەن، فىڭسو[1]دا جىق! خالىغىنىڭچە ئېلىۋالسەن!

چـېـرىـكلەر ھېلىماخۇننى سۆرەپ، دارقىرىتىپ ئېلىپ كەتتى. ئانا يىقىلىپ-قوپۇپ تالاغا چىقتى. سىملىداپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

ئانا خۇدىنى يوقاتتى. گويا چۆرگىلىتىپ قويۇپ بەرگەندەك، كۆڭلى ئېلىشىپ، جايىدا تۇرۇپلا قالدى. يامغۇر ئەددىدى. ئۇ سەل ھوشىغا كەلدى. دەلـدۈگىنىپ ئۆيگە كىردى. تۆت تامغا چۆچۈپ قارىدى. مورىغا كۆزى چـۈشكەندە، چۆچۈپ كەتتى. يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك دېمى تۇتۇلدى.

مورا، جۇۋلىق ئادەم پاتقۇدەك تېشىلگەنىدى.

---

[1] فىڭسو — ساقچى گازارمىسى.



www.uyghurkitap.com

# خەلپىنىڭ جاۋابى

ئانا ئۆيگە كىردى. تالاغا چىقتى. زادىلا بىر جايدا ئولتۇرالمىدى. كۆڭلىدىن ھەرخىل ئەندىشىلىك خىياللار ئۆتەتتى:

”ئۇرارمۇ، ئاسارمۇ؟ قىينارمۇ؟... ئاھ خۇدا، بالىنىڭ مۇشكۈلىنى ئاسان قىلغايسەن... بالا-قازادىن ساقلىغايسەن!...“

ئـۇ ئـۇيان ئويلىدى، بۇيان ئويلىدى. ئاخىر يۇرت چوڭلىرىدىن ئوغلىنىڭ گۇناھىنى تىلەش قارارىغا كەلدى.

”قـويـۇۋەتـسـىـلا بولدى، بىردەممۇ تۇرغۇزماي، شۇ ھامانلا تاغقا ماڭدۇرىمەن. مېنى نىمە قىلسا مەيلى! تۆت كۈنلىكىم قالغاندا...“ دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇ تامغا يانتۇ ئارتىلىپ تۇرغان ئۆرۈك شېخىدىكى بار-يوقى ئۈچ توخۇسىنى تۇتۇپ سېۋەتكە سالدى. زولۇق يەيدىغان چاغدا ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى چىغىر يول بىلەن چوڭ يولغا چىقتى. يامغۇر توختىدى. لېكىن قاپقارا قويۇق بۇلۇت پارچىلىرى يەنىلا لەيلىشىپ يۈرەتتى. ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ئىدى. لالما ئىتلار چۆچۈشۈپ، ئۇنىڭغا قاراپ قويۇشاتتى.

ئانا تاڭ سۈزۈلگەندە ئۆتەڭ بازىرىغا يېتىپ كەلدى. بامداتتىن يانغان جامائەت ئازنا مەسچىتتىن چۇۋۇلىشىپ چىقىۋاتاتتى. ئانا رومىلىنى چوڭقۇر تاشلاپ، چەتتىرەك تۇرۇپ جامائەتكە سەپسالدى. قېرىلىقتىن مۈكچىيىپلا قالغان، ئالا يەكتەكلىك، سالاپەتلىك بىر ئادەم تۈمۈر ھاسىغا تايىنىپ، ئېڭىشكەن ھالدا ھەممىدىن كېيىن چىقتى. ئانا ئۇ ئادەمگە ئېگىلىپ سالام قىلدى:

— ئەسسالام، خەلپەم ئاتا.

خەلپە سەل ئۆرە بولدى. ”كىمسىز؟“ دېگەندەك ئاپئاق كىرپىكلىرى ئاستىدىكى خۇنۇك كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، ئانىغا بىردەم تىكىلدى، ئۇنى تونىغاندەك قىلدى:

— ھـە، سـارىخانمۇ سىلى؟ رەھمەتلىك ھەسناخۇن ئۇستامنىڭ بالىۋاقىسى؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى غىژىلدايتتى، بېشى گىلدىڭلايتتى.

— خوش، خوش، بىر ئىشتىن ھاجەتمەن بولۇپ كېلىۋىدىم.
— خوش؟
ئانا كېچىدىكى ئەھۋالنى ئېسەدەپ تۇرۇپ بايان قىلدى، يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇردى:
— جامائەتكە چاي قۇيسام، بالىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتسە، فىگسودىن تىلىۋالسا.
خەلپە ھاسىسىنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىنىڭ ئۈستىگە ئاپئاق ساقاللىق كىچىككىنە ئېڭىكىنى يۆلەپ، ياشاڭغۇراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى چىملىدىتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ گېپىنى تىڭشىدى ۋە ئاخىرىدا:
— ھەي، يامان بولۇپتۇ. بالا ئېزىپتۇ، يامانغا يان تاياق بولۇپتۇ!
— دېدى ئۇ بېشىنى گىلدىڭلىتىپ، — ئېغىر گۇناھ قىپتۇ. بولۇپتۇ، ئۇ ئۆزىمىزنىڭ بالىسى، فىگسودىن گۇناھىنى تىلەيلى. بۈگۈن ئۇلۇغ جۈمە كۈنى، جامائەت تۇپراق بېشىغا ماڭىدى. سىلى كېتىپ تۇرسىلا، جامائەت يانسۇن، ئاندىن فىگسوغا بېرىپ، بالىنى تىلىۋالايلى. ئىنشائاللا، بالا كەچ كىرگۈچەئۆيدە بولۇپ قالار.
ئانا خەلپىگە تاغاردا بىر رەھمەتلەرنى ئېيتىپ خوشلاشتى. توخۇلارنى سوپىلاردىن بىرى ئارقىلىق خەلپىنىڭ ئۆيىگە كىرگۈزۈپ بەردى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلى سەل ئورنىغا چۈشتى.
ئانا چۈشكە يېقىن ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئىشىك ئوچۇق تۇراتتى. ئـانا ئۆيگە كىردى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا پوملاقلىق، قىپقىزىل بىر نېمە تۇراتتى، ئانا سىنچىلاپ قارىدى ۋە ئۇنىڭغا قولىنى سوزدى. ئۇنىڭ قولىغا چىلىق-چىلىق قان تېمىپ تۇرغان كۆڭلەك چىقتى. دەلدۈگىنىپ بېرىپ، كۆڭلەكنى يورۇققا تۇتتى.
ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى. كۆڭلەكنى ئۇيان-بۇيان ئۆرىدى.
ئەنـە، ئـاخشام ئۆز قولى بىلەن سالغان ياماق! ياماقمۇ قان...! ئىشلەتكەن كۆك يىپمۇ قان! بۇ، ئۆزى تىككەن، ئۆز قولى بىلەن تىككەن كوڭلەك...
ئانا كۆڭلەكنى كۆكسىگە تېڭىپ دۈملا چۈشتى. ئانا بىھوش، قانلىق



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆڭلەكنى قۇچاقلاپ، دۇملا ياتاتتى. يىلاندەك تولغىناتتى، ئاھ ئۇراتتى، پەرياد چېكەتتى:

— ئاھ... ھېكىم! ھېلىم!... جېنىم بالىلىرىم...

ئانا يەنە ھوشىدىن كەتتى... چىشلىرى كىرىشىپ غۇچۇرلىدى. ئۇ پۇتلىرىنى سۇناتتى، يىغاتتى، خىرىلدايتتى، يۇمۇلايتتى، ئۇ خىرقىراپ-خىرقىراپ جىملا بولدى. ئاغزىدىن ئاق كۆپۈك كەلدى. ئەنە، ئۇ يەنە سەل ھوشىغا كەلگەندەك بولدى. يەنە شۇ يىغان، ھەسرەت، پەرياد...

— ئاھ، ھېكىم! ھېلىم... جېنىم بالىلىرىم!

## ئانىنىڭ قەسمى

ئۆچكە-ئوغلاقلىرىنىڭ مەرەشلىرى ئۇنى يەنە ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇ كۆزىنى ئاچتى. سۇپىغا يۆلەندى. ئۆي ئېگىز-پەس بولاتتى، چۆرگىلەيتتى، ئۇ سۇپىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى. تامنى تۇتۇپ تالاغا چىقتى. ئېغىلنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئۆچكە-ئوغلاق ئۇنى بىردەم پۇراشتى-دە، جىگدىلىككە كېتىشتى. ئانا يەنە تامنى تۇتۇپ يېنىپ كىردى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى. قوللىرى بىلەن ئېگىكىنى يۆلەپ ئۆرىلا تۇرۇپ قالدى. پۇتلىرى دىر-دىر تىترەيتتى. ئۇ يەردىكى قانلىق كۆڭلەكنى ئالدى. ئاستا بېرىپ بۇلۇڭغا قويۇلغان كاتتىن يەنە بىرىنىمۇ ئالدى. ئىككى قانلىق كۆڭلەكنى سۇپىغا يايدى. بىرىدە بارماق پاتقۇدەك توت تۆشۈك، يەنە بىرى بولسا، پالتىمۇ، كەكىمۇ ئىشقىلىپ ئەسۋابتا چانىلىپ تىتما-كاتاك قىلىنغان. ئانىنىڭ كۆڭلى يەنە بۇزۇلدى. ئۇ، ئىككى كۆڭلەكنى مەيدىسىگە تېڭىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى، شۇ ئولتۇرۇشىدا، تاڭنى ئاتقۇزدى. شىرىلداپ ئېقىۋاتقان — بالىسى باشلاپ كەلگەن سۇدا تەرەت ئالدى. بامداتنى ئوقۇدى، لېكىن ئورنىدىن تۇرمىدى. ئويغا چۆمدى:

”ئاھ خۇدا! شۇمۇ سېنىڭ بەندەڭ بولدىمۇ؟ ئۇلار قانداق بەندە؟ ھەي، بى ۋاپا جاھان! ياق، ياق! ئۇلار بەندە ئەمەس، مولۇن، ئۇلار ھايۋان!

— ئۇ چوڭقۇر بىرنى تىندى، — چوڭىنىغۇ مولۇن تۇتۇپ بېرىپتۇ، كىچىكىنىڭ بېشىنى كىم يېدى؟! ئىتمۇ؟ مۈشۈكمۇ ياكى جىنمۇ؟ ئانىنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلىدى! — خەپ، خەپ! ئەۋلىيا بولساڭمۇ مەيلى! باللىرىمنىڭ جېنىغا جان، قېنىغا قان ئالمىسام، خەپ...!“ ئۇ، تام تۈۋىدىن چىمدىپلا توپا ئالدى-دە، كاپ ئەتتى، بۇ ئۇنىڭ قەسىمى ئىدى. ئانا ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاندا كۆزى لىپىدە سۇنۇق كوزىغا چۈشۈپ قالدى، شۇ ھامانلا ھېلىماخۇنىنىڭ ”ئانا، كوزىنى باشقا يەرگە — پۈتلاشمايدىغان يەرگە قويۇڭ!“ دېگەن جاراڭلىق ئاۋازى قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىلا جاراڭلاپ كەتتى. ئانا كوزىنى قولىغا ئالدى، يەنە شۇ ئاۋاز: ”ئانا، كوزىنى باشقا يەرگە — پۈتلاشمايدىغان يەرگە قويۇڭ!“

”بۇ كوزا ھېچنېمىگە پۈتلاشمايتتىغۇ، نەدە قويسام بولاتتى؟ — ئانا تېڭىرقاپ قالدى، — غەلىتە ئىش-ھە؟ باشقا يەرگە — پۈتلاشمايدىغان يەرگە قويۇڭ، دېگىنى نېمىسى؟...“

ئانىنىڭ ئېسىگە بالىسىنىڭ گەپلىرى كېلىشكە باشلىدى:

”ئىشىم بار ئىدى... كوزىچى بىلەن كۆرۈشەتتىم... ئۆگۈنلۈككە... بىزنىڭ ئادەم...“

ئانا ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىيۇ، لېكىن بۇ ئىشنىڭ كوزىچى بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى جەزملەشتۈردى. ”ئۆگۈنلۈككە؟ ھەي! ئۆگۈنلۈككە دېگىنى بۈگۈن ئەمەسمۇ؟ — ئانا ئالدىراپ قالدى، — ئۆتۈپ كېتىپ قالسىچۇ؟“ ئۇ ھاسىسىغا تاياندى. ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ چوڭ يولغا چىقتى-دە، ئېرىق بويىدىكى سۆگەت سايىسىدا ئولتۇردى. كۈن چۈشتىن قايرىلغانىدى. يولدا ئادەم كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇزاق ساقلاشقىمۇ توغرا كەلمىدى. كوزا-قاچا قاچىلانغان يەتتە-سەككىز كۆشۈكلۈك ئېشەكلەرنى ئالدىغا سالغان ئۈچ-تۆت ئادەم كۆرۈندى. ئانا ئارقىدىراق دىڭگوكلاپ كېلىۋاتقان ئادەمنى تونۇدى: ئۇلار يېقىنلاپ كەلدى. ئەمما توختاشمىدى. كوزىچىمۇ ئانىنى تونۇدى، لېكىن يولدا ئەھۋال سوراشنى ئەپسىز كۆردى بولغاي، بېشىنى سەل ئېگىپلا سالام قىلدى-دە، كېتىۋەردى.

— توختىسىلا!

كوزىچى توختىدى. ئانىنىڭ جىددىي كۆزلىرىدىن بىرەر ئىش بارلىقىنى بايقىدى.

— ئۆتكەندە خورجۇنلىرى بىزنىڭ ئۆيدە ئۇنتۇلۇپ قاپتىكەن، ئېلىپ كەتسىلە.

— ئېلىۋالاي، ئېلىۋالاي، لازىم بولۇپمۇ قالغانتى، — ئۇ شېرىكلىرىگە بېشى بىلەن شەرەتلەپ كېتىۋېرىشنى بۇيرۇدى.

ئۇلار ئۆيگە كىردى. ئانا ئۇن-تىنسىزلا قانلىق كۆڭلەكنى كوزىچىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۆزى كۆرگەن پاجىئەنى تولۇق بايان قىلدى. كوزىچى تۇرغان يېرىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بىر هازادىن كېيىن سورىدى:

— ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سىلىگە كوزىنى يوتلاشمايدىغان يەرگە قويۇڭ، دېدىمۇ؟

— هەئە.

كوزىچى ئويلىنىپ قالدى. بىردىن پېشانىسىگە پاققىدە بىر قويدى-دە، تووۋلىۋەتتى:

— تاپتىم، تاپتىم! بىزنى كونا دەڭگە چۈشمىسۇن، دەپتۇ. دەڭجا ئاينىپتۇ! سېتىلىپتۇ! باشلىقىمىزمۇ شۇ يەردە ئىدى. هەممىمىز شۇ يەردە ئۇچرىشاتتۇق... ئاھ! هېلىماخۇن! بىزنى قۇتقۇزۇپسەن! يۈز نەچچە ئادەمنى قۇتقۇزۇپسەن! جېنىم هېلىماخۇن! سەۋرى قىلسىلا، ئانا! ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا! مەن ماڭاي، تېزلا شەهەرگە خەۋەر قىلاي! ئۇلار خەتەر ئىچىدە، خەيرخوش...

## ئىز

ئۇچىنچى كۈنى ئانا ئۆزىنى سەل ماغدۇرىغا كەلگەندەك خېلى يەڭگىل سەزدى-دە، مورىنىڭ تۆشۈكىنى ئەتمەكچى بولدى. كونا ئېغىلدىكى خىشلار بىر-بىرلەپ مورىنىڭ يېنىغا دۆۋىلەندى. ئېگىشىپ ماڭغانلىقتىن بېلى تېلىپ، ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ ئۆرە بولدى. كېرىلدى "ئۇھ!..." دەپ چوڭقۇر بىرنى تىنىۋىدى، مەيدىلىرى بوشىغاندەك بولدى.

دەل شۇ چاغدا كۆزى ئۆرۈكنىڭ نوتا شاخلىرىغا چۈشۈپ قالدى. ئۆرۈك نوتىلىرى سۇنغان، يەنچىلگەنىدى. بۇ ئۆرۈك مورىنىڭ يېنىدا، تامغا تاقىلىپلا چوڭ بولغانىدى. چوڭ بىر تال شېخىنى مورىدىن چىققان ئىس قورۇتۇۋەتكەنلىكتىن، باشقا شاخلىرىمۇ كېسىۋېتىلگەنىدى.

ئانىنىڭ كۆڭلى غەش بولدى: ”بۇ ئۆرۈككە يەنە نېمە بالا تەگدى؟ هايۋانغۇ چىقالمايدۇ. مۈشۈكمۇ بۇنداق سۇندۇرالمايدۇ. ھە... ئادەم چىقىپتۇ، ئادەم. چوقۇم ئوغرى! ياق... ئوغرى بولسا، مورىدىكى تەييار تۆشۈكتىن كىرسىلا بولمامدۇ؟ ئۆگزىدە جىگدە شېخىدىن باشقا نېمە بار؟ ئەمسە، ئۆرۈكتە نېمە بار؟ نېمىشقا چىقىدۇ؟“ بۇ سوئال-سوراقلار ئۇنى تېخىمۇ ئەجەبلەندۈردى. ئۇ سۇنغان، سولاشقان شاخلارغا قاراپ، مۈشۈ ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدە بىر كىشىنىڭ چىققانلىقىنى پەملىدى-دە، يۈرىكى قارتتىدا قىلدى.

ئانا سەگەكلەشتى.

ئۇ ئۆرۈككە يەنە قارىدى، ئۆرۈك مورىدىن ئېگىزرەك ئىدى. ”مورىنىڭ يېنىدا ئادەم نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — ئۇ ئويلىناتتى، — يەيدىغان، ئالىدىغان، ھېچنېمە يوق... ئۇنداقتا... ئۇنداقتا... ھە... راست، شۇنداق، گەپ تىڭشاپتۇ. بىزنىڭ گېپىمىزنى تىڭشاپتۇ. ھېلىماخۇننىڭ كەلگەنلىكىنى بىرسى بىلىپ قالغان... ياق! ياق، گۇمان قىلغان. گەپ تىڭشىغان كىم؟“ ئانا يەرگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئۆرۈكنىڭ تۈۋىدىكى ئىزغا كۆزى چۈشتى. چەتتىكى بىر جۈپ ئىز خېلى ئوچۇق ئىدى. ئىزنىڭ تاپان تەرىپىدە چۆرىدەپ قېقىلغان بارماقتەك قالپاق مىخنىڭ ئىزى بار ئىدى. ئانا ساناپ چىقتى: سول پۇتتىكى بەش، ئوڭ پۇتتىكى تۆت ئىكەن. ئوڭ پۇتتىكى قاتارى تۆت مىخنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچىنچى مىخنىڭ ئورنى بوش ئىدى. لېكىن پاشىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا — مىخ قېقىش ھاجەتسىز ئورۇندا يەنە بىر مىخ بار ئىدى. تۈنۈگۈن سىم-سىم يامغۇر ياغقان بولسىمۇ، بۇ مىخلارنىڭ ئىزى بۇزۇلمىغانىدى. ئانا ئېڭىكىنى تۇتقان ھالدا، ئويلىنىپ ئولتۇرۇپلا قالدى.

— كىمنىڭ ئىزى؟

*   *   *

ئانا ئىزنى ئويلاپ تاڭنى ئاتقۇزدى.

گۇگۇمدا مەسچىتكە باردى. جامائەت نامازدا ئىدى. كەشلەر پەشتاقنىڭ يېنىغا تىزىپ قويۇلغانىدى. ئۇ، غىپپىدە پەشتاقنىڭ يېنىغا ئۆتتى. پەشتاق ئۇنىڭغا دالدا بولدى. ئۇ، خاتىرجەم هالدا كەشلەرنى بىردىن-بىردىن ئۆرۈپ قاردى، كەشلەر ناهاللىق، بەزىسى ئۇششاق مىخلىق ئىدى. ئانا ئۈمىدسىزلەندى. لېكىن ئارقىغا يانمىدى. ناماز ئوقۇۋاتقانلارنىڭ پۇتلىرىغا قاراشقا باشلىدى. ناماز ئوقۇۋاتقانلار يالاڭ ئاياغ ئىدى... ئانىنىڭ كۆزلىرى ئاخىرىدا ئەڭ چەتتە تامغا يېقىن ئولتۇرغان ئادەمنىڭ پۇتىدىكى قىزىل ئۆتۈككە چۈشتى. ئەنە! ئۇ ئېگىشتى. رۇكۇغا باش قويدى. قالپاقلىق مىخ... سول پۇتىدىكى بەش، ئوڭ پۇتىدىكى تۆت! ئۇ ئادەم يانغا سالام بەردى. ئانا چۆچۈپ كەتتى:

"ئىمرەمزىغۇ ئۇ؟!..."

ئانا ئۆيگە يېنىپ كەلدى. ئۆچكىلىرىنى سېغىپ، جىگدىلىككە هەيدىۋەتتى.

هاۋا ئوچۇق ئىدى. ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن كۈننىڭ قىيپاش چۈشكەن نۇرىدا، سارغۇچ قىزىل رەڭگە كىرىپ پىشقان ئاسماق-ئاسماق جىگدىلەر خۇددى قىزلارنىڭ بويۇنلىرىدىكى قىزىل مارجاندەك يالتىرايتتى. ئاياغ تەرەپتىن ئىمرەمزىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ بۇرۇنقىدەكلا قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، قەدەملىرىنى ساناۋاتقاندەك ئالدىرىماي چامداپ، ئويان-بۇيان قارىغاچ، كونا ئۆستەڭنى ياقىلاپ باش تەرەپكە كەتتى. چۈش بولغاندا، ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى. سالام بېرىپ ئۆيگە كىردى. ئانا ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قاچا دوغاپ قويدى:

— سۈت ئېرىپ قاپتىكەن، قېتىق ئۇيۇتالمىدىم. ئاز بولسىمۇ ئىچ. ئۇسساپمۇ قالغانسەن.

ئىمرەمزە مۇزدەك دوغاپنى بىر كۆتۈرۈشتىلا هۇزۇرلىنىپ ئىچىۋەتتى.

— پاھ! ئەجەب مۇزلۇقكەن، يۈرىكىمنىڭ بېغىشىغا باردى، رەھمەت

www.uyghurkitap.com

ئاچا.

ئانا كۆزىنىڭ قويرۇقىدا ئۇنىڭ پۇتىغا قارىدى. ئۇنىڭ پۇتىدا يەنىلا شۇ قىزىل ئۆتۈك بار ئىدى.

— بۇ ئۆتۈكنى يېڭى ئالغان ئوخشىمامسەن؟

— ياقەي، — ئىمرەمزە ئەجەبلەندى، — يېرىم يىل بولدى. كىيىپلا يۈرۈۋاتىمەن. ئۆتكەن يىلى چەملەتكەن، مىختا، بەلەن چىقتى. نىمە، سوراپ قالدىڭغۇ؟

— بالدۇر پۇتۇڭدا قىزىل ئەمەس، قارا ئۆتۈك كۆرگەندەك قىلىۋىدىم.

— ھە، ئۇ كونا ئۆتۈكۈم، جۇلۇقى چىقىپ كەتكىلى نەۋاخ.

ئانا ئەمدى بىر گۇماندىن قۇتۇلدى، ھە، — ئۆتۈك ئىمرەمزىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەن.

ئىمرەمزە كەتتى. پاكىز سۈپۈرۈلگەن ئىشىك ئالدىدىكى يۇمشاق تۇپىغا ئۇنىڭ ئىزى موھۇر باسقاندەكلا ئوچۇق چۈشكەندى.

بۇ ئىز ئۆرۈك تۈۋىدىكى ئىزغا ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى. ئانا ئىڭىكىنى تىزلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان قوللىرى بىلەن يۆلەپ ئولتۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ يوغان ئىچىلغان كۆزلىرى ئۆيىنىڭ ھەممە تەرىپىگە تەڭ يۈگۈرەتتى، ئىسلاشقان تورۇسمۇ قالمىدى، ئۇ، ئورنىدىن تۇردى، قازناققا كىردى، قازناقتىن چىقىپ ئىغىلغا كىردى. ئىغىلدىنمۇ يېنىپ چىقتى. نىمە قىلىشنى بىلمىگەندەك ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردەم تۇرۇپمۇ قالدى. يەنە بايىقىدەكلا ئولتۇردى. كۆزلىرى يەنە ئۆي ئىچىگە يۈگۈردى. ئاخىر ئۇنىڭ كۆزى تۆشۈك تەرەپتىكى تامغا ياندىپ سىلىنغان كونا پالاستا توختىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كېلىپ، پالاسنى ئۆردى. بىر ئورا كۆرۈندى. بۇ ئورا ئۇ ھەسسىنىكامغا ياتلىق بولۇپ مۇشۇ ئۆيگە كەلگەندىمۇ بار ئىدى. قۇرۇق ئاشلىق كۆمۈشكە بەكمۇ لايىق ئىدى. ھەسسىنكام ئۆلۈپ كەتتى، باللار كىچىك قالدى، شۇڭا كۆمگۈدەك ئاشلىقمۇ ئىشىنالمىدى. ئورىمۇ بوش قېلىۋەردى، تىندۇرۇۋېتىشكە ئۇلارنىڭ كۆزى قىيمىدى، ئورا لاتا-پىتە، ئەسكى-تۈسكىلەر بىلەن توشقۇزۇلدى ۋە ئۈستىگە پالاس يېيىپ قويۇلدى. ئانا ئورىدىكى ئەسكى-تۈسكىلەرنى ئېلىپ بىريانغا دۆۋىلىدى. قولى يەتمىگەندە ئىلمەك

بىلەن تارتتى. ئانىنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، بۇ ئورا تەڭتۇشلىرىدىن بىر غېرىچ ئېگىز تۇرىدىغان ھەسسىنىكامنىڭ ئېڭىكىگە تاقىشاتتى. ئاخىرىدا ئىلمەككە بىر قاپقان ئىلىنىپ چىقتى، ئۆز ۋاقتىدا ھەسسىنىكام ئوۋغا بەكمۇ ھېرىسمەن ئىدى. مۇشۇ قاپقاننىمۇ ئاتىتەك بىر ئېشەككە تېگىشكەنىدى. بۇ قاپقانغا ھەر يوغان كېپىكلەرمۇ چۈشەتتى.

ئانا قاپقاننى ئۇيان-بۇيان ئۆرۈپ قارىدى. مىخلىرىنى تۇتۇپ باقتى-دە، بىر كونا خۇرجۇنغا سېلىپ، ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ، تۆمۈرچى مەھەللىسىگە قاراپ يول ئالدى. توختەك تۆمۈرچى ئىشنى يىغاي دەپ تۇراتتى، ئۇ قاپقاننىڭ ئۇيەر-بۇ يېرىنى قايرىپ باقتى، دەسسەپ تۇرۇپ، قۇرۇپمۇ كۆردى-دە:

— ۋاي، مەزمۇتكەنغۇ؟ ھە، ماۋۇ قىسقۇچ مىخى سەل بوشتەك قىلىدۇ. تۈزەپ بېرەي، شۇندا بۇنىڭغا دەسسەپ سالغان يولۋاسنىڭمۇ جېنىغا ۋاي! — دېدى ۋە ئانىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا قاپقاننى ئوتقا پاتۇردى.

## مولۇن قاپقانغا چۈشتى

چۈش بولاي دېگەندە ئىمرەمزە كەلدى. سېرىق قوناق زاغرىسىنى قېتىققا تۈگۈرۈپ، شالاپلىتىپ يېدى. تازا سوزۇپ بىرنى كېكىردى. ئۈنى-بۈنى دەپ بىردەم ئولتۇردى، ئۇ كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغاندا ئانا ئۇنى توختاتتى:

— توختىغىنا، ماۋۇ بىرنېمىگە كۈچۈم يەتمىدى، قۇرۇپ بەرگىنە.

— نېمىنى؟ — دېدى ئىمرەمزە خۇشياقمىغاندەك. ئانا خۇرجۇندىن قاپقاننى چىقىرىپ يەرگە تاشلىدى:

— كۈچۈم يەتمىدى، قۇرۇپ بەرگىنە.

— قېرىغىنىڭدا نېمە قىلاي دەيسەن؟ بولىدۇ، قۇرۇپ بېرەي. كېيىك تۇتقۇڭ كەپتۇ-دە.

— ياق! ئاۋۇ ئۆرۈك تۈۋىگە قۇرايسىكىن دەيمەن. تۈلكىمۇ ياكى مولۇنمىكىن، توخۇلىرىمنى يەپ تۈگەتكىلى تۇردى.

مولۇننىڭ گېپى چىققاندا، ئىمرەمزىنىڭ كۆزلىرى پاللىداپ كەتتى. ئۇ پۇشۇلداپ، قاپقاننى چاراسلىتىپ دەسسەپ قۇرۇپ بەردى. ئانا ئۇنى ئۈزىتىپ قويدى:

— رەھمەت ئىمرەمزە، ئەتە بالدۇرراق كەلگىن، بىر نەرسە چۈشسە ئاجرىتىپ بېرەمسەن، مۇزلۇق قېتىق ساقلاپ قويىمەن.

— مـاقۇل، لېكىن ئۇ قاپقىنىڭغا مۇشۇ ئۆرۈك تۈۋىدە بىر نەرسە چۈشۈشنى خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت دېسەك بولا.

— كەلگىن، چوقۇم چۈشىدۇ!

ئانا ئۆرۈكنىڭ قۇرۇق ياغىچىدىن ئۇزۇن-ئۇزۇن قوزۇقلارنى ياسىدى. پىششىق ئېشلىگەن يىگى بىر چىگە ئارغامچىنى كېسىپ ئىككى قىلدى. ئېغىلغا كىرىپ، كىچىككىنە بىر شوتىنى سۆرەپ چىقتى. ئۇ شوتىنى ھېلىقى ئورنىغا سالدى-دە ئورىغا چۈشتى. يوكۇنۇپ ئولتۇرۇپ قوزۇقلارنى قاقتى. ئورنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى قوزۇق قېقىلدى، ئانا قاپقاننى ھېلىقى ئارغامچا بىلەن قوزۇقلارغا باغلىدى، ئاندىن ئورنى پالاس بىلەن ياپتى. چېنىپ قالمسۇن دەپ، پالاسنى چىڭ تارتىپ، بىر بۇرجىكىنى تەگلىدە، يەنە بىر بۇرجىكىنى يىپ ئېگىرىدىغان چاقدا باستۇرۇپ قويدى. قاراڭغۇ چۈشتى. ئانا قازناققا كىرىپ، داشقازاننى ملك بىر جاپادا سۆرەپ تالاغا ئېلىپ چىقتى ۋە ئوچاق ياسىدى. ئاي چىقتى. ئانا قاپاقنى قولىغا ئالدى. ئۇن قەدەملا نېرىدىكى كۆلدىن سۇ ئەپكېلىپ قازانغا قويدى. ئۇ قانچە يول سۇ توشىدىكىن، ئاخىر داشقازان سۇغا توشتى. ئاسماندىكى تولۇن ئايمۇ ئۇنىڭغا مەدەت بەرگەندەك، ئەتراپنى سۈتتەك نۇرى بىلەن يورۇتۇپ تۇردى.

* * *

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھەي، نېمە بولدى؟ يوغان قازاندا سۇنى قاينىتىپ قويۇپ يېتىۋاپسەنغۇ؟ ساقسىز بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— كىر يۇياي دەپتىم، چىشمغا ئاغرىق كىرىپ قالدى. ۋايجان! ۋاي چىشىم! ئىمرەمزە، بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئۆيى، تەگلىدە نان بار، ئاۋۇ ئاشتاختا

ئۈستىدە قېتىق بار، ئۆزۈڭ ئىلىپ يەۋەرگىن.

ئىمىرەمزە ئاشتاختىنغا قاراپ ماڭدى. مانا بىر، ئىككى قەدەم، ئالتە قەدەم ... ئۇ پالاسقا دەسسىدى، لېكىن پۇتى يەرگە تەگمىدى.

— ۋايجان!...

ئىمىرەمزە ئورىغا چۈشۈپ كەتتى "چاك!" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا، ئىمىرەمزە قاقشاپ كەتتى:

— ۋايجان! ۋاي پۇتۇم!...

— هاھ... هاھ... هاھ... ها... ، — ئانىنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسىدىن تۈگۈلۈك بېشىدا دانلاۋاتقان قۇشقاچلارمۇ چۆچۈشۈپ "پۇررىدە" ئۇچۇپ كېتىشتى. ئانا شۇنداق كۈلگىنىچە ئورا بېشىنى ئىككى ئايلاندى-دە، شاپىدە توختىدى:

— هىم، قولغا چۈشتۈڭمۇ؟! ئۇغۇپ قوي، مەن سەندىن خۇنغا خۇن ئالىمەن!

— خۇن؟ نىمە خۇن؟ ئاللا-بىللا مەن ساڭا يامانلىق قىلمىدىمغۇ؟ جېنىم قىينىلىپ كەتتى. مېنى بوشتۇەت. ۋايجان!... ۋاي... پۇتۇم!...

ئانا قېپقىزىل قانغا بويالغان كۆڭلەكنى كۆرسەتتى:

— مۇشۇ خۇن! هېلىماخۇنىنىڭ خۇنى!

ئــىــمــىــرەمزىنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى، ئۇ هەممىسىنى چۈشەندى. ئەمدى قۇتۇلالماسلىقىغا كۆزى يەتتى. ئارغامچىنى ئۈزۈۋېتىش غەرىزىدە ئىككى قولىنى تىرەپ تۇرۇپ پۇتىنى سىلكىتتى. قاپقان جالاقلىدى، لېكىن ئۇنىڭ پۇتىنى تېخىمۇ چىڭ قىستى. ئۇ قولىنى ئۆتۈك قونچىغا ئۇزاتتى. ئانا ئۇنىڭ قونچىدىن پىچاق سۇغۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدى-دە، قولغا دەم بىلەن كەلتۈرۈپ بىرنى سالدى. ئىمىرەمزىنىڭ قولىدىكى پىچاق پەسكە چــۈشــۈپ كــەتــتى. ئانا دەم بىلەن ئۇنىڭ مۈرە، گەجگە، باشلىرىغىمۇ بىرنەچچىنى سالدى.

ئانا مىس چەينەك بىلەن ۋاراقلاپ قايناۋاتقان داشقازاندىن تولدۇرۇپ ســۇ ئەكەلدى-دە، ئىمىرەمزىنىڭ بېشىغا قۇيدى. قايناقسۇ ئارقا-ئارقىدىن قــۇيۇلۇۋەردى. ئىمىرەمزىنىڭ ۋاي-ۋايلاپ نالە قىلىشلىرى، چىرقىراشلىرى

www.uyghurkitap.com

ئانىنىڭ قولىقىغا كىرمەيتتى.

— ئىمرەمزە! ئاڭلاپ قوي! مۇشۇ بىر قازان قايناقسۇنى ساڭا ئاتاپ قويدۇم! راستىڭنى دېمەيدىكەنسەن، ھەممىنى بېشىڭغا تۆكىمەن!

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچ، ھەممىنى دەيمەن.

— بىز ساڭا قانداق يامانلىق قىلدۇق؟ ئىمانىڭ بىلەن گەپ قىل!

— مەن سىلەردىن ھېچقانداق، ھېچقانداق يامانلىق كۆرمىدىم، سەن قورسىقىمنى بېقىپ تۇردۇڭ، كىچىكىمدە، كۆلدە تۇنجۇقۇپ ئۆلگىلى ئاز قالغاندا، ھەسسىنكام قۇتقۇزۇپتىكەن.

— زۇۋانىڭدىن چىققان مۇشۇ گەپ راستمۇ؟

— راست، راست.

— بىزدە ئۆچ-ئاداۋىتىڭ بارمۇ؟

— خۇدا ئالدىدا قەسەم قىلىمەن، ھېچقانداق ئاداۋىتىم يوق.

— ئۇنداق بولسا، ھېلىماخۇننى نېمە ئۈچۈن تۇتۇپ بەردىڭ، تۇزكور؟

— تۇتۇپ بەرمىدىم، خەۋىرىنى بەردىم.

— ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ؟!

— كونا ئۆستەڭگە ئىزى چۈشۈپ قاپتىكەن، گۇمانلىنىپ، ئۆيۈڭگە كەلدىم، ئوچۇق ئىغىلدا يۇيۇلغان كۆڭلىكىنىڭ يېيىغلىق تۇرغىنىنى كۆردۈم. كەچقۇرۇن ئۇلار كېلىشتى ۋە ماڭا: ”ئۇخلىدىمۇ، قاراپ باققىن“ دېدى. باشقا يەردىن تىڭشاپ بىلەلمىدىم. ئۆرۈككە چىقىپ، مورىدىن تىڭشىدىم. مۇڭداشقىنىڭلارنى ئاڭلىدىم، كېيىن مېنى كەتكۈزۈۋەتتى. قالغان ئىش ماڭا قاراڭغۇ. گۇناھىمنى تىلەيمەن. بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكىن.

— ئۇلار دېگىنىڭ كىملەر؟!

— فىڭسۇنىڭ ئادەملىرى.

— قاچاندىن بېرى ئۇلارغا غالچىلىق قىلىۋاتىسەن؟!

— بۇلتۇر ئەتىيازدىن بېرى، بىر جۇمە كۈنى مەسچىتتىن يېنىپ چىققاندا فىڭسۇغا ھەيدەپ ئەكىرىشتى. بىزنىڭ بۇ يۇرتتىن يىگىرمە ئادەم تاغلىقلارغا قوشۇلۇپتىكەن. ”ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى بەرسەڭ ئالۋاڭ-ياساق

ئالمايمىز، هاشار-مەدىكارغا ھەيدىمەيمىز، يەنە ئەجرىڭگە قاراپ ئىنئام بېرىمىز، پەقەت بىزگە دەپلا قويساڭ بولىدۇ. نەسىھەت قىلىپ، يامان يولدىن ياندۇرۇۋالىمىز، ئادەم قىلىۋالىمىز“ دېدى. خام سۈت ئەمگەن ئىكەنمەن، ئەقىلسىز كالۋا ئىكەنمەن، ماقۇل دەپ سايتىمەن. يۇرت چوڭلىرىدىن تۆت-بەشچە ئادەممۇ بار ئىدى. قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلدۇردى. شۇ قەسەمدىن قورقۇپ، مۇشۇ يولغا مېڭىپ سالدىم. ”كونا ئۆستەڭگە چۈشكەن ئىزغا قارا“ دەپ ئۆگەتتى.

— يەنە كىملەرنى كۆرسىتىپ قويدۇڭ؟!

— ھەممىسى شۇ.

— دە! دېمەيدىكەنسەن، قازاندا سۇ تەييار!

— يەنە... يە... نە، سولا تۆگمەننىڭ بالىسى، بايتال ھەمراخاننىڭ نەۋرىسى.

ئانا بىر نەرسە گۆپپىدە ئېسىگە كەلگەندەك سورىدى:

— ھەي، يۇندىخور، سېنىڭ ئىسمىڭ زادى نېمە؟!

— ئانا، ئوبدان ئانا، مېنىڭ ئىسمىمنى ئوبدان بىلىسەنغۇ؟ ئىمىرەمزە...

— ھايۋانچە ئېتىڭنى دەيمەن، ھايۋانچە!

— ...

ئانا قايناق سۈنى ئۇنىڭ بېشىغا قۇيدى.

— دېمەيسەن؟! دېمىسەڭ ئۆزۈڭدىن كۆر!

— دەي، مەن دەي، بىر قو...شۇق، قېنىمدىن كەچكىن...، — ئۇ ئەمدى ھالسىزلانغانىدى. ئاغزى گەپكىمۇ كەلمەيتتى. كۆزىنى ئاچالمايتتى.

— سۆزلە!

— مو... مو... مولۇن.

— يەنە كىمنىڭ ھايۋانچە ئىسمى بار؟!

— توختى ئەپەندىنى ”قالغاچ“ دەيتتى. ئۇ ئىككى ئايدەك بولدى يوق. قېچىپ كېتىپتۇ، تاغلىقلارغا قوشۇلۇپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم، يەنە ئىككى ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلمەيمەن. ماڭا پەقەت سوجاڭنىڭ ئۆزى بىلەنلا

كۆرۈشۈشكە ئىجازەت قىلىنغان.

— چامىئېرىقتىكى تۆگمەنگە بېرىشىمۇ سېنىڭ ئىشىڭمۇ؟

— دەسلەپتە ئەمەستى، كېيىن تولا زورلاپ بىرنەچچە قېتىم ئەۋەتتى، ھېكىماخۇنىمۇ شۇ يەردە كۆرگەنىدىم.

شۇ تاپتا ھەرقانداق كۈچ-قۇدرەت ئانىنى توختىتىپ ئېلىشقا قادىر ئەمەس ئىدى. ئانا غەزەپ بىلەن ئىمرەمزىنىڭ بېشىغا تەپتى. ئىمرەمزىنىڭ شەلۋەرەپ چىققان بېشىنىڭ تېرىسى سويۇلۇپ، ساڭگىلاپ قالدى.

— ھەي نىجىس، ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان جاللات! ئوبۇجەھىلىنىڭ[1]گۇناھىدىن ئۆتكەن پەيغەمبىرىمىزمۇ سېنىڭ گۇناھىڭدىن ئەسلا ئۆتمەيدۇ!

قازاندا قايناقسۇ ۋاراق-ۋاراق قايناۋاتتى، غەزەپ-نەپرەت بىلەن مولۇنغا قۇيۇلاتتى...

قاراڭغۇ چۈشتى. سۇمۇ تۈگىدى، مولۇننىڭمۇ زۇۋانى تۇتۇلدى. ئەبەدىي تۇتۇلدى.

ئانا ئۆچكىلەرنىڭ دۇمبىسىنى سىلىدى. ئېغىلنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتتى. ئىشىك ئالدىدا ئاچچىق تاغ تەرەپكە بىر ھازاغىچە تىكىلىپ تۇردى-دە، ئاندىن قانلىق كۆكلەكلەر تېڭىلغان بوغچىنى قولتۇقىغا قىستى. ھاسىسىغا تاياندى. تۈن قاراڭغۇسىدا چوك-چوك قەدەم تاشلاپ، ئاچچىق تاغ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى، ئۇ يەردە ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن ئوغۇللىرى — مولۇننى ، مولۇننىڭ خوجايىنلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقان پالۋانلار بار ئىدى.

---

[1] ئوبۇجەھىل — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى. ئۇ، پەيغەمبەرگە كۆپ قېتىم زىيانكەشلىك قىلغان بولسىمۇ، مۇھەممەت پەيغەمبەر گۇناھىدىن ئۆتكەن.




بۇنىڭدىن ئۈچ يۈز يىگىرمە يىل ئىلگىرى، ياز ئايلىرىنىڭ ئۆتتەك پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن قارا قۇرۇم تاغلىرى تۇتىشىپ كەتكەن ئەگرى-بۈگرى سىزىق ئۈستىدىكى سايدا، كۆك ئېشەككە مىنگەن بىر ئادەم شەرققە كېتىۋاتاتتى. ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى يۈك ئاز ئەمەس ئىدى. ئىككى يېيىغا نېمىلەردۇر قاچىلانغان جاۋاخۇرجۇن، خۇرجۇن ئۈستىدە ئادەم، ئادەمنىڭ ئارقىسىدا قاردەك ئاق، قارا تۇمشۇقلۇق يەككە غاز قونۇپ ئولتۇراتتى. خۇرجۇننىڭ بىر تەرىپىگە سېرىق تاماكا چېكىشكىمۇ، نەشە چېكىشكىمۇ ئىشلىتىلىدىغان قاپاق چىلىم، يەنە بىر تەرىپىگە سۇ قاچىلانغان قاپاق غانجۇغىلانغانىدى. قولىغا ئۇزۇن دەستىلىك تەمبۇرنى تىك تۇتۇۋالغان، تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان قوپال جەندىگە چىڭ ئورۇۋالغان، ئېگىز كۇلاھىنى باستۇرۇپ كىيگەن بۇ ئادەم چوڭقۇر خىياللارغا پاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئېشەك ھالسىز قەدەملەر بىلەن ئاستا ئىلگىرىلەپ

باراتتى. پات-پات قۇيرۇقنى شىپپاڭشتىپ، سالپاڭ قۇلاقلىرىنى پالاقلىتىپ، ئالدى-ئارقىسىدىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن كۆكۈيۈنلەرنى قورۇيتتى. لېكىن قاشاڭ كۆكۈيۈنلەر ئۇنى ئۇنچىۋالا ئوڭاي تاشلاپ كېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىرى قاچسا يەنە بىرى كېلەتتى. ئۇلار ئاشۇنداق قىلىپ ئىشەكنىڭ پاچاقلىرىغا، كۆتىگە، چات ئارىلىقىغا يېپىشتى، تۇمشۇقىغا، بۇرنىنىڭ ئۇستىگە قونۇپ، نەشتىرىنى بىمالال سانجىدى. ئازابقا چىدىمىغان ئىشەك بىردىن بېشىنى ئېچىگە تىقىپ، تۇمشۇقىنى يەرگە تەگكۈزۈپ يورغىلاپ كەتتى. ئۇ ئاشۇ يورغىلىشىدا بۇرنىغا، كالپۇكلىرىغا قونۇۋالغان كۆكۈيۈنلەرنى يەرگە سۈرۈپ توپىغا مىلەپ چۇشۇرۇۋەتمەكچى بولاتتى. لېكىن، بىر قارىسا كۆك چىۋىنگە، بىر قارىسا غوك-غوك ھەرىگە ئوخشايدىغان ئاشۇ جانىۋارلار ئاللىقاچان ئۇنىڭ بۇرنى ئېچىگە كىرىۋالغانىدى. ئىشەك قاتتىق پۇشقۇرۇپمۇ، تۇمشۇقىنى يەرگە سۈركەپمۇ ئۇلاردىن قۇتۇلالمىدى. نەشتەر ئازابى ئۇنى قىيناپتتى. ئاغرىققا چىدىمىغان ئىشەك يورغىلاپ كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئۆزىنى گۈپپىدە يەرگە تاشلاپ، تۈگۈلۈپ يېتىۋالدى...

ئۇستىدىكى ئادەم ئىشەكنىڭ بويىنىدىن ئېشىپ يەرگە دوملاپ چۈشتى. نەگىدۇر قاڭقىپ كەتكەن تەمبۇرنىڭ تارىلىرىدىن تىرىڭلىغان ئاۋاز چىقتى. غاز قاناتلىرىنى كېرىپ، مۇۋازىنەتنى ساقلاپ قالغان، ئۇ تېخىچە تۈگۈلۈپ يېتىۋالغان ئىشەكنىڭ سۆڭگىچىدە قونۇپ ئولتۇراتتى...

يىقىلغان ئادەم كېلەڭسىز جەندىسىنى سۆرەپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئەلەم بىلەن ئىشەككە قارىدى. ئىشەك پۇشقۇرۇپ، تۇمشۇقىنى يەرگە سۈرۈپ تېپىچەكلەيتتى. ئاپئاق تۇمشۇقلىرىغا قۇم دانچىلىرى يېپىشقانىدى، ئۇنىڭ ئېگىسى نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. نەدىندۇر بىر تال قۇرۇپ قالغان يۇلغۇن چىۋىقنى تېپىپ، ئىشەكنىڭ بۇرنىنى كوچىلىدى، خېلى ئۇزاق ھەپىلىشىپ، ئىككى دانە كۆكۈيۈننىڭ ئۆلۈكىنى ئېلىپ چىقاردى. ئىشەك پۇشقۇرۇشتىن تىنجىپ ئورنىدىن تۇردى. لېكىن يەنىلا قۇيرۇقنى شىپپاڭشتىپ ئارقا پۇتلىرىغا، چات ئارىلىقىغا ئۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. جەندە



www.uyghurkitap.com

كىيگەن ئادەم ئىشەكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، يەنە كۆكۈيۈنلەرنى ئۆلتۈرۈشكە كىرىشتى. ئىشەكنىڭ پاچاقلىرىغا يېپىشۋالغان كۆكۈيۈنلەرنى چىۋىق بىلەن ئۇرۇپ چۈشۈردى. ئارقىدىن يەرگە تىزلىنىپ ئىشەكنىڭ قورسىقىغا، چات ئارىلىقىغا نەزەر سالدى، ئاشۇ تومپىيىپ تۇرغان ھاياسىز يەرگە بىرقانچە كۆكۈيۈن مەھكەم چاپلىشىۋالغانىدى. ئۇ يۇلغۇن چىۋىق بىلەن كۆكۈيۈننى ۋاسىلدىتىپ سالدى. چىۋىق كۆكۈيۈنگىمۇ، ئاشۇ ھاياسىز يەرگىمۇ تەگدى. ئىشەك بىردىن چىچاڭشىپ سەكرەپ كەتتى ۋە خېلى يىراقتا توختاپ، بېشىنى بۇراپ ئىگىسىگە يېلىنىش بىلەن تىكىلدى...

جەندىلىك ئادەم تىزلانغان يېرىدە ھەيكەلدەك قېتىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىپ قويغانلىقىنى چۈشەنگەن ۋە چوڭقۇر خىياللار ۋەجىدىن ئۇنتۇلغان ئۆمۈرلۈك كۆڭۈل يارىسى يەنە يادىغا چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىردىن ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتى. كۆزلىرىدىن تاراملىغان ئاچچىق ياش ساقال-بۇرۇت باسقان سۇرلۇك يۈزىنى بويلاپ سەلدەك ئاقتى... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئوردىدىكى ئاشۇ چىرايلىق دېدەكنىڭ گۈزەل سىيماسى يەنە گەۋدىلەنگەندەك بولدى. ئارقىدىنلا قىپقىزىل قىزدۇرۇلغان تامغىنىڭ شەھۋەت تومۇرىغا ۋاژىلدىتىپ بېسىلغاندىكى ئازاب نىدالىرىنى قاقشىتىپ ئۆتكەندەك تۇيۇلدى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكەن ئىش ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆمۈرلۈك ئازابلا قالغانىدى... جەندە كىيگەن ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىن تېخىچە نادامەت ياشلىرى قۇيۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ دەسلەپ دەمدەردەك بۇقۇلداپ، كېيىن ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، بەھرى ئەزىمدىكى كىتتەك سوزۇپ-سوزۇپ يىغلىدى. قۇم-تۇپراققا پۇچىلىنىپ زېمىنغا، قوللىرىنى پەلەككە سوزۇپ ئاسمانغا نالە قىلدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى نالە-پەريادىنى ھېچنېمىگە ئوخشىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئوغلاقلىرىدىن ئايرىلغان ئاھۇ كېيىكمۇ، جۈپتىدىن ئايرىلغان شىر-يولۋاسمۇ بۇنداق مۇڭلۇق، بۇنداق ئاچچىق پەرياد كۆتۈرەلمەيتتى. جۈپتىگە ئوق تەگكەن ئاققۇنىڭ قىچقىرىقلىرىمۇ، زەينەپتىن ئايرىلغان كاككۇكنىڭ نىداسىمۇ ئۇنىڭ

ئازابىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى. ئۇ ئىنسان ئوغلىنىڭ ئەڭ ئېغىر ئازابى ئۈچۈن يىغلايتتى. يوق قىلىنغان، خورلانغان ئەرلىكى ئۈچۈن، نابۇت قىلىنغان ئەرلىك ھېس-تۇيغۇلىرى ئۈچۈن، خاراب قىلىنغان ئۆمرى ئۈچۈن يىغلايتتى...

ئۇنىڭ نالە-پەريادى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. ئۇ گويا ئاشۇ نالە-پەريادلار ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك، بۇ ئۇنىڭ پانىي ئالەمدىكى ئاخىرقى نەپەسلىرىدەك بىلىنەتتى. لېكىن، ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنى ئۇ ئاشۇ بەختسىزلىككە دۇچار بولغان دەسلەپكى ئايلار قەلبىگە پۈككەن پىكىر ۋە نىيەت ئورنىدىن تۇرغۇزغانىدى. ئۇ جانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەسلىكىنى، ئۆز تېنىگە قويۇپ قويغان خۇدانىڭ ئامانىتى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى ئۆزىدە ئەمەسلىكىنى چۈشىنەتتى. ئۇ يەنە ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن ئىچكى ئىلاجىلىقنى بېرىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇ پۈتۈن كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىدە ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ زەررىسى بارلىقىغا، ئۆزىدە ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ، ۋۇجۇدى مۇتلەقتە ئۆزىنىڭ روھىي قارار تاپقانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ يەنە ئۆزى ئۈچۈن، خورلانغان ئەرلىكى ئۈچۈن ئۆچ ئالماقچى بولاتتى... ئەنە شۇ نىيەت ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇ كۆك ئېشەكنىڭ يېنىغا بېرىپ، قاپاق چىلىمنى ئېلىپ، قاپقارا نەشىنى باستى. چاقماق تاش بىلەن پولات بىلەيىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ، ئوت چىقىرىپ، توغراقنىڭ پورىغا تۇتاشتۇردى ۋە ئۇنى پۈۋلەپ چىلىمنىڭ سەيخانىسىغا — نەشىنىڭ ئۈستىگە قويدى. قېنىپ-قېنىپ شورىدى. تېزلا مەست بولۇپ ئالەمنى، ئۆزىنى، دەرد-ئەلەملىرىنى ئۇنتۇدى...

ئۇ ئەمدى يەنە كۆك ئېشەكنىڭ ئۈستىگە قونۇۋېلىپ، يىراقتىن غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىغان بوستانلىققا قاراپ كېتىۋاتاتتى، ھەممە نېمىنى ئۇنتۇغانىدى، قولىدىكى تەمبۇرنى تىرىڭلىتىپ، ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلگەن ئاشۇ زىل ساداغا ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ غايىب ئاۋازىنى ئاڭلىماقچى بولغاندەك قۇلاق

سـالاتـتـى. تەمبۇرنىڭ تىرىڭلىغان ئاۋازى ئاستا-ئاستا رىتىمغا چۈشتى. مۇڭلۇق، غېرىب، سېھىرلىك سادا ساي ئىچىنى جاراڭلىتىۋەتتى، ئاشۇ سادادا جەندە كىيگەن ئادەمنىڭ بوم ئاۋازى تەڭكەش بولدى:

مۇرادىڭغا يېتەي دېسەڭ قەلەندەر بول — قەلەندەر بول،
سىتەم ئەھلىن يۇتاي دېسەڭ قەلەندەر بول — قەلەندەر بول.
ئېغىزدىن كۆپىر ساچاي دېسەڭ، شارابى دەھەر ئىچەي دېسەڭ،
يامانلاردىن قاچاي دېسەڭ قەلەندەر بول — قەلەندەر بول.
پەساد ئەھلىن قوۋاي دېسەڭ، كېتىكە بىر تېپەي دېسەڭ،
كېپەن تونىن پىچاي دېسەڭ قەلەندەر بول — قەلەندەر بول.
رىيازەتسىز بولاي دېسەڭ، تېنىم ئازاد يۈرەي دېسەڭ،
جاھاننى سەير ئېتەي دېسەڭ قەلەندەر بول — قەلەندەر بول.
بۇ تەقۋادىن كېچەي دېسەڭ، سېھرى زوھىد پاش ئېتەي دېسەڭ،
ھەق يولىنى تۇتاي دېسەڭ، قەلەندەر بول — قەلەندەر بول.
..........................................................
..........................................................

ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قەلەندەرلىك يولىغا چۈشكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىدە قەلەندەرىيە تەرىقىتىگە ئاجايىپ مەيىل كىرگۈزدى ۋە ئۆچمەس نام قالدۇردى. لېكىن ئۇزاق يىللار-ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر ئۇنىڭ ئاشۇ قېتىم قۇم-تۇپراقا مىلىنىپ پەلەككە، زېمىنغا نالە قىلغان كۆرۈنۈشىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. بىر-بىرىگە سۆزلەپ، ھېكايە، رىۋايەت قىلىپ يۈرۈشتى. ئەڭ ئاخىرىدا رەسىم قىلىپ سىزىپ قالدۇرۇشتى.

www.uyghurkitap.com

*　　*　　*

قەلەندەر ”قۇم رابات“تىن ئۆتۈپ، خېلى ئۇزاق كۈنلەردىن كېيىن، بىر كۈنى كەچكە يېقىن قاراقاشنىڭ بازىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۇدۇل يول بىلەن ماڭماي ھېلى جەنۇبقا — قاراقۇرۇم تەرەپكە، ھېلى شىمالغا — تەكلىماكان تەرەپكە يۈرۈپ، كۆچۈم مەھەللىلەرنى قانغۇچە سەيلە قىلغانىدى. ئۇ شۇ ئارىدا ”ئىمامى ئەپتەر“نىڭ بېشىغا، ”باغدات پاششايىم“غا، ”ئىمامى ئەسكەر“گە يولۇقۇپ ئۆتتى. ئۇ مەھەللىلەرنى ئارىلاپ يۈرەتتى. تال-بوستانلىق ھويلىلار، مەجنۇنتال سايە تاشلاپ تۇرغان كوچىلار، قوغۇن ھىدى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان كۆزلەكلەر ئۇنىڭغا ياقتى، ئىشچان، چىدامىلىق، ئەقىللىق، مېھماندوست كىشىلەر ۋە گۈزەل-ھايالىق قىزلار ئۇنى مەھلىيا قىلغانىدى. ئۇ قاراقاش كىشىلىرىنىڭ ئوخشاش قاراقاش، قاراكۆز، قارا كوكۇللۇق ئىكەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ، قاراقاشنىڭ بازىرىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۆزىنى ئورۇۋالغان كىشىلەر ئالدىدا، تەمبۇرنى سايرىتىپ ئاشۇ تەسراتىنى قوشاق قىلىپ قاتتى:

قارا-قارا قاشلىرىڭغا قاتساڭچۇ مېنى،
قاراقاشنىڭ بازارىدا ساتساڭچۇ مېنى.
قاراقاشنىڭ بازارىدا ئۆتمىسەم ئەگەر،
كىرپىكىڭنى ئوقيا قىلىپ ئاتساڭچۇ مېنى.

بازاردىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا ئالقىش ياغدۇرۇپ بارىكاللا ئېيتىشتى. كۆلاسىغا تەڭگە-تىيىنلارنى جاراڭلىتىپ تاشلاشتى. قەلەندەر رەت قىلمىدى، لېكىن ئاخىرىدا ئاز بىر قىسمىنى ئۆزىگە ئېلىپ، قالغانلىرىنى باللارغا چاچقۇ-مارجان قىلىپ تاشلاپ بەردى-دە، كېتىپ قالدى. ئۇ ”يېپ بازىرى“دىن ئۆتۈپ ”كالا بازىرى“نىڭ يېنىدىكى بىر دەڭگە چۈشتى. دەڭجامۇ قاراقاش، قارا كۆز، قارا ساقاللىق ئادەم ئىدى. ئۇ جۇلدۇر كىيىپەن،

مەينەت قەلەندەرنىڭ قولىدىكى تەمبۇرنى كۆرۈپ، يىرگەنمەستىن كۆتۈۋالدى، قولىدىن كۆك ئىشەكنىڭ تىزگىنىنى ئالدى، ھۆرمەت بىلەن ھۇجرىغا باشلىدى.

— يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇۋالامدىلىكىن، سوپۇم؟

— ياق، ھاجىتى يوق.

— نامازشام ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، تەرەت ئالامدىلىكىن سوپۇم؟

— مەن ناماز ئۆتمەيدىغان جوھۇتمەن.

دەڭجا ھەيران بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قارا قوشۇما قاشلىرى يىمىرىلىپ، قارا كۆزلىرىنىڭ قارا قاشتەك قارىسى قەلەندەرگە قادىلىپ قالغانىدى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن يەنە ئىغىز ئاچتى:

— ئۆزلىرىگە نىمە لازىمكىن سوپۇم؟

قەلەندەر ئۈندىمەستىن قولىنى قوينىغا سالدى ۋە بىر تەڭگىنى ئىلىپ دەڭجانىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

— ئۆزۈمگە ئۇزۇق، ئىشىكىمگە بوغۇز، غىزىمغا دان ئەپكەل!

دەڭجا ئېڭىشىپ تەڭگىنى يەردىن ئالدى ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى نىمىسىدۇر تۇيغاندەك ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يوغانلىقى چوڭ كوزىدەك كېلىدىغان بىر كۆكچى قوغۇننى ئەكىرىپ بىرىپ چىقىپ كەتتى. قوغۇن شۇنچىلىك ئۈز تورلاشقانىدىكى، گويا ئاشۇ قاراقاشلىق نەققاشلار ئالايتەن نەقش چىكىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. قەلەندەر چىھرىدىن ئالىقانداق مەمنۇنلۇقنى جۇلالىتىپ قوغۇننى پىچتى، ھۇجرا ئىچىنى قوغۇننىڭ خۇش ھىدى گۇپپىدە قاپلىدى. پۇرىقىدىنلا ئۇنىڭ تەمى بىلىنىپ تۇراتتى. قەلەندەر قوغۇننى ئىككى كاسلاپ، ئۇرۇقىنى ئىلىپ غازنىڭ ئالدىغا قويدى. ئىككى كاسا قوغۇننى ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ يىدى. ئاخىرىدا شاپىقىنى ئۇششاق توغراپ كۆك ئىشەكنىڭ ئالدىغا ئەپچىقىپ قويدى. ئۇ، ئوقۇرنىڭ ئالدىدا، كۆك ئىشەكنىڭ غۇرۇسلىتىپ شاپاق چايىنىشىغا قاراپ تۇردى. ئىشەك شاپاقنى يەپ

بولۇپ، يوغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا قايتا تىككەندە، قەلەندەر ئاندىن ئاشۇ ئوقۇر ئالدىدا دۇئاغا قول كۆتۈردى. دەك ھويلىسىدىن كۆز سېلىپ تۇرغان دەڭچا يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدى، قەلەندەرمۇ دەڭجانى كۆرگەنىدى، ئۇ ئۆزۈن ئەمەس قىسقىغىنا دۇئا قىلدى...

ئۇنىڭ كىمگە ھەمدۇسانا ئېيتىپ، نېمدەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. لېكىن ئۇزاق يىللار-ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر ئاشۇ دۇئـــانى ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. ئۇلار: شۇ قېتىم ئەۋلىيا، قاراقاشلىقلارنىڭ شەنىگە ھەمدۇسانا ئېيتىپ، ”ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى ئۆزۈڭ قىلغايسەن“ دەپ دۇئـــايى-سېھىر قىلغان، شۇڭا قاراقاشلىقلار ئەقىللىق كېلىدۇ، دېيىشىپ يۈردى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئەۋلىيا: ”قاراقاشلىقلارنىڭ چىشى ئوتتۇز ئىككى بولۇپ كەتكەي!“ دەپ دۇئا قىلغانمىش. باشقا يۇرتلۇقلارنىڭ چىشى يىگىرمە سەككىزدىن ئوتتۇز تالغىچە بولسا، قاراقاشلىقلارنىڭ چىشى ئـوتـتـۇز ئىككى تال بولۇشىدىكى، رىزقىنىڭمۇ چىشىغا ئوخشاشلا كۆپ بولۇشىدىكى سەۋەب ئەنە شۇ دۇئايى-كارامەتتە ئىمىش.

ئەپسۇسكى، قاراقاش، قارا كۆز، قارا ساقاللىق دەڭجا ئىككىنچى كۈنى ســەھــەردە ئۇنىڭ خىزمىتىگە ھازىر بولۇپ ئورنىدىن تۇرغاندا، قەلەندەر دەڭدىن ئاللىقاچان كېتىپ قالغانىدى. ھۇجرىدىكى سۇپىدا تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاشلا بىر تەڭگە تاشلىنىپ تۇراتتى...

* * *

قەلەندەر قاراقاش دەرياسىدىكى كەلكۈننىڭ بىر كۈنلۈك پەسىيىش ۋاقــتى — سەھەرنى تاللاپ، كىمدۇر بىرى كۆرسىتىپ قويغان كېچىك ئـــارقىلىق دەريادىن ئۆتتى. ئېشەكنى يېتىلەپ دەريادىن كېچىۋېتىپ سۇ ئىچىدە يالتىراپ تۇرغان مۇشتۇمدەك قارا قاشتېشىنى سۈزۈۋېلىپ خۇرجۇنغا سېلىپ قويدى. ئۇ پايانسىز كەڭلىكتە يېيىلىپ ئېقىۋاتقان دەريادىن چىقىپ

قــوُما [1] دېگەن كەنتتە جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، چاقار [2] دېگەن يەردە دەريا قــرغــقىدىكى مەغپىر مازارىــى سەيلــە قىلــدى. ئۇنــڭدىــن كېيىــن سـبىرـقـئـۆي[3]، يـۇرۇشكە [4]، تايتاق [5]، شاخلىق [6]، لايقا [7]ئارقىلىق سەھۋالىمغا چىقىپ، "كۆھمارىم"نى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ يەردىن كەينىگە يېنىپ، داكۇي، بۇزاقلار ئارقىلىق "ئىمامى مۇسا كازىم" مازىرىغا كېلىپ، نـەشــنى بولۇشچە چېكىپ، ئۈچ كۈن ئۇخلىدى. ئۆزىنىڭ كۈپۈرانە ســۆز-قىلىقلىرى بىلەن شەيخنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۇ يەردىنمۇ يۈرۈپ كــەتتى. ئۇ ئۆزىگە ئۇچرىغان ئادەملەردىن نېمىلەرنىدۇر سوراپ باراتتى. مازارلارنىڭ ئورنىنى، يولىنى، ئۆزىنى قوندۇرۇشى مۇمكىن بولغان ئاللىقانداق شەخسىيلەرنىڭ ئۆي-قورۇلىرىنى ئېنىقلايتتى. سەھرا كىشىلىرى تولىمۇ ياۋاش ۋە قىزغىن ئىدى، سورالغان سوئالغا ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ھۆرمەت بىلەن جاۋاب بېرەتتى، ھەتتا تېخىمۇ ئىززەت كۆرسىتىپ، سورالغان يەر ۋە ئىزلىگەن ئۆيگىچە باشلاپ ئاپىرىپ قوياتتى. ئاشۇ مۇنبەت، گۈزەل يېزىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، قەلەندەر تال-ئۈزۈملۈك باغلاردا، قوغۇن تاۋۇزلۇقلاردا مېھمان بولدى. ئۇنىڭ كۆك ئېشكى غورۇسلىتىپ شاپاق چاينايتتى، غېزى قوغۇن ئـۇرۇقــىــنى لـەززەتلـىنىپ يۇتاتتى. ئۈزۈن دەستىلىك تەمبۇرى بولسا رەھمەت-ھەشقاللا پەدىسىدە بېگى-بېگى كۈيلەرگە تىرىڭلايتتى... قەلەندەر قاراقاشتىن چىقىپ ئون كۈنلەردىن كېيىن جەنۇب تەرەپتىن ــــ قاچچى، قارامەت، تۇساللا، گازۇن دېگەن يەرلەردىن ئۆتۈپ، "گۇرجان دەرۋازىسى" ئارقىلىق خوتەن شەھرى ــــ ئىلچىگە كىرىپ كەلدى. قەدىمكى شەھەر

---

① ② ــــ خوتەن ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق يېزىسى تەۋەسىدىكى كەنت نامى.
③ ④ ⑤ ⑥ ⑦ ــــ خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېزا- كەنت ناملىرى.

پاكار-پاكار ۋە غوجەك ياغاچ ئۆيلىرى ئارقىلىق كىشىگە خۇددى ئاستا-ئاستا يەرگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك تەسىرات بېرەتتى. قەلەندەر ئىلچىنىڭ كوچىلىرىدا يول سوراپ، دەڭ-قونالغۇ ئىزدەپ ئۆزۈنىچە تىمىسقىلاپ يۈردى. بۇ يەرنىڭ سەھرا-يېزىلىرىدىمۇ، شەھەر-بازارلىرىدىمۇ كىشىلەرنىڭ ”ر“ تاۋۇشىنى زادىلا تەلەپپۇز قىلالمايدىغانلىقىنى، ”ر“نىڭ ئورنىغا ”ي“نى ئىشلىتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇلار يەنە جۈملىنىڭ ئاخىرىغا غەلىتە قىلىپ ”يا“نى قوشۇۋالاتتى. دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئاڭقىرمىسا گېپىنى ئۇققىلى بولمايتتى. قەلەندەر تىلىدا ”ر“ تاۋۇشى بولمىغان قەدىمكى ساكلارنى يادىغا ئېلىپ: ”ئېھ ساكلار، ئېھ ساكلار، بويسۇندۇرۇلغىنىڭلارغا سەككىز يۈز يىلدىن ئاشتى. تېخىچە ‹ر›نى ئۆگىنەلمەپسىلەر-دە...“ دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى قوشۇۋېلىنغان قەدىمكى مىللەتنىڭ ئاخىرقى قارشىلىق كۆچىگە بولغان قايىللىق ئىگىلىگەنىدى... قەلەندەر ئاشۇ تەسىراتلىرىنى مۇجەسسەملەپ، ئىلچىنىڭ تار كوچىسىدا تەمبۇرنى تۇنجى قېتىم سايراتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ چۆرىسىگە گۇررىدە ئولاشتى. ئۇ قەدىمكى ساكلارنىڭ ”يا“ قوشۇمچىسىنى رادىف قىلىپ بىر غەزەل تەڭكەش قىلدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا خۇددى خوتەنلىكلەرنى دوراۋاتقان يات يۇرتلۇق ھەزىلكەشكە ئوخشايتتى:

شۈكرى لىللاھ غەمگۇزارىم كەلدى-يا،
غەمدە قويغان گۈلئۇزارىم كەلدى-يا.
جىلۋىسىنى كۆرسىتىپ زاھىردىئەلگە رەڭبەرەڭ،
بۇ بەدەن دەشتىنى كەزگەن دىلفىكارىم كەلدى-يا.
نېچە كۈن ۋەسلىن سوراپ يۈردۈم خوتەن سەھراسىدا،
جەئفىرى سادىق ئىمام قۇتبى زامانىم كەلدى-يا.
مەشرەبىڭ مەھشەردە يىغلاپ داد ئېتەر،
داد ئېتىپ يارنى ئىزدەپ كەلدى-يا.



www.uyghurkitap.com

كىشىلەر غەزەلنى تولۇق چۈشىنىشكەنىدى. ئالقىش ياڭرىتىپ بارىكاللا ئېيتىشتى. تەڭگە-تىيىنلەر قەلەندەرنىڭ كولاھىغا جىرىڭلاپ چۈشتى. ئۇ ئىسىلگىرىكىدەكلا ئاز بىر قىسمىنى ئۆزىگە ئېلىپ، قالغانلىرىنى باللارغا چاچقۇ-مارجان قىلىپ كېتىپ قالدى...

قەلەندەر نېمىشقىدۇر "قەلەندەرخانا"غا ئەمەس، گۈللۈغ ئۆستەڭنىڭ بويىدىكى بىر دەڭگە چۈشتى. دەڭچا قىزغىنلىق بىلەن كۆك ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھەيرانلىق ئالامەتلىرى چاقناپ تۇراتتى. "دەيۋىشىمكىن دېسەم تەمبۇي كۆتىيىۋاپتۇ، نەغمىچىمىكىن دېسەم جەندە-كولاھ كىيىۋاپتۇ" دەپ پىچىرلىدى ئۆز-ئۆزىگە. لېكىن ئۇنىڭ ھەيرانلىقى قەلەندەرنى قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا تەسىر يەتكۈزمىدى. ئۇ قەلەندەرنى ھوجرىغا باشلىغاندىن كېيىن قىزغىنلىق بىلەن خىتاب قىلدى:

— نېمە ھاجەتلىيى باكىن تەخسىيىم؟

قەلەندەر دەڭچانىڭ چىرايىغا دىققەت بىلەن تىكىلىپ قارىدى. زۇۋان سۆرمەستىن قولىنى قوينىغا تىقىپ بىر تەڭگىنى ئالدى-دە، دەڭچانىڭ ئالدىغا تاشلىدى:

— ئۆزۈمگە ئوزۇق، ئېشىكىمگە بوغوز، غېرىمغا دان ئەپكەل!

دەڭچا ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— تەخسىيىم، شەھىيىمىز ئەزەلدىن قىممەتچىلىك شەھەي، بىي تەڭگىگە ئاش، بوغوز، دان سېتىۋالغىلى بولماسمىكىن، ئەمدى بۇ بىي تەڭگە...

قەلەندەر دەڭچانىڭ چىرايىغا دىققەت بىلەن تىكىلىپ قارىدى، خېلى ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ تۇردى. ئۇ گويا دەڭچانىڭ تېزرەك ئەقلىنى ئىشقا بۇيرۇشىنى كۈتۈپ تۇرغانغا ئوخشايتتى. لېكىن دەڭچا ئاشۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالىتىدە "ئەمدى بۇ بىي تەڭگە، ئەمدى بۇ بىي تەڭگە..."سىنى تەكرارلاپ تۇراتتى. قەلەندەر ھەممىنى كۆرۈپ، چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئۇ يېنىدىكى

ئاق غازغا قاراپ قويۇپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. دەڭجا ئۇنىڭ نېمىگە دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. قەلەندەرنىڭ دۇئاسى تولىمۇ قىسقا بولدى. ئۇنىڭ نېمىدەپ، قايسى ئايەتنى ئوقۇپ دۇئا قىلغانلىقىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى...

لېكىن ئۇزاق يىللار-ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر ئاشۇ قىسقا دۇئانى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇلار: ئاشۇ قېتىم ئەۋلىيا، خوتەنلىكلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ ”سېنىڭ ئىشىڭنى خۇدا قىلغاي!“ دەپ دۇئا قىلغان، شۇڭا خوتەنلىكلەرنىڭ كۆلپەت-جاپاسى كۆپ بولمايدۇ، دېيىشىپ يۈردى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، شۇ قېتىم ئەۋلىيا ”خوتەنلىكلەرنىڭ پۇشايمىنى چۈشتىن كېيىن كەلگەي!...“ دەپ دۇئايى-سېھىر قىلغانمىش، خوتەنلىكلەرنىڭ دائىم ئەتىگەندە قىلغان ئىشىغا چۈشتىن كېيىن پۇشايمان يەپ يۈرۈشىدىكى سەۋەب شۇنىڭدىنمىش...

ۋەھالەنكى، قەلەندەر شۇ كېچە ئاچ قورساق يېتىپ قالدى، دەڭجا ئۇنىڭ ئۇخلىغان-ئۇخلىمىغانلىقىنى بىلەلمىدى، لېكىن ئۇنىڭ غىڭزى بولسا، كېچىچە غاقىلداپ، كۆك ئېشىكى پات-پات ھاڭراپ چىقتى...

* * *

قەلەندەر تاڭ سەھەردە دەڭدىن چىقىپ تاكى پېشىنغىچە خوتەن شەھىرىنى چۆرگىلەپ يۈردى. كۆك ئېشەكنى ھېچيەردە توختاتمىدى. تەمبۇرنىمۇ سايراتمىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ جەندە، كۇلاھسىدىن كۆرە، ئۇزۇن دەستىلىك تەمبۇرىغا، رەڭگى كۆك ئېشىكىگە، ئېشەكنىڭ سۆڭگۆچىگە قونۇپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرغان ئاق غىڭزىغا بەكرەك قىزىقىپ قارىشاتتى، لېكىن ئۇ توختىماي ئۆتۈپ كېتەتتى، ئۇ ”سۇ دەرۋازىسى“دىن ”يەركەن دەرۋازىسى“غىچە، ”گۆرجان دەرۋازىسى“دىن ”ھېيتگاھ دەرۋازىسى“غىچە، ”قىزىق دەرۋازىسى“دىن ”ئاقسۇ دەرۋازىسى“غىچە كېزىپ چىقتى. ”سۇ

دەرۋازىسى“ تەرەپتە ئېگىز-ئېگىز توغراقلار سايە تاشلاپ تۇرغان ”ئەسكىرىي مازار“نى، ”ھېيتگاھ دەرۋازىسى“ تەرەپتە ”ھەسسۇلتان مازىرى“نى، ئۇنىڭدىن يىراقلاپ چۈشۈپ ”ئاغچا بۇلاق“ دېگەن يەردە ”ئالتە قىزلىرىم مازىرى“نى، قاراقاش دەرۋازىسى تەرەپتە ”لېچىن ئاتا مازىرى“، ”توغراق مازار“لىرىنى، ”ئات بازىرى“نىڭ يېنىدا ”جالاپ مازار“نى، ”تامباغ“ تەرەپتە ”مۇپتى غوجام مازىرى“نى، ”شورۋاغ“ تەرەپتە ”شەمسى تەبىر سىزىم مازىرى“نى... سەيلە-تاۋاپ قىلىپ ئۆتتى. ھەممە مازارلارنىڭ دەرۋازىسىدا تىلەمچىلەر قاتار-قاتار تىزىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. ھەقتائالانىڭ، ھەزرىتى رەسۇلۇللانىڭ، تۆت چاھارىيارلارنىڭ، پاتىمە-زۆھرالارنىڭ، ھەسەن-ھۈسەنىنىڭ ھەققىدە سەدىقە سورىشاتتى...

قەلەندەر بازارلارنىمۇ ئايلاندى. پۈتكۈل بازاردا سودا-سېتىق قايىنغان قازاندەك ۋاراقشىيتتى. كەشمىرلىكلەرنى، دېھلىيلىقلارنى، كابۇللۇقلارنى، ئەنجانلىقلارنى كۆرگىلى بولاتتى. ئەرەبلەر، پارسلار، ھىندىلار، پەرەڭلەر، خەنزۇلار ئېلىپ-سېتىشىپ يۈرەتتى. قاشتېشى، ئالتۇن-كۈمۈش، گىلەم، ئەتلەسلەر چاقنايتتى. ھىندىلارنىڭ دورا-دەرمەكلىرى، ئەرەبلەرنىڭ قۇرئان ۋە خورمىلىرى، خەنزۇلارنىڭ چىنە-تەخسىلىرى ئايرىۋېلىناتتى. ئالتۇن-تىللالار، كۈمۈش تەڭگىلەر، مىس تىيىنلار جىرىڭلايتتى. قىچقىرىقچىنىڭ ”ئەييۇھەنناس“لىرى، كاۋاپچى، سامسىپەز، مانتىپەز، ھالۋىچى، گۆش گىردىچى، باققاللارنىڭ خېرىدار چىللاشلىرى، ئۇرۇشقان-سوقۇشقانلارنىڭ تىل-ئاھانەت، غەلۋە-چۇقانلىرى قوشۇلۇپ، بازار ئىچى بوران چىققاندەك گۈرۈلدەيتتى. ئاشۇ گۈركىرەك ئىچىدە ئاتلىق چارلاپ يۈرگەن رەئىس شەرئىيىنىڭ ”يۈزۈڭنى ياپ نائەھلى، ھو بىنومۇس!“ دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشنى، قامچىنىڭ تارسىلداپ ئۇرۇلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. گۈل پۇرىقى، قوغۇن پۇرىقى، سامسا ھىدى، كاۋاپ ھىدى، ئىپار، ئەنبەر، زەپەرلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى بىلەن چۈچىتىلىۋاتقان زاغۇن يېغى، ئۈكلىنىۋاتقان كاللا، ئاشلانغان تېرە، ئىسلىنىۋاتقان كۆن-خۇرۇملارنىڭ

www.uyghurkitap.com

قاقسىق پۇراقلىرى قوشۇلۇپ كەتكەندى. خوراز، بۆدۇنە چوقۇشتۇرۇۋاتقانلارنى، ئىت-سەگ تالاشتۇرۇۋاتقانلارنى، بۇقا-قوچقار ئۇشتۇرۇۋاتقانلارنى كۆرگىلى بولاتتى. ساتار چېلىپ مۇقام قىچقىرىۋاتقان، راۋاب تىرىڭشىتىپ، جەڭنامە سۆزلەۋاتقان، ئۇسسۇل ئويناپ كەرەشمە كۆرسىتىۋاتقانلارنى، نەشە چېكىپ دوس تارتىۋاتقان، تاۋۇكادا جەمشىتنى چىللاپ، دەتتىكام ئېتىۋاتقان، چېلىش سورۇنىغا چۈشۈپ، كۈچ سىنىشىۋاتقانلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. دۇكان، ماگىزىنلارنىڭ لاكلانغان چىرايلىق شادا قەپەسلىرىدە بۇلبۇل-كۆكتالغۇلار، تورغايلار، شاتۇتىلار سايرىشاتتى. كىچىككىنە تاغ قاغىسىنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كوچا ياقىسىدىكى قەنەرلەردە تۆگە گۆشى، ئات گۆشى، كالا-قوتاز گۆشى، قوي-ئۆچكە گۆشى، توخۇ-ئۆردەك گۆشى، ئۇلا، كەكلىك گۆشى، پاختەك، جىگدىچى گۆشى، بۆدۇنە، قۇشقاچ گۆشى... ئېسىلىپ تۇراتتى. ھەرە، چىۋىنلەر ۋىژىلدايتتى، بازار گۈرۈلدەيتتى، جاھان ئۆز ئىشلىرى بىلەن ھەلەك ئىدى...

قەلەندەر گويا ئاشۇ جاھان غوۋغالىرى بىلەن زادىلا مۇناسىۋىتى يوقتەك بىنەزەر چۆرگىلەپ يۈرەتتى، كۆك ئېشەكنى دېۋىتەتتى. ئۇنىڭ بازار كۆرۈپ چۆرگىلەپ يۈرۈشىدە، ئاشۇ نەرسىلەرگە نەزەر سېلىشىدا ھېچقانداق مۇددىئاسى يوق ئىدى، پەقەت كۆرۈش ئۈچۈنلا كۆرەتتى، چۆرگىلەش ئۈچۈنلا چۆرگىلەيتتى. ئۇ پەقەت بىر قېتىملا ئېشەكتىن چۈشتى. بۇنىڭغا ئاشۇ كوچىلارنىڭ ئىتنىڭ ئۈچىيىدەك تار بولۇشى، نەپسى بالا ناتەھلىلەرنىڭ كوچىغا قىستاپ ئۆي-تام سېلىپ، يولنى تارلاشتۇرۇپ قويۇشى سەۋەب بولدى. ئالدىدىن يۇلغۇن شېخى ئارتىلغان بىر سۇر ئېشەك كەلگەندى، ئىككى ئېشەك كوچىغا پاتمىدى. يا سۇر ئېشەكنىڭ شېخى ياكى كۆك ئېشەكنىڭ يۈكى ئۆرۈلۈش كېرەك ئىدى. قەلەندەر خېلى ئۆزۈنغىچە سۆكۈت ساقلاپ كۈتكەن بولسىمۇ سۇر ئېشەك يول بەرمىدى. ئېشەكنىڭ ئىگىسى بولسا توختىماي ”پوش-پوش!“ دەپ ۋارقىرايتتى. ئاخىر

كۆك ئېشەكنىڭ يۈكى ــــ قەلەندەر ئېشەك ئۈستىدىن چۈشتى. ئۇ ئېشەك پەس بولسا ئېگىشىش كېرەكلىكىنى چۈشىنەتتى. كۆك ئېشەك تامغا قىستالدى. قەلەندەر كۆك ئېشەككە يېپىشتى. شۇنداقتىمۇ سۇر ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى يۈلغۈن شېخى قەلەندەرنىڭ جەندىسىنى ئىلىپ، ئاق غازنى پالاقلىتىپ، ئاران تەستە ئۆتۈپ كەتتى...

قەلەندەر ئۆزلىرى قىستالغان تامغا قاراپ خېلى ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ يادىغا بالىلىق چېغىدا، ئاشۇ يىراق نامانگاننىڭ تار كوچىلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بىر ئەسلىمە چۈشتى. نامانگاننىڭ كوچىلىرىمۇ ئاشۇنداق تار ئىدى، ئۇ يەردىمۇ كوچىنى تارلاشتۇرۇپ، يولنى قىستاپ ئۆي-تام سېلىۋالىدىغان نائەھلىلەر بار ئىدى. ئۆزىنىڭ ھويلىسىنى كېڭەيتىۋېلىش ئۈچۈن جامائەتنىڭ يولىغا ئەجدىھادەك چاڭ سېلىشاتتى. بىر نائەھلى ــــ نەپسى قۇل مەسچىت بىلەن موللا ۋەلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدىكى يولنى قىستاپ، ئۆي سېلىۋالدى. ئۆيىنىڭ بۇرجىكى يولغا خۇددى ئۇنىڭ گېلىدىكى پوقاقتەك بۆرتۈپ چىقىپ تۇراتتى. يول تېخىمۇ تارلىشىپ كەتتى، سۈپىتىمۇ بۇزۇلدى. ئاشۇ كوچىدىن كۆپ كىشىلەر ئۆتىدىغان بولسىمۇ نائەھلىنىڭ كۆكەمىلىكىدىن قورقۇپ غىڭ قىلىشالمىدى. ئاخىر يەنىلا ياش بابارەھىم كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى:

ــــ جامائەتنىڭ يولىنى ئىگىلىۋېلىش مۇسۇلمانلىق جۈملىسىدىن ئەمەس...

ــــ نېمىدېدىڭ قۇل بەچچە؟ ــــ يەنە بىر دېگىنە، يولغا پاتماي قالدىڭمۇ-يا؟

ــــ مەنغۇ پاتارمەن، لېكىن، هارۋا-مەپە ئۆتۈپ قالسا پاتمايدۇ.

ــــ سېنىڭ ئۆيۈڭگە هارۋا ئۆتەتتىمۇ؟ ۋاي قوۋۇرغامەي، مۇنۇ موللا ۋەلىنىڭ يالاڭغىداق بەچچىسى مەپىگە ئولتۇرماقچىمىش تېخى. ۋاي خالايىق، تىڭشاڭلار، مۇنۇ قۇل بەچچە... ھا-ھا-ھا...

ياش بابا رەھىم نەپسى قۇلنىڭ زەھەردەك گەپلىرىدىن مەڭدەپ

قالمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ سوئال قويدى:

— بۇ يولدىن ھارۋا ئۆتمەمدىكەن؟ مەن مەپىگە ئولتۇرسام بولمامدىكەن؟ ئەگەر مەپە ئۆتۈپ قالسا قانداق قىلىسەن، نەپسى قۇل ئاكا؟

— ئەگەر سەن مەپىگە ئولتۇرۇپ ئۆتمەكچى بولساڭ، ئۆيۈمنى چېقىپ، يولنى كېڭەيتىپ بېرىمەن، ئۇقتۇڭمۇ قۇل بەچچە، ۋاي ئەخمەق جۇلدۇر كېپەن، ئاۋۋال بىر، پۇتۇڭغا كەش تاپ، ئاندىن مەپە ھەققىدە چۈش كۆر — ھا-ھا-ھا...

— ئاشۇ گېپىڭ راستمۇ؟ گېپىڭدە تۇرالامسەن؟

— ھۆججەت قىلىپ بېرەمسەن يالاڭتۆش؟ قېنى ھۆججىتىڭنى ياز، ئوڭ قولۇمنىڭ باش بارمىقىنى بېسىپ بېرىمەن، قېنى ياز...

ھۆججەت بىردەمدىلا پۈتۈلۈپ تەييار بولدى. نەپسى قۇل مەردانىلىق بىلەن راستتىنلا ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقىنى باستى، لېكىن، ئۇ شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ، ئۆيىنى چېقىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى خىيال قىلىپمۇ قويمىدى. چۈنكى ئۇ يالاڭتۆش موللا ۋەلىنىڭ ئۆيى تەرەپكە مەپە ئۆتسە قۇياش مەشرىقتىن ئەمەس مەغرىبتىن چىقىدۇ دەپ ئويلايتتى...

شۇ كۈنلەردە موللا ۋەلىنىڭ يالغۇزى — بابا رەھىمنىڭ ئاجايىپ ھېكمەتلىرى، سىرلىق سۆز-ھەرىكەتلىرى ئاستا-ئاستا ئەل ئىچىگە تارىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ چوڭقۇر ھېكمەتلىرىدىن تەئەججۈپكە چۈشكەن ئىلىم سۆيەر نامانگان ھاكىمى ئۇنىڭ بىلەن دىدار مۇلاقەت بولماقنى ئىزدەپ، چىللاپ كېلىشكە ئاتلىق چاپار ئەۋەتتى، لېكىن بابا رەھىم يالاڭ بېرىشنى رەت قىلدى، ھاكىم ئىككىنچى قېتىم كۆمۈش ئېگەرلىك نامانگان ئارغىمىقىنى ئەۋەتتى، بابا رەھىم يەنىلا رەت قىلدى. ئۈچىنچى قېتىم تەتىللا سايىۋەنلىك ھاكىمانە مەپىسىنى ئەۋەتتى. مەپە نەپسى قۇلنىڭ پوقاقتەك بۆرتۈپ چىققان ئۆيىنىڭ دوقمۇشىدىن پاتمىدى. چىللاققا كەلگەن دورغا ئاشۇ يەرگىچە يالاڭ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىۋىدى، بابا رەھىم، مەپە ئىشىكى ئالدىغا كەلمىگۈچە ئۆيدىن چىقمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، دورغىنىڭ قۇلىغا نەپسى قۇل قول

قويغان ھېلىقى ھۆججەتنى تۇتقۇزۇپ قويدى... قۇم سائەت بىر قېتىم دۈم كۆمتۈرۈلۈپ، قۇم ئېقىمى تەتۈرگە قاراپ يېرىمى ئېقىپ بولغۇچە، مەيە دېگــەنــدەكلا موللا ۋەلىنىڭ ئىشكى ئالدىغا كەلدى. بابارەھىم تەتىللا ســايــۋەنلىك مەيدە گىدىيىپ ئولتۇرۇپ ھاكىم ئوردىسىغا قاراپ يولغا چىققاندا، ئەمدى نەپسى قۇلنىڭ پوقاق ئۆيى كوچىدىن يوقالغانىدى...

مانا ھازىر ئىلچىنىڭ تار كوچىسىدا يولغا پوقاقتەك بۆرتۈپ چىققان ئۆي تېمىغا قاراپ تۇرغان قەلەندەر، مۇشۇ شەھەردىنمۇ ئۆزىگە ئوخشاش نــائــەھــلىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرەلەيدىغان بىرەر ئەپچىلەمنىڭ چىقمىغىنىغا ئۆكۈندى. لېكىن، ئاشۇ يىراق نامانگاندا بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى ئەسلەپ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ يادىغا يەنە ئانىسى سەلىمە ۋە سىڭلىسى كەلدى. نامانگاننىڭ بۇك-باراقسان باغلىق مەھەللىلىرىنى، ئۆزى ئــوقــۇغان مەدرىسنى، ئاشۇ تار كوچىلارنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ سىنەسى يۇرت ئىشقىدا، ئەل ۋە ئۇرۇق-تۇغقان ئىشقىدا پىژىلداپ ئېچىشتى.

* * *

قــەلــەنــدەر پــېشىنغا يېقىن دەڭگە قايتىپ كەلدى، لېكىن دەڭگە كىرمىدى. دەڭنىڭ يېنىدىكى مەسچىتنىڭ ئېگىز ئەزانخانىسىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ يەردە مەزىن ناماز پېشىنغا ئەزان قىچقىرىۋاتاتتى، ئەزان مۇڭلۇق ھىندىچە ئاھاڭدا ئوقۇلۇۋاتقان بولۇپ، ياڭراق ئاۋاز ئۇنى يىراقلارغا ئېلىپ كــېــتــەتتى. قەلەندەر ئاشۇ ئەزانخانىغا كۆتۈرۈلگەندە خوتەن شەھىرىنى ئۈستىدىن ئېنىق كۆرۈشكە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئاشۇ چاغدىن ئۈچ يۈز يىللار كېيىن قايتا ياسىلىپ ”ناسىر ھاجىم مەسچىتى“ دەپ ئاتالغان ئاشۇ مەسچىتنىڭ ئەزانخانىسى ئۈچ بۇرجەك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئېگىز مۇنار ئىدى، ”گۈللۈغ ئۆستەڭ“گە تاقاپ سېلىنغان مەسچىت دەرۋازىسى ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قەلەندەر ئېشىكىنى يېتىلەپ، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ،

مەسچىت ھويلىسىدا كۆكىرىپ تۇرغان ياش، لېكىن ئېگىز تۆت تۈپ سېدە دەرىخىنى كۆردى. ئۇ كۆك ئېشەكنى سېدىگە باغلاپ، تەمبۇرنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، ”ئەنجان شوتىسى“ ئارقىلىق ياغاچ مۇنارغا كۆتۈرۈلۈۋېتىپ، مەسچىت ئەتراپىنىڭمۇ مازار بىلەن قورشالغانلىقىغا، ئېگىز ۋە قېرى توغراقلارنىڭ قەبرىلەرگە سايە تاشلاپ تۇرغانلىقىغا نەزەر سالدى. ئۇ ئەزان پەشتىقىغا يېتىپ چىققاندا، ئەزان تېخى ئاياغلاشمىغانىدى. ئىككى قولىنىڭ باش بارماقلىرىنى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا تەگكۈزۈپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئەزان توۋلاۋاتقان مەزىنىنىڭ كۆزلىرى قەلەندەرگە تىكىلىپ قالدى، ئاۋازى ئاستا-ئاستا ئۆچتى، قەلەندەر پەرۋايى پەلەك ئىدى. ئۇ چار ساقاللىق مەزىنىنىڭ نەشتەردەك تىكىلىشلىرىگە ئېتىبار قىلماي، پەشتاق ئۈستىدە ئايلىنىپ، شەھەرگە نەزەر سېلىپ چىقتى. شەھەرنىڭ غەربى ۋە غەربىي جەنۇبى قىسمى ئېگىز، شىمالى ۋە شەرقى قىسمى پەس ئىدى. شەرقتە، يېقىنلا يەردە يورۇڭقاش دەرياسى دولقۇن ئۇرۇپ، شاۋقۇنلاپ ئېقىپ تۇراتتى. قەلەندەر شەھەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ قاچانلاردىدۇر بىر چاغلاردا يورۇڭقاش تېشىپ ئاققان ئويمانغا سېلىنغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدى ۋە شەھەرنىڭ تار، ئۈستى يېپىق كوچىلىرىغا، پاكار-پاكار ياغاچ ئۆيلىرىگە نەزەر ئاغدۇردى. دۆمچەك-دۆمچەك قەبرىلەر بىلەن تولغان، خادا-شەددىلەر يالڭاچلىنىپ تۇرغان مازارلار شەھەرنى بۆلەك-بۆلەكلەرگە بۆلۈۋەتكەنىدى. خادا-شەددىلەردە سامان تىقىلغان تۈلۈملار چوقچىيىپ، تۇغ-ئەلەملەر ۋە قوتاز قۇيرۇقلىرى يەلپۈنۈپ تۇراتتى. قەلەندەر قەدىمكى شەھەردە مازارنىڭ شۇنچە كۆپ ئىكەنلىكىگە ھەيران قالدى ۋە شۇ ھامان يىراق ۋە يېقىن تارىختىكى ئۇرۇشلارنى باسقۇنچى، بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ زۇلۇملىرىنى، كۈچلۈكخانىنىڭ ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقلىرىنى يادىغا ئالدى. ”شەھىدانە خوتەن“ دېيىشكەنلىرى راست ئىكەن-دە، دەپ ئويلىدى. ئۇ شەھەرنى تولۇق كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغانىدى. ئۇ بېشىنى ئېگىپ، ئەزان پەشتىقىنىڭ سالاسۇندىن ئېسىلىپ پەسكە، ئايىغى تېگىگە قارىدى. ”گۈللۈغ

ئۆستەڭ“ لايلىنىپ ئېقىپ تۇراتتى. ئۆستەڭنىڭ قىرغىقىدا، بىر تالاي ياش تالىپلار ئىشتانلىرىنى تىزىغىچە سىيرىپ قويۇپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تەرەت ئېلىۋاتاتتى. ئۇچۇمغا ئالغان سۇنى ئەۋرىتىگە چېچىپ يۇياتتى. ئەۋرەتلىرىدىن ساقىغان سۇ يەنە يالاپ ئۆستەڭگە چۈشەتتى... قەلەندەر ئۆستەڭنىڭ سەل ئايىغىغا نەزەر سالدى. ئۇ يەردە يەنە ئاللىكىم ئۇچۇمدا ئاغزىغا سۇ ئېلىپ غار-غار قىلىۋاتاتتى. يەنىمۇ پەسترەك باش-كۆزىنى قارا رومال بىلەن چۈمكىگەن بىر ئاجىزە قاپاقنى ”گۇللۇغ ئۆستەڭ“گە چۆكۈرۈپ سۇ ئۇسسۇۋاتاتتى. قەلەندەر بىردىن يىرگىنىپ كەتتى ۋە ئارقىدىنلا كۈلۈمسىرەپ ئىشتان بېغىنى يەشتى. ئۇ قىلچە ھېيىقماستىن ئاشۇ ئېگىز مۇنار ئۈستىدە تۇرۇپ ”گۇللۇغ ئۆستەڭ“گە شارقىرىتىپ سىيدى. تۇيۇقسىز چىققان شارقىرىغان سادا تەرەت ئېلىۋاتقان تالىپلارنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئوچۇق ھاۋادا ياغقان تۇيۇقسىز ”يامغۇر“ — سۈيدۈك تامچىلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستىۋېشىغىمۇ چاچرىدى. ئۇلار ئىشتانلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ھۇدۇققىنىچە ئۆستەڭ بويىدىكى يولغا قېچىپ چىقتى ۋە ئاسمانغا قاراشتى. ئېگىز مۇنارنىڭ چوققىسىدا جەندە-كۇلاھ كىيگەن قەلەندەر ”گۇللۇغ ئۆستەڭ“گە شارقىرىتىپ سىيىپ تۇراتتى. قىيا-چىيا كۆتۈرۈلدى.

— ھوي كاپىر، نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— ھۇ، سۇغا سىيگەن جوھۇت.

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟

— چۈش بۇياققا...

قەلەندەر كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇ ئالدىرىماي ئىشتانبېغىنى ئېتىپ، چاڭ-توزان ۋە ئىس-تۈتەك ئاستىدا گۈرۈلدەۋاتقان شەھەرگە نەزەر سېلىشقا باشلىدى. پەستە قىيا-چىيا داۋام قىلاتتى.

— چۈش بۇياققا...

— نەدىن كەلگەن بىئەدەپسەن؟

— ئەدەپلەپ قويۇش كېرەك ئۇنى...

قەلەندەرنى ئەزاننىڭ دۇئاسىنى ئەمدىلا تامامىلىغان مەزىن ئاخۇنۇمۇ دۆشكەلىدى.

— نېمە قىلىغان قىلىق بۇ، ساراڭمۇيا سەن؟ چۈشە پەسكە، ھۇ بىئەدەپ...

قەلەندەر مەزىن ئاخۇنۇمغا بۇرۇلدى.

— قېنى ئۆزلىرى ئالدىدا مەرھەممەت قىلىغايلا...

— چۈش دەۋاتىمەن سېنى...

— ئۆزلىرى ئالدىدا ماڭسىلا مەزىن ئاخۇنۇم، مەن ئالدىلىرىغا ئۆتۈۋالسام بىئەدەپلىك بولىدۇ. قېنى مەرھەممەت...

قەلەندەر كۈلۈمسىرەيتتى، مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ چارساقلى غەزەپتىن تىترەيتتى، كىچىككىنە پوقىقى چىلگە قاپاقتەك گىلدىڭلايتتى. خېلى ئۇزاق سالا-سۆلھەدىن كېيىن ئاخىر يەنە مەزىن ئاخۇنۇم ئالدىدا مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. قەلەندەر ئىستىھزا بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان چۈشۈپ كەلگەندە، ئەمدى پەستىكى ئالامانىڭ گەپ-سۆزلىرىدە ئۆزگىرىش بولغانىدى.

— ساراڭ ئوخشايدۇ.

— ساراڭ بولمىسا سۇغا سىيەمدۇ؟

— قەلەندەر كىيىمى كىيىۋالغان ساراڭ ئىكەن...

— ساراڭ بولسىمۇ مەن ئۇنى... قېنى بۇياققا تۇرۇڭلار...

قەلەندەر "ئەنجان شوتىسى"نىڭ ئاستىنقى ئۈچىنچى پەشتىقىغا چۈشۈپ، خۇددى ئورۇندۇق-كۇرسىدا ئولتۇرغاندەك پۇتلىرىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. قولىنى ئۇزىتىپ تامغا يۆلەپ قويغان تەمبۇرنى ئالدى ۋە تىرىڭلىتىپ چېلىشقا باشلىدى. ئۇ خۇددى بۇ يەردە ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان ئالامانىڭ غەزەپ-نەپرەتلىرى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك مەنىسىز قارايتتى. لېكىن قەلبىدە ھەيرانلىق ئارىلاش بىر پىكىر — بۇ تالىپلار خوتەنلىك ئەمەسمىكىنە؟ "ر" تاۋۇشىنى



www.uyghurkitap.com

تـوغـرا تـەلەپپۇز قىلىدىكەنغۇ، ھە، راست مەكتەپ كۆرگەنلىرى ”ژ“نى ئۆگىنىۋاپتۇ-دە، دېگەن پىكىر كېزىپ يۈرەتتى. شۇ ئەسنادا يېشى چوڭراق بىر تالىپ ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ سوراق قىلىشقا باشلىدى:

— سەن قەلەندەرمۇ ياكى ساراڭمۇ؟

— ھەم قەلەندەرمەن ھەم ساراڭمەن.

— سۇغا سىيگىنىڭنى بىلەمسەن؟

— نېمشقا بىلمىگۈدەكمەن؟ ئەتىگەن ئاشۇ ئۆستەڭدىن ئىچكەن، ئەمدى يەنە ئاشۇ ئۆستەڭگە قوشۇۋەتتىم.

— شۇ قىلغىنىڭ دۇرۇسمۇ؟

— بالىسى ئانىسىغا قوشۇلدى، جۇدالىق تامام بولدى...

قەلەندەر بەخىرامان ئىدى، تەمبۇرنى تىرىڭلىتىشنىمۇ توختاتمىدى. سـوئـالـلارغـا دۇدۇقـلىماي، ھازىر جاۋابلىق بىلەن ئۇن قېتىپ تۇردى. ئاچچىقلاپ-چىچاڭشىپ كەتكەن تالىپلار ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى.

— راستىنلا ساراڭ ئوخشايدۇ.

— ساراڭ ئەمەس، كاپىر چاغۋا...

— ياق، ساراڭ ئەمەسكەن، ساراڭ بولسا ئاشۇنداق سۆزلىيەلەمدۇ؟

— سۆزلەپ قالغان ساراڭمىكىن يا...

— سوراپ باققىنا، كاپىرمىكىن، مۇسۇلمانمىكىن...

ھـېـلـىـقى سوئال سوراۋاتقان چوڭ ياشلىق تالىپ ھەمراھلىرىنىڭ ھە-ھۇلىرى بىلەن يەنە سوئال سوراشقا باشلىدى:

— سەن مۇسۇلمانمۇ-كاپىرمۇ؟

— مۇسۇلمان دېسەڭ مۇسۇلماندۇرمەن، كاپىر دېسەڭ كاپىردۇرمەن.

— سەن كىمنىڭ قۇلىدۇرسەن؟

— باقى بوياقچىنىڭ قۇلىدۇرمەن.

تالىپلار ئىچىدە گۇررىدە ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. ئۇلار ”كاپىر، كاپىركەن“ دەپ ۋارقىراشتى. سوئال سورىغۇچى غەزەپلەنگەن ھالدا يەنە بىر سوئال

سورىدى:

— سەن كىمنىڭ ئەۋلادىدۇرسەن؟

— ئاتام موللا ۋەلى بىلەن ئانام سىلىمخاننىڭ ئەۋلادىدۇرمەن...

"كاپىركەن، راستىنلا كاپىركەن" دېگەن ۋارقىراشلار سوئال-جاۋابنى ئۈزۈپ قويىدى. سوئال سورىغۇچىنىڭ ئۆزىمۇ ئەمدى ئالدىدا جەندە-كۇلاھ كىيگەن قەلەندەر ئەمەس، نامەلۇم بىر كەلگۈندى دەھرىنىڭ تۇرغانلىقىغا ئىشەندى، تالىپلار يەنە ۋارقىراشتى.

— ماڭ مەھكىمە شەرئىيىگە بارىمىز.

— ماڭسام ماڭدىم.

— سېنى ئۇ يەردە يۈز پالاق ئۇرۇپ مۇسۇلمان قىلىشىدۇ.

— ئوڭلىنىپ قالىسەن...

— ساراڭلىقىڭمۇ ئوڭشىلىدۇ...

قەلەندەر شوتىدىن چۈشۈپ، سېدىگە باغلاپ قويۇلغان كۆك ئېشەكنى يەشتى. ئۇ يەنىلا بەخىرامان ئىدى. قورقانلىقى ياكى ھودۇققانلىقى بىلىنمەيتتى. گويا مەھكىمە شەرئىيىگە يېقىن بىر قېرىندىشى ياكى قەدىناس دوستىنى ئىزدەپ كېتىۋاتقاندەك ئوڭايلا تالىپلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. مەسچىت دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىن، تاختا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھېلىلا ئۆزى شارقىرىتىپ سىيگەن «گۈللۈغ ئۆستەڭ»گە كۆلۈمسىرەپ قاراپ قويىدى...

ئۇزۇن يىللار، ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر ئەۋلىيانىڭ مۇشۇ "گۈللۈغ ئۆستەڭ"گە سىيگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇلار "گۈللۈغ ئۆستەڭ"نىڭ سۈيىنىڭ تاتلىقلىقى، ئېغىرلىقى، بىر ئىچىپ باقسا سۈيىنىڭ ... مېھرىنى ئۆزەلمەي خوتەندە تۇرۇپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەشكەندە ئاللىقانداق بەخت-ئىپتىخار بىلەن "شەھەرنىڭ مەركىزىنى كېسىپ ئۆتىدىغان گۈللۈغ ئۆستەڭگە ئەۋلىيا سىيگەن..." دەپ ئەسلىشەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەۋلىيانىڭ سۈيىدۈكى ئارىلاشقان سۇ تاتلىق

بولارمش...

قەلەندەر ھېرىپ قالدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئېشىكىگە مىنىۋېلىشنى ئىلتىماس قىلدى. نېمىشقىدۇر تالىپلار ئۇنىڭ بۇ ئىلتىماسىغا تاقىرىشمايلا قوشۇلدى. قەلەندەر ئېشەكنىڭ سۆڭگۈچىگە قونۇپ ئولتۇرغان غازنى قولىغا ئېلىپ باغرىغا باستى، يەنە بىر قولىدا تەمبۇرنى تۇتقان پېتى ئېشەككە سەكرەپ مىنىۋالدى.

* * *

خوتەننىڭ توپىلىق كوچىسىدا، بىر توپ تالىپلارنىڭ ئالدىدا، ئۈستىگە جەندە، بېشىغا ئۇچلۇق كۇلاھ كىيگەن قەلەندەر كۆك ئېشەككە تەتۈر مىنىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ھېلى غازنى قۇچاقلاپ، تەمبۇرنى تۇتقان ھالدا ئېشەككە ئوڭ مىنگەندى، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەيلا سول پۇتىنى ئېشەكنىڭ قىسقا يايلىق بويندىن ئارتىلدۇرۇپ ئوڭ تەرەپكە ئالدى-دە، ئېشەك ئۈستىدە يېنى بولۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى يايداق ئېشىكىگە يېنىچە مىنىپ ئېتىزدىن قايتقان، ھوسۇلنىڭ موللىقىدىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان دېھقانغا ئوخشايتتى، يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئوڭ پۇتىنى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىدىن ئارتىلدۇرۇپ بىر بۇرۇلدى-دە، ئېشەك ئۈستىدە تەتۈر بولۇۋالدى، غازنى ئېشەكنىڭ سۆڭگۈچىگە قوندۇرۇپ قويۇپ، تەمبۇرنى تىرىڭلىتىشقا باشلىدى. ئېشەككە تەتۈر مىنگەن قەلەندەرنىڭ تەمبۇر چېلىپ مېڭىشى تولىمۇ كۈلكىلىك ئىدى. تالىپلار چۇرقىرىشىپ كەتتى:

— ھوي ئەمدى بۇ نېمە قىلىق؟

— ئېشەككە ئوڭ مىن كاپىر...

قەلەندەر بەخىرامان ئىدى. ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك ئېشەك ئارقىسىدىن ئەگەشكەن تالىپلارغا خۇش نەزەر سېلىپ باراتتى. قايسىدۇر بىر تالىپ ئېشەكنىڭ نوقتىسىدىن تۇتۇپ توختاتتى:

— ئېشەككە ئوك من دەۋاتمىز ساراڭ، قېنى ئوك بول...
قەلەندەر تالىپلارغا دىققەت بىلەن تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرى خېلى ئۆزۈنغا سوزۇلدى. بىلى تالغان كۆك ئېشەك قىمىرلاپ ئېغىرلىقنى ئوڭ پۇتلىرىدىن سول پۇتلىرىغا يۆتكىدى. تالىپلارنىڭ «ئېشەككە ئوك من، هوي كاپىر ئوك من» دېگەن سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قەلەندەر خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.
— هۆرمەتلىك ئەهلى ئىلىم، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ھەدىسلىرىدە ئەهلى ئۆلىمالارغا ھۆرمەت قىلىش ۋاجىپ، دېگەن. ئۆزىمۇ ئەهلى ئۆلىمالارغا ئىززەت كۆرسەتتى. مەن ئېشەككە ئوك مىنىپ ماڭسام ھەرقايسىلىرىغا ئارقام بولۇپ قالىدىكەن. ئەهلى ئىلىمگە ئارقىسىنى قىلىش ھۆرمەتسىزلىكتۇر، شۇڭا مەن...
تالىپلارنىڭ زۇۋانى تۇتۇلدى. ئۇلار ئەمدى نېمە دېيىشلىرىنى بىلەلمەي قالغانىدى، شۇنداقتىمۇ يەنىلا يولسىزلىق بىلەن ئۇنى ئېشەككە ئوك مىنىشكە قىستايتتى. تالاش-تارتىش ئۇزاققا سوزۇلدى. ھېچكىمنىڭ ھېچكىمگە يان بەرگۈسى كەلمەيتتى. ئاخىر يەنىلا تالىپلار تەسلىم بولدى.
قەلەندەر كۆك ئېشەكنى دېۋىتىپ، ساغرىسىغا شاپىلاقلاپ ئۇرۇپ قويدى. كۆك ئېشەك ئورنىدىن قوزغىلىپ مەھكىمە شەرئىيىگە يۈرۈپ كەتتى، تالىپلار ئەگەشتى. ئاشۇ ھالەت خۇددى نىكاھسىز مۇھەببەتلەشكەن زىناخورنى يۈزىگە قارا سۈۋاپ، بېشىغا كۇلاھ كىيگۈزۈپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىۋاتقانغا ئوخشايتتى. قەلەندەرنىڭ ئۇزاقتىن بېرى سۇ تەگمىگەن يۈزىمۇ قازان كۈيىسى سۈۋاپ قويغاندەك قارا ھەم مەينەت ئىدى، كىشىلەر نەپرەت بىلەن قارىشاتتى، بىكار تەلەپلەر ئەگەشتى، باللار چۇقان سېلىشاتتى، تاش-داڭگاللارنى ئېتىشاتتى. قەلەندەر بولسا بەخىرامان ئىدى. سازايى قىلىش تاكى مەھكىمە شەرئىيىگە يېتىپ بارغۇچە داۋاملاشتى.
ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىش خوتەن شەھىرىنىڭ كوچىلىرى ئۈچۈن، تۇنجى قېتىممۇ، شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىممۇ ئەمەس

ئىدى. لېكىن ئۆزىنى ئۆزى ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىش بولسا تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇزاق يىللار، ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر ئەۋلىيانىڭ ئاشۇ كوچىلاردىن ئېشەككە تەتۈر مىنىپ ئۆتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. ھەر قېتىم يۈزىگە قارا سۈۋىغان زىناخورلار ۋە باشقا گۇناھكارلار ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈلۈپ سازايى قىلىنغاندا، ئۇلار ئاشۇ ئەۋلىيانى يادىغا ئېلىشاتتى. ئۇلار ئاخىرقى قېتىم ھېلىقى ئاپەتلىك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا سازايى قىلىنغان بىچارىلەرنى كۆرگەندە ئۇنى يەنە يادىغا ئېلىشتى. لېكىن ئەمدى بۇ بىچارىلەرنىڭ بېشىدا كۇلاھ، يۈزىگە قارا سۈۋالغان بولسىمۇ ئاستىدا ئېشەك يوق ئىدى...

مەھكىمە شەرئىيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تالپىلار بىلەن قەلەندەر ئوتتۇرىسىدا يەنە ئازراق تالاش-تارتىش بولۇپ ئۆتتى. قەلەندەر ئېشەكتىن چۈشمەيلا مەھكىمە شەرئىيىگە كىرمەكچى بولغاندا تالىپلار ئۇنىمىدى. بۇ قېتىم نېمىشقىدۇر قەلەندەر جاھىل خوتەنلىكلەرگە يول قويدى.

* * *

ئۇلار مەھكىمە شەرئىيىگە كىرىپ كەلگەندە، ئۇ يەردە ھېلىلا بولۇپ ئۆتكەن سوتنىڭ ئاخىرقى پەتىۋاسى ئېلان قىلىنىپ بولغانىدى. ھارغىنلىقتىنمۇ ياكى نېمىشقىدۇر كۆتۈرەڭگۈ زېرىككەنلىكتىنمۇ قازى، قازى-قۇززات، ئەلەم، مۇپتى، رەئىسلەر پاششا كاۋىسىدەك يوغان سەللىلەرنىڭ ئاستىدا ئېرىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. كۆزلىرى خۇددى ئۇخلاۋاتقان مۈشۈكنىڭ كۆزلىرىدەك يېرىم يۇمۇلغانىدى. ئۇلار كىرىپكىلىرى ئارىسىدىكى ئاشۇ تارقىسچىلىقتىن تالىپلار ھەيدەپ كىرگەن جەندە-كۇلاھلىق قەلەندەرنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى ئېچىشتى، لېكىن ئۇنىڭدىن بىرەر قولغا چىققۇدەك پارا ياكى مۆھۈر ھەققى ئۈندۈرۈۋېلىشقا جەزم قىلالماي يەنە كۆزلىرىنى يۇمۇشتى. پەقەت قازى-قۇززاتلار ”نېمە ئىش؟“ دەپ سوراپ قويدى پەس ئاۋازدا.

لېكىن، ئۇنىڭ سوزۇلغان ئاۋازىدىن ئۇلۇغۋارلىقى جاراڭلاپ تۇراتتى. تالىپلار قەلەندەرنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى ۋە بەرگەن جاۋابلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ كاپىر-دەھرىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتى. جازالاپ بېرىشنى، خەلقى-ئالەمگە ئىبرەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. قازى جىددىي دىنىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ كۆزىنى ئاچتى ۋە دەرھال سوراقنى باشلىدى. لېكىن، ئۇمۇ تونۇشتۇرۇلغان ئاشۇ گەپلەردىن ئالدىدىكى قەلەندەر سىياق ئادەمنىڭ ئۇڭ ياكى ساراڭ ئىكەنلىكىگە دەرگۇمان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ سوراقنى دەل ئاشۇ جايىدىن باشلىدى.

— ئەقىل-ھوشۇڭ جايىدىمۇ؟

— ساراڭ ئەمەس ئوڭمەن، قازى جانابلىرى.

— ئۆزۈڭنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟

— مەھكىمە شەرئىيدە تۇرۇۋاتىمەن جانابلىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا.

— تالىپلارنىڭ سېنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىڭ توغرىسىدا دېگەنلىرى راستمۇ؟

— راست جانابلىرى، ئۇلار يالغان ئېيتمىدى.

— سەن مۇسۇلمانمۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلماندۇرمەن جانابلىرى.

قەلەندەر تېز، توغرا، ئېنىق جاۋاب بېرەتتى. لېكىن، ھالىتى بىنەزەر ئىدى. ئاشۇ سوئاللارغا ئويلىمايلا جاۋاب بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. تالىپلار ئۇنىڭ جاۋابلىرىدىن ھەيران بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ گەپلىرى ھېلى مەسچىت مۇنارىنىڭ پەشتىقىدا ئولتۇرۇپ بەرگەن جاۋابلىرىغا ئوخشىمايتتى. گويا ئۇ تالىپلارنى تۆھمەتچىگە چىقىرىشقا ئۇرۇنۇۋاتقاندەك قىلاتتى. تالىپلارنىڭ كۆزلىرى ئەنسىزلىكتىن چاراقلاپ پۇلتىيىپ كەتتى. ھەممىدىن بەكرەك ئەنسىزلىككە چۈشكەن بىر تالىپ "ئابايا ئۇنداق دېمىگەن" دەپ لوقما سالدى. قازى سوراقنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن ھېلىقى تالىپلارنىڭ سوئالىغا نېمىدەپ جاۋاب بەرگەنىدىڭ؟

— توغرا جاۋاب بەرگەنىدىم جانابلىرى.

تالىپلار ”يالغان، يالغان“ دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— ئۇلار نېمىدەپ سورىغانىدى؟

— سەن مۇسۇلمانمۇ ياكى كاپىرمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى جانابلىرى.

— سەن نېمىدەپ جاۋاب بەردىڭ؟

— مۇسۇلمان دېسەڭ مۇسۇلماندۇرمەن، كاپىر دېسەڭ كاپىردۇرمەن دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم جانابلىرى.

— بۇ سېنىڭ نېمىدېگىنىڭ؟

— ئـۇنداق قازاڭغا مۇنداق چۆمۈچ قىلغىنىم جانابلىرى، ئۆزلىرى ئېيتىپ باقسىلا، مۇسۇلمان ئادەمدىن كاپىرمۇسەن دەپ سوراش دۇرۇس بولامدۇ جانابلىرى؟

قازى توختاپ قالدى. مەھكىمە شەرئىيىنىڭ ئىچىنى ھەيرانلىق قاپلىدى. ئـەلەم، مۇپتى، رەئىسلەرنىڭ يىرىم يۇمۇلغان كۆزلىرى ئېچىلىپ كەتتى. تـالىپلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشتى. ئۇلار ئۆزلىرى تۇتۇلۇپ قالغانىدى. قەلەندەرنىڭ ھەربىر سۆزىگە ”جانابلىرى“ دېگەنىنى قوشۇپ ئېيتىشىدا روشەن مازاق مەنىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قازى قەلەندەرنىڭ مەينەتلىشىپ كەتكەن چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ قاراشلىرىدىن ئالدىدىكى قەلەندەرنى بـوش چـاغلىغلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ تالىپلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىلمەك-توقۇناق سوئاللىرىنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— سەن راستىنلا مۇسۇلمانمۇ؟

— كەلىمە تەييە گۇۋاھ جانابلىرى.

— قاچاندىن بېرى مۇسۇلماندۇرسەن؟

— يىگىرمە بەش يىلدىن بېرى مۇسۇلماندۇرمەن جانابلىرى.

تالىپلار ”ئۇھ“ دەپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىشتى. ئۇلار ”ئەلمىساقتىن بېرى مۇسۇلماندۇرمەن“ دەپ جاۋاب بەرمىگەن قەلەندەرنى تۇتۇلۇپ قالدى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دەپ ئويلاشقانىدى. قازى سورىقىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ سېنىڭ نېمەدېگىنىڭ؟

— ئاشۇنداق دېگىنىم جانابلىرى:

— نېمىشقا ئەلمىساقتىن بېرى مۇسۇلمان ئەمەسسەن؟

— ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىردىم جانابلىرى، يەتتە يېشىمدا ئاتام سۈننىتىمنى قىلدۇرغان. شۇ يىلى موللامنىڭ مەكتىپىدە كەلىمە تەيىبە تىلىمغا جارى بولدى. ئۆزلىرى ئېيتىپ باقسىلا جانابلىرى، سۈننەت قىلدۇرمىغان، كەلىمە تەيىبىنى دېيەلمىگەن ئادەم مۇسۇلمان بولامدۇ؟

قازى مەڭدەپ قالدى، چېكىسىدىن پۈژژىدە ئىسسىق تەر چىقتى، لېكىن ئۇ كۆپ سوراقلارنى قىلىپ پىشىپ كەتكەن قاقۋاش ئىدى. دەرھال يېڭى ھۇجۇمنى باشلىدى:

— سەن ئابايا ”سەن كىمنىڭ قۇلىدۇرسەن؟“ دېگەن سوئالغا ”باقى بوياقچىنىڭ قۇلىدۇرمەن“ دەپ جاۋاب بېرىپسەن، راستمۇ؟

— راست جانابلىرى، مەن باقى بوياقچىنىڭ بەندىسى.

— سەن مۇسۇلمانمۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلماندۇرمەن جانابلىرى.

— ئەمىسە بۇ نېمەدېگىنىڭ؟

— باقى بوياقچىنىڭ بەندىسى بولغاندىكىن باقى بوياقچىنىڭ بەندىسى دېگىنىم جانابلىرى. ئۆزلىرى ئويلاپ كۆرسىلە، ئاللانىڭ نامى-شەرىپى مىڭبىردۇر، ئاشۇ مىڭبىر مۇبارەك ئىسىم قاتارىدا باقى دېگەن ئىسىممۇ ئاللانىڭ مۇبارەك ناملىرىغا مەنسۇپتۇر...

— ئۇنداق بولسا بوياقچى دېگىنىڭ نېمىسى؟

— ھويلىدىكى گۈلزارغا قاراپ باقسىلا جانابلىرى، گۈللەر قىزىل، سېرىق، ھال رەڭلەردە ئېچىلىپ كېتىپتۇ، ياپراقلار يېشىل رەڭدە چاقناپ تۇرۇپتۇ، قارا ساقاللىرى قاردەك ئاقىرىپتۇ، بۇلارنى ئاللا بويىماي كىم بويىغان؟ ئاللانىڭ ئۆزى ئۇستا بوياقچىدۇر جانابلىرى، ئاشۇ باقى

بوياقچىنىڭ ئۆزى يالغانچىنىڭ چىرايىنى بوياپ قويۇشقىمۇ قادىردۇر جانابلىرى...

قازى يەنە مەڭدەپ قالدى. چېكىسىدىن ئىككىنچى قېتىم پۇژژىدە ئىسسىق تەر ئۆرلىدى. ئۇ قەلەندەرنىڭ جاۋابلىرىنى ”خاتا“ دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ئاجىز ئىدى ”توغرا“ دېيىشكىمۇ رايى بارمايتتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قويىنىدىن يىپەك ياغلىقىنى ئېلىپ چېكىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى. تالىپلارغا ھومىيىپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ئاشۇ قارىشىدا ”نەدىن تېپىپ كېلىشتىڭ بۇ تىلى ئۇزۇننى؟“ دېگەن تەئەددى بىلىنىپ تۇراتتى. ئاشۇ سەت قەلەندەر ئالدىدا يېڭىلىپ، تۇتۇلۇپ قالغانلىقتىن جىلە بولۇپ، يىلى ئېشىپ كەتكەن پومزەكتەك يىرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر سورىماقچى ئىدى، لېكىن ئۆزىنىڭ يەنە لەت بولۇشىدىن قورقۇپ زۇۋان سۈرەلمىدى. شۇنداقتىمۇ تۇيۇقسىز ”سېنىڭ گۇللۇغ ئۆستەڭگە سىيگىنىڭ كۇپىرانلىق، قىرىق دەررە ئۇرۇلۇشقا لايىقسەن!“ دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ غەزەپتىن خۇددى بەيگىدە چاپقان ئاتتەك ھاسرايتتى، قەلەندەر بولسا تىنچ ئىدى. نېمىندۇر زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئاشۇ بەخىرامان ھالىتىنى ئۆزگەرتمەي، ئورۇق، ئۇزۇن قوللىرىنى قازىغا قارىتىپ كۆتۈردى:

— نېمە ۋەجىدىن قازى جانابلىرى؟

— سۇنى بۇلغىغانلىقىڭ ئۈچۈن...

— سۇنىڭ يەتتە يۇملانسا ھالال بولىدىغانلىقىنى بىلەملا جانابلىرى؟ ئۆزلىرى ئاشۇنداق دېمىگەنمىدىلە جانابلىرى؟ مېنىڭ سىيدۈكۈممۇ سۇ، ئۇ ئەزان پەشتىقىدىن چۈشكۈچە يەتتە قېتىم ئەمەس يەتمىش قېتىم يۇملاندى. ئۇ ھالال جانابلىرى...

— ياق، مەن ئۇنداق دېمىگەنمەن، سۇنى بۇلغىغانلىقىڭ ئۈچۈن قىرىق دەررە ئۇرۇلۇشقا لايىقسەن، قېنى پاششاپ، ھۆكۈمنى ئىجرا قىل...

قەلەندەر ئەمدى قولىنى چىلان ياغىچىدىن ياسالغان پالاق

كۆتۈرۈۋالغان پاششاپقا قارىتىپ كۆتۈردى. بۇ ئۇنىڭ ”ئالدىرىما“ دېگىنى ئىدى. ئۇ يەنىلا ئاۋۋالقىدەك بەخىرامانلىق ئىچىدە قازىغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ئەگەر سۇنى بۇلغىغانلىقى ئۇچۇن قىرىق دەررە ئۇرۇلۇش كېرەك بولسا، ئاۋۋال مۇنۇ تالىپلارنىڭ ھەربىرىنى قىرىق دەررىدىن ئۇرسىلا جانابلىرى، ئاندىن كېيىن مېنى.

— نېمە ۋەجىدىن؟

— پاك سۇنى بۇلغىغانلىقى ۋەجىدىن، ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى كۆللۈغ ئۆستەڭگە چىلاپ تەرەت ئېلىشتى، ئىچىدىغان سۇنى بۇلغىدى...

— راستمۇ؟

بۇ سوئال ئەمدى تالىپلارغا قارىتىلغانىدى. تالىپلارنىڭ سەللىلىك باشلىرى تۆۋەنگە ساڭگىلىدى. ۋۇجۇدلىرىغا تىترەك ئولاشتى. دەررىنىڭ ”پاق-پۇق“ ئۇرۇلغان دەھشەتلىك ئاۋازلىرى قۇلاقلىرىغا ئاڭلانغاندەك بولۇپ، شۈركىنىپ-تولغىنىپ كېتىشتى.

قازى تۇرۇپ قالدى، ئۇ ئەمدى نېمىدېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئەۋرەتلىرىنى ئۆستەڭگە چىلاپ تەرەت ئالىدىغان ئاشۇنداق بىنومۇس-بىشەرئىي قىلىقتىن ئۆلگۈدەك بىزار ئىدى. مەسچىت-مەدرىسلەردىمۇ تالاي قېتىم ئاشۇ قىلىقنى سۆكۈپ ۋەز ئېيتقان، مەسچىت-مەدرىسلەرگە تەرەت ئېلىشتا ئىشلىتىدىغان قۇم چۆگۈن، ساپال چەينەكلەرنى، نوگاي-قاپاقلارنى قويدۇرغانىدى. لېكىن بۇ خەق يەنە ئاشۇ پاسكىنا قىلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى، سۈت بىلەن كىرگەن خۇي ئۆلگەندە چىقىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. قازىنىڭ شۇ تاپتا ئاشۇ تالىپلارنى بىشەرئىي قىلىقى ئۈچۈن قىرىق دەررىدىن ئۇرغۇسى كەلدى، لېكىن ئىككىلىنىپ قالدى. ئۆزىنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى تېخىچە قۇرئاندىن نېرى ئۆتەلمىگەن زەڭگىرەك ئوغلىمۇ تالىپلار ئىچىدە تۇراتتى. مۇپتى ئاخۇنۇمنىڭ، ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ئوغۇللىرىمۇ شۇ يەردە ئىدى. ئاشۇ سۆڭەكى قاتمىغان باللار قىرىق دەررىنىڭ ئاستىدىن ساق تۇرالارمۇ؟ ھەي... قازى

ئېكىلىنەتتى، نېمىدېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى، بۇ سوراقنى قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشنى بىلمەيتتى. شۇ ئارىدا ئەلەم ئاخۇنۇم ئارىغا چۈشتى. ئەلەم ئاخۇنۇم پۈتكۈل سوراق جەريانىدا، قەلەندەرنىڭ بەخىرامان ھالىتىگە، جۇلدۇر-كېپەن تۇرقىغا، ئاجايىپ پاساھەتلىك جاۋابلىرىغا ھەيرانلىق-مەمنۇنلۇق نەزىرى بىلەن قاراپ ئولتۇرغانىدى. كۆڭلى سىرلىق بېشارەتنى ھېس قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قەلەندەرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھەزرىتىم، ئۆزلىرىنى تونۇماي قاپتىمىز، نامشەرىپلىرى نېمىكىن؟

— قەلەندەرمەن، نام-شەرىپىمۇ قەلەندەر...

— ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك سۆھبەتلىرىگە مەيلىمىز بار ئىدى. قەلب دۇردانىلىرى ئارىسىدىن ئازراق گۆھەر تېرىۋېلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرەرلىمىكىن؟

قەلەندەر ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ مەقسىتىنى — ئۇنىڭ قازى ئاخۇنۇمنى تەڭلىكتىن، تالىپلارنى پالاقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇ ياش بالىلارنى تاياقتا قويغۇسى يوق ئىدى. پەقەت ساۋاق بېرىپ قويۇشنىلا ئىستەيتتى. ئۇ تاقىرىشمىدى:

— قېنى ئەمسە باشلا.

ئەلەم ئاخۇنۇم قەلەندەرنى باشلاپ مەھكىمە شەرئىيدىن چىقتى...

ئۇزاق يىللار، ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر مەھكىمە شەرئىيدە بولۇپ ئۆتكەن ئاشۇ بىر قېتىملىق سوراقنى ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. ھەر قېتىم رەڭدار نەرسىلەرنى كۆرگەندە باقى بوياقچى توغرىسىدىكى پاراڭلارنى كۆڭۈللۈك ھالدا يادىغا ئېلىشاتتى. ئەۋرىتىنى ئۈستەڭگە چىلاپ تەرەت ئېلىۋاتقان بىشەرئىيلەرنى ئۇچراتقاندا قەلەندەرنىڭ ئۇنتۇلماس تەنبىھىنى ئەسلىشەتتى. لېكىن، ئۇزۇن يەكتەك كىيىپ، بېشىغا سەللە يۆگىۋالغان بەزى نائەھلىلەرنىڭ چوڭ ئۈستەڭگە ئەۋرىتىنى چىلاپ، پاك سۇنى بۇلغايدىغان قىلىقنى يەنىلا پات-پات ئۇچرىتىپ تۇرۇشاتتى...

www.uyghurkitap.com

شۇ تاپتا ھۆرمەتلىك ئەلەم ئاخۇنۇم قەلەندەر ئەمدى ئۇنىڭ مىنىۋالغان كۆك ئېشەكنى كىچىك پېئىللىق بىلەن يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ خۇددى ئېسىل كىيىنىۋالغان، بېشىغا يوغان سەللە ئورىۋالغان چاكارغا ئوخشايتتى. قەلەندەر بولسا ئېشەك ئۈستىدە گىدىيىپ ئولتۇراتتى، كىشىلەر ھەيران بولۇپ قارىشاتتى. ھەي، ھۆرمەتلىك ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ بىر ئەرزىمەس قەلەندەرنىڭ ئېشىكىنى يېتىلەپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان، ھەي تەتۈر پەلەك...

* * *

ئەلەم ئاخۇنۇم كۆك ئېشەكنىڭ باشبېغىدىن يېتىلەپ باراتتى. كۆڭلىدە قىلچە كىر-پۇشايمان يوق ئىدى. ئۇنىڭ ھەممە ھەرىكەت-قىلىقلىرىدىن ئۇلۇغۋار بىر زاتقا، نامى كەلگۈسىدە ئەسىرلەر بويى ئۆچمەيدىغان بىر مۆتىۋەرگە خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىغا چەكسىز ئىشەنگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆزىمۇ كەمتەر ئادەم ئىدى. سىرلىق-نامەلۇم بىر كەلگۈندى قەلەندەرگە قىلىۋاتقان مۇشۇ خىزمەتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ كەمتەر نامىنىڭ يەنىمۇ ۋايىغا يېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئەخلەت ئارىسىدىكى گۆھەرنى تونۇيالايدىغان كۆزلىرىنىڭ يەنىمۇ داۋقى چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ قىلچە نومۇس قىلماستىن جۇلدۇر كىيىم قەلەندەرنىڭ ئېشىكىنى يېتىلەپ كېتىۋەردى. ئۇنىڭ ھەربىر قەدىمى ئاغزىنى ھاڭدەك ئېچىپ قالغان كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا سىرلىق خىياللارنى قالدۇرۇپ باراتتى. ھاڭ-تاڭلىقنى يەنىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرەتتى. ئۇلار ئاشۇ يۈرۈشىدە ”خەلپىلىك ھويلا“غا — خوجا ئەۋلادى بولمىش، ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ خانىدانىغا يېقىنلاپ باردى. ”خەلپىلىك ھويلا“نىڭ ئارقىسىدىكى ”مۇپتى غوجام“ مازىرىنىڭ خادا-شەددىلىرى، تۇغ-ئەلەملىرى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. توپىلىق يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قاتار-قاتار ئۈجمە دەرەخلىرى يولغا قويۇق سايە تاشلاپ،

كىشىگە ھۇزۇر بېرەتتى. كۆك ئېشەك ھۆرمەت-ئىززەت ئىچىدە ”خەلىپىلىك ھــويــلا“نىڭ ھەشەمەتلىك دەرۋازىسىنىڭ ئېگىز بوسۇغىسىدىن ئاتلىدى. ئىچكىرى-تاشقىرى ھويلىلار، نەقىشلىك دىراۋزۇن ھۆسن بېغىشلاپ تۇرغان پېــشــايــۋانــلار، ئــاســتــىمۇ، تاملىرىمۇ زىلچا-گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن ئــايــۋان-ســارايلار قەلەندەرنىڭ دىققىتىنى قىلچىمۇ جەلپ قىلالمىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئېغىل تەرەپكە ئېلىپ كېتىۋاتقان كۆك ئېشەككە ھەسرەت بىلەن قاراپ قويۇپ، مېھمانخانىغا قەدەم باستى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە كۆك ئېشەككە قارىتىلغان ”كىم سېنى سالپاڭ قۇلاق، تۆت ئاياغلىق بولسۇن دەپتۇ؟ جىسمىڭدا ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ زەررىسى بار تۇرۇقلۇق مېھمانخانىغا قەدەم تەشرىپ قىلىشتىن چەتلىتىلدىڭ، ھەي، بىچارە...“ دېگەن پىكىر كــېزىپ ئۆتتى. لېكىن قاردەك ئاق، قارا تۇمشۇقلۇق غاز بولسا، ئىككى تــەرىپــىگە ئېغىناقلاپ غاقىلدىغىنىچە مېھمانخانىغا — ئوتقاشتەك قىزىل گــىلەملەر ئۈستىگە قەدەم تەشرىپ قىلدى. ئەلەم ئاخۇنۇم تۆت پۇتلۇق ئەمەس، ئىككى پۇتلۇق بولغىنى ئۈچۈنمىكىن ئۇنى توسمىدى. قەلەندەرنىڭ بولسا رايى شۇ ئىدى.

شــۇ كــۈنــى ئــاخشام ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ خوتۇن، بالا-چاقىلىرى، غــالچا-مەدىكارلىرى، دېدەك-چۆرىلىرى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك پايپېتەك بولۇپ، قەلەندەر ئۈچۈن پۈتۈن بىر ئاخشام خىزمەت قىلدى. جاھاندىن تېپىش مۇمكىن بولىدىغان نازۇنېمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ خانىدانىدىن تېپىلاتتى. توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە يېمەكلىكلەر داستىخانغا تۆكمە قىلىندى، لېكىن قەلەندەر كەم ئىشتىھا ئىدى. ئۇ قوغۇن-تاۋۇزلارنى، بېھــى، نەشپۈتلەرنى كۆك ئېشەككە چىقارتىپ تۇردى. ھالۋا-مانتۇلارنى تەخسىسى بىلەنلا غازغا ئۆتەندى. ئەڭ ئاخىرىدا يېڭى ئۈزۈلگەن ئانارلارنى ئالىقىنىغا ئۇۋۋاپ، غازنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ياقۇتتەك ئانار دانىلىرىنى ئۇنىڭغا بىر-بىرلەپ يېگۈزدى. قەلەندەر پۈتۈن بىر ئاخشام داۋامىدا زادىلا زۇۋان سۈرمىدى. مۇبارەك نەزەرلىرىنى، ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ تەشنا چېھرىلىرىگە بىرەر

www.uyghurkitap.com

قېتىممۇ تاشلاپ قويمىدى. ئۇ گويا قەلب دۇردانىلىرىنى ئەلەم ئاخۇنۇمدىن قاچۇرۇۋاتقاندەك، ئېسىل نەزەرلىرىنى ئەلەم ئاخۇنۇمغا تەقدىم قىلغۇسى كەلمەيۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ناماز خۇپتەنگە ئەزان چىققاندا، ئەلەم ئاخۇنۇم لەۋ يېرىپ: "ھەزرىتىم، تەرەتلىرىنى يېڭىلىۋالامدىلىكىن؟" دەپ سورىدى، قەلەندەردىن ھېچقانداق ئىنكاس قايتمىدى. "ئاڭلىماي قالغان ئوخشايدۇ" دەپ ئويلىغان ئەلەم ئاخۇنۇم تەكلىپىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. ئەنە شۇ چاغدا قەلەندەر كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ: "مەن ھەرقانداق ھەمدۇسانانى قوبۇل قىلىشقا تەييارمەن" دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ پۈتۈن بىر ئاخشامدا چاچقان قەلب دۇرلىرى پەقەت شۇلا ئىدى. ئەلەم ئاخۇنۇم ھەيران بولدى ۋە ئارقىدىنلا چىرايىدىن ئاللىقانداق بىر يوشۇرۇن سىرنى چۈشەنگەندەك ئىپادىنى جىلۋە قىلدۇردى. ئۇ قايتا-قايتا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ ناماز خۇپتەنگە چىقىپ كىرىشكە ئىجازەت سورىدى. ھەزرىتىمنى يالغۇز قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم تىلىدى. قەلەندەر گويا ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلىمىغاندەك بىئىنكاس ئىدى...

ئەلەم ئاخۇنۇم خۇپتەن نامىزىدىن قايتىپ كىرگەندە، قەلەندەر چىلىمنى خورۇلدىتىپ، نەشە چېكىپ ئولتۇراتتى. زىلچا-گىلەملىك مېھمانخانىنى نەشە ھىدى قاپلىغانىدى. قەلەندەر ئۆپكىسىدىن ياندۇرغان ئىسسىق غازنىڭ تۇمشۇق-بۇرنىغا قارىتىپ پۈۋلەيتتى. غاز ئىللىپىسسىمان كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، دەسلەپتە بوش-بوش غاقىلدىدى، كېيىن تېخىمۇ شوخلىنىپ، قاناتلىرىنى كېرىپ، گىلەم ئۈستىدە غاقىلداپ چېپىشقا باشلىدى. ئۇ خۇددى ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئاق لىباسلىق رەققاسقا ئوخشايتتى. شوخلۇق بىلەن غاقىلداشلىرى بولسا كىچىكچە ھەمدۇسانا ئېيتىپ، ساما سېلىپ چىققان سوپىنى ئەسلىتەتتى. قەلەندەر نەشىنى چېكىپ بولغاندىن كېيىن، قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ قىسقىغىنا دۇئا قىلدى ۋە شۇ زامات ماموق ياستۇققا يانپاشلاپ كۆزلىرىنى يۇمدى. ئەلەم ئاخۇنۇممۇ ئۇخلاش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ، مېھمانخانا ئىشىكىنى ئاۋايلاپ يېپىپ

قويۇشنى ئۇنتۇمىدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە، ئەلەم ئاخۇنۇم مېھمانخانا ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ نەزەر سالغىنىدا، قەلەندەر ئاللىقاچان غايىب بولغانىدى. سىيىپ-چىچىپ، بېزەپ قىلىنۋېتىلگەن مېھمانخانا ئىچىدىن گەندىنىڭ سېسىق ھىدى گۇپۇلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى. گىلەم ئۈستىدىكى ئالامەتلەردىن كۆك ئېشەكنىڭمۇ مېھمانخانا ئىچىدە تۈنىگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قوغۇن-تاۋۇز، بېھى-نەشپۈتنى كۆپ يەپ، شاتىراقلاپ قالغان كۆك ئېشەك ئوتقاشتەك قىزىل گىلەملەرنىڭ ئۈستىنى بۇلغىۋەتكەنىدى. ئادەم گەندىسى، ئېشەك تېزىكى، قۇش مايىقى ئارىلىشىپ، چىچىلىپ ياتاتتى... سېسىق پۇراق بىرئاز بېسىققاندىن كېيىن ئەلەم ئاخۇنۇم مېھمانخانا ئىچىگە كىرىپ، تامغا يېزىپ قويۇلغان ”ماڭا قىلغان ئىززىتىڭگە سىيمەك ۋە چىچماق كېرەك“ دېگەن خەتلەرنى كۆردى ۋە بۇنىڭ يېڭى توقۇلغان بىر غەزەلنىڭ تۈنجى مىسراسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەلەم ئاخۇنۇم ھەيران ئىدى، ئۇنىڭ قەلبىنى سىرلىق بىر تۇيغۇ قاپلاپ كېلەتتى...

ئۇزاق يىللار، ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئىلچىلىكلەر ئەۋلىيانىڭ ”خەلىپىلىك ھويلا“غا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى، ئېيتقان بىر جۈملە سۆزىنى، نەشە چېكىپ قىلغان دۇئاسىنى، مېھمانخانىغا سىيىپ-چىچقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇلار: شۇ قېتىم ئەۋلىيا مۇقەددەس جەندە-كۇلاھىنى ئەلەم ئاخۇنۇمغا قالدۇرۇپ كەتكەن، دېيىشەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەلەندەر نەشە چېكىپ قىلغان دۇئاسىدا: ”ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئەلەملىك مۇقامىدا ئۆتكەيسەن!“ دەپ سېھرىي ئالامەت قىلغانمىش. ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى سۇلايمان ئەلەم، شەمشىدىن خوجا ئەلەم قاتارلىقلارنىڭ تاكى ئەخمەت توختى ئەلەمگىچە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئەلەم بولۇپ ئۆتكەنلىكى ئاشۇ سېھرىي ئالامەتنىڭ ۋەجىدىنمىش. مېھمانخانىغا سىيىپ-چىچقانلىقى بولسا، ئۆزىنىڭ ئەۋلىيالىقىنى يوشۇرۇن-پىنھان تۇتۇش ئۈچۈن قىلغان ئىشىمىش... يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، قەلەندەر شۇ قېتىمقى دۇئاسىدا،

www.uyghurkitap.com

”قىزلىرىڭ ئۆمۈرۋايەت تۇل قالغاي!“ دەپ قارغىغانمىش ۋە خوتەنگە ئەلەم بولغانلارنىڭ قىزلىرىغا ئەر چىقماسلىقىدىكى سەۋەب شۇنىڭدا ئىمىش...

بـۇ چـاغدا قەلەندەر كۆك ئېشىكىنى دېۋىتىپ، يىراق مەنزىللەرنى كۆزلەپ، خوتەن شەھىرىدىن چىقىپ كېتىپ باراتتى.

* * *

قـەلـەنـدەر تـاڭ سەهـەردە، يورۇڭقاش دەرياسىدىكى كەلكۈننىڭ پـەسـەيـگەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، خېلىلا تۆۋەندىن، ”تاش كېچىك“ ئارقىلىق دەريادىن ئۆتتى. ئۇ كۆك ئېشەكنى يېتىلەپ كېتىۋېتىپ، قاراقاش دەريـاسـىـدىكىگە ئوخشاشلا، قولىنى دەرياغا تىقىپلا چىلگە قوغۇنچىلىك كېلىدىغان ئاق قاشتېشىدىن بىرنى سۈزۈۋېلىپ، خۇرجۇنىغا سېلىپ قويدى. ئۇ ئاشۇ قاشتېشىنى نېمىگە سۈزگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، پەقەت سۈزۈۋېلىپ قويۇش ئۈچۈنلا سۈزۈۋېلىپ قويغانىدى. ئۇ دەريادىن ئۆتۈپ ئۇزاق ماڭمايلا ”هېلىم ئاتا“ مازىرىنىڭ ئالدىدا زاهىر بولدى. ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ، يىراققا ـــ شىمالغا نەزەر سالدى. ئۇنىڭ قەلب كۆزلىرى يورۇڭقاش دەرياسى بويىدا بىر سىزىق ئۈستىگە تىزىلىپ يىراق-يىراق چېچىلىپ ياتقان ”تۇغىيانچى“ مازىرىنى، ”ئىمامى هاشىم“ مازىرىنى، ”ئىمامى پەتتار“ مازىرىنى، ”مازار تاغ“نى بىمالال كۆرەتتى. ئۇ ئۇزاققا سوزۇلغان چوڭقۇر خىياللاردىن ئويغىنىپ، قۇم ئىچى بىلەن شەرققە يۈرۈپ كەتتى. چۈشكە قالمايلا ”ئىمامى ئاسىم“ ۋە ”ئىمامى قاسىم“لارنىڭ قەبرىسىگە يەتتى. ئۇ بۇ يەردە ئىمامى ئاسىم ۋە ئىمامى قاسىملارنىڭ روهىغا دۇئا-تەكبىر ئېيتمىدى، سەنسۇئىل كـاپـىـرنـىـڭ قـەبرىسىگە سىيىپ-چېچىپمۇ يۈرمىدى. پەقەت چىلىمنى خورۇلدىتىپ بىر پەنەك نەشە چەكتى. قۇمغا كۆمۈلۈپ، كۈننى كېيىنكى كۈننىڭ ئاپتىپى قىزدۇرغىچە ئۇخلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شىمالغا بۇرۇلۇپ، سۇي، جىيا دېگەن يەرلەردىن ئۆتۈپ، يورۇڭقاش دېگەن يېزىدا ”ئۇشلۇقۇم

مازار»، «قارا ساقال مازار غوجام»، «ئىمامى مەھەممەت نەقسي مازار غوجام»، «ئىمامى مەھەممەت تەقىي مازار غوجام»لارنى يوقلاپ، لوپنىڭ پېزا، جاڭگاللىرىنى ئارىلاپ، «دول» دېگەن يەردە «باغدات پاششايىم»غا كېلىپ چۈشتى. قاراقاشنىڭ «چېدىرقۇم» دېگەن يېرىدىمۇ «باغدات پاششايىم»نى كۆرۈپ ئۆتكەنلىكىنى ئەسلەپ، ھەيران بولدى. «دول»دىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ «سامپۇل» ① دېگەن قەدىمكى يۇرتنىڭ تاشلىق قەبرىستانلىقى ئارقىلىق تاغ ئۇستىدىكى ساي بىلەن ئۇدۇل «ئاچچىق» دېگەن يەرگە راۋان بولدى. «ئۇجمە مازار غوجام»دا ئۇجمىنىڭ يېرىقىغا قىسىلىپ قالغان زىكرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى كۆرۈپ، ئۇن بەش كۈن نەشە چېكىپ ئۇخلىدى، تاغ ئىچى ئارقىلىق «چىرا» تاغلىرىغا ئۆتۈپ، «ئىمامى مۇھەممەت ئاخىر زامان»نىڭ تاش ئىچىگە كىرىۋالغان يېرىنى كۆرۈپ، تاش يېرىقىدىن ئېقىپ چىقىپ تۇرغان كۆز يېشىدا بىر يىل يۇمىغان يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ ئۆتتى. «چاقار» ②دا «ئىمامى خۇدا سالىم» مازىرىغا، «ئىماملا» ③ دېگەن يەردە ھەزرىتى تۆت ئىماملارنىڭ شېھىتلىكىگە يولۇقتى. ئۇ يەردىن كېرىيىنىڭ «پۇلۇ» تېغى ئارقىلىق «نىيا» تاغلىرىغا ئۆتۈپ، «كۆك مەرمەر» دېگەن يەرنىڭ ئۇستىدىكى «ھۇنجىلە خېنىم» مازىرىغا يەتتى. ئۇ يەردە ئۇيۇلتاشنىڭ تېگىدىن سۇ چىقىپ تۇراتتى. يۈز-كۆزلىرىنى، ئۆسۈپ دولىسىدىن ساڭگىلىغان قارا چاچلىرىنى يەنە بىر قېتىم يۇدى. تاغدىن پەسلەپ «كۆك مەرمەر»تە «ھەسسۇلتىنىم»غا يولۇقۇپ، ساي بىلەن نىياغا كېلىپ چۈشتى. تەلپەكچىلىك كېلىدىغان بۇ كىچىككىنە يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسىدا، «قالماق قۇدۇق» دېگەن يەردە «شېھىتلىك پاششايىم»نى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى. نىيالىقلار «شېھىتلىك پاششايىم»نى ئاچقۇچى، «ئىمامى جەئفەرىم سادىق پاششايىم»نى قۇلۇپى دەپ چۈشەندۈرۈپ، «شېھىتلىك پاششايىم»غا دۇئا

① سامپۇل ـــ لوپ ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسىنىڭ نامى.
② چاقار ـــ چىرا ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.
③ ئىماملا ـــ چىرا ناھىيىسىدىكى بىر يۇرتنىڭ نامى بولۇپ بوستان دەپ ئاتىلىدۇ.

قىلماي‌لا «ئىنامى جەننەتى سادىق پادىشاھىم»غا بارسا دۇئاسى ئىجاۋەت بولمايدۇ دەپ «قالماق قۇدۇق»تا تاۋاپ قىلىپ ئۆتۈشنى تەۋسىيە قىلاتتى. قەلەندەر «شېھىتلىك پادىشاھىم»دىمۇ باشقا مازارلىقلاردىكىگە ئوخشاشلا نەشە چېكىپ، تەمبۇر چېلىپ ئون بەش كۈن ياتتى. ئۇندىن كېيىن چۆل ئىچىگە ئاتلىنىپ «ئىنامى جەننىتىم سادىق پادىشاھىم»غا قاراپ يۈرۈپ كەتتى... ئۇ نېمىشقىدۇر يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ بارماي، مازارمۇ مازار چۆرگىلەپ يۈرەتتى. بىرەر كىم پالانى يەردە مازار بار دېسە، شۇ ياققا قاراپ كېتىۋېرەتتى. مازارلاردا دۇئا قىلمايتتى. ئىستىقامەت قىلىپ، تىلەك تىلەپ، شاخ بېرىپ، بىرەركىمنىمۇ قارغىمايتتى. نامى ئانچە مەشھۇر بولمىغان كىچىك مازارلاردا توختىماي، چوڭراق مازارلاردا ھەپتە، ئون بەش كۈن، ھەتتا قىرىق كۈن توختاپ، مازاردا ياتقان مۇقەددەس زاتلار بىلەن سىردىشاتتى. ئۇلارنىڭ تەزكىرە-كەچمىشلىرىدىن ئۆز سوئاللىرىغا جاۋاب ئىزدەيتتى. ئاشۇ مۇقەددەس زاتلار ئۇنىڭ نەزىرىدە مەشھۇر ياكى مەشھۇر ئەمەسلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى «ئىنسانىي كامالەتكە قانچىلىك يېقىنلىقى بىلەن پەرقلىنەتتى». ئۇ ئاشۇ مازارلاردىن «ئۆزى»نى ئىزدەيتتى؛ ئۆزىنى تاپسىلا ھەقنىمۇ تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، ئۇ ئۆزىنى ئاشۇ ماياشىخلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، كامالەت يولىغا ئىنتىلەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىكلەر ئىچىدە يوقلۇقىنى بىلەتتى. شۇڭىمۇ مازارمۇ مازار كېزىپ يۈرەتتى... قەلەندەر ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئالدىدا جاۋابكار ئەمەس ئىدى. مازارلارنىڭ گۈمبىزىگە باش قويۇپ ھەپتە، ئون بەش كۈن، قىرىق كۈن چوڭقۇر خىياللارغا پاتقىنىدا، يەنىلا ئۆزىنىڭ كامالىتىنى ئىزدەيتتى. ئۆزىگە بولغان جاۋابكارلىق تۇيغۇسى ئۆز ۋۇجۇدىدىن ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ زەررىسىنى تېپىشقا قىستايتتى. ئۆزىنى، ئۆز كامالىتىنى تاپالمىغانسېرى قەلبى ئۇلۇغ بىر ئىشقى گۈلخانىدا كۆيەتتى. ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس ئىشق ئوتى قەلبىنى تاۋلايتتى. تاۋلانغان قەلبتىن يىگى-يىگى ھېكمەتلەر پىشىپ چىقاتتى. «ھېكمەت كۆپ جايدا قايغۇمۇ كۆپ». ئۇ ئازابلىناتتى، پۇچۇلىناتتى، بىيدى-بىيدا بولاتتى...



www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاشۇ مازارلاردا، شەيخنى، تاۋاپچىلارنى ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ”كۇپىرانە“ ھېكمەتلىرى، بىشەرئىي قىلىقلىرى بىلەن ھەيران قالدۇرۇپ، يېڭى-يېڭى مازارلارنى ئىزدەپ كېتىپ قالاتتى.

قەلەندەر ”ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاششايىم“ مازىرىدا ئۈچ يىل تۇرۇپ قالدى. ئۇنى ئاشۇ يەردە ”ئۈچ يىل ئېتىكاپتا ئولتۇردى، ئۈچ يىل چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ ئۆزىنى ئىزدىدى، ئۈچ يىل نەشە چېكىپ ئۇخلىدى“ دېيىشىدۇ بولاتتى. پەقەت ئۇ ھەر يىلنىڭ سەيلە-تاۋاپچىلار توپلىشىپ كېلىدىغان ئايلىرىدىلا خىيالدىن ئويغىناتتى. تەمبۇرنى سايرىتىپ، ئۇلارغا يېڭى-يېڭى غەزەللەرنى، يېڭى-يېڭى ھېكمەتلەرنى تەقدىم قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاجايىپ مەنالىق غەزەللەر ھۇمايۇن قۇشنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلگەن دەستە-دەستە گۈللەردەك چېچىلاتتى. ئۇنىڭغا مەيلى سەيلە-تاۋاپ مەزگىلى بولسۇن، مەيلى يىلنىڭ باشقا مەۋسۇملىرىدە بولسۇن نەشە ياكى ئوزۇق تۆگەپ قېلىشتىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ھەر يىلقى سەيلە-تاۋاپ مەۋسۇمىدە تاۋاپچىلار ئۇنىڭغا ۋە شەيخكە ئاتاپ، قارا ياغدەك پارقىراپ تۇرىدىغان مونەك-مونەك نەشىلەرنى ئالغاچ كېلەتتى، پۈتۈن يىلغا يەتكۈدەك ئوزۇق ئالغاچ كېلەتتى، ھەر يىلقى سەيلە-تاۋاپ مەۋسۇمى قەلەندەر ئۈچۈن دەرد-ئەلەملىرىنى، قايغۇ-ئازابلىرىنى ئۇنتۇش مەۋسۇمى بولاتتى. ئۇ ئاشۇ پەيتلەردىلا ئەسلى ئادەملىككە قايتقان، خىيالىي ئالەمدىن رېئال دۇنياغا يېنىپ چىققان، ئازاب دېڭىزىدىن ئاراملىق قىرغىقىغا ئۇلىشىۋالغان بولاتتى. تەمبۇر چېلىپ، غەزەل ئوقۇپ ئادەملىكىنى، ئادەملىك ھېس-تۇيغۇسىنى، ئـارامــىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى. تاۋاپچىلارغىمۇ ئاشۇنداق كـۆرۈنـەتـتى. سەيلە-تاۋاپ مەۋسۇمى ئاياغلىشىپ، تاۋاپچىلارنىڭ ئايىغى شالاڭلىشىغان چاغلاردا بولسا، ئۇنىڭ خىيال دۇنياسى يەنە باشلىناتتى. ئازاب دېڭىزى دولقۇنلايتتى. قەلبىدىكى دەرد-ئەلەم گۈلخىنى يالقۇنجاپ، ۋۇجۇدى كۆيگەن كاۋاپتەك پىژىلدايتتى. نەشە چېكىپ ئازابلارنى ئۇنتۇشقا ئۇرۇناتتى، چوڭقۇر ساماۋى خىياللارغا بېرىلىپ ئۆزىنى ئىزدەشنى داۋاملاشتۇراتتى...

قەلەندەر ”ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاشىشايىم“ مازىرىدىن ئۈچ يىلدىن كېيىن يېنىپ چىقتى. يېنىپ چىقىشىغا ئاشۇ يەردىن ئۆزىنى تاپالمىغانلىقى سەۋەب بولدى. ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاشىشايىمنىڭ روھى ئۇنىڭغا ھېچنېمە كۆرسىتىپ بېرەلمىگەنىدى. ئۇ ئۆزىنى ئىزدىگەنسېرى ھەقىقىي ئادەملىك تۇيغۇ، ئەرلىك شەھۋەت، ئىنسانىي ئارزۇ-ھەۋەس يىراقتىن كۆرۈنگەن ئېزىتقۇ سۇغا ئوخشاش جىمىرلاپ ئۇنى ئازدۇراتتى. لېكىن، ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن مەھرۇم قالغانلىقى يادىغا چۈشكەندە قەلبى ھەقىقىي ئادەمنىڭ قەلبىدەك ئــازابــلارغا تولاتتى. ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە، ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاشىشايىمدىن يېنىپ چىقىۋاتقان يولدا، تۈنجى قېتىم ئۆزىنىڭ قانداقتۇر ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ زەررىسى ئىكەنلىكىدىن، تۇغۇلۇشىدىنلا فەنا بولۇپ، ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشكەنلىكىدىن شۈبھىلىنىپ قالدى. ئۆزى بىلەن ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى ھېس قىلغانسېرى قەلبىدە ئــەلــەم-نــادامەت ئوتى يالقۇنلاپ كېتەتتى. لېكىن، ئۇ يەنىلا ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ۋىسالىغا ئىنتىلەتتى، ۋۇجۇدى، قەلبى ئاللانىڭ ئىشقىدا ياناتتى، ئاللانىڭ ئىشق قازىنىدا قايناتتى. يار ۋەسلىگە ئېرىشىش — ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي نىشانىغا ئايلانغانىدى. ئۇ تويۇقسىز مەڭگۈلۈك ۋىسالنى — ئاخىرەتنى ئىختىيار قىلىپ قالدى. ئەتراپ غايەت يوغان ۋە ئېگىز توغراقلار، بەھەيۋەت ئــۆســكــەن يــۇلغۇنلار بىلەن قورشىلىپ تۇراتتى. قەلەندەر دولىسىدىكى خۇرجۇننى يەرگە قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئاللىقاچان — ئۇ ئېگىز قارا قۇرۇم تاغلىرى ئىچىدە مازارمۇ مازار كېزىپ يۈرگەن چاغلاردا ئۆلۈپ كەتكەن كۆك ئېشەكنىڭ باشبېغىنى ئالدى. قاردەك ئاق، قارا تۇمشۇقلۇق غازنىمۇ شۇ چاغلاردا تۈلكە يەپ كەتكەنىدى. قەلەندەر كۆك ئېشەك ۋە ئاق غازنى ياد ئــەتــكــەن ھالدا بىر تۈپ قېرى توغراقنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقتى. ئــارغــامچىنى توغراقنىڭ پەغەزدەك كۆندىلەڭ ئۆسكەن يوغان پۇتىقىنىڭ ئۇچىغا چەگدى، يەنە بىر ئۇچىنى ھالقا قىلىپ بويىنىغا سالدى، ئاخىرقى قــېــتــىم ئەتراپقا — پانىي ئالەمگە نەزەر سالدى. توغراق ئېگىز ئىدى،

يىراق-يىراقلاردا كۆز يەتكۈسىز باراقسان توغراقلىقلار، يۇلغۇنلۇقلار، قومۇش-يانتاقلىقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قەلەندەر ئۆزى مىنىپ ئولتۇرغان توغراق پۇتىقىغا قارىدى. ئۇ مانا مۇشۇ يەردىن باقىي ئالەمگە ئۆتمەكچى، ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ۋىسالىغا ئۇلاشماقچى ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ نۇرانە سىيماسى كۆرۈنگەندەك بولدى...

قەلەندەر ئۆزىنى پەسكە قارىتىپ تاشلىدى. ئارغامچىنىڭ ھالقىسى قىسقىراپ، گېلىدىن بوغدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدىن ئاخىرقى ئوي كېچىپ ئۆتتى: يېرىم مىنۇتتىن كېيىن ئۇ ئالەمنى كۆرۈمەن...

لېكىن مانا شۇ چاغدا كارامەت يۈز بەردى. توغراقنىڭ شۇنچە يوغان پۇتىقى ھۆل چىۋىقتەك ئېگىلىپ، قەلەندەرنىڭ يالاڭ ئاياغ تاپىنى يەرگە تېگىپ قالدى. گېلىمۇ تۈزۈكرەك بوغۇلمىغانىدى. لېكىن، بۇ بۇلارنى سەزمەيتتى. قەلەندەر مانا ئۆلمەن، ئەنە ئۆلمەن دەپ خېلى ئۇزاق كۈتتى، لېكىن ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ۋىسالىدىن ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم ئويلاپ، تاپىنىنىڭ يەرگە تېگىپ قالغانلىقى، نەپسىنىڭمۇ راۋان يۈرۈشۈۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىنىڭ بىرخىل رىتىمدا سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. قولىنى كۆتۈرۈپ ئارغامچىنى تۇتتى ۋە ئۇنىڭ ھالقىسىنى بوشاتتى، ئېگىلىپ يەرگە تېگەيلا دەپ قالغان توغراق پۇتىقىدىن ئارغامچىنى يەشتى. لېكىن، توغراقنىڭ يوغان پۇتىقى تۈزلىنىپ ئەسلىگە كەلمەي، ئېگىلگەن پېتى قېتىپ قالدى. ئۇ خۇددى ئالايتەن ئېگىپ قويغان قىسماققا ئوخشاپ قالغانىدى. قەلەندەر قولىدىكى ئارغامچا بىلەن قىسماقتەك ئېگىلىپ قالغان توغراققا قاراپ، باقىي ئالەمنىڭ ئۆزىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى چۈشەندى. خۇدا ئامانىتىنى ئالغىلى ئۇنىمىسا ئۇ يەرگە كەتكىلى بولمايتتى...

كىشلەر ئۇزاق يىللار، ئەسىرلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئەۋلىيانىڭ ”ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاششايىم“دا ئۈچ يىل تۇرغانلىقىنى، ئاشۇ يەردىن قايتىشتا توغراققا ئېسىلىپ، خۇدايتائالا بىلەن تېزرەك دىدارى ۋىسال بولۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. تاۋاپچىلار ئۆتۈپ

www.uyghurkitap.com

كېتىۋېتىپ، تەقدىرنىڭ ئاشۇ كارامىتىگە ـــ قىسماقتەك ئېگىلىپ قالغان توغراق پۇتىقىغا قاراپ ياقىلىرىنى چىشلىشەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەۋلىيا ئاشۇ توغراققا ئېسىلىش ئارقىلىق ئاللانىڭ قۇدرىتىنى سىناپ كۆرگەنمىش. ئەسلىدە بولسا ئۆز ئەجىلىنىڭ قۇندۇز شەھرىدىكى شاھ مەھمۇدخاننىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلەرمىش. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، قەلەندەر "ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاشايىم" مازىرىدا شاخ يېرىپ، ئۆزىنىڭ ئەرلىكىنى نابۇت قىلغان ھىدايىتۇللائاپئاققا جازا تىلىگەنمىش. تىلىكىنىڭ ئىجابەت بولغان-بولمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن توغراققا ئېسىلغاندا، توغراق ئەنە شۇنداق ئېگىلىپ قالغانمىش، ئەۋلىيا بۇنىڭدىن تەقدىرنىڭ ھۆكمىسىز قىل تەۋرىمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىگە كەلگەن ھەممە كەلمىشلەرنىڭ تەقدىردىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغانمىش...

بۇ چاغدا ئەجىلىنىڭ تېخى توشمىغانلىقىنى ھېس قىلغان قەلەندەر خۇرجۇننى يۈدۈپ يىراقلارغا قاراپ كېتىپ باراتتى...

* * *

قەلەندەر تۆت يىل ئۆتكەندە غەربكە قايتىپ خوتەن شەھرىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتتى. ئۇ مۇشۇ جەرياندا، چىرىيىنىڭ "ئىماملا" دېگەن يېرىدە شېھىت بولمىش، ھەزرىتى ئىمامى ھەپتەنىڭ ئوغۇللىرى بولمىش تۆت ئىماملار ـــ ھەزرىتى ئىمامى نەسرىدىن، ھەزرىتى ئىمامى مۇئىدىن، ھەزرىتى ئىمامى زوھرىدىن، ھەزرىتى ئىمامى قەۋمىدىنلارنىڭ نەسەپ يىلتىزلىرىنى بويلاپ كېزىپ يۈرگەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى ھەپتە، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى قاسىم، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى ئەسكىرى، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى نەقىي، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى تەقىي، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى ئەلى مۇسارىزا، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىمامى مۇساكازىم، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىمامى جەئفىرىم

سادىقلارنىڭ قەبرىگاھلىرىنى تاۋاپ قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ مۇشۇ ئىخلاسمەن خوتەنلىكلەرنىڭ ”تۆت ئىمام“لارنىڭ ھەممە بوۋا، ئەجدادلىرى ئۇچۇن خاتىرە-ئابىدە تىكلەپ، قەبرە تۇرغۇزغانلىقلىرىدىن ھەيران قالدى. ئۇ يەنە ئاشۇ تۆت ئىماملارنىڭ يەنىمۇ يىراق بۇغۇن، يىلتىزلىرى بولمىش ئىمامى جەئفىرىم سادىقنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى مەھەممەت باقىر، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى زەيدىنىلئابىدىن، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىمامى ھۈسەن دەشتى كەربالا، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئەلى شاھىمەردان، جەددى ھەزرىتى مۇھەممەت سەللەلەھۇئەلەيھى ۋەسساللاملار ئۇچۇنمۇ قەبرە-ئابىدە تۇرغۇزۇشقانىمىكىنە، دەپ ئويلاپ قالدى. لېكىن ئەل ئىچىدىن سۈرۈشتۈرگەندە بۇنداق ئابىدىلەر يوق بولۇپ چىقتى.

قەلەندەر قايتىشقا — نامەلۇم، سىرلىق، يېگى سەپەرلەرگە يول ئالغان شۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭ نامى ئاللىقاچان ”دەشتى خوتەن“گە پۇر كەتكەندى. ئۇنىڭ سىرلىق سۆز-ھەرىكەتلىرى، گۈزەل شېئىر-غەزەللىرىدىن ”بىسيار رىغبەت ۋە مەيىل“ تاپقان ”قەلەندەرىيە“ ئۇنىڭ نامىنى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ”تۇغما ئەۋلىيا“لىقى ھەققىدە يېگى-يېگى رىۋايەت-ئەپسانىلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقان بولۇپ، ھەربىر يۇرت-بازارلاردا تەشكىل قىلىنغان ”قەلەندەر خانا“لار ئۇنىڭ يولىغا ئىنتىزارلىق بىلەن تىكىلىشەتتى. ئۇنى كۈتۈۋالغان بىرىنچى ئۆتەڭ — كېرىيىدىلا، قارلۇق ۋەچىگىل قەبىلىلىرىنىڭ ئاشۇ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۇنىڭغا ”شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرى“ ئۇنۋانىنى تەقدىم ئېتىپ، ئۈستىگە ”جەندەئى شاھ قەلەندەر“نى يېپىشتى. ياۋاش، پاكار، تۈكلۈك ئاتنى مىندۈرۈپ قويۇشتى، بۇ ئاشۇ بىمەھەل ئىگىسىنى تاشلاپ كەتكەن ئېشەكتىن سەل ئېگىزرەك ئات ئىدى. ئۇ قايسى ئۆتەڭ-قونالغۇغا، قايسى يۇرت-بوستانلىققا قەدەم باسمىسۇن، ”قەلەندەر شامەشرەپ، شامەشرەپ!“ دەپ ۋارقىرىشىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇلىشاتتى. ”قەلەندەرىيە“گە گۇمان بىلەن قارايدىغان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا زوقلىناتتى. غەزەللىرىنى مۇتالىئە قىلىپ، ھېكايىلىرىنى سۆزلىشەتتى.

قەلەندەرمۇ تەرىقەتداشلىرىنىڭ ھۆرمەت-ئىززەتلىرىنى رەت قىلمايتتى. ئۆتەڭلەردە ئەمدى دەڭ ئىزدەپ يۈرمەي، بىراقلا ”قەلەندەرخانا“لارغا چۈشىدىغان بولدى. ئۇ قەدەم باسقان قەلەندەرخانىلار بىردىن قىزىپ كېتەتتى. خورۇلدىتىپ چىلىملاردا نەشىلەر چېكىلەتتى، داپلار داراڭلاپ، ساتار-تەمبۇرلار ياڭراپ، غەزەللەر ئوقۇلاتتى. سوپىلارنىڭ غەلىتە ھەرىكەتلەر بىلەن باشلىنىشى ئارقىسىدا زىكرى-ساما ئەۋجىگە كۆتۈرۈلەتتى، قەلەندەرلەرنىڭ غەزەل ۋە ساماغا نىقرات قىلىپ ئۇنى قاتقان ”ھۇم، ھۇم، ھۇم!“ دېگەن بوغۇق ۋە كۈچلۈك ساداسى ھاۋانى لەرزىگە كەلتۈرەتتى. ئاشۇ ساما ”سۆۋەت“لەرنىڭ ساداسى ئۇزۇنغىچە ساقلىناتتى...

قەلەندەر قايتىش سەپىرىدە مازار ئىزلەپ، تاغ ئارىلاپ يۈرمەي، يۇرتمۇ يۇرت، كەنتمۇ كەنت كېزىپ چىقتى. پەقەت كېرىيىنىڭ ”بۇغازى لەڭگەر“ دېگەن يېرىدە ”ئىمامى غەززالىم“ مازىرىغا يولۇقۇپ، مەشھۇر ئىلاھىيەت ئالىمى ئەبۇھامىت مۇھەممەت ئىبنى مۇھەممەت ئەل غەززالىم بىلەن روھىي كامالەتكە يېتىشنىڭ تۆت باسقۇچى — شەرىئەت باسقۇچى، تەرىقەت باسقۇچى، مەرىپەت باسقۇچى ۋە ئەڭ ئاداققى ھەقىقەت باسقۇچى توغرىسىدا غايىۋانە سۆھبەتلەردە بولدى. ئالىمنىڭ ”ھەقىقەت باسقۇچىغا ئۇلاشقان ئادەم تېخى مەيدانغا كەلمىدى، ئەخمەق بولما!“ دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلاپ ئۈمىدسىزلەندى. چىرىيىدىكى ”ئىمامى جەئفىرىم تەييان پاششايىم“غا كېلىپ، ئۇ كىشىدىن مەشھۇر ”ئوھۇد ئۇرۇشى“ ھەققىدە جەڭنامىلەرنى ئاڭلىدى. قالغان چاغلىرىدا ساپلا كەنت-مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، ئەۋلىيالىق نەزەرلىرىنى ساددا خەلققە تەقدىم قىلىپ ئۆتتى. ئۇ ئارىلىمىغان كېرىيىنىڭ ”مۇغاللا“، ”قارلۇق“، ”چۆپچىلە“، ”جاي“، ”شىۋۇل“، ”لايسۇ“ دېگەن يېزا-قىشلاقلىرى، چىرىيىنىڭ ”گۇلاخما“، ”دامكۇ“ دېگەن يېزىلىرى قالمىدى. ئۇ ئاشۇ يەرلەردە ئاددىي خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ئۆتتى.

قەلەندەر خوتەن شەھىرى — ئىلچىگە يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۆزىنى پىنھان تۇتۇشى زۆرۈرلۈكىنى، ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلىرىنىڭ ”قەلەندەرىيە“

تەرىقەتنىڭ مىزانلىرىغا ئۇيغۇن بولماي‌ۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆلگۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئىلچىگە جەندە-كۇلاھىنى يېشىپ تاشلاپ، پاكار ئېتىنى يېتىلەپ، تەرىقەتسىز يولۇچىدەك كىرىپ كەلدى. قەدىمكى شەھەر تۆت يىل ئاۋۋالقىدەكلا ۋاراڭ-چۇرۇڭلۇق، قاينام-تاشقىنلىق ئىدى. مەدداھلار تەرەپ-تەرەپتە سورۇن تۈزۈپ، جەڭنامىلەرنى، رىۋايەت-ئەپسانىلەرنى سۆزلىشەتتى. ئەلنەغمىچىلەر راۋاب، ساتار، تەمبۇر، دۇتارلىرىنى سايرىتىپ "شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرى"نىڭ ناخشا-غەزەللىرىنى كۈيلىشەتتى. قەلەندەر بىر مەدداھنىڭ سورۇنىغا يېقىنلاپ كېلىپ توختىدى، ئۇنى ھېچكىم تونۇمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ يوشۇرۇنۇش مەقسىتىگە يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ مەدداھنىڭ سۆزلىرىگە مەمنۇنىيەت بىلەن قۇلاق سالدى. مەدداھ ئېغىزلىرىدىن تۈكرۈك چاچرىتىپ، نامانگان شەھرىدە ئۇخلاپ ياتقان ياش ۋە گۈزەل بىر ئايالنىڭ ئۈستىدە سىرلىق ۋە غايىۋانە بىر شولىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى، ئايالنىڭ ئاشۇ نۇرنىڭ مەلاقاتى بىلەن ھامىلدار بولغانلىقىنى سۆزلەۋاتاتتى. ھېكايىدىكى كۆرۈنۈشلەر قەلەندەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئاستا-ئاستا گەۋدىلىنىپ باراتتى...

ياش ئانا بازارغا كەلدى، باققالنىڭ سېۋىتىدىكى قاشتېشىدەك جۇلالاپ پىشقان ئۈزۈملەر نۇردىن ھامىلدار بولغان ئانىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ تولدۇردى. ئانا ئەنە شۇ ئۈزۈمگە سېزىك ئىدى. ئۇ سېۋەتتىن بىر سېرىق ئۈزۈمنى ئېلىپ رۇخسەتسىز يېدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قورسىقىدىن: "ئەي ئانا، نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھەققىنى رۇخسەتسىز يەيسەن؟ باققالنى رازى قىل، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ قورسىقىڭدىن غايىب بولۇپ كېتىمەن" دېگەن سادا ياڭرىدى. ئانا ئىگىرگەن يىپىنى سېتىپ، باققالنى رازى قىلدى. توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت ئۆتكەندە نۇر ئوغلى تەۋەللۇت بولدى. ئۇ يەتتە كۈنلۈك بولغاندا يەتتە ئايلىق بالىدەك، يەتتە ئايلىق بولغاندا، يەتتە ياشلىق ئۆسمۈردەك ئۆستى... موللام ئۇنىڭغا "ئېلىپبە"نى ئۆگەتمەكتە. موللام "ئېلىپ" دېسە، بالا "ئېلىپ" دەپ تەكرارلايتتى. موللام "بە" دېسە،

بالا ”مەندە بەرگىلى ھېچنېمە يوق“ دەپ جاۋاب بېرەتتى. ”ئېلىپ“ تىن ئۇياقا ئۆتكىلى ئۇنىمايتتى. موللام ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا — بۇزچى موللا ۋەلى بىلەن سەلىمىخانغا ئەرز قىلدى. بالا موللىسى ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدا بىردىن ”ئېلىپبە“نى سۇدەك يادلاپ ئوقۇپ كەتتى. ئارقىدىنلا ھەر بىر ھەرپ، تاۋۇشنى غەزەل-مىسرالىرى بىلەن شەرھلەپ چىقتى: ”ئېلىپ، ئېلىپتەك قامىتىڭنى ئېيتىدا قىلدىم بۇگۈن...“

شاھ قەلەندەر ئۆزى قاچانلاردۇر بىر چاغدا توقۇغان غەزەلنى يادىغا ئالدى. رىۋايەتنىڭ ئۆزى ھەققىدە كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ئۇنىڭ ئەزايىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. مەدداھ ”شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرى“نىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى رىۋايەت قىلىشقا كىرىشكەندە، قەلەندەر ئۇ يەردىن كېتىپ قالدى ۋە ئىككىنچى سورۇنغا — راۋاب تۇتۇۋالغان ئەلنەغمىچى غەزەل ئوقۇۋاتقان يەرگە يېقىنلاشتى. ئۇ يەردىمۇ ”شاھ مەشرەپ“نىڭ غەزىلى ئوقۇلۇۋاتاتتى. قەلەندەر نېمىشقىدۇر ئاڭلاپ بېقىشنى ئىختىيار قىلدى. چۈنكى ئەلنەغمىچىنىڭ ئاۋازى تولىمۇ ساز ۋە يېقىملىق بولۇپ، قەلەندەر ئۆزى توقۇغان ۋە ئۆزى ئاھاڭ سالغان ئاشۇ غەزەل ۋە ئاھاڭغا ئاجايىپ پاساھەت كىرگۈزۈۋەتكەنىدى.

ئول دىلبىرى رەنانى مەن يار تۇتاي دەيمەن،
مەي بولسا بىھەم ئاندىن بىر قەترە يۇتاي دەيمەن.
ئالەم ھەممە لەيلىدۇر تۈن-قىلش قاراسىدەك،
ئايدەك يۈزىگە باقىپ مەستانە ئۆتەي دەيمەن.
ئىشق يولىدا كاپىر ئاشىققا قىلار تەنە،
بىر ئۇف ئىلە كاپىرنى ئۆرۈپ يىقتاي دەيمەن.
كۆز ياشىم دەريا بولدى، دوزاخ ئوتىدا مەشرەپمەن.
ئىشق ئوتىدىن تاۋلاپ دوزاخنى قورقىتاي دەيمەن.

قەلەندەرنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى، راۋابچى ئۇنىڭ غەزىلىدىكى

”زاھىد“ دېگەن سۆزنى ”كاپىر“ دېگەن سۆزگە ئالماشتۇرۇپ، مەنىسىنى پۈتۈنلەي بۇزۇۋەتكەن، غەزەلنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىدا رىتىممۇ بۇزۇلغانىدى. قەلەندەرنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرى، چېچى ئۆسۈپ دولىسىغا چۈشكەن، چاچ-ساقاللىرى قارا قاغىنىڭ چاڭگىسىدەك چىگىشلىشىپ كەتكەن، يۈز-كۆزلىرىنى مەينەت باسقان راۋابچىغا تىكىلىپ توختاپ قالدى. شۇ ئەسنادا راۋابچىنىڭ يېڭى سۆزلىرى قەلەندەرنىڭ قۇلىقىغا كىردى ”ئەي شەخسلەر، پېقىر شا مەشرەپ سەرسەرى ھەرقايسىڭلاردىن سەدىقە تىلەيدۇ، ئاللا ھەققى، ئاتا-ئانىڭلارنىڭ ھۆرمىتى ھەققى...“ قەلەندەر ئەمدى ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمىدى. تەمبۇرنىڭ ئۇزۇن دەستىسى بىلەن راۋابچىنىڭ يالغان ئېيتقان ئاغزىغا ئۇرغۇسى كېلىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ خىتاب قىلدى:

— شامەشرەپ سەدىقە تىلىمەيدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئۆزى بېرىدۇ، سەن شامەشرەپ ئەمەسسەن...

— مەن شامەشرەپنىڭ ئۆزىمەن.

— ئەمەسسەن.

— دەل شۇنىڭ ئۆزىمەن.

— ئۇنداق بولسا قېنى، دەرھال بىر يېڭى غەزەل توقۇپ باق.

— ...

راۋابچى دۇدۇقلاپ قالدى، ئارقىدىنلا دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتتى:

— سەن ئۆزۈڭ كىمسەن؟

باپارەھىم ئاتلىق، شامەشرەپ لەقەملىك مىنەلھەقمەن!

— يالغان!

— راست.

— يالغان...

ھىلال ئاي شەكلىدە سورۇن ھاسىل قىلغان ئاڭلىغۇچىلار ئاللىقاچان

www.uyghurkitap.com

بۇرۇلۇپ قەلەندەرگە قارىشىپ قالغانىدى. قەلەندەر ئىتنىغا سەكرەپ مىندى-دە ”مانا قارا؟“ دەپ، تەمبۇرنى سايرىتىپ غەزەل ئوقۇشقا كىرىشتى. كىشىلەر توپى ئىچىدە قەلەندەرنى تونۇيدىغانلارمۇ بار ئىدى. شۇ ھامان ”شامەشرەپ، شامەشرەپ دېگەن شۇ، شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرى دېگەن شۇ“ دېگەن پىچىرلىششلار سورۇننى بىر ئالدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا زوق بىلەن نەزەر تاشلىشاتتى. شۇ ئارىدا ھېلىقى يالغانچى راۋابچى غىپپىدە تىكىۋەتتى، ئۇ مەھكىمە شەرئىيگە كۆپۈر سۆزلەيدىغان قەلەندەرنى ئۇچراتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنى ”مىنەلھەقمەن“ دەپ جاكارلىغانلىقىنى چېقىشقا كەتكەنىدى.

قەلەندەرنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ياڭراپ كەتتى:

ئەييۇھەل ئەشراقى بوي ۋەسلى جاھان كەلتۈرمىشىم،
ئۆرگۈلۈپ قەشقەرمۇ، يەركەن، ئىلچى ئامان كەلتۈرمىشىم،
گاھ مۇغاللا[1]، گاھى قارلۇق[2]، چۆپچىلە[3]، جاي[4] كەنتىدىن،
كەچقۇرۇن ئاتقا بوغۇز بىرلە سامان كەلتۈرمىشىم،
گاھى شۇۋل[5]، گاھى لايسۇ[6] گاھ گۈلاخما[7]دىن ئۆتۈپ،
چىرايلىقتىن قاق تىلەپ، ئىششەك چىلان كەلتۈرمىشىم.
ئىلچى-يورۇڭقاش شەھرىدىن گۆش-ياغۇ، چاي ئېلىپ،
قاراقاش بازىرىدىن ئەبجۇش قازان كەلتۈرمىشىم،
بىناۋالەر بىرلە گۈلخاندا كۆڭۈللەر شاد ئېتىپ،
دەممۇدەم ھۇناتۇان ئاھۇ پىغان كەلتۈرمىشىم.

---

① ② ③ ④ ⑤ ⑥ — كېرىيە ناھىيىسىدىكى يۇرت-مەھەللىلەرنىڭ نامى.
⑦ چىرا ناھىيىسىدىكى جاي نامى.

مەشرەبا ئۆمرۈڭ خوتەن دەشتىدە ئۆتتى قان يۇتۇپ،
قانۇ جانىنى كۆيدۈرۈپ يارغا ئىمام كەلتۈرمىشىم.

غەزەل ئاياغلاشقاندا، بازاردىكى پۈتكۈل خالايىق شاھ قەلەندەرنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقانىدى. تەرىقەت پېشۋاسىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان خوتەن قەلەندەرلىرى ئاللىقاچان يېتىپ كېلىپ ئۇنى ئورىۋېلىشقان. ئۇلار ئۇنىڭ مۇبارەك ئۈزەڭگۈلىرىگە لەۋ تەگكۈزۈشكە، يۈگەن بېغىغا ئېسىلىشقا، ئېتىنى يېتىلەشكە ئالدىرىشاتتى. ئۇلار شاھ قەلەندەرنىڭ ئېتىنى سۆرىگەندەك، يېتىلىگەندەك، ئىتتىرگەندەك، كۆتۈرگەندەك قىلىپ ئالامانىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ ماڭدى. بىرلىرى "سەرسەرى، سەرسەرىم!" دەپ ۋارقىرىشاتتى. شاھ قەلەندەر بولسا توختىماي غەزەل ئوقۇيتتى، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۇلاپ ئېيتاتتى. ئۇ گويا ئەتراپىدا ھېچكىم يوقتەك، پەرۋايى پەلەك ھالدا قەلب مۇڭلىرىنىڭ چوڭقۇر كۈيى ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ توساتتىن مۇڭلۇق "ھۆكمەت" باشلىدى. ھۆكمەتنىڭ نىقراتىغا ھەممە قەلەندەرلەر ئۈن قاتتى. جازاباتلىق سوپىلار ئاللىقاچان پاكار ئاتنىڭ ئەتراپىدا زىكىر-سامانى باشلىۋەتكەنىدى. "ھۇم، ھۇم، ھۇم!" قىلغان تەلقىن ئاۋازى گۈرۈلدەيتتى... ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئاستا-ئاستا ئالغا سىلجىپ "سۇمە"گە — "قەلەندەرخانا"غا كىرىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈن ئىچىدە "سۇمە"دىن "ھۇم! ھۇم! ھۇم!" قىلغان تەلقىن ساداسى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇردى. ھاۋا لەرزىگە كېلىپ، شەھەر ئاسمىنى گۈرۈلدەيتتى. گويا خوتەن ئاشۇ بوغۇق، مۇڭلۇق، گۈركىرەك ئاۋازى ئارقىلىق ئاھ ئۇرۇپ نالە قىلىۋاتقانغا ئوخشايتتى.

ئۇزاق يىللار، ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئىلچىلىكلەر ئاشۇ زىكىر-سامانى، بوراندەك گۈرۈلدىگەن تەلقىن ئاۋازىنى ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. ئۇلار "شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرى" بىزنىڭ "سۇمە"دە "سۆۋەت" ئۇيۇشتۇرغان، پۈتۈن شەھەرنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقان دېيىشىپ يۈردى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ خوتەندە

”قەلەندەرىيە“نىڭ ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ كەلگەنلىكى ئەنە شۇنىڭ ۋەجىدىنمىش...

ئاشۇ ئاجايىپ جاراڭلىق، ئۇزۇنغا سوزۇلغان زىكىر-سامانىڭ ئاخىرقى كۈنى شاھ قەلەندەر ”سۇمە“دىن ئۈن-تىنسىز غايىب بولدى. ئۇ يېڭى-يېڭى نىشانلارنى كۆزلەپ، ئۇزاق سەپەرلەرگە يول ئالغانىدى.

* * *

شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرى خوتەندىن كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ تۇغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئۈچ ئەسىردىن كېيىنمۇ ئۇنتۇلمىدى. كېيىنكى ئۇزاق زامانلار جەريانىدا يەنە نۇرغۇن شاھ قەلەندەرلەر ئوتتۇرىغا چىقىشتى. تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىمۇ شا ئەيساخان ئىسىملىك چىرايلىق، قارا ساقال، قارا بۇرۇت، قارا كۆز، بوستان كىرپىكلىرى مەڭزىگە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان شاھ قەلەندەر ”سۇمە“نى جايى ماكان قىلىپ، ھەر پەيشەنبە كۈنى قەلەندەرلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، توپىلىق شەھەر كوچىلىرىدا غەزەل ئوقۇپ يۈردى. ئۇنىڭدىن سەل ئىلگىرىرەك غوللۇق، ئېگىز بوي تەمبۇرچى شا قاسىمخان ”قەلەندەرىيە“گە رىغبەت كىرگۈزمەكچى بولغانىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، تاكى ھازىرمۇ شا مۇھەممەت — شاھ پاشارخاننىڭ ئوغلى؛ شا قاسىمخاننىڭ ئوغلى — كوچىلاردا ئادەم يىغىپ راۋابىنى تاراڭلىتىپ ئاجايىپ گەپتانلىقى ۋە ھازىر جاۋاب قوشاقلىرى بىلەن ئەل چېھرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ يۈرۈپتۇ... ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ ھېچقايىسىسى ”شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرى“نىڭ ئورنىنى باسالمىدى. ئۇنداق گۈزەل غەزەل ۋە چىرايلىق ھېكمەتلەر ئۇلارنىڭ تىلىغا جايىز بولمىدى. غەزەل بىلەن كۈيىنى، كۈي بىلەن غەزەلنى يۇغۇرۇپ ئۆتەلمىدى. مازارلارنى كېزىپ ”تۆت ئىمام“لارنىڭ ئەۋلاد-يىلتىزلىرىنىڭ تەقلىدىي قەبرىلىرىگە تاۋاپ قىلىدىغانلار ھازىرمۇ تولۇپ يېتىپتۇ. لېكىن شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرىدەك ”ئىمامى جەئفىرىم

سادىق پاشايىم“دا ئۈچ يىل ياتىدىغانلار چىقمىدى. توغراقتا ئېسىلىپ ئالىلانىڭ ۋىسالىنى ئىزدەيدىغانلار، چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ ئۆزىنىڭ كامالىتىنى قوغلىشىدىغانلار تېخىمۇ چىقمىدى... بۇ قەدىمكى يۇرتتىكى ئاشۇ خەلق ھېلىمۇ تالاي-تالاي مازار پاشايىملارنىڭ قەبرىلىرىگە باش قويۇپ يېتىپتۇ، خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، ئەللەي ناخشىسىمۇ ئاڭلىنىدۇ... شا مەشرەپ خوتەن دەشتىدە كېزىپ يۈرگەندە ھېچكىم ئۇنىڭدىن ”تەسراتىڭ قانداقراق“ دەپ سوراپ كۆرمىگەن بولغىيدى. مەن بۈگۈنكى كۈندە، ئەگەر ئاشۇ سوئال ئاشۇ چاغلاردا ئۇنىڭدىن سورالغان بولسا، نېمە دەپ جاۋاب بېرەركىن، دەپ ئويلايمەن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قوشتاغدىكى مۇشائىرە



بۇنىڭدىن توقسان يىل مۇقەددەم، گۇمىدىن قوشتاغقا چىقىدىغان تاغ يولىدا بىر پارچە ئاق بۇلۇت ئاستا-ئاستا تاغقا ئۆرلەپ كېلىۋاتاتتى. يىراقتىكى قىردىن قاراپ تۇرغان، چىرايىنى قارا ياغلىق بىلەن نىقابلىۋالغان يوچۇن ئادەمگە ئاق بۇلۇت بوشلۇقتا ئۈزۈپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ جەنۇبتا سوزۇلۇپ ياتقان تاغ چوققىلىرىغا نەزەر سالدى. ئۇياقتا توپ-توپ ئاق بۇلۇتلار گويا ھاردۇق ئېلىۋاتقاندەك تاغ چوققىلىرىغا قونۇپ ئولتۇرۇشاتتى. يوچۇن ئادەم يەنە شىمالغا بۇرۇلدى. ئاق بۇلۇت ئۇنىڭغا قاراپ سوزۇلۇپ كېلەتتى. ئاخشامقى يامغۇردىن كېيىن ھاۋا تىنجىپ قالغان، ئازراق ئاجىز سەلكىنمۇ بولمىسا، قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاق بۇلۇت بۇ؟... يوچۇن ئادەم چوڭ-چوڭ قارا كۆزلىرىنى يىراقتىكى ئاق بۇلۇتقا تىكتى. قامچا تۇتقان ئوڭ

قولنى پىشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ كۆتۈردى. پۇرۇم-پۇرۇم قورۇقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاراچۇقتىن ئېتىلىپ چىققان ئۆتكۈر نۇر نەيزە بولۇپ ئاشۇ ئاق بۇلۇتقا سانجىلدى... يوچۇن ئادەم قاردەك ئاق ئاتلارنى، ئاق شايى يـــەكتەكلەرگە ئورالغان گەۋدىلەرنى ئىلغا قىلدى. ئۇلارنىڭ سەللىلىرىمۇ قاردەك ئاق ئىدى. ”راستىنلا ئاق بۇلۇت، پاكىز، غۇبارسىز ئاق بۇلۇت ئىكەن“ دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئاق ئاتلار تۇلكە يورغىسى بىلەن ئالدىرىماي قەدەم تاشلايتتى، ئارىدىن بىرەر ئات بۆرە يورغىسىغا ئۆتۈپ ئالغا ئۈزۈپ كەتمەكچى بولسا، ئۈستىدىكى ئاق يەكتەكلىك پەرىشتە يۈگەننى تارتىپ-تارتىپ قويۇۋاتتى. ئاق ئاتلار يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا توپلىشىپ بىر-بىرىگە سۈركىلىشىپ ئالغا چامدايتتى، يوچۇن ئادەم ئاتلارنىڭ ئالدىرىماي يورغىلاشلىرىغا، توپلىشىپ مېڭىشلىرىغا قاراپ، ئېگەر ئۈستىدە قىزىق، ئاجايىپ ئەھمىيەتلىك سۆھبەت كېتىۋاتقانلىقىغا جەزم قىلدى...

ئالدى بىلەن ئاتلار سالاملاشتى. ئاق بۇلۇت ئىككى يۈز قەدەمدەك جايغا يېقىنلاپ كەلگەندە، يوچۇن ئادەمنىڭ تاگدىكى شەپەقتىن رەڭ ئالغان ئـــوتقاشتەك قىزىل ئېتى ھۆرمەت بىلەن كىشنىدى. يىراقتىن ئاق ئاتلار بەس-بەستە كىشنەپ جاۋاب قايتۇرۇشتى. تاغنى ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى جاراڭلىتىۋەتتى، كىمنىڭدۇر ئاق ئېتى چېپىپ-چاپچىپ، شوخلۇق بىلەن كىشنەپ توپتىن ئايرىلىپ چىقتى ۋە ھايال ئۆتمەي چىڭ تارتىلغان يۈگەننىڭ زورىدىن يەنە توپىغا قېتىلىپ كەتتى. يوچۇن ئادەم ئىسمىسلاللىق ئىسمايىل داموللامنى تونىدى. ”داموللام مېھمان باشلاپ كېلىۋېتىپتۇ-دە، بولۇپتۇ، مـــال-دۇنيانـــى ئاشۇنداق بۇزۇپ-چاچقـــۇلۇق، يالغـــۇز باشـــقا كۆپلـــۈك قىلـــدۇ ئۇ...“ دەپ ئويلىدى ئۇ يەنە.

ئاق بۇلۇت قىرغا كۆتۈرۈلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

سالام تاق، جاۋاب گۈرۈلدەپ چىقتى.

— يول بولسۇن!

— يول بولسۇن!

ئاق بۇلۇت ئۆتۈپ كەتتى. يوچۇن ئادەم بىر-بىردىن رەڭ تاللاشقاندەك كۆرۈنىدىغان ئوخشاش ئاق ئاتلار، قاردەك ئاق شايى تون ۋە سەللىلىرىدىن كۆرە، خىزىردەك سالاپەت، پاكىز ۋە نۇرلۇق چېھرىلەرگە بەكرەك ھەيران بولۇپ تىكىلدى. ئات ئۈستىدىكىلەرمۇ مۇناردەك ئېگىز، يوغان ۋە گەۋدىلىك ئادەمگە ئۇنىڭ قارا نىقابىغا تەئەججۇپ ئىچىدە قاراشتى. يوچۇن ئادەم ئاشۇ قىسقىغىنا بىرنەچچە دەقىقە ئىچىدە، ئۇلارنىڭ كۆپلىرىنى تونۇشقا ئۈلگۈردى. ئۇ، ئۇزاقى يىللىرى ئاشۇ يەكەنلىك ۋە قاغىلىقلىق تېۋىپ-ھېكىملەرگە تاغ ئۆسۈملۈكلىرى، ئارقار ۋە بۇغا مۈڭگۈزى، ئىپار ئاھۇسىنىڭ كىندىكى قاتارلىق دورا-دەرمەكلەرنى ساتقانلىقىنى يادىغا ئالدى. كۆزى تولىمۇ يىراقنى كۆرىدىغان، زېھنى ئاجايىپ ئۆتكۈر بۇ ئادەم ھەيران بولۇپ قالدى. ”ئىسمايىل داموللامنىڭ ئۆيىدە كىم بىمار بولۇپ كالدىكىنە؟ ياق، بىمار ئۈچۈن بۇنچىۋالا كۆپ تېۋىپ تەكلىپ قىلىش كەتمەيدۇ، ئىسمايىل داموللامنىڭ ئۆزىمۇ تېۋىپ. ئۇ سانجۇدىكى ئافغانىستانلىق كەلگۈندى داموللامدا ئوقۇغاندا تېۋىپ-ھېكىملىكنىمۇ قوشۇپ ئۆگەنگەن. ياق، بۇلار كېسەل كۆرستىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنغانلار ئەمەس... ئەمدى چۈشەندىم. بۇلار شائىر-ئۆلىمالار ئىكەندە، ئەشئارنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان ياش داموللام شائىر-تېۋىپلارنى ھەمسۆھبەت بولۇشقا باشلاپ چىققانىكەندە، ۋاي بايۋەچچىيەي، ئىسكەندەر موللامدىن قالغان مال-دۇنيانى ئاشۇنداق بۇزۇپ-چاچ...“

يوچۇن ئادەم بەستىگە ماس بولمىغان چاققانلىق بىلەن قىزىل تورۇققا سەكرەپ مىندىدە، ئاق ئاتلىقلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى، ئۇنىڭ ئىسمايىل داموللام بىلەن كۆرۈشمىگىنىگە ئىككى يىل بولغانىدى. نېمىشقىدۇر ھېلى ئاشۇ ئاق ئاتلىقلار ئالدىدا تونۇشلۇق بېرىشكە ئەيمەندى. ئەمدى بولسا

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پۇرسەت-دىدار ئىزدەپ ئەگەشتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئاق بۇلۇت ئاستا-ئاستا داۋانغا ئۆرلەپ باراتتى...

* * *

دەر ھەقىقەت، يوچۇن ئادەم خاتالاشمىغانىدى. ئاشۇ تاپتا شۇ زاماننىڭ ئەڭ ئېسىل ئۆلىمالىرى، ئوت يۈرەك شائىرلىرى، خەلقپەرۋەر زاتلىرى جەم بولۇپ، ئەنە شۇ قوشتاغقا، ئىسمىسلاغا، كوھتام دەرياسى بويىغا ھەم ئاجايىپ ئىزگۈ ۋىسال ئۈچۈن ھەم ئىسمايىل داموللامنىڭ ئەلۋەك مېھماندارچىلىقى ئۈچۈن كېتىپ باراتتى. ئاق بۇلۇتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالدىدا كېتىپ بارغىنى قارا قاش، قارا كۆز، قاڭشارلىقى، قارا كەكە ساقىلى خويمۇ ياراشقان ئوتتۇرا بوي ئادەم، بۇنىڭدىن توققۇز يىل مۇقەددەم يەكەنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەنجانلىق شائىر، تېۋىپ زاكىرجان خالمۇھەممەت ئوغلى فۇرقەت ئىدى. شۇ چاغلاردا يەكەن خەلقى يېقىنچىلىق بىلەن ئۇنى "قورچاق ئەپەندىم" دەپ، ھەمسۆھبەتلىرى بولسا زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا قاغىلىقلىق ئۆلىما مۇتىللا ئەلەم ئاخۇنۇم، سول يېنىدا يېڭىسارلىق شائىر موللا سەئىدۇللا، ئۇنىڭ يېنىدا بولسا گۇملىق مەشھۇر ئۆلىما ئابدۇللا مۇفتى ھاجىم، مۇتىللا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ئوڭ يېنىدا بولسا ئىسمىسلالىق ياش، ۋىجىك، كىچىككىنە بويلۇق ئىسمايىل ھاجىم (ياق، بۇ چاغدا ئۇ تېخى ھەج قىلمىغان، ئىسمايىل داموللام دەپ ئاتىلاتتى) شاش ئېتىنى يورغىلىتىپ سەل ئالدىدا يول باشلاپ ماڭاتتى. ئاتلىقلارنىڭ ئىككىنچى رېتىدە قاغىلىقلىق نىزامىدىن ھاجىم، يەكەنلىك مەخمۇت قارى ھاجىم تەمبۇرچى، سالى ئەلەم، ئۆمەر ھاجىم، خالمۇھەممەت ھاجىم قاتارلىقلار؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكى رەتتە بولسا، گۇملىق مەشھۇر داموللا، ئۆلىمالار ئاتلىرىنى دىۋىتىشىپ، زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ چەت ئەللەر توغرىسىدىكى قىزىق سۆھبىتىگە قۇلاق سېلىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى

www.uyghurkitap.com

جاھان كەزگەن، دۇنيانى كۆرۈپ چۈشەنگەن يۈرەكنىڭ مۇڭ-زارلار، دەرد-ئەلەملەر، ئەپسۇس-نادامەتلەر توغرىسىدىكى ئەكس ساداسىنى ياڭرىتاتتى. غەپلەتتە قالغانلارنى ئويغاتماقچىدەك، نادانلارنى قامچىلىماقچىدەك تۇيۇلاتتى. ئاللىنقانداق قەپەس-سولاقىلار، چۈلۈك-بويۇنتۇرۇقلار، ئارقان-زەنجىرلەر، ھەپسە-زىندانلار ئۈستىدىن ھەزىل قىلاتتى. ئالەمنى، ئاللانىڭ نىيەت-ئىقباللىرىنى زىكرى قىلاتتى... زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم جاھان غەۋغالىرى توغرىسىدا سۆزلەپ كېتىۋاتقان شۇ تاپتا، نېمىشقىدۇر ئاشۇ سۆزلەرگە ئۆزىنىڭ زادىلا رايى يوقتەك، پەقەت ئاشۇ ياش ئىسمايىل داموللامنىڭ تۈگىمەس سوئاللىرى ۋەجىدىنلا بىر نەرسىلەرنى دەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كۆزلىرى يىراقتىكى تاغ چوققىلىرىغا، كۆپكۆك ئاسماندا ئۈچۈپ يۈرگەن بۇركۈتكە تىكىلەتتى. كۆتۈلگەن ئۈچرىشىش تەقەززاسىدا يۈرىكى دۈپۈلدەيتتى: ئۇ ئالىمنىڭ خىيالىغا ئالتە يىل تەشنائى مۇپتىلا بولدى، قاچانكى شۇ مۇپتىلالىق باشلانغاندىن بېرى ئۇنىڭ غايىۋانە سىيماسى كېچە-كۈندۈز كۆز ئالدىدا جىلۋە قىلدى. نۇرلۇق ئاي، سېھىرلىك بۇلاق، قامەتلىك سەرۋى بولۇپ گەۋدىلەندى. زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئاشۇ ئاي نۇرلىرىدا يۇيۇنغۇسى، سېھىرلىك چەشمە-بۇلاقلار بىلەن پىچىرلاشقۇسى، قامەتلىك چىنار بىلەن بوي تەڭلەشتۈرگۈسى كېلەتتى. لېكىن ئاشۇ ماھى تابانىنىڭ قايسى بۇلۇتنىڭ كەينىدە پىنھانلانغانلىقىنى، قايسى جىراغا كۆمۈش قوڭغۇراقتەك جىرىڭلاپ، قايسى ئورمانىنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلمەيتتى، مانا تۈنۈگۈن، مانانلار تارقاپ، بۇلۇت سۈرۈلۈپ ئۇنىڭ ئورنى مەلۇم بولدى. مەخسۇم ھاجىمنىڭ تۇمانلانغان قەلبى پاللىدە يورۇپ كەتتى. مانا ھازىر ئاشۇ ئىسمىسلا تەرەپكە ئۆرلەۋاتقانلىرىدا ئۇنىڭ قاناتلىرى ۋىسال دەملىرىگە ئىنتىلىپ پەرۋاز قىلىۋاتاتتى...

يەكەن ۋە قاغىلىقلىق ئۆلىمالارنىڭ گۇمىلىق ئابدۇللا مۇفتى ھاجىمنىڭ مېھماندارچىلىقىغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرىغا ئون كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى. ئاشۇ ئون كۈن لەززەتلىك لوقما-تائاملار، شېرىن مۇتالىئە-مۇلاھىزىلەر،

مۇڭلۇق مۇقام-نەغمىلەر بىلەن تەمىنلەندى، ھۆرمەت سىنچايلىرى توختىماي ئايلاندى. مېھماندوست گۇمبىلقىلارنىڭ ئىززەت پايىندازلىرى تەرەپ-تەرەپكە سوزۇلدى... مېھمان ئىززەتلەنگىنىگە لايىق ئىززەتنى ساقلىشى، ئۆز ۋاقتىدا قايتىۋېلىشى كېرەك. ئۇلار ئەمدى قايتىش تەرەددۇتىگە كىرىشكەندە، مانا تۇنۇگۇن قوشتاغ ـــ ئىسمىسلالىق ئىسمايىل داموللام ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى. ئېسىل ئېگەر-جابدۇقلار بىلەن جابدۇلغان ئۇن بەش ئاق ئاتنى ئابدۇللا مۇفتى ھاجىمنىڭ چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك دارۋازىسى ئالدىغا باغلاپ، "پېقىرنىڭ غېرىب ھويلىسىدىن مۇبارەك قەدەملىرىنى ئايىمىغايلا" دەپ چوڭ ئايىۋاننىڭ سەھنىسىدە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى. ۋىجىك، بۇغداي ئۆڭلۈك، كىچىككىنە كۆزلىرى قاراقات دانىسىدەك مۆلدۈرلەپ تۇرىدىغان بۇ ياش موللىنىڭ كىيىنىشىدىن بايلىقى، شېئىر-مىسرالىرى ئارىلاشقان گەپ-سۆزلىرىدىن بىلىملىك، شۇنداقلا ھاكاۋۇرلۇقى، ھەرىكەت ۋە قىلىقلىرىدىن شوخ ۋە يەڭگىلتەكلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ھە دېگەندىلا ئۇ مېھمانلارنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى. بولۇپمۇ زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم ئۆزىنى ئاللىقانداق بېزارلىق تۇيغۇسى ئىلكىگە ئېلىۋالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ بەزى كىشىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە شېئىر-مىسرالىرىنى قالايمىقان ئىلەشتۇرۇۋېلىشىنى ياخشى كۆرمەيتتى.

مېھمانلار ئىسمايىل داموللامنىڭ تەكلىپىگە رەھمەت بىلەن ئۆزرە ئېيتتى. قايتىشقا ئالدىراۋاتقانلىرىنى شىپىي كەلتۈرۈپ يەنە بىر قېتىمدا ساھىبى قەدەم بولۇشقا ۋەدە قىلدى. لېكىن ئىسمايىل داموللام ئۆزى نىيەت قىلغان ئىشتىن ئۇڭاي قول ئۈزىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ مېھمانلارغا يارىپىلىمدەك چاپلىشىپلا ئالدى. ئۆلىمالارنىڭ ئەزىز قوللىرىدىن سۆيۈشكە، مۇبارەك ئاياغلىرىدىن چۈشكەن چاڭنى كۆزلىرىگە سۈرتۈشكە، خۇش نەپەس سۆھبەتلىرىدىن كۆڭۈل كىرلىرىنى چايقاشقا تەشنا ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. ئۇنىڭ تولىمۇ چېلىك تۇرۇۋېلىشىدىن ئالىي مۇقام مېھمانلار خىجىل بولۇپ قېلىشتى. مانا شۇ چاغدا مېھمان ئىنىسى ئابدۇللا مۇفتى ھاجىم

زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنى يانغا باشلاپ، ئۇنىڭ چىرايلىق قولاقلىرىغا ئىمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى. زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ كۆزلىرى شۇ زامات چاقناپ كەتتى. "راست كېلىۋاتامدۇ؟" دېگەن تەئەججۇپلۇك سوئالى ئايۋاندىكى ھەممە كىشىگە ئاڭلاندى. ئۇ قولاقلىرىغا ھازىرلا ئاڭلانغان خۇش خەۋەرگە ئىشىنەلمەيۋاتاتتى. ئۇ، بۇرۇلۇپ مۇتەللا ئەلەم ئاخۇنۇمغا سوئال نەزىرى بىلەن ئىلتىپات قىلدى. مۇتەللا ئەلەم ئاخۇنۇم نىمىنىدۇر چۈشىنىپ ھۆرمەت بىلەن بېشىنى ئىگاڭلاتتى. بۇ ئۇنىڭ "ئاڭلىغانلىرى راست ھەزرىتىم" دېگىنى ئىدى. زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم بىردىن خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ئىسمايىل داموللامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھاياجانلىق ئاۋاز بىلەن "ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، ئېسىل خاندانلىرى ئەرزىمەس مېھمانلارنى قوبۇل قىلغاي" دەپ بېشىنى ئەگدى. زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ رازىلىق بىرىشىگە ئالىمنىڭ كوھتام دەرياسى بويىدا پاناھلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تۈرتكە بولغانىدى. ئىسمايىل دامولامۇ شۇ زامان رازىمەنلىك بىلەن ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئالدى، "خىزمەتلىرىگە بىجاندىلىمىز" دەپ جاۋاب بەردى ۋە ئارقىدىنلا ھەربىر مېھمانغا بىردىن قاردەك ئاق شايى تون ياپتى. مانا شۇنداق قىلىپ بۆگۈن سەھەردە، توخۇنىڭ بىرىنچى چىللىقىدا قوشتاغنىڭ ئىرىسىدىكى كوھتام دەرياسى بويىغا قاراپ ئاتلانغانىدى.

* * *

شۇ زاماننىڭ يېتۈك ئالىمى، ئىستىداتلىق، كۆپ تىللىق شائىر، ماھىر تېۋىپ ھۇسەيىنخان قۇتبىدىن شاھ ئوغلىنىڭ ئەزىز بېشىغا كېيىنكى يىگىرمە يىلدا ئىنتايىن ئېغىر كۈنلەر چۈشتى. خۇراپىي بىدئەتچىلەرنىڭ تۆھمەت-بەدناملىرى، مانجۇ مەمۇرلىرىنىڭ تەقىب-قوغلاشلىرى ئۇنى زادىلا تىنچ قويمىدى. ئالىلقاندىكى بىر يوشۇرۇن بالا-قازا خۇددى رودىپايىدەك ئۇنىڭغا سوڭدىشىپلا يۈرەتتى. ئۇ قاچاتتى، يوشۇرۇناتتى ۋە يەنە قاچاتتى.

ئاخىر كېلىپ مانا شۇ پىنھان تاغ ئىچىدە، كىلياڭ بىلەن ئىسمىسلانىڭ ئارىلىقىدا، كوھتام دەرياسىنىڭ ھاۋالىق بويىدا ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئالىمنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۆلپەتلەردىن خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ يەكەنگە كېلىپ تۇرۇپ قالغان مۇشۇ سەككىز-توققۇز يىلدىن بېرى ئالىمنىڭ چوڭقۇر پىكىرلەردىن رەڭلەنگەن گۈزەل ئەشئارلىرىنى كۆپ ئوقۇغان، ئۇنىڭ ئىلمىي ماھارىتى، قابىلىيىتى، ئالىيجاناب ئەخلاقى توغرىسىدا كۆپ پاراڭلارنى ئاڭلىغانىدى. يەكەن، قاغىلىق تەرەپلەردە دېھلى، كابۇل، ئىسپىھانلاردىكى كاتتا دارىلفۇنۇنلاردا ئوقۇپ كەلگەن ھۆسەيىنخان ھەزرىتىم توغرىسىدىكى گۈزەل تەرىپلەر شۇنچىلىك كۆپ ۋە كەڭ تارقالغان ئىدىكى، ئاڭلىغان ئادەملەرگە خۇددى پاك پەرىشتىلەر توغرىسىدىكى سىرلىق رىۋايەتلەردەك تۇيۇلاتتى. ئاشۇ رىۋايەتلەردە ئۇ، تىلشۇناسلىقنىڭ پىرى، ئەشئارچىلىقنىڭ تەڭداشسىز ئۇستىسى، تارىخنىڭ تىرىك شاھىدى، ئىلمىي مەنتىقە، ئىلمىي نۇجۇم ۋە كىمياگەرلىك-تىپ پەنلىرىنىڭ يېگانىغۇچىسى بولۇپ تەرىپلىنەتتى. كىملەرنىڭدۇر شىپا تاپمىغان كېسىلى ھۆسەيىنخان ھەزرىتىم ئىجاد قىلغان تەرياق، ھەببى زوفا، ھەببى جەۋھىرى، ئازاراقى دېگەن دورا نۇسخىلىرىنىڭ قايىسى بىرىدىن بىر قېتىم ئىستېمال قىلىش بىلەنلا ساقىيىپ كەتكەن بولاتتى. يەنە كىملەرنىڭدۇر دورا نۇش ئەتمەي تۇرۇپلا ھەزرىتىمنىڭ مۇبارەك نەزەرلىرى تەسىرىدىلا ساقىيىپ كەتكەنلىكى ھېكايە قىلىناتتى. ئۆزىگە تېۋىپلىقنى كەسىپ ئەتكەن زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم بۇ گەپلەردىن ھەيران بولاتتى. داۋالاش ئەمەلىيىتىدە ئاشۇ دورا نۇسخىلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، بۇ يەردىكى ئاجايىپ ئىستىداتقا قايىل بولاتتى. ئاشۇ ئېقىپ يۈرگەن رىۋايەتلەرگە ئىشەنگۈسى كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئاشۇ رىۋايەت ۋە تۇيغۇلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ ئۇلۇغ بىر ئىنسان سىيماسىنى گەۋدىلەندۈرەتتى. بولۇپمۇ ئۇ ئۆز قەلبىدە نۇرلۇق سىيما بولۇپ گەۋدىلەنگەن ئاشۇ زاتنىڭ ”بەرقى تەجەللىي“، ”سەبقى مۇجەللىي“

ماۋزۇلۇق قولىيازما دىۋانلىرىنى ئوقۇغىنىدا، قولدىن-قولغا ئۆتۈپ يۈرگەن "تەجەللىي-مۇجەللىي" تەخەللۇسىدىكى ئەشئارلىرىنى قايتا-قايتا مۇلاھىزە قىلغىنىدا تۈركىي، پارس، ئەرەب تىللىرىدا توقۇلغان ئاشۇ گۈزەل ئەشئارلار خۇددى تەخەللۇستا جاكارلانغاندەك، ئۇنىڭ ئوبرازىنى كۆز ئالدىدا نۇرلاندۇرۇۋېتەتتى، ئەشئار مۇسابىقە مەيدانىنىڭ مۇكاپات تارقىتىش سۇپىسىدا جىلۋىلەندۈرەتتى. نۇر بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن ئەشئار قوشۇلۇپ پەرىشتە ھاسىل قىلاتتى... زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئاشۇ پەرىشتە بىلەن قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى ئارىسىدا مۇلاقەت بولغۇسى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارقالغان ئاپتاپتا ئىسسىنغۇسى كېلەتتى. كۆپ ھاللاردا ئاشۇ ۋىسال خىياللىرىغا مۈپتىلا بولاتتى. ئۇنىڭ خۇددى يەتتە قات ئاسمانىنىڭ ئۈستىدىكى پەرىشتىلەردەك نەلەرگىدۇر پىنھانلانغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ دىدارىدەملىرىنىڭ بىۋاقىت ئىككەنلىكىدىن زارلىناتتى. زامان كۈلپەتلىرىنىڭ ئاشۇ ئۇلۇغ ئالىم بېشىغىمۇ كۆلەڭگە تاشلىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىناتتى... زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم ھۈسەيىنخان ھەزرەتلىرىنىڭ نائىبى ۋىلايەت جامائەداردادىخاھىنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا ئېرىشكەنلىكى تۈپەيلى كېيىنكى كۈنلەردە مانجۇ مەمۇرلىرىنىڭ تەقىب-تۇتقۇن قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقىنى، بۇ تەقىبكە كۆپرەك خۇراپىي بىدئەتچىلەرنىڭ تۆھمەت-بەدنامىلىرى سەۋەب بولغانلىقىنى، شۇ ۋەجىدىن تۇتقۇن-ھەپسە زۇلمىدىن قېچىپ يۇرتمۇ يۇرت يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان. ئۇ مانجۇ مەمۇرلىرى كېيىنكى كۈنلەردە يۈرگۈزگەن ياۋۇزانە تەقىب-تۇتقۇنلار توغرىسىدا قوقاندا، تاشكەنتتە، ئىستانبۇلدا، دېھلىدا، كەشمىردىكى چاغلىرىدا خەۋەردار بولغان. كەشمىردە، كەشمىردىن يەكەنگە كېلىش سەپىرىدىكى تاغ يولىدا تەقىب-تۇتقۇندىن قېچىپ يۈرگەن مۇساپىرلارنى ئۇچراتقانىدى. بىچارىلەر ئاچ-يىلىڭ ھالدا يات ئەللەردە، سوغۇق تاغ قاپتاللىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشەتتى. مانا شۇلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ كەشمىردە تونۇشقان شائىر دوستى موللا سەئدۇللا ئىدى. زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم كەشمىردىكى چاغدىلا

ئۆزىدىن يىگىرمە ياشلارچە چوڭ بولغان بۇ مۇساپىر دېھقان شائىرنى ئۆز قانات ئاستىغا ئالدى ۋە بىللە يەكەنگە قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ مانا تا ھازىرغىچە ئۆز يېنىدا بىللە يۈرۈپتۇ. ئەمدى مانا شۇ ئاددىي خەلقنىڭ بېشىغا، موللا سەئىدۇللانىڭ بېشىغا كەلگەن سەرسانلىق كۆلپىتىنىڭ نادىر ئالىم ھۆسەيىنخان ھەزرىتىم بېشىغىمۇ چوقماق ئۇرۇشنى كىم ئويلىغان دەيسىز؟ ھەي خۇراپىي بىدئەتچىلەر، — دەپ ئويلايتتى زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم، — دۇنيادا سىلەر يوق يەرلەرمۇ بارمۇ؟ سىلەر پىتنە-پاسات ئۇرۇقلىرىنى چاچمىغان قەيەر قالدى؟! ئالەم سىلەرنىڭ كاساپىتىڭلاردىن خاراب بولىدىغان ئوخشايدۇ، بىچارە ئالىم سىلەرگە نېمە يامانلىق قىلغانىدى؟ ئۇ سىلەرگە زادى نېمە قىلغانىدى؟...

زاكىرجان مەخسۇم ھاجىنىڭ قەلبى زاماندىشىنىڭ بېشىغا چۈشكەن قارا كۈنلەردىن ئازابلىناتتى. ئاشۇ ئالىمنى قاپقاندىن قېچىپ يۈرگەن يولۋاس، قىلتاق-تۇتقۇندىن چۆچىگەن بۈركۈت، قىسمەت زەنجىرلىرى بويىنىدىن باغلاپ يۇرتمۇ يۇرت، تاغمۇ تاغ سۆرەپ يۈرگەن بىچارە ئاھۇ سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغىنىدا كۆزلىرىدىن ھېسداشلىق ياشلىرى مۆلدۈرلەپ تۆكۈلەتتى. نامەلۇم بىر غايىۋانە زالىمغا خىتاب قىلىپ ”قويۇۋەت، قويۇۋەت، قويۇۋەت!“ دەپ ۋارقىرىغۇسى، كۈچلۈك قوللىرى بىلەن زۇلۇم زەنجىرلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىغۇسى، ئالەم ۋە ئالىمغا ئەركىنلىك-ھۆرمەت بەخش ئەتكۈسى كېلەتتى. ھەممىدىنمۇ بەكمۇ ئالىم بىلەن بىر دەقىقە بولسىمۇ دىدارلىششنى، ئۇنىڭ نۇرلۇق جامالىدىن بەھىر ئېلىشنى، شېرىن-سۆخەن سۆھبەتلىرىگە داخىل بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. يۈرىكى ۋىسال ئارزۇسىدا يالقۇنلايتتى...

مانا ھازىر ئىسمىسلا بىلەن كىلىياڭ ئوتتۇرىسىدىكى كوھتام دەرياسى بويىغا قاراپ كېتىۋاتقان تاغ يولىدا، ئۆز يېنىدا شاش ئاق ئارغىماقنى قاڭتايتۇرۇپ كېتىۋاتقان ياش ئىسمايىل داموللامغا تۇرۇپ-تۇرۇپ مەمنۇنلۇق-رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قوياتتى. ئىسمايىل داموللامنىڭ ئالىمنى ئۆزىنىڭ ئىسمىسلادىكى گۈزەل باغلىرىدا، مانجۇ مەمۇرلىرىنىڭ كۆز ۋە

قۇلاقلىرىدىن يىراقتا، كوھتام دەرياسى بويىدىكى پەرسۇلىرىدا يوشۇرۇپ ساقلاۋاتقانلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتقۇسى كېلەتتى. ئۆزى دەسلەپتە نېمە ئۈچۈندۇر بىزارلىق ھېس قىلغان ئىسمايىل داموللىدىن كەچۈرۈم سورىغۇسى كېلەتتى. لېكىن زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئېسىيادى يەنىلا يېقىنلاپ قالغان ۋىسال دەملىرىدە ئىدى. ھېلىدىن-ھېلى تۆلكە يورغىسىدىن بۆرە يورغىسىغا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاق ئېتىنى سەۋرسىزلىك بىلەن دېۋىتىپ قوياتتى. ئىسمايىل داموللامنىڭ ئۆز بېغىغا ياساتقان ئېگىز ۋە ھەشەمەتلىك راۋاق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كېچە-كۈندۈز ئىجتىھات بىلەن يازغان شېئىرلىرىنىڭ بىرەر قېتىممۇ ھۆسەيىنخان ھەزرىتىمنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولالمىغانلىقى توغرىسىدىكى ھېلىقى ھېكايىنى يادىغا ئېلىپ ئىستېھزا بىلەن كۈلۈمسىرەيتتى. ئاشۇ ھېكايىنى ئاخشام ئىسمايىل داموللامنىڭ ئۆزى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ھېكايىنىڭ تامامىدا زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم ”كامالەت چوققىسىدىن تېخى يىراق ئوخشايلا تەقسىرىم، بولمىسا ھەزرىتىم ئۈنچىۋالا پىخسىق ئادەممۇ ئەمەستۇ...“ دېگەنىدى. ئىسمايىل داموللامۇ نۆۋىتىدە خۇش پېئىللىق بىلەن ”... شۇنداق ئوخشايدۇ، پېقىر ھەزرىتىمنىڭ بىر قېتىم بولسىمۇ كىچىككىنە ماختاپ قويۇشىغا چۆلدەك تەشنا ئىدىم، لېكىن ھازىرغىچە ئۇنداق نېسىۋە ماڭا بەخشەندە بولمىدى. ئەگەر ئاشۇ دەملەرگە مۇيەسسەر بولالىسام، ھەزرىتىمنىڭ ئالدىغا پەتنۇس-پەتنۇس تىللالارنى تۆكمە قىلغان بولاتتىم“ دەپ جاۋاب بەرگەن. مانا ھازىر زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم شېئىرىيەت دالاسىدا تېپچەكلەپ، كامىللىق مەنزىلىگە ئۆملەپ كېتىۋاتقان ئىسمايىل داموللامغا ئىستېھزا ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ قارىغىنىدا ”ئالىم دېگەن ئاشۇنداق بولىدۇ“ دەپ ئويلىدى ھۆسەيىنخان ھەزرىتىم توغرىسىدا. لېكىن ئۇنىڭ پۈتۈن پىكىر-خىيالى بولغۇسى دىدار دەملىرىنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىگە قادىلىپ قالغانىدى. قانات چىقىرىپ ئۇچقۇسى، كوھتام دەريا ۋادىسىغا تېزرەك يېتىۋالغۇسى كېلەتتى. ئۆزەڭگىسى بىلەن توختىماي دېۋىتىۋاتقان ئاق ئاتقا خىتاب قىلاتتى: ئاھ، ئاق ئات، قانات

چىقىرىپ ئۈچ، جەنۇبقا كۆچكەن ئاققۇدەك قوشتاغنىڭ ئاسمىنىدا پەرۋاز قىل، تېزرەك-تېزرەك ئاشۇ كوھتام دەريا بويىغا يېتىۋالايلى...

*　　*　　*

ئاق كىيىملىك ئاق ئاتلىقلار توپى قوشتاغدىكى تاغ ئىچى كارۋان يولىنىڭ بويىغا كېلىپ توختاپ قالدى. ئاتلار ئېغىز دۇرۇقلىرىنى چىشلىشىپ، ئىزىدا تېپىچەكلەپ نېمىدىندۇر ئۈركىگەندەك پۇشقۇرۇشتى، لېكىن توختىماي ئامال يوق ئىدى. ئۇلارنى يولدىن ئارقاندەك سوزۇلۇپ ئۆتىۋاتقان قوتاز كارۋىنى توسۇپ قويغانىدى. ئۈركىگەك قوتازلارغا تاي-تاي يۇڭ-تېرە، باغلام-باغلام كىگىز-تىكمەتلەر ئارتىلغان، ئۇلار ئېغىر پۇشۇلدىشىپ ھۇرۇنلۇق بىلەن مېڭىشاتتى. لېكىن كىچىككىنە يات تىۋىشتىن ئۈركۈپ، كۆزلىرىنى دەھشەت بىلەن ئالايتىپ ھەر تەرەپكە يۇلقۇنىشاتتى ۋە ئارقىدىنلا بۇرۇنلىرىدىن تېشىپ ئۆتكۈزۈپ ئالدىنقى قوتازنىڭ چۇمغا چېتىپ قويغان دەھشەتلىك چۇلۇكنىڭ زورىدىن شۇ زامان ياۋاشلىشىپ قالاتتى. يۇڭ-تېرە، كىگىز-تىكمەتلەردىن كېيىن ئېغىر يۈك تاغارلار، تېرە مىشكاپلار، مەزمۇت ياغاچ ساندۇقلار ئارتىلغان قوتازلار ئۆتتى. بۇلارغا مەشھۇر خوتەن قاشتېشى، قارا قۇرۇم ئالتۇنى، ئارقار ۋە بۇغا مۈڭگۈزى، ئىپار ئاھۇسىنىڭ كىندىكى، ئۇلارنىڭ پوكىنى قاتارلىق بىباھا نەرسىلەر ۋە ئېسىل دورا-دەرمەكلەرنىڭ قاچىلانغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولاتتى. توققۇز-ئون نەپەر قوتاز ھەيدىگۈچى ئاتلىرىدىن چۈشمەي، يولنىڭ ياقىسى بىلەن، كارۋاننىڭ باش-ئايىغىغا تەكشى تارقىلىپ قوتازلار يۈرۈشىدە كارۋاننى قورۇقلاپ كېلەتتى... ئاق ئاتلىقلار كارۋانغا ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇرۇشتى. زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم قارا قۇرۇم تاغ ئارىلىرىدىن چىققان بۇ كارۋاننىڭ مۇشۇ يول ئارقىلىق يەكەن ۋە قەشقەرلەرگە ماڭغانلىقىنى تەخمىن قىلدى، بۇ يول ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى. چېگرىدىكى سۆگەت قورۇلدىن ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يىراق

يەرلەردىن باشلىنىدىغان بۇ تاغ ئىچى كارۋان يولىنىڭ سانجۇدا بۇرۇلۇپ، سولغاز، قوشتاغ، ئىسمىسلا — باش لەڭگەر-ئويتوغراق-بورا ئارقىلىق قاغىلىققا چۈشۈپ، ئاندىن كېيىن يەكەنگە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۆزىمۇ سەككىز-توققۇز يىل ئىلگىرى موللا سەئدۇللانى ئەگەشتۇرۇپ، مۇشۇ يولدىن ئۆتكەنىدى، قوتاز كارۋىنىغا قاراپ تۇرغان مۇشۇ پەيتتە ئاشۇ يول ئۈستىدىكى دەڭ-ئۆتەڭلەر، ئېگىز-پەس، ئەگرى-توقاي تاغ-داۋانلار، ئالتۇن ئېرىتقۇ جىلۋە قىلىپ تۇرىدىغان ساي-مەنزىرىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتتى. تالاي جاپا-مۇشەققەتلەر، سىر-ۋەھىمىلەر ئېسىدا زاھىر بولدى. "ئىنسان ئۆز ئۆمرىدە بېسىپ ئۆتىدىغان ھايات يولىنىڭ سىمۋولى شۇ ئەمەسمىكىنە؟ ئۇنىڭ باش ۋە ئايىغى قەيەردىدۇر؟" دېگەن مۇڭلۇق بىر پىكىر قەلبىنى كېزىپ ئۆتتى...

كارۋاننىڭ قۇيرۇقىدا ياغاچ قەپەز-سۇلاقمىلار ئارتىلغان قېرى قوتازلار ياۋاشلىق بىلەن مېڭىپ كېلەتتى. ھەربىر قوتازنىڭ ئۈستىدە ئىككىدىن سۇلاقما، ھەربىر سۇلاقمىدا ئۈچ-تۆتتىن، ھەتتا يەتتە-سەككىزدىن كەكلىك، ئۇلا، قارچىغا، بۈركۈتلەر ئايرىم-ئايرىم سولاپ قويۇلغانىدى. بىر سۇلاقمىدىكى قورقۇنچاق مولۇن ئاق ئاتلىقلارنى جەلپ قىلدى. لېكىن بۇلار تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. ئەڭ ئاخىرىدىكى قوتازغا ئارتىلغان ئىككى سۇلاقمىغا ئىككى تىرىك ئاھۇ سولانغانىدى. ھەممىنىڭ دىققىتى تېزلا ئاھۇلارغا بۇرالدى. ئاھۇلار چىلك تاسما-ئارغامچىلار بىلەن بويۇن-كۆكرەكلىرىدىن چەمبەرچاس باغلىنىپ، سۇلاقمىنىڭ يان ياغاچلىرىغا تارتىپ قويۇلغانىدى. شۇ ھالەتتە ئۇلار يا ياتالمايتتى، يا مىدىرلاپ يۇلقۇنالمايتتى. ئاھۇلارنىڭ ئالدىغا، سۇلاقما ئىچىگە تاشلاپ بېرىلگەن تاغ ئوت-چۆپلىرى سولىشىپ كەتكەنىدى. يىلىن-ئەمچەكلىرىنىڭ ئېسىلىپ-چىڭقىلىپ كەتكەنلىرىگە قاراپ، بىچارىلەرنىڭ تېخى يېقىندىلا ئوغلاقلىرىدىن جۇدا بولغانلىقىنى تەخمىن قىلىشقا بولاتتى. ئاھۇلارنىڭ ھالى مۇڭلۇق ۋە ئېچىنىشلىق ئىدى. غوۋۋا چاقناپ تۇرغان ياقۇت كۆزلىرى ئەلەم بىلەن چۆچۈپ، ھەسرەت بىلەن

مۆلدۈرلەيتتى. تۈرۈپ-تۈرۈپ يىراق تاغلارغا، سايلارغا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن رەھىم، ئىلتىجا، كەڭچىلىك تىلەش مەنالىرى چىقىپ تۇراتتى... ئاق ئاتلىقلارنىڭ قەلبى بىردىن ئېغىر دەرد-ئەلەم ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغاندەك بولدى. يۈرەكلەر سىرقىراپ، كۆزلەر ياشقا تولدى. ئىنسانىي ياۋۇزلۇقنىڭ قەبىھ زۇلمى ئۇلارنىڭ تىللىرىنى لال قىلىپ قويغانىدى. زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئاستىدىكى ئاق ئات تىزگىنىنى سىيرىپ تېپىچەكلەيتتى. ئۇنىڭ چوڭ ۋە قارا كۆزلىرى ئاھۇلارغا تىكىلىپ قالغان، خىيالىدا قەپەز-سولاقمىدىكى ئاھۇ، بويىنى، پۇت-قوللىرى باغلىنىپ سۆرەپ كېتىلىۋاتقان ئاھۇ، كۆكسىگە ئەجەل ئوقى تېگىپ قان ئىچىدە تېپىرلاۋاتقان ئاھۇ، ياقۇت كۆزلىرىدىن ھىجران يېشى مۆلدۈرەك تۆكۈلۈۋاتقان ئاھۇ، قاپقانغا دەسسەپ جان تالىشىۋاتقان ئاھۇ، ئاچچىق مەرەپ پەرياد ئۇرۇۋاتقان ئاھۇلار ئارىلىشىپ كەتتى. ئاشۇ ئاھۇلارنىڭ ئىچىدە بويىنىنى قىسىپ كوھتام دەرياسىنىڭ دولقۇنلىرىغا مۆكۈنىپ قاراپ تۇرغان سەرگەردان ئالىمنىڭ، تالاي ھەپسە-زىندانلاردا جان تالىشىۋاتقان بىچارىلەرنىڭ، يات ئەل ۋە سوغۇق تاغ ئارىلىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن قاچقۇنلارنىڭ سىياقلىرىمۇ بار ئىدى... زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ يۈرىكى، ئاستىدىكى ئاق ئاتتەكلا تېپىچەكلەيتتى، ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەيتتى، قەلبىنىڭ تېرەن قېتىدىن ئاللىقانداق بىر نىدا ماگمىغا ئوخشاش ئېتىلىپ چىقاي-ئېتىلىپ چىقاي دەپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇندى. لېكىن يۈرىكى ئاچچىق بىر نىدا بىلەن: ”ئەي زالىم، ئاللانىڭ بەندىلىرىگە، ئاللانىڭ مەخلۇقلىرىغا رەھىم قىل!...“ دەپ خىتاب قىلدى. بۇ ئۇنىڭ يۈرىكى ئېيتقان سۆز ئىدى، لېكىن ئۇ ئاۋازغا ئايلىنىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. بوغۇق بىر پەرياد بولۇپ ھەممىگە ئاڭلاندى. ئۇنىڭ پەريادىدىن نېمىنىدۇر چۈشەنگەن ئىسمايىل داموللام شۇ زامات زەردەستىلىك قامچىسىنى كارۋاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى قورۇقچىسىغا تەڭلىدى:

— قويۇۋەت، ئەي زالىم، بىچارە ئاھۇلارنى قويۇۋەت!

www.uyghurkitap.com

قورۇقچى مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى.

— قوبۇۋەت دەۋاتمەن، ئاڭلىدىڭمۇ؟... قايسىڭ كارۋان بېشى؟

— كارۋان بېشى مانا مەن داموللام، نېمە گەپلىرى بولسا ماڭا دېسىلە.

— ئاۋاز ئاق ئاتلىقنىڭ ئارقىسىدىن يۇمشاق جاراڭلىدى، ھەممە بۇرۇلۇپ شۇ ياققا قاراشتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلى داۋاندا سالاملاشقان، چىرايىنىڭ كۆزىدىن باشقا قىسمىنى قارا ياغلىق بىلەن نىقابلىۋالغان يوچۇن ئادەم ئوتقاشتەك قىزىل ئاتنىڭ ئۈستىدە نامايان بولدى.

— كارۋان بېشى سەنمۇ؟ — ئىسمايىل داموللام ئاق ئارغىماقنىڭ بېشىنى بۇراپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى، — زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم ئاھۇلارنى قويۇۋەت دەۋاتىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

يوچۇن ئادەمنىڭ ئوچۇق كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

— ھاجىمنىڭ نىيەتلىرىنى خاتا چۈشىنىپ قاپتىلا تەقسىرىم، ھاجىم ئاشۇ ئاھۇلارنىلا دەۋاتقىنى يوق...

ئەمدى مەڭدەش نۆۋىتى ئىسمايىل داموللامغا كەلگەنىدى. ئۇ ئاغزىنى ئاچقىنىچە يوچۇن ئادەمگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدىن "ھوي، مۇنۇ ئادەم نېمە دەۋاتىدۇ؟ ئۆزى كىم زادى" دېگەن سوئال چاقماق تېزلىكىدە كېزىپ ئۆتتى. مانا شۇ چاغدا يوچۇن ئادەم يۈزىدىكى نىقابىنى ئېلىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ تاغلىقلارغا خاس قارىماتاق چىرايى ئېنىق كۆرۈندى. ئىسمايىل داموللامنىڭ ئاۋازى ھاياجان بىلەن جاراڭلاپ كەتتى:

— ۋاي تاغ باتۇرى، ئۆزلىرىكەنلىغۇ، تىنىچ تۇردىلىمۇ؟

ئىسمايىل داموللامۇ، يوچۇن ئادەممۇ ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈشتى. ھۆرمەت بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشۈشتى. يوچۇن ئادەم ئېگەر ئۈستىگە قول ئۇزىتىپ ھەربىر مېھمان بىلەن بىر-بىرلەپ كۆرۈشۈۋاتقاندا، ئىسمايىل داموللام مەشھۇر تاغ باتۇرى ئەخمەت قۇدايىنى، ئۇنىڭ ئالتۇنچىلار ۋە باشقا قاچقۇنلارغا باشچىلىق قىلىپ مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا ئۈلگۈردى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئىچىدە: "زېرەك

تاغ باتۇرى“، ”خىزىر“، ”تاغ موللىسى“ دېگەندەك ماختاش سۆزلىرى كۆپ ئىدى. ئەخمەت قۇداي ئۆزى ھەققىدىكى ئاشۇ ماختاشلارغا كۈلۈپلا قويىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ كۈلكىسىدە ئۆز ھالىغا نىسبەتەن روشەن بىر مەسخىرە بىلىنىپ تۇراتتى. ئاچچىق ئەلەممۇ چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ خىيالىدىن بىرى تەقدىرگە تەن بېرىپ مەنچىڭگە قارشى كۈرەشنى توختاتقانلىقىنى، ھازىر يەكەن دوتىيى شىن دارىنغا پارا بېرىپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى، ئاشۇ ئاھۇلارنىمۇ شىن دارىنىنىڭ ساقايماس كېسىلىگە بۇيرۇلغان ئاھۇ سۈتى ۋەجىدىنلا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئىسمايىل داموللام بىلەيتتى...

بۇ چاغدا قوتاز كارۋىنى ئۆزاپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئەخمەت قۇداي بىلەن بولغان تاسادىپىي ئۇچرىشىش ئاق ئاتلىقلارنىڭ ئېسىدىن ھېلىقى ئاھۇلارنىڭ پاجىئەسىنى كۆتۈرۈۋېتەلمىدى. زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ، موللا سەئىدۇللانىڭ، ئابدۇللا مۇفتى ھاجىمنىڭ، ئىسمايىل داموللامنىڭ ۋە باشقا ئاق ئاتلىقلارنىڭ ۋۇجۇدى ئازابلىق بىر ھاياجاندىن تېخىچە شامال سوققان لالىدەك تىترەپ تۇراتتى. ئاشۇ ھاياجان ئۇلارنى نېمىدۇر بىر نەرسە قىلىشقا، نېمىدۇر بىر نەرسە دېيىشكە تىنىمسىز ئۈندەيتتى. زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم تۇيۇقسىز ئېتىنى دېۋىتىپ، كارۋان يولىنى كېسىپ ئۆتتى-دە، جەنۇبقا — تاغلارغا سوزۇلغان يولنى بويلاپ چېپىپ كەتتى. ئاق ئاتلارنىڭ ھەممىسى ئەگەشتى، قىزىل تورۇقمۇ ئەگىشىپ چاپتى. ئەخمەت قۇداي ئۆز كارۋىنىنىڭ ئارقىسىدىن كېچە يېتىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئىسمايىل داموللامنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغانىدى.

* * *

ئاتلار قوشتاغنىڭ چاچقۇن مەھەللىسىنى ئارىلاپ ئۇزاق چاپتى. ئاتلاردىمۇ، ئادەملەردىمۇ ھاياجان بار ئىدى. قىزغىن، ئازابلىق، مۇڭلۇق بىر تۇيغۇنىڭ ئىلكىدە يۈرەكلەر نېمىنىدۇر ئىزدىگەندەك قىلاتتى، نېمىگىدۇر

www.uyghurkitap.com

تەلپۈنەتتى. قەلبلەرنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر بىر تاش باردەك، ئاشۇ تاشنى ئېــرغــىتىپ چۈشۈرۈۋېتىشنى كۆزلىگەندەك توختىماي چېپىشاتتى. ئاتلار قــوشــتاغنى ئارقىدا تاشلاپ، ياپيېشىل بىر پارچە تۈزلەڭ يايلاققا يېتىپ كەلگەندە توختىدى. ئاسمان زۇمرەتتەك سۈزۈك ئىدى. تاغ گۈللىرىنىڭ خۇش ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇراتتى. جەنۇبتا، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قارلــىق چــوقــقــىلار بارغانسېرى ئاسماننىڭ قەرىگە سانجىلىپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كۆك ئاسماندا غايەت زور بىر بۈركۈت قاناتلىرىنى مىدىرلاتماستىن پەرۋا قىلاتتى... ئاشۇ مەنزىرىلەرگە قاراپ تۇرۇپ، زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ خىيال كۆزلىرىدە، ئاشۇ دالانىڭ ئۇ چېتىدە بويىنىنى قــىــسىپ كوھتام دەرياسىنىڭ دولقۇنلىرىغا قاراپ تۇرغان مۇڭلۇق ئالىم، قەپەزگە سولانغان ناتىۋان كېپىنەك، يات ئەل ۋە تاغ ئارىلىرىدا قىچىسپ يۈرگەن قاچقۇنلار يەنە ئارىلىشىپ كەتتى. ھېلىدىن-ھېلى كېپىنەكنىڭ ئورنىنى ئالىم، ئالىمنىڭ ئورنىنى كېپەك ئىگىلەيتتى. ئارقىدىنلا تەقدىرنىڭ قوپال زەنجىرى ئالىمنى قاچقۇنلار ئارىسىدا سۆرەپ يۈرگەن بولاتتى... شائىر زاكىرجان خالمۇھەممەت ئوغلى فۇرقەت قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن كۆتۈرۈلگەن ساداغا قۇلاق سالدى. خۇدانىڭ جاراڭلىق، ئۇلۇغۋار ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. "قويۇۋەت، قويۇۋەت، قويۇۋەت!" دېگەن بىر خىتاب ئاسماندىنمۇ، زېمىن تەكتىدىنمۇ، قەلبىنىڭ قەرىدىنمۇ ئاڭلىناتتى. شائىر ئات ئۈستىدە قەددىنى رۇسلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى يايلاق ئۈستىدە تۇيۇقسىز جاراڭلاپ كەتتى:

سەيدىڭ قۇيابەر سەيياد، سەيپارە ئىكەن مەندەك،
ئال دامىنى بويىنىدىن بىچارە ئىكەن مەندەك،
ئۆز يارىنى تاپماستىن ئاۋارە ئىكەن مەندەك،
ئىقبالى نىگۈن، بەختى ھەم قارا ئىكەن مەندەك،
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ پارە ئىكەن مەندەك،
كۆيگەن جىگەرى-باغرى سەدپارە ئىكەن مەندەك.

تاغ-جىرالار، يايلاق دالالار ئەكس سادا قايتۇردى. شائىر تەۋەللۇت ئالدىدىكى ئاندەك بوغۇلۇپ ھاسرايتتى. ئۇ نەپەس ئالماي داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى:

— كى رىشتەنىكىم قىلسۇن چەپپەكلەر ئاتىپ جەستە،
ھەجرىدە ئەلەم تارتىپ بولدى جىگەرى خەستە،
تاغلارغا چىقىپ بولسۇن يارى بىلەن پەيۋەستە،
كەل قويما بالا دامى بىرلە ئۇنى پابەستە،
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ پارە ئىكەن مەندەك،
كۆيگەن جىگەرى-باغرى سەدپارە ئىكەن مەندەك.

دەريا-ئېقىنلار، جاڭگال-ئورمانلار ئەكس سادا قايتۇردى. شائىر موللا سەئىدۇللا، ئابدۇللا مۇفتى ھاجىم، ئىسمايىل داموللام ۋە باشقىلار بىرىنچى كۇپلېتنى ئاڭلىغاندىلا ئەندىلىپنىڭ «لەيلى-مەجنۇن» داستانىدىكى ئاشۇ مەشھۇر مۇخەممەسكە مۇشائىرە كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشكەنىدى. موللا سەئىدۇللا ئۈچىنچى كۇپلېتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى:

— بەش كۈن سېنىڭ دەۋرىڭدە بىچارە خىرام ئەتسۇن،
ئاھۇلار ئارا ئويناپ ئەيشىنى مۇدام ئەتسۇن.
يامغۇر سۈيى تولغاندا تاغ لالەنى جام ئەتسۇن،
ھەققىڭگە دۇئا ئەيلەپ ئۆمرىنى تامام ئەتسۇن.

ئاخىرقى تەكرارلىمىغا ھەممەيلەن تەڭ قوشۇلۇپ كەتتى:

— ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ پارە ئىكەن مەندەك،
كۆيگەن جىگەرى-باغرى سەدپارە ئىكەن مەندەك.

يەنە ئۇزاق ئۇپۇقلار، ئېگىز ئاسمان، ئاي ۋە يۇلتۇزلار ئەكس سادا قايتۇردى. ئىسمايىل داموللام نېمىنىدۇر چۈشىنىپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى، ئۇنىڭغىچە يەنە زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم داۋاملاشتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى:

— سەرگەشتە بۇ ۋادىدە بىر باشىغە رەھىم ئەتكىل،
يوق تاقەتى بەندەڭدە بورداشىغە رەھىم ئەتكىل.
يىغلاپ ساڭا تىرمۈلۈر كۆز ياشىغە رەھىم ئەتكىل،
رەھىم ئەتمىسەڭ ئۆزگە يولداشىغە رەھىم ئەتكىل.

تەكرارلىمىغا يەنە ھەممەيلەن قوشۇلدى:

— ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ يارە ئېكەن مەندەك،
كۆيگەن جىگەرى-باغرى سەدپارە ئېكەن مەندەك.

تاغ ئېچىدىكى كۈمۈش بۇلاقلار، ئۈنچە-مارجان چاچىدىغان شارقىراتمىلار ئەكس سادا قايتۇردى. زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم ئابدۇللا مۇفتى ھاجىمغا قاراپ بېشىنى ئەگدى. ئابدۇللا مۇفتى ھاجىممۇ ئاجايىپ ھازىر جاۋابلىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى:

تاغدا ئاچىلىپ لالە بەر سەبزە باھار بولسا،
ئەخىر بۇ نىچۈك بىدات ئالەم ئاڭا تار بولسا،
چىقماي دىيسە جايىدىن ئۆزلەتتە فىگار بولسا،
گەر چىقسا بەناگاھى دامىغە دۇچار بولسا،
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ پارە ئېكەن مەندەك،
كۆيگەن جىگەرى-باغرى سەدپارە ئېكەن مەندەك.

كۆپىنىڭ ئاۋازى گۇرۇلدەپ تاغ بورىنىنىڭ ئەكس ساداسىنى مەلۇم قىلدى. ئەمدى نۆۋەت ئىسمايىل داموللامغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ شاش ئېتى ئۆز ئىزىدا چۆرگىلەپ تىپىچەكلەيتتى.

بىچارىنى زۇلۇم ئەيلەپ قول، بوينىنى باغلاپسەن،
ھەر سارى چېكىپ-سۆدرەپ ئۆلتۈرگىلى چاغلاپسەن.
كۆكسىنى جاپا بىرلا لالە كەبى داغلاپسەن،
سات ماڭا ئەگەر قەستىڭ ئالغۇچى سۇراغلاپسەن.
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ پارە ئىكەن مەندەك،
كۆيگەن جىگەرى-باغرى سەد پارە ئىكەن مەندەك.

يەرنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ماگمىلار قايناپ، ۋولقانلار ئەكس سادا قــايتۇردى. كۆپچىلىك شېئىرنىڭ ئاخىرلىششىغا يېقىنلاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ، بېشىنى زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم تەرەپكە بۇراشتى. ئاشۇ ھالەتتە ”ئەشئارنى باشلىغان ئۆزلىرى، ئاخىرىنى يەنە ئۆزلىرى چۈشۈرسىلە“ دېگەن مەنا جىلۋە قىلاتتى. زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم سەل ئويلىنىپ، ئوڭ قولىنى كــۆكــسىگە ئېلىپ شائىر موللا سەئدۇللاغا بېشىنى ئەگدى. ھەممەيلەن بىرقانچە كۈنلۈك مېھماندارچىلىق داۋامىدا شائىر موللا سەئدۇللانىڭ دائىم تۆردە ئولتۇرۇپ، ئاخىرقى دۇئانىمۇ ئۆزى چۈشۈرۈپ كەلگەنلىكىنى يادىغا ئېلىشتى. مۇشۇ بىر توپ ئۆلىمالار ئارىسىدا ئۇنىڭ يېشى ھەممىدىن چوڭ بــولۇپ، دۇئا چۈشۈرۈشكە ھەقلىق ئىدى. ئۇنىڭ سەل بوغۇق، لېكىن تەسىرلىك ئاۋازى جاراڭلىدى:

يوق ھوشى پەرى تىككەن دىۋانىگە ئوخشايدۇ،
كۆز ياشى يەنە تولغان پەيمانىگە ئوخشايدۇ،
غەم سىلى بىلەن كۆڭلى ۋەيرانىگە ئوخشايدۇ،

فۇرقەتتە بۇسەئىدۇللا ھەيرانىگە ئوخشايدۇ،
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ پارە ئىكەن مەندەك،
كۆيگەن جىگەرى-باغرى سەدپارە ئىكەن مەندەك.

ناتىۋان قەلبلەر، ئېزىلگەن يۈرەكلەر، ئاچچىق ياشلاردىن نەملەنگەن كــۆزلەر ئەكس سادا قايتۇردى. كۆپچىلىك موللا سەئىدۇللانىڭ ئاخىرقى مىسراغا زاكىرجان مەخسۇم ھاجىمنىڭ تەخەللۇسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ قــوشــۇپ ئۆتكەن چىۋەرلىككە تەڭ باركاللا قىچقىرىشتى. لېكىن ئاشۇ قىچقىرىقتا شادلىقتىن كۆرە مۇڭلۇق ھاياجان، تۈگىمەس دەرد-ئەلەملەرنىڭ قــالدۇق نالىسى، كەلگۈسكە بولغان ئۈمىد ۋە ئەندىشىلەرنىڭ پەريادى جــاراڭــلاپ قــالدى. ئەلەم-كۈلپەت، ھەسرەت-نادامەت پىغانلىرى يەنىمۇ بەكرەك قويۇقلىشىپ كەتكەندەك بولدى. لېكىن مۇشۇ سورۇندىكى، مۇشۇ گۈزەل يايلاقتا تىزگىن تارتقان ھەممە كىشى ئاشۇ قۇتلۇق مىنۇتتا جاھانغا ئاجايىپ گۈزەل ۋە ئۆلمەس بىر ئەشئار مۇسەددەسىنىڭ نازىل بولغانلىقىنى چۈشىنىشكەندى. ئۇلار ھاياجان بىلەن ھاسىرىشاتتى. ئەشئار دېسە جېنىنى بېرىشكە تەييار تۇرىدىغان ئىسمايىل داموللام گۈزەل يۇسۇپنىڭ تەۋەللۇتىدىن كېيىن كۈلۈمسىرىگەن ئاندەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ شاش ئېتىنى چاپتۇرۇپ يايلاقنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۆزىنى چۆپلۈككە تاشلاپ يۇمىلانغۇسى، يۈكسەك تاغلارنى باغرىغا بېسىپ سۆيگۈسى، بار ئاۋازى بىلەن تــوۋلاپ نــاخشا-مۇقام قىچقۇرغۇسى كېلەتتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ ھاياجانلىق مىنۇتلار ئىدى...

* * *

شــۇ كــۈنى كەچتە ئاق ئاتلىق پەرىشتىلەر قۇتبىدىن شاھ ئوغلى ھــۈســەيىنخان ھاجىم «تەجەللىي-مۇجەللىي» ھەزرەتلىرىنىڭ مۇلاقاتىغا

مۇشەررەپ بولدى. ئالىمنىڭ ئوتتۇرا بوي، چىك ئۇستىخانلىق سۇباتىغا، مېھىر-مۇھەببەت ۋە ئاشىقلىق جۇلالاپ تۇرىدىغان بۇغداي ئۆڭ چىرايىغا، ئىنچىكە، چىرايلىق ۋە تۈز قاڭشىرىغا، تەپەككۇر نۇرلىرى يېغىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە تويىماي قاراشتى. ئالىمنىڭ ۋۇجۇدى ئورۇقراق بولسىمۇ، چېھرىدىن گۈلدەك تەبەسسۇم ۋە جەسۇر ئىرادىسى چاقناپ تۇراتتى. زىيارەتچىلەرنىڭ تەشنا كۆزلىرىدە ھۆرمەت نۇرلىرى توختىماي جىلۋە قىلدى. ئىززەت سۆزلىرى كۆز ئايلىرىدىكى كوھتام دەرياسىنىڭ سۈيىدەك سۈزۈلۈپ ئاقتى. سېغىنىش پىراقلىرى، جۇدالىق ھىجرانلىرى، ۋىسال ئارمانلىرى بايان قىلىندى. ئەھلى ئىلىم جەم بولغان سورۇنغا لايىق سۆھبەتنىڭ رايى كۆپ ئۆتمەي ئىلمىي مەسىلىلەرگە كۆچتى. تىلشۇناسلىق، ئەشئارچىلىق، تارىخ، ئىلمىي مەنتىقە، ئىلمىي نوجۇم، كىمياگەرلىك — تىب پەنلەرنىڭ يېڭى-يېڭى سىرلىرى بىلەن مەزمۇنلاندى. ئۆزلىرى كەسىپ سۈپىتىدە شۇغۇللىنىۋاتقان تىب — داۋالاشتىكى، دورىگەرلىكتىكى يېڭى تەجرىبە-نەتىجىلەر تونۇشتۇرۇلدى، ئالىم سۆزلەيتتى، ئاڭلىغۇچىلار كۆچلۈك سوئال ۋە پاساھەتلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تولۇقلايتتى. ئۇلارنىڭ تولۇقلىمىلىرى كۆپرەك تارىخنىڭ قايتىلانمىلىقى، خۇراپىي بىدئەتچىلەرنىڭ شۇملۇقلىرى، ئەل بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنىڭ ئېغىرلىقى ھەققىدىكى شىكايەتلىك ھېكايىلەر بىلەن رەڭلەنسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئاخىر كېلىپ يەنە ئاشۇ پەن قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئىسپاتى تۈسىنى ئالاتتى. ئىلمىي تىپتە جىسمانىي بىمارلىق بىلەن روھىي زەئىپلىكنىڭ قايسىسىنى داۋالاشنىڭ ئالدىنقىلىقى ھەققىدە مۇنازىرە كۆتۈرەتتى ۋە ئارقىدىنلا ئۆز شۈبھىلىرىگە ئالىمنىڭ سۇقراتتىن، فارابىدىن، ئىبنىسىنادىن كەلتۈرگەن نەقىللىق دەلىللىرى ئارقىلىق جاۋاب تاپاتتى.

شۇ كۈنى ئىسمايىل داموللامنىڭ مول نېمەتلىك داستىخىنى ئالدىدا، مەخمۇت قارى ھاجىمنىڭ تەمبۇر تەڭكەش قىلىنغان مۇڭلۇق مۇقاملىرىغا ئىشتىياق كۆرۈنەرلىك تۆۋەن بولدى. كۆپ ھاللاردا مەخمۇت قارى ھاجىمنىڭ ئۆزىمۇ تەمبۇرنى تامغا يۆلەپ قويۇپ سۆھبەتكە قوشۇلۇپ

كېتەتتى. سورۇندا جەم بولغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ـــ ئەخمەت قۇداي ۋە باشقا بىرقانچەيلەننى ھېسابقا ئالمىغاندا ـــ شائىرلىقى بىلەن روھىيەتنى، تېــۋىپلىقى بىلەن جىسمانىيەتنى ئەملەيدىغان ئۆلىمالار ئىدى. شۇڭىمۇ سۆھبــەتنىــڭ قــىزىق نۇقتىسى يەنىلا ئەشئارچىلىقتىكى ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە مەركەزلەشتى. ھېلى مۇشۇ ئىسمىسلاغا كېلىۋاتقان يولدا فازىل بولغان ئاجايىپ مۇشائىرە-مۇسەددەس ھەققىدە پاراڭ بولغاندا، ئالىم ئاڭلاش ئىختىيارىدىن بىشارەت بەردى. مۇسەددەسنىڭ ئاپتورلىرى بىر-بىرىگە قاراشتى، نېمىشقىدۇر ئاجايىپ ئىلھامنىڭ تۇرتكىسىدە زۇۋانغا جايىز بولغان ئاشۇ گۈزەل مىسرالار ئەمدى ئەستىن قېچىپ قالغاندەك بىلىنەتتى. مانا شۇ چــاغدا ئەخمەت قۇداي ئورنىدىن تۇرۇپ مۇسەددەسنى ئۆز كۆپلىبىتلىرى تەرتىپىدە تاغلىقلارغا خاس جاراڭلىق ئاۋازدا دېكلاماتسىيە قىلىپ كەتتى. ئــولــتــۇرغــانــلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىر ئاڭلىغاننى شۇ زامات ئەستە قالدۇرالايدىغان ئاجايىپ زېھنىگە ھەيران قالدى ۋە ئارقىدىنلا شېئىرنىڭ سېھىرلىك تۇيغۇلىرى ئىچىگە غەرق بولۇشتى. مۇسەددەس ئاخىرلاشقاندا، ئالىمنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق تامچىلار دومىلاپ چۈشتى، ئورۇق ۋۇجۇدى گۈل ياپرىقىدەك تىترەيتتى. ئولتۇرغانلار ھەزرىتىمنىڭ دەمدەردەك بۇقۇلداپ، ئىچىگە بوغۇلۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى ۋە ئۆزلىرىمۇ قوشۇلۇپ يىغلاپ كېتىشتى...

شۇ كۈنى يىرىم كېچىدە، ئەخمەت قۇداي ئۆز كارۋىنىنىڭ ئارقىسىدىن يېتىۋېلىشنى كۆزلەپ، خوشلىشىشقا ئىجازەت سورىدى. ئالىملار ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ئاجايىپ زېھنىگە باركاللا ئەيلەپ دۇئا بەردى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا ئالىمنىڭ مۇبارەك قوللىرىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ، يەكەننىڭ دوتىيى شىن دارىن بىلەن ئالىمنىڭ ئەركىنلىكى توغرىسىدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ خوشلاشتى...

ئەخمەت قۇداي كەتتى، شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شېئىرىيەت ئاســمــىــنــىــدا «مۇشائىرەئى ئەندىلەپ»، «سەيدىڭ قۇيابەر سەبياد»،

«مۇسەددەسى فۇرقەت» دېگەن ناملار بىلەن ئاز كەم بىر ئەسىر جاراڭلىغان ئاشۇ مەشھۇر مۇسەددەس جاھانغا تارقالدى. ئۇ، شۇ بىر ئەسىر جەريانىدا ئاجايىپ گۈزەل تىلى، مۇزىكىدەك روشەن رىتىمى، مۇتائىلە قىلغانسېرى يېڭى-يېڭى مەزمۇنلار ھۆسن ئاچىدىغان پاساھەتى ئارقىلىق شېئىرىيەت گۈلزارىغا يېقىنلاشقان ھەربىر ئوت يۈرەكنىڭ تەلمۈرگەن نەزەرلىرىگە ئەڭ ئالدى بىلەن قىزىل گۈلدەك ئايان بولاتتى. ئۇ ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ تارقالدى. خوتەن قەغىزىگە مىڭلاپ نۇسخىلاردا كۆچۈرۈلدى. مەدرىسلەرنىڭ قاراڭغۇ ھۇجرىلىرىدا، ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ جۇشقۇن كېچىلىرىدە دېكلاماتسىيە قىلىندى. ھەربىر ئوقۇغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچى ئۇنىڭ ئاشۇ تويۇنغان مىسرالىرى ئىچىگە ئۆمۈرلۈك ئارزۇ-ئارمانلىرى، مۇقەددەس تىلەك-ئىلتىجالىرى يوشۇرۇنغاندەك ھېس قىلىشاتتى. ”سەيدىڭ قويابەر سەيياد“ دېگەن ئاشۇ خىتاب بىپايان پەلەكتە، يۈكسەك تاغلارنىڭ چوققىلىرىدا، ئەزىم دەريالارنىڭ شاۋقۇنلىرىدا، بوران-شاماللارنىڭ گۈرۈلدىشىدە، چاقماق ۋە گۈلدۈرمامىلارنىڭ ساداسىدا جاراڭلايتتى...

* * *

كۆپ ئۆتمەي، ئەخمەت قۇدايىنىڭ خىزمەتلىرى تۈپەيلىدىنمۇ ياكى مانجۇ ئىستىبداتلىرىنىڭ خەلقنىڭ ئۈستىدىكى زۇلمىنى بوشاشتۇرۇش زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلغانلىقى سەۋەبلىكمۇ، ئىشقىلىپ قۇتبىدىن شاھ ئوغلى ھۈسەيىنخان ھەزرىتىم ئۈستىدىكى تەقىبنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. ئالىم ئىشىنەر-ئىشىنەلمەي بىرەر يىلغىچە ئارسالدى بولغاندىن كېيىن ئاخىر قاغىلىققا كۆچتى. ئۇ زاكىرجان مەخسۇم ھاجىم، شائىر موللا سەئدۇللا، مۇتىللا ئەلەم ئاخۇنۇم قاتارلىقلار بىلەن دائىم ئۈلپەتلىشىپ تۇراتتى، يىراقتىكى ئىسمىسلانى، كوھتام دەرياسى بويىنى ۋە ئۇ يەردىكى ئابدۇللا مۇفتى ھاجىم، ئىسمايىل داموللام قاتارلىقلارنى يادىغا ئېلىشاتتى. يىل ئارىلاپ گۇمىدىكىلەر قاغىلىق تەرەپكە، قاغىلىقتىكىلەر گۇما

تەرەپكە ئۆتۈپ قەدىناسلار دىدارلىشاتتى، شۇ دەۋرنىڭ بۇ زاماندىش شائىر-ئۆلىمالىرى 19-ئەسىردىن ھالقىپ تاكى ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىر-بىرىنى ئىزدىشىپ تۇردى. ھەر قېتىم دىدارلاشقانلىرىدا ئاشۇ مەشھۇر مۇسەددەس توغرىسىدا قىزغىن پاراڭلىشاتتى، مۇقەددەس ئارزۇ تىلەكلىرىنى سۆزلىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسمايىل داموللام — كېيىن ھەج-تاۋاپ پەرزىنى ئادا قىلىپ ئىسمايىل ھاجىم دەپ ئاتالدى — ئەڭ ئۇزۇن، تاكى 1950-يىلىغىچە ھايات كەچۈردى. ھەممە قەدىناسلىرىغا ئاتاپ تەزىيەنامىلەرنى يازدى. ئۇ كېشىنى كۆرگەنلەرنىڭ ھېكايە قىلىشىچە، مال-دۇنيالىرى ھەددى-ھېسابسىز بۇ تولغان زەردار سەكسەن ئۈچ يىللىق ئۆمرىدە سەكسەن ئۈچ خوتۇن ئالغان بولسىمۇ زادىلا بالا يۈزى كۆرمىگەنمىش (ئۇلار موللا خېنىمنى ئۇنىڭ بېقىۋالغان قىزى دېيىشىدۇ). ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئاجايىپ ئىجتىھاتىغا ھەممە قايىل بولۇشاتتى، ئۇ ئاشۇ ئىسسىلادىكى گۈزەل بېغىغا ياساتقان ھەشەمەتلىك راۋاق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كۆپ ۋاقتىنى شېئىر ئىجادىيىتىگە سەرپ قىلدى. تەجەللىي-مۇجەللىي ھەزرىتىمنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ماختىغان ياكى ماختىمىغانلىقى نامەلۇم، ۋەھالەنكى زاماندىشلىرى بولغان ئاشۇ ھۇسەيىنخان ھەزرىتىم، فۇرقەت مەخسۇم ھاجىم، موللا سەئىدۇللالارغا ئوخشاشلا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپلىگەن گۈزەل شېئىرلار مىراس قالدى ۋە كېيىنكىلەر تەرىپىدىن ئۇيغۇر يېقىنقى زامان دېموكرات شائىرى دەپ قەدىرلەندى. ئاخىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بىر پارچە گۈزەل شېئىرنىڭ، بىر قېتىملىق مول ئىلمىي سۆھبەتنىڭ بىر ئادەمنى ئىلىم ساھەلىرىغا سۆرەپ كىرەلەيدىغان پاكىت: ”تاغ باتۇرى“ ئەخمەت قۇداي ئۆمرىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا ”تاغ موللىسى“غا ئايلىنىپ مەشھۇر «خەزىنە» دېگەن ئىلىم كىتابىنى يېزىپ قالدۇردى. ئابدۇللا مۇفتى ھاجىمدىنمۇ كۆپلىگەن شېئىر، ئابدىجېلىل داموللام ئاتلىق شائىر ئوغۇل، ئابلىكىم مەخسۇم ھاجىم ناملىق يازغۇچى، ئۆلىما نەۋرە قالدى. .

پەرھات جىلان



# "ئالتۇن قان"دىكى توي

مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇنقى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. تىنىق كۆك ئاسماندىن يەرگە قاراپ ئىسسىقى ئۆرلىگەن قۇياش پايانسىز چۆلگە يارقىن نۇر تۆكۈپ تۇراتتى. كۆك ۋە چۆل، چۆل ۋە كۆك، خۇددى تەگرى قوشقان بىر جۈپ قوشماقتەك بىر-بىرىگە تويىماي قارىشىپ تۇراتتى. كۆك ۋە قۇياش بۇ چۆلگە ئەزەلدىن ئەڭ يېقىن ھەمراھ، ئەڭ يېقىن سىرداش بولۇپ كەلمەكتە. بۇ چۆلدە قانچە-قانچىلىغان قەھرىمانلىق داستانلىرى يارالدى؛ قانچە-قانچىلىغان پالۋانلار بۇ چۆلدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ ئەلنىڭ داڭقىنى چىقاردى؛ ئەلنىڭ تىنچلىقىنى ۋە ئىسەنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلغان قانچە-قانچىلىغان مەردلەرنىڭ مۇقەددەس قانلىرى مۇشۇ چۆلدىكى يۇلغۇنلار ئاستىغا سىڭىپ كەتتى!...

چېكى يوق داستىخاندەك يېيىلغان تۈزلەڭلىكتە ئوتلاپ يۈرگەن بىر توپ ياۋا ئات ئۈشتۈمتۈت ئۈركۈپ، ئۇچقاندەك چاپقان پېتى يىراقتىكى ئېدىرلىقتا غايىب بولدى. قويۇق ئۆسكەن چىغلىقتا ئويناقلاپ يۈرگەن بىرنەچچە توشقان ئۇلارنىڭ تۇياق تاۋۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇزۇن قۇلاقلىرىنى دىك قىلىپ قېتىپ قالدى-دە، شۇ ھامان دىككىلداپ سەكرىشىپ قېچىشىپ كەتتى. نېرىدىكى چاتقاللىق ئىچىدىن يەتتە-سەككىز جەرەن

دۇپۇرلشىپ چىقىپ يەنە چۆلنى بويلاپ بەدەر قاچتى. بۇ جانۋارلار نېمىدىن شۇنچە ئۈركۈپ كەتتىكىن؟ هە، ئۇۋچى! جەرەنلەرنى قوغلاپ بىر ئاتلىق كىشى چىقىپ كەلدى. قىنى قىزىپ كەتكەن ئات خۇددى قاناتلىق دۇلدۇلدەك غۇيۇلداپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ تېز-تېز كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۇياقلىرىنىڭ يەرگە تېگىۋاتقان-تەگمەيۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. شوخ چۆل شامىلى ئارغىماقنىڭ يايلى ۋە قۇيرۇقىنى ئۇچۇرۇپ، ئوينىتاتتى. چەۋەنداز يىگىت ئالدىغا ئېگىلىپ ئاتنىڭ بويىنىغا يېپىشىۋالغانىدى. جەرەنلەرنىڭ ھېرىپ قالغانلىرى بىر-بىرلەپ ئۆز توپىنىڭ ئارقىسىدا قېلىشقا باشلىدى، توپ ئالدىدا چېپىپ كېتىۋاتقان جەرەن سەركىسى ئۇدۇلدىكى ئانچە ئېگىز بولمىغان تاقىر تاغ تەرەپكە يول ئالدى، يۈگۈرۈك ئارغىماق ئوق يەتكۈدەك ئارىلىققا يېرىپ قالغاندا جەرەنلەر تاغ باغرىغا يېتىپ قالغانىدى. ئۇۋچى ئۇلارنىڭ تاغ كەينىگە ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دەرھال تىزگىننى قويۇۋېتىپ، سول قولى بىلەن ئوقيانى، ئوڭ قولى بىلەن ساداقتىن ئوقنى ئالدى-دە، پۇتلىرى بىلەن ئۈزەڭگىگە تىرەجەپ ئېگەردىن كۆتۈرۈلدى ۋە ئوق ئۇچىنى ئوۋغا قارىتىپ يانىڭ كىرىچىنى تارتتى. دەل شۇ چاغدا جەرەنلەر نېمە ئۈچۈندۇر يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، شىددەت بىلەن ئارقىغا چاپچىپ قاپتالنى بويلاپ قېچىشقا باشلىدى. ئەنە شۇ پەيتتە تاغ تۇمشۇقى تەرەپتە بىر توپ ئاتلىق لەشكەرلەر كۆرۈندى. ئۇۋچى يىگىت ئوقنى قايتىدىن ساداققا سېلىپ، يانى يەلكىسىگە ئارتتى-دە، بىر قولىدا تىزگىننى تارتىپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئېتىنىڭ بويىنىنى سىلاپ، توختاشقا دەۋەت قىلدى. ئاندىن تىزگىننى يەنىمۇ قاتتىقراق تارتتى. مەغرۇر تۇلپار قەدىمىنى ئاستىلىتىپ بىر چاپچىدى-دە، ئالدىنقى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈردى. ئاندىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى نارازىلىق بىلەن ئالايتىپ توختىدى.

تاغ ئارقىسىدىن ئۇشتۇمتۇت چىقىپ كەلگەن ئەللىك-ئاتمىش لەشكەر ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ، ئۇۋچى يىگىت تۇرغان تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تولۇق قوراللانغان بولۇپ، قارىماققا ئۇزۇن يولدىن ياكى

جەڭدىن قايتقاندەك كۆرۈنەتتى. نەيزە ئۇچلىرى ۋە دۇبۇلغىلاردا كۆن نۇرى غىل-پال چاقناپ قالاتتى، ئاتلىقلار يېقىنلاشقانسېرى ئۇلارنىڭ چىرايلىرى ۋە ئېگىز كۆتۈرۈلگەن يەككە تۇغنىڭ بەلگىسى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ئوۋچى يىگىت ئۇلارغا تىكىلىپ قارىدى ۋە ئۆز-ئۆزىگە:

— بارس تېگىن! [1] — دەپ قويىدى.

دۇبۇلغا ۋە ساۋۇت كىيىپ سەپ ئالدىدا كېلىۋاتقان قامەتلىك، كېلىشكەن يىگىت ھەقىقەتەنمۇ قاغاننىڭ [2] چوڭ ئوغلى بارس تېگىن ئىدى. كۆتۈرۈلگەن ئاشۇ يەككە تۇغ بارس تېگىننىڭ بەلگە تۇغى، لەشكەرلەر بولسا، ئۇنىڭ خاس قوروقچى نۆكەرلىرى ئىدى. ئوۋچى يىگىت ئېتىنى دېۋىتىپ قاغان ئوغلىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇنىڭغا ئات ئۈستىدە باش ئېگىپ تەزىم قىلدى-دە:

— قاغانىم بەدۆك ئوغلانى بارس تېگىنگە قۇت بولسۇن! [3] — دەپ سالام بەردى.

— قۇت بولسۇن ساڭا، باتۇر يىگىت! — دەپ جاۋاب قايتۇردى بارس[4] تېگىن، — ئېتىڭ نېمە؟ بۇ چۆلدە يالغۇز نېمە قىلىپ يۈرسەن؟

— ئېتىم ئارسلان، ئوۋ قىلىپ يۈرىمەن، — دېدى ئوۋچى يىگىت.

بۇ چاغدا نۆكەر بېشى ئارسلانغا قاراپ بۇيرۇق قىلدى:

— تېگىن ئالدىدا ئاتتىن چۈش!

ئارسلان ئۇنىڭ ھەيۋىسىگە پىسەنت قىلماي:

— قاغان ئوغلانى ئاتتىن چۈشۈپ باش ئۇرغانلارنى باتۇر دېمەيدۇ، ئەلگە سادىق پىداكارلارنى قەدىرلەيدۇ، — دېدى.

بارس تېگىن ئارسلانغا تىكىلىپ قارىدى.

---

[1] تېگىن — خانزادە(قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).
[2] قاغان — (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا) خاقان، پادىشاھ.
[3] خاقانىمنىڭ چوڭ ئوغلى بارس تېگىنگە بەخت يار بولسۇن(قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).
[4] بارس — (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا) يولۋاس.

— سەن شۇنداق پىداكارمۇ؟ — سورىدى ئۇ.

— ئون يىل بۇرۇن سىنىڭ ئاتاڭ تەڭرى تۇغمىش [1] تۇڭا بىلگە قاغان سوغداقلارنىڭ [2] ھۇجۇمىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن قوشۇن تارتىپ چىققاندا مىنىڭ ئاتام قايىمدۇ شۇ قوشۇندا جەڭچى ئىدى، — دىدى ئارسلان، — ئۇ پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاتاڭ قاغان جەڭدىن كىيىن ئۇنى پۈتۈن قوشۇن ئالدىدا ”ئالىپ [3] قايىمدۇ“ دەپ ئاتىغان ۋە بۇندىن كىيىن بارلىق جەڭچىلەرنىڭ ئۇنى شۇ نام بىلەن ئاتىشىنى جاكارلىغان. ئاتام ھازىر تۆمۈرچىلىك قىلىدۇ، قاغان ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ياراغ ياسايدۇ. ئۇ مىنى كىچىكىمدىنلا قاغانغا سادىق بولۇشقا ئۆگەتكەن.

— سىلەر نىمە ئۈچۈن قاغانغا شۇنچە سادىق بولىسىلەر؟ — سورىدى بارس تېگىن ئۇنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ.

— پۇقرالارنىڭ قاغانغا سادىق بولۇشى ئەلنىڭ بىرلىكىنى ساقلاشقا پايدىلىق. تۇڭا بىلگىدەك ئادىل ۋە ئاقىل قاغاننىڭ بولۇشى ئەلنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن پايدىلىق، — دەپ جاۋاب بەردى ئارسلان.

بارس تېگىن بۇ ئاددىي ئۇۋچى يىگىتنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان مۇنداق مەنىدار سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قاردى. ئارسلاننىڭ شامال ۋە ئاپتاپتا كۆيۈپ بىرئاز قارىدىغان يۈزىگە ئەمدىلا خەت تارتقان بۇرۇتى بەك ياراشقانىدى. كەسكىن تۇرۇلگەن قاشلىرىدىن ۋە چاقناپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن قەيسەرلىك ۋە مەردلىكنىڭ ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. چىڭ ھىمىرىلگەن لەۋلىرىدىن ۋە بولۇپمۇ ئاغزىنىڭ بۇرجىكىدە بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويۇشىدىن ئۇنىڭ ئۆز غۇرۇرىنى ھەممىدىن ئەلا كۆرىدىغان جىگەرلىك ئەر ئىكەنلىكىنى پەملەشكە بولاتتى، كەڭ يەلكىلىرى ۋە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكرىكى ئۇنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى نامايان

---

[1] تەڭرى تۇغمىش — تەڭرىدىن يارالغان (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).
[2] سوغاق ياكى سوغد — قەدىمكى ئىران قەبىلىلىرىدىن بىرى.
[3] ئالىپ — قەھرىمان (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).

قىلىپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. چىلان تورۇق ئارغىماق ئېتى بولسا بىر ئىزدا تۇرالماي ھە دەپ ئالغا ئىنتىلىپ، يەرنى تېپەتتى ۋە پۇرقۇپ، ئۇيان-بۇيان ئايلىنىپ تۇراتتى.

"نېمىدېگەن باتۇرانە كۆرۈنۈش!" دەپ ئويلىدى بارس تېگىن ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ ۋە يەنە سورىدى:

— ئوۋغا چىقساڭ نېمە ئۈچۈن بۈركۈت ياكى تايغانلارنى ئېلىپ چىقمىدىڭ؟

ئارسلان بۇ سوئالغىمۇ تەمتىرىمەي جاۋاب بەردى:

— مېنىڭ بۈگۈنكى ئوۋغا چىقىشىم ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلىش، ئېتىمنى جەڭ ئىشلىرىغا كۆندۈرۈش ئۈچۈن بولدى.

بارس تېگىننىڭ بۇ چوڭ ئوغلىغا مەسلىكى كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىدىن ۋە ھەربىر سۆزىدىن قىلچە خۇشامەت ئارىلاشمىغان سەممىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

— يارايسەن! — دېدى ئاخىر بارس تېگىن ئارسلانغا جىددىي قاراپ، — ئوغۇل بالا شۇنداق بولۇشى كېرەك. تۇرقىڭدىن سەنمۇ ئاتاڭغا ئوخشاش ئالىپ جەڭچى بولىدىغاندەك كۆرۈنىسەن.

ھالال ۋە ئەركىن ھاياتقا ئادەتلەنگەن ئاق كۆڭۈل چوڭ ئوغلى بۇنداق ماختاشلارغا كۆنۈك ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ، ئــەمدى تېگىنگە قاراشقا پېتىنالمىدى ۋە نېمە دېيىشنى بىلمەي كۆزىنى قاچۇرۇپ، بۇ سۆھبەتكە قىزىقسىنىپ قارىشىپ تۇرغان نۆكەرلەرگە قارىدى. نــۆكــەرلەرنىڭمۇ ئۇنىڭغا دىل مايىللىقى قوزغالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ مەردانە يىگىتكە مەدەت بەرگۈسى كەلگەندەك دوستانە رەۋىشتە كۈلۈمسىرەپ، باشلىرىنى ئېغىتىپ قويۇشتى. بارس تېگىنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى-دە:

— ئەمدى سەن نېمىشقا مېنىڭ قەيەردىن كېلىۋاتقانلىقىمنى، نېمە قىلىپ يۈرگەنلىكىمنى سورىمايسەن؟ — دەپ كۈتۈلمىگەن بىر سوئالنى

قويدى ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا يەنە جىددىي قىياپەتتە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىلىپ قوي، باتۇر يىگىت، ئېلىمىزگە بىر كۈچلۈك دۈشمەن باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ دۈشمەننىڭ ئېتىنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دېيىشىدۇ. ئۇ يىراق-يىراق يەردىكى، نۇرغۇن تاغ ۋە دەريالارنىڭ ئارقىسىدىكى يونان دېگەن ئەلنىڭ قاغانى، بۇ كۆڭلى قارا قاغان كۈنپېتىشتىكى نۇرغۇن ئەللەرنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ ھازىر تۈمەن-تۈمەن كىشىلىك چوڭ قوشۇن بىلەن ئۇيغۇر يېرىگە ھۇجۇم قىلىپ ياقاداقى بۇدۇنلار[1]نى قىرغىن قىلىۋاتىدۇ.

ئارسلان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دەسلەپتە ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى. كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

— مۇمكىن ئەمەس، ئىچكىرىلەپ كىرەلمەيدۇ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ ئۆزىنى تۇتالماستىن.

بارس تېگىن بۇ ۋەقەلەرنىڭ ۋە ئۆز سۆزىنىڭ تەسىرىگە بېرىلىپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن بۇ نۆكەرلىرىم بىلەن ياقا ئانتا[2] بېرىپ كۆردۈم. ھازىر شۇ يەردىن كېلىۋاتىمىز. ئۇ يەردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئەلچى بىزنىڭ تەسلىم بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا "سۈڭۈش[3] مەيداندا كۆرۈشەيلى" دەپ جاۋاب بېرىپ قايتىپ كەلدىم.

— سۈڭۈشقا مېنى ئېلىپ بار، چوقۇم سېنىڭ كۈتكەن يېرىڭدىن چىقىمەن! — دەپ خىتاب قىلدى ئارسلان ھاياجان بىلەن.

بارس تېگىن ئۇنىڭ شۇنداق دېيىشىنى كۈتكەنىدى. شۇڭا، دەرھال ئۇنىڭغا ئىپادە بىلدۈردى.

---

① ياقاداقى بۇدۇنلار — (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا) چېگرىدىكى خەلقلەر.
② ياقا ئانتا — (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا) چېگرىدىكى جايلارغا.
③ سۈڭۈش — جەڭ (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).

— خوپ! — دېدى ئۇ، — قاغاننىڭ سۈڭگۈش چاقىرىقى چىققاندا قوشۇنغا بار. سېنى سۈڭگۈشنىڭ قايىنىمغا باشلاپ كىرىمەن. دۈشمەننىڭ قىلىچ، نەيزىسى ئالدىدا ئۆزۈڭنى قانداق تۇتىدىغانلىقىڭنى كۆرۈپ باقاي.

شۇندىن كېيىن ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ئارسلانغىمۇ، نۆكەرلەرگىمۇ تەڭ قارىتىپ خىتاب قىلدى:

— بىز ئۇلارغا ئۆز كۈچىمىزنى كۆرسىتىپ قويىمىز! ياۋۇز ئىسكەندەر يەتمىش تاغ ① باتۇرلىرىنى بىر كۆرۈپ باقسۇن! ئۇلارنى تارمار قىلمىغۇچە سۈڭگۈشتىن يانمايمىز.

ئارسلان ئەمدى بارس تېگىنگە زوقلىنىپ قاراپ قالدى. تېگىننىڭ ياش قورامى ئارسلاندىن كۆپ بولسا ئۈچ-تۆت ياش چوڭدەك كۆرۈنەتتى. تېگىن كېيىنكىسى يىگىت ئىدى، شۇ تاپتىكى غەزەپلىك چىرايى يەنىمۇ ئۆز كۆرۈنەتتى. ئارسلان ئۇنىڭ دۈبۈلغىسىنىڭ تېگىدىن چىقىپ تۇرغان قوڭۇر بۈدۈر چاچلىرىغا، ھېسسىياتلىق قويي كۆزلىرىگە، يېڭى ئۆسكەن مايسىدەك يۇمشاق قىسقا بۇرۇتىغا قاراپ ھەۋەسلىنەتتى.

بارس تېگىن ئۇشتۇمتۇت ئارسلان تەرەپكە كەسكىن بۇرۇلۇپ شۇنداق دېدى:

— سۈڭگۈشقا بىللە بارىمىز، باتۇرلۇق كۆرسەتسەڭ ئەڭ يېقىن ئادىشىم بولۇپ قالىسەن، ئەگەر قورقۇنچاقلىق قىلساڭ...

ئۇ سۆزىنى توختىتىۋېلىپ، ئارسلاننىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ قارىدى ۋە ئوڭ قولى بىلەن قىلىچىنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ھەربىر سۆزىنى دانە-دانە چىقىرىپ تەكرارلىدى:

— ئەگەر قورقۇنچاقلىق قىلساڭ ئەدىپىڭنى ئۆزۈم بېرىمەن!

بۇ گەپنى قىلغاندا ئۇنىڭ چىرايى شۇنداق سۈرلۈك تۇس ئالدىكى، جەڭدە قورقۇنچاقلىق قىلىدىغانلار ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ياخشىلىق

---

① قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆز ئېلىدە يەتمىش تاغ بار دەپ ھېسابلايتتى.

www.uyghurkitap.com

كۆرمەيدىغانلىقى بەكمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— كەتتۇق، يىگىتلەر! — دېدى بارس تېگىن ۋە ئويناقلاپ تۇرغان ئارغىماق ئېتىنى قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ كەتتى. نۆكەرلەرمۇ نەيزىلىرىنى تىك كۆتۈرۈشكەن ھالدا ئۇنىڭ كەينىدىن ئات سالدى.

ئارسلان يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، بىر ئىشنى ئېسىگە ئالدى بولغاي دەرھال ئېتىنى چاپتۇرۇپ، تېگىنىدىن باشقا بىر مەنزىلگە يول ئالدى. ئۇ خېلى ئۇزاق يول يۈردى. چۆل ئاياغلاشقاندا يىراقتا ياپيېشىل باغلار كۆرۈندى. ئارسلان مەھەللىنىڭ چېتىدىكى دەرەخزارلىققا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇ، دەرەخلەر ئارىسىدا ئوتلاپ يۈرگەن بىر ئاتنى ۋە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ بويىدا ئولتۇرغان بىر قىزنى كۆردى. ئارسلان بىردىنلا ئويناپ كەتكەن يۈرىكىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن قىزنىڭ ئارقىسىدىن بىر پەس قاراپ تۇردى. ئاندىن گوياكى چۈشىدە كۆرۈۋاتقان پەرىزاتنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىككە تىرىشىۋاتقاندەك كۆكاتلارنى ئاۋايلاپ بېسىپ، بىر چامداپ، ئىككى چامداپ قىزغا يېقىنلاشتى. قىزنىڭ ۋۇجۇدى يېنىككىنە تىترەپ كەتتى، ئۇزايىدىن ئۇنىڭ يىگىتنى ئاللىقاچان كۆرگەنلىكى ۋە ئاتايىن كۆرمەسكە سېلىپ ئولتۇرغانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئېقىپ كېتىۋاتقان سۈزۈك سۇغا قاراپ تۇرغان يوغان-يوغان قارا كۆزلىرى ۋىسال خۇشلۇقىدىن تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى. ئارسلان سۇ بويىغا كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا توختىدى ۋە يۇمشاق ئاۋاز بىلەن:

— بالقىز! — دەپ چاقىردى.

قىز بېشىنى كۆتۈرمىدى. ئارسلان ئوقيانى يەلكىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئېلىپ يەرگە قويدى-دە، قىزنىڭ يېنىغا ئولتۇردى.

— بالقىز، — دېدى ئۇ يەنە قىزغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ، — مەن ۋاقتىدا كېلەلمىدىم... كېچىكىپ قالدىم ... — قىز ئۈنچىقمىغاندىن كېيىن ئۆز ئەيىبىنى بويىنىغا ئالغان ئاھاڭدا يەنە قوشۇپ قويدى، — سېنى ساقلىتىپ قويدۇم.

قىز خۇددى سەكرەپ ئۇرۇشقا تەييارلانغان شوخ كېپىكتەك بېشىنى بىراقلا كۆتۈردى-دە، يىگىتنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى مۇلايىملاشقان مۇھەببەتلىك كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى. قىز ئۆزىنىڭ خاپا بولغانلىقىنى كۆرسىتىشكە ھەرقانچە تىرىشىپ باقسىمۇ ئۇماق چىرايىنىڭ ئىللىقلىقىنى زادىلا ئۆزگەرتەلمىدى، لەۋلىرىنى كۈلۈشتىن توختىتىشقا ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، يادەك ئېگىلىپ چۈشكەن قەلەم قاشلىرىنى ھىمىرىپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈشكە ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، بۇلاقتەك ئوخچۇپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرى تەبەسسۇمدىن ئۆزىنى قاچۇرالمىدى.

— ساقلىتىپ قويىدىغانلىقىڭنى بالدۇرراق ئويلىساڭ بولمايتتىمۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ئارسلاننى تېخمۇ تەمتىرىتىپ.

— ماڭا قارا بالقىز، مەن ساڭا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدى ئارسلان يالۋۇرغان سىياقتا قىزغا تەلمۈرۈپ ۋە بىر قولىنى كۆكرىكى ئۈستىگە قويىدى، — مەن ئۆزىمىز كېلىشكەن ۋاقىتنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق ...بىلەمسەن، بۈگۈنكى كۈننى قانچىلىك تەشنالىق بىلەن كۈتتۈم!

— ئەمىسە، نېمىشقا كېچىكتىڭ؟ — يېنىشلاپ سورىدى بالقىز.

ئارسلان سۆيۈملۈك قىزنى قايىل قىلىشقا تىرىشىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— كۆرۈشۈش ۋاقتىمىز توشقۇچە ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلىش ئۈچۈن ئوۋغا چىققانىدىم. ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، ئوقيا مەشقىنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئوۋ قوغلىشىپ چۆلگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىپتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئارسلان قايتىدىن جىددىيلىشىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە ھېلىقى چۆلدىكىدەك چاقناپ كەتتى، — مەن شۇ چۆلدە بارس تېگىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ياقا يەرلەرگە بېرىپ كەپتۇ. بىلەمسەن، ئىسكەندەر دېگەن بىر يات قاغان قوشۇن تارتىپ ئېلىمىزگە باستۇرۇپ كەپتۇ. بۇنى بارس تېگىن ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتتى.

— مەنمۇ ساڭا شۇنى ئېيتماقچى ئىدىم، — دېدى بالقىز.
— نېمە؟ بۇنى سەنمۇ بىلەمسەن؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئارسلان.
قىز بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.
— ئاتامدىن ئاڭلىدىم، — دېدى ئۇ، — تونۇغۇن ئۆيىمىزگە بىر سەنگۈن ① كەلگەنىدى. ئاتام بىلەن سەنگۈننىڭ شۇ ھەقتە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم، بۈگۈن ئەتىگەن بىر نۆكەر قاغاننىڭ يارلىقىنى ئېلىپ كېلىپ ئاتامنى ئوردىغا باشلاپ كەتتى.
بالقىزنىڭ ئاتىسى قارا باقشى قاغاننىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بولۇپ، ياشلىقىدىن تارتىپ جەڭ ئىشلىرىدا تاۋلانغان سەنگۈن ئىدى. ئۇ دانىشمەن ۋە بىلىملىك كىشى بولغانلىقتىن، قاغان تەرىپىدىن ئۇنىڭغا «قارا باقشى»② دېگەن نام ئىسىم قىلىپ بېرىلگەنىدى.
— سۈگۈش بولسا قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى بالقىز ئارسلاندىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرۇپ.
— بارىس تېگىن بىلەن سۈگۈشقا بىللە بارىدىغان بولۇپ كېلىشىپ قويدۇم، — دېدى ئارسلان.
— سېنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، — دېدى بالقىز.
ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرىلا ئەمەس، لەۋلىرىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.
ئارسلاننىڭ شۇ تاپتا بالقىزنىڭ يېپەكتەك يۇمشاق دولقۇنسىمان قوڭۇر چاچلىرىنى قولىغا ئېلىپ ئوينىغۇسى، ئۇنىڭ تاڭ شەپىقىدەك قىزارغان مەڭىزلىرىگە سۆيگۈسى، ئەڭ شېرىن سۆيگۈ سۆزلىرىنى قۇلىقىغا پىچىرلىغۇسى كېلەتتى. لېكىن، قانداقتۇر بىر سېھىرلىك كۈچ بۇنىڭغا يول قويمايتتى. يىگىت ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قوللىرىنى قىزغا ئۇزىتالمايتتى. ھەرقانداق ئەھۋال

① سەنگۈن — (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا) قوماندان، گېنېرال.
② قارا باقشى — چوڭ ئالىم (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).

ئاستىدا چىن سۆزىنى يۈرەكلىك سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن چۆل ئوغلى ئەمدى قىزنىڭ كۆڭلىنى ئالالغۇدەك بىرەر سۆزنىمۇ تاپالمايتتى.

— قارا باقشى ئوگە [1] ئىككىمىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا قوشۇلارمۇ؟ — دېدى ئۇ ئاخىر ئېغىر خورسىنىپ.

بـالـقـىـز دەرھـال جـاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇ، ئاتىسىنىڭ بۇ ئىشقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. قارا باقشى ئۆز قىزىنىڭ بىر ئاددىي ئوۋچى يـىگىت بىلەن ۋەدىلىشىپ يۈرگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، خېلى خاپا بولغانىدى. ئۇ ھەتتا بىر قېتىم بالقىزنىڭ ئانىسىغا: ”بالقىز بىر ۋەزىرنىڭ قىزى، ئۇنىڭ لايىقى ئوردا ئىچىدىن بولۇشى كېرەك!“ دېگەنىدى. بۇ گەپنى ئۇ ئاتايىن بالقىزنى ئاڭلىسۇن دەپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تەھدىت تەلەپپۇزىدا ئېيتقانىدى. شۇندىن بېرى بالقىز ئاتىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. كېيىن، ئۇ بۇ دەردنى ئىچىگە سىغدۇرالماي ئانىسىغا يىغلاپ تۇرۇپ: ”ئاتام ئارسلاننى يامان كۆرمىسۇن، ئۇ ۋىجدانلىق، ئەقىللىق، باتۇر يىگىت. مەن ئۇنى چۈشىنىمەن، ئەگەر ئۇ قاغاننىڭ خىزمىتىگە ئورۇنلاشسا چوقۇم يارامـلىق ئادەم بولۇپ چىقىدۇ“ دەپ يالۋۇرغانىدى. ئانىسى قىزىنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېرىپ كەتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق قىزىنىڭ ھەسرىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ بالقىزنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئۇنى باغرىغا باستى، قارا باقشى بىلەن سۆزلىشىپ باقاي دەپ تەسەللى بەردى. شۇندىن كېيىن، بالقىزنىڭ قەلبىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان بولسىمۇ ئەمما ئاتىسىنىڭ تېخىچە ئۆز پەيلىدىن يانمىغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە بىئارام بولاتتى.

بۇ گەپلەرنى ئۇ ئارسلانغا قانداقمۇ ئېيتالىسۇن! ئۇ، پەرىشانلىققا تولغان مـەسـۇم كۆزلىرىنى يىگىتتىن قاچۇرۇپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى-دە، ئۆز

---

[1] ئـوگـە — تـەجـرىبىلىك، دانىشمەن دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ياشانغان كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى.

www.uyghurkitap.com

چىرايىغا يەنە بۇرۇنقىدەك خۇش تەبەسسۇم بىرىشكە تىرىشتى ۋە گەپنىڭ ئــاخىرىنى ئويۇنغا ئۆزگەرتىۋېتىش خىيالىدا ئالدىدىن شىلدىرلاپ ئېقىپ ئۆتۈۋاتقان ئۆستەڭگە ئېڭىشىپ، قولىنىڭ ئۇچى بىلەن ئارسلاننىڭ يۈزىگە سۇ چاچتى. لېكىن ئارسلان بۇ چاقچاقنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ، بالقىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— ئېيتقىنا، بالقىز، — دەپ ئۆز سوئالىنى تەكرارلىدى ئۇ، — ئاتاڭ قوشۇلامدۇ؟ ئېيتقىنا! نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟

— ئەگەر قوشۇلمىسا قانداق قىلىسەن؟

بوش ئاۋازدا ئېھتىيات بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆز ئارسلانغا گوياكى ئۈشتۈمتۇت چاقماق چېقىلغاندەك تەسىر قىلدى.

— سېنى ئېلىپ قاچىمەن! — دېدى ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن قەتئىيلىك بىلەن.

— سېنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىڭنىمۇ بىلەتتىم، — دېدى بالقىز ئــويــچان كۆزلىرى بىلەن يىراقلارغا قاراپ، ئاندىن ئۇ ئارسلان تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ يېڭىنى چىڭ تۇتۇۋالدى ۋە كۆزلىرىگە تىكىلىپ، يالۋۇرغان ئاھاڭدا ئالدىراپ سۆزلەپ كەتتى:

— لېكىن سەن ئاتامنى ئەيىبكە بۇيرۇمىغىن، ئۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم ... ئۇ ئاخىر بىزگە ماقۇل بولىدۇ... ئانام ئۇنىڭغا چۈشەندۈرىدۇ. ئاتامنىڭ ئاچچىقى يامان بولغىنى بىلەن يۈرىكى يۇمشاق. ئۇ مېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ماڭا قارا، ئارسلان، ماڭا قارىغىنا، سۆزۈمگە ئىشەن، ئۇ كېيىنچە ســېــنــىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ... سەن ئاتامغا خاپا بولما. خاپا بولامسەن؟

— ياق، — دېدى ئارسلان ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — مەن ئۇنى ھۆرمەتلەيمەن ... — سېنىڭ ئاتاڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەتلەيمەن.

— ئاھ، ئارسلان، — دېدى بالقىز بېشىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ،

— سەن نېمىدېگەن ياخشى!

ئـۇلار ئـوتـلۇق سۆيگۈ لەززىتى ئىچىدە گاھ ھاياجانلىنىپ، گاھ مـۇڭـلـىـنىپ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى توغرىسىدا ئۇزاق-ئۇزاق سۆزلەشتى، بىر-بىرىگە ۋەدىلەرنى بېرىشتى.

*　*　*

توكا بىلگە قاغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەينىگە قارشى يۈرۈشكە ئاتلىنىشقا پەرمان چىقارغان كۈنى تاڭ سەھەردىلا ئوردا ئالدىغا قوشۇن ۋە ئۇلارنى ئۇزاتقۇچى ئەر-ئايال، قېرى-ياشلار توپلىنىشقا باشلىدى. ئۇزاتقۇچىلارنىڭمۇ كـۆپ قـىـسـمـى قوراللىق ئىدى. ھەممىدىن كېيىن بارس تېگىن ئۆز نۆكەرلىرىنى باشلاپ ئوردا ئىچىدىن تىزىلىپ چىقتى. ئاق بوز ئارغىماققا مىنىپ كېلىۋاتقان بارس تېگىنگە خالايىق ھۆرمەت بىلەن يول بوشىتىپ بېرەتتى. نۆكەرلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ئارسلان ھە دەپ ئالغا ئىنتىلىپ تۇرغان چىلان تورۇق ئارغىماقنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ-تارتىپ قـويۇپ، ئىنتىزارلىق كۆزلىرى بىلەن كىشلەر توپى ئىچىدىن كىمنىدۇر ئىزلەيتتى. ئاخىر ئۇ كىشلەر ئارىسىدا ئۆز ئاتىسىنى كۆردى. چاچ-ساقاللىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان پىشقەدەم جەڭچى ئالپ قايمدۇ پەخىرلەنگەن ھالدا ئوغلىغا قاراپ تۇراتتى ۋە ”كۆردۈڭلارمۇ، مېنىڭ ئوغلۇمنى!“ دېگەندەك قىلىپ ئەتراپىدىكىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ قوياتتى. ئارسلان ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بېشىنى ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

قاغاننىڭ بۇيرۇقلىرى جاكارلىنىدىغان نەقشلىك ئازادە راۋاق ئەتراپىدا قوراللانغان ئاتلىق تارخانلاردىن تەشكىل تاپقان ھۆرمەت قاراۋۇلى تىزىلىپ تۇراتتى. بارس تېگىن نۆكەرلىرىنى باشلاپ شۇلارغا يېقىنلىشىپ كېلىپ، قوراللىق ئاتلىق ئاياللار سېپىگە قاتارلاشتى. ئارسلان ئاياللار قوشۇنىنىڭ ئـالدىنقى رېتىدە بارس تېگىننىڭ ئاق يۈزلۈك، سېرىق چاچلىق گۈزەل خوتۇنى كۈمۈش تۇرۇن ۋە ئۇنىڭ يېنىدا قەلەم قاشلىق ئوماق بالقىزنىڭ

تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار يىقىملىق كۈلۈمسىرەپ، قول ئىشارىسى بىلەن تېگىن ۋە نۆكەرلەرنى قارشى ئالدى.

— بالقىز، سەنمۇ چىقتىڭمۇ؟ — دەۋەتتى ئارسلان ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلگەندە.

— بىزنى سۈگۈشتىن قورقىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ كېرەك بولغاندا كەينىڭلاردىن بىزمۇ بارىمىز، — دېدى بالقىز نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ.

بارس تېگىن نۆكەرلىرى بىلەن كېلىپ تارخانلارنىڭ ئالدىدىن ئورۇن ئالدى.

دەل شۇ چاغدا كاناي ۋە دۇمباقلارنىڭ جاراڭلىق ساداسى ياڭرىدى. توڭا بىلگە قاغان ۋەزىر ۋە سەنگۈنلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا راۋاقتا چىقتى. ئۇنىڭ بىر يېنىدا خوتۇنى ئاي بىلگە قاتۇن ① يەنە بىر يېنىدا ئەقىلدار قارا باقشى ھازىر بولدى. بارلىق كىشىلەر چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە قاغاننىڭ سۆزىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ھەممە كۆزلەر قاغاننىڭ قاۋۇل قەددىگە تىكىلگەنىدى. قاغان ئۈچىسىغا تاۋار تون كىيگەن، بېشىغا تاۋار ياغلىقنى چېكىلەپ تېڭىۋالغانىدى. ئۇنىڭ قويۇق ئۆسكەن سارغۇچ ساقال-بۇرۇتىغا ئەمدىلا ئاق سانجىغان. ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ نۇرى سىڭگەن كۆكۈچ كۆزلىرى ئۆسكىلەڭ قاشلىرى تېگىدىن كىشىلەر توپىغا ئىشەنچ ۋە غەيرەت بىلەن قاراپ تۇراتتى. قاغان، قوشۇن ۋە خەلققە قىسقىچە سەپەرۋەرلىك نۇتقى سۆزلىدى. ئۇنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ھەيۋەتلىك ئاۋازى يىراق-يىراقلارغا ئاڭلاندى.

— ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قوشۇن تارتىپ ئېلىمىزگە باستۇرۇپ كەلدى، — دېدى ئۇ، — مەن كۆك تەڭرىنىڭ بۇيرۇشى بىلەن، ئېلىمىزنىڭ ئېسەنلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن ياۋۇزلارغا قارشى ئىدىق سۈگۈش ② ئېلان

① قاتۇن (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا) — خانىش.
② ئىدىق سۈگۈش — مۇقەددەس جەڭ. (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).



www.uyghurkitap.com

قـــلدىم. ئۇلار بىزنى يېڭەلمەيدۇ. بىز چوقۇم يېڭىمىز. كۆك تەڭرىنىڭ ئىرادىسى شۇنداق. تاغ بىزنىڭ ئاتىمىز، يەر بىزنىڭ ئانىمىز [1] تاغ ئاتا بىزگە يۆلەك بولىدۇ، يەر ئانا بىزگە كۈچ بېرىدۇ.

تــوڭا بىلگە قاغان قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئېگىز كۆتۈردى-دە، ئۆز سۆزىنى جەڭگە چاقىرىش شوئارى بىلەن ئاياغلاشتۇردى:

— كۆكتە تەڭرى، يەردە باتۇر!

مىڭلىغان تىغلار ئېگىز كۆتۈرۈلدى، مىڭلىغان كۆكرەكلەردىن ئۇرغۇپ چىققان شوئار كۆك ۋە يەرنى زىلزىلىگە كەلتۈردى:

— كۆكتە تەڭرى، يەردە باتۇر!

شــۇنــدىــن كېيىن، توڭا بىلگە قاغان قوشۇننى باشلاپ يۈرۈشكە ئـــاتلاندى. ئۇزاتقۇچىلار خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ باردى. كېيىن ئاستا-ئاستا ئارقىدا قالدى.

— يولۇڭلار قۇتلۇق بولسۇن! — ئۇزاتقۇچىلارنىڭ تەرەپ-تەرەپتىن توۋلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى.

ئـــارســلان بارس تېگىنىنىڭ نۆكەرلىرى قاتارىدا ئېتىنى يورغىلىتىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ پىكىر-خىيالى ئاتىسى بىلەن بالقىزدا ئىدى. بالقىز بىلەن ئايرىلىش ئالدىدا ئايرىم خوشلىشالمىغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئۇشتۇمتۇت بالقىزنىڭ ئۇنى چاقىرغان تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىدىن كىرىپ گويا يۈرىكىگە يەتكەندەك بولدى. ئۇ شــۇ هــامان سەپتىن ئايرىلىپ چىقىپ ئېتىنى توختاتتى ۋە قوشۇننىڭ كـــەينىدىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان بالقىزنى كۆردى. بالقىزنىڭ ئېتى ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىپ ئارسلاننىڭ ئېتىغا ياندىشىپ توختىدى. قىزنىڭ كۆكسى نېپىز يىپەك كۆڭلەكنىڭ تېگىدە بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسلەپ

---

[1] قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدە ئاشۇنداق ئەقىدە بار ئىدى.

تۇراتتى. مەڭزىلىرى ۋە لەۋلىرى ھاياجاندىن بىرئاز تاتىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ياشقا تولغان يوغان كۆزلىرى يىگىتنىڭ مەردانىلىق ئەكس ئېتىپ تۇرغان قارا كۆزلىرىگە ئىنتىزارلىق بىلەن تىكىلىپ قارايتتى. ئاخىر ئۇ ئۈنچىقماستىن قويىنىدىن چىرايلىق كەشتىلەنگەن شايى ياغلىقنى چىقاردى-دە، قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئارسلاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى ھەمدە بوش ئاۋاز بىلەن:

— تەڭرى سېنى ئېسەن قىلسۇن، سۆيگۈمىزنى ئۇماي[1] ساقلىسۇن! — دېدى-دە، يىغىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ئېتىنى ئارقىغا بۇرىدى ۋە يەنە ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىپ قالدى.

ئارسلان خۇددى سېھىرلەنگەندەك قىمىر قىلماي ۋە بىر ئېغىز سۆزنىمۇ ئېيتىشقا ئۈلگۈرمەي قىزنىڭ ئارقىسىدىن بىر پەس قاراپ تۇردى. ئاندىن قوشۇننى قوغلاپ يېتىپ، ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ كېتىۋاتقان نۆكەرلەر ئارىسىدىن ئۆز ئورنىنى ئىگىلىدى.

قوشۇن مېۋىزارلىق باغلارنى، بۇغداي ئېتىزلىرىنى، يىلقا، قوي ۋە كالا پادىلىرى ئوتلاپ يۈرگەن يېشىل مەخمەلدەك يايلاقلارنى كېزىپ ئۆتۈپ، پايانسىز يېيىلغان چۆلگە چىقتى. ئۆز يولىدىكى ھەرقانداق قەبىلە ۋە تائىپىلەرنى باستۇرۇپ، ۋەيران قىلىپ كېلىۋاتقان قۇدرەتلىك دۈشمەن بىلەن بولىدىغان ھايات-ماماتلىق جەڭ قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاشماقتا ئىدى. تۆت ئەتراپىغا داڭقى كەتكەن چۆل تۇلپارلىرىنىڭ[2] تۇياقلىرى ھەيۋەتلىك دۈپۈرلەيتتى. تونگا بىلگە قاغان ئۆزىنىڭ قاۋۇل ۋە چىرايلىق ئاق ئېتى ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرۇپ، سۈكۈت ئىچىدە كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن تېزرەك ئۇچرىشىشقا ئالدىراۋاتقاندەك ھامان ئالغا قارايتتى. قاغاننىڭ شۇ تاپتا نىمىنى

---

① ئۇماي — قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىكى سۆيگۈ ئىلاھى.
② ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئاتلىرى پۈتۈن شەرق دۇنياسى بويىچە مەشھۇر ئىدى.

ئۇيلاۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىش تەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلۇغۋار، مەغرۇر تۇرقىغا قاراپ، ئۆزىگە ۋە قوشۇنىغا قەتئىي ئىشىنىدىغانلىقىنى پەملەشكە بولاتتى.

قاغانغا بىردەم يانداشىپ، بىردەم سەل ئارقىدا قېلىپ كېتىۋاتقان قارا باقشى چەكسىز ئۇپۇققا كۆز تىكىپ خىيالغا بېرىلىپ كەتتى. ئۇ، بارس تېگىنگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئارسلانغا بىرنەچچە قېتىم كۆز تاشلاپ قويدى. بالقىز بىلەن بۇ يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى قارا باقشى مۇۋاپىق تاپمايتتى. "بۇ مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئارسلان بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىپ، ئۇنى بۇ ئىشتىن يالتايتىش كېرەكمۇ؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا، شۇنداق قىلماي بولمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ". ئەمما قارا باقشى ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئەلنى قوغداش ئۈچۈن پىدائىي بولۇپ كېتىۋاتقان بىر يىگىتكە مۇنداق غەيرىي مۇئامىلىدە بولۇشتىن بىرئاز ئوڭايسىزلىق ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۆز ئىچىدە: "سۈكۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن بىر گەپ بولار" دەپ قويدى-دە، بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئارتۇق ئويلىماسلىققا تىرىشتى.

ئارسلانمۇ قارا باقشىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپماقچى بولغاندەك ئارىلاپ ئۇنىڭغا قاراپ قوياتتى. "سۈكۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن بۇ ھەقتە بارس تېگىنگە سۆز ئاچىمەن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئۇنىڭ قارا باقشى ۋەزىر بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنى ماقۇل كەلتۈرۈشىنى ئۆتۈنىمەن. لازىم تېپىلسا، ئۆزۈممۇ بېرىپ ئۇنىڭغا باش ئۇرىمەن. ئەگەر رەت قىلسا بالقىزنى ئېلىپ قاچىمەن". شۇ قارارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغاندىن كېيىن، ئارسلانمۇ بۇ ھەقتە ئويلىماسلىققا تىرىشتى. ئۇ پات-پاتلا قولىنى قوينىغا تىقىپ، بالقىز يالداما قىلغان ھېلىقى قولياغلىقنى يۈرىكىگە چىڭ بېسىپ قوياتتى.

قوشۇن ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر كەڭرى تۆپىلىككە كېلىپ توختىدى. تۇڭا بىلگە قاغان شۇ يەردە بارگاھ قۇرۇشنى بۇيرۇدى.

* * *

ئۈچ يۈز كىشىلىك چارلىغۇچىلار ئەترىتى ئاتلىرىنى قارا تەرگە چۆمدۈرۈپ قايتىپ كەلدى ۋە زۇلقەرنەيىننىڭ زەربىدار قىسمى يېقىنلاپ قالغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى. تۇڭا بىلگە قاغان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋەزىر، تارخان، يابغۇ، سەنگۈنلەرنى چاقىرتىپ جىددىي يىغىن ئاچتى. يىغىندا، بىر بۆلەك قىسمنى ئەۋەتىپ، زۇلقەرنەيىننىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىش قارار قىلىندى. قاغان توسۇپ زەربە بېرىش ۋەزىپىسىنى بارس تېكىن باشچىلىقىدىكى تۆت مىڭ كىشىلىك ياشلار قوشۇنىغا تاپشۇردى. بۇ چاغدا ۋەزىر قارا باقشى سۆز ئالدى.

— تەڭرى تۇغمىش تۇڭا بىلگە قاغان، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئۇ، — سىز زۇلقەرنەيىننىڭ ئالدىنى توسۇشقا ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەجرىبىلىك ياشانغان ئۇرۇش ماھىرلىرىدىن بىرەر ئادەمنىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى.

— ئۆگەنىمۇ؟ — دەپ سورىدى قاغان.

ھەئە، — دېدى قارا باقشى بېشىنى لىڭشىتىپ. ①

قاغان بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— سىز ئۆزىڭىز بارسىڭىز قانداق، قارا باقشى ئۆگە؟ — دەپ سورىدى.

قارا باقشى بۇ پىكىرنى بىجانىدىللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. شۇنداق قىلىپ، قارا باقشىنىڭ ئىسمىغا «ئۆگە» دېگەن ئاتاق قوشۇلدى ۋە بۇ ئاتاق كېيىنكى ۋاقىتلاردا تېگىندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان ئۇنۋان سۈپىتىدە ئۆزلىشىپ قالدى.

يىغىندىن كېيىن قارا باقشى ئۆگە بارس تېكىنگە مەسلىھەتچى بولۇپ،

---

① مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» ، ئۇيغۇرچە، 1-توم 122- بەتكە قارالسۇن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

يول بويى بارس تېگىن ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، پات-پات ئۇنىڭغا-بۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراپ قوياتتى. ئۇ كۆزەتكەنسېرى ئەسكەرلەرنىڭ روھىنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلاتتى. ئۇ، ئېتىنى سەل ئاستىلىتىپ، ئارقىدا كېلىۋاتقان ئارسلانغا ياندىشتى ۋە كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن سورىدى:

— قانداق، يىگىت؟ زۇلقەرنەيىنىڭ قوش مۈڭگۈزلۈك① ئەسكەرلىرىنى جەرەن ئاتقاندەك ئاتالامسەن؟

ئارسلان بۇ سوئالدىن رەنجىگەندەك بىرخىل قىياپەتتە بارس تېگىنگە قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— بىز ئىككىمىز چۆلدە ئۇچراشقان ھېلىقى كۈنى مېنىڭ جەرەننى قانداق ئاتىدىغانلىقىمنى كۆرمىگەن ئىدىڭ. ئەمدى قوش مۈڭگۈزلۈك قىئاتلارنى② قانداق ئاتىدىغانلىقىمنى، قانداق چاپىدىغانلىقىمنى سوڭۇش بولغاندا كۆرۈسەن!

بۇ سۆزلەردىن بارس تېگىنىنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ ئۆستى. ئۇ مەمنۇنىيەت بىلەن ئارسلانغا قاراپ قويدى. دەل شۇ چاغدا بىر چارلىغۇچى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، دۈشمەننىڭ ئالدىنقى قىسمى ئالدى تەرەپتە — قارىسى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاشۇ چوڭ تاغنىڭ نېرىقى چېتىدە قونالغۇغا توختىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بارس تېگىن قوشۇننى توختاپ دەم ئېلىشقا بۇيرۇدى. قاش قارىيىشقا باشلىغاندى. تېگىن قارا باقشى ئۆگەنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، تۈن نىسپىگىچە مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇپ، كېچىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش

---

① زۇلقەرنەيىن — ئەرەبچە "قوش مۈڭگۈزلۈك" دېمەكتۇر. يونان (قەدىمكى گرېتسىيە) پادىشاھى ئالېكساندىر ماكېدونسكى ئەرەب ئەللىرىنى ئىشغال قىلغاندا، ئەرەبلەر ئۇنىڭ قوش مۈڭگۈزلۈك دۇبۇلغىسىغا قاراپ ئۇنى "ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن" يەنى، "قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر" دەپ ئاتىشىۋالغان.

② قىئات — قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى بىر ئەپسانىۋى يىرتقۇچ مەخلۇق.

پىلانىنى تۈزدى. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئەسكەرلەر ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىنى قوي تېرىلىرى بىلەن مەھكەم تېڭىپ، ھېچقانداق تاۋۇش چىقارماسلىقا تىرىشىپ، دۈشمەن لاگىرىغا قاراپ يول ئالدى.

يېرىم كېچىدىن ئاشقان مەزگىل ئىدى. مەخپىي چارلىغۇچىلار دۈشمەن لاگىرىدا ھېچقانداق شەپە يوق ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈشتى.

بـــارس تېگىنىنىڭ ئاتلىقلىرى نىشانلانغان تاغ باغرىغا يېتىۋالغاندىن كېيىن ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىغا تېڭىلغان قوي تېرىلىرىنى يېشىپ تاشلىۋېتىپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىدى-دە، ئاتلىرىنى بولۇشىغا قويۇپ بەردى. دۈشمەن جېسەكچىلىرى بۇ كۈتۈلمىگەن ھۇجۇمدىن پايپېتەك بولۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا ئاللىنېمىلەرنى توۋلىشىپ كېتىشتى. زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرى يۇقىرى دەرىـجىدىكى ئۇرۇش ھالىتىدە يېشىنمەي، قورال-ياراغلىرىنى تەق قىلىپ قويۇپ ياتقانىكەن. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇشۇپ ئۇيۇل-تويۇل ئاتلىنىشقا كىرىشتى. بۇ چاغدا تېگىن ئەسكەرلىرى گويا كى قارا بوراندەك يوپۇرۇلۇپ كەلدى. بىر مەيدان دەھشەتلىك ئۇر-يىقىت باشلىنىپ كەتتى. ئـــاتـــلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا گۈلخانلار چېچىلىپ، قىپقىزىل ئۇچقۇنلار كــۆتـــۈرۈلــەتـــتى. تۇياقلارنىڭ دۈپۈر-دۈپۈرلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، قــــىلىچلارنىڭ بىر-بىرىگە سوقۇلۇشۇپ ”جاڭ-جۇڭ“ قىلغان سادالىرى ۋە ياربدارلارنىڭ داد-پەريادلىرى پەلەكنى قاپلاپ كەتتى. بۇ چېپىشماق ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆز لاگىرىدىن چېكىنىپ چىقىشقا باشلىدى. تېگىن ئەسكەرلىرى ئۇلارنى قەدەممۇ-قەدەم قارائىغۇ چۆلگە قىستاپ چىقارماقتا ئىدى، ئاخىر دۈشمەنلەر بۇنداق ئۈمىدسىز جەڭدىن ۋاز كېچىپ چۆلگە قاراپ جېنىنى ئېلىپ قاچتى.

جەڭ ئوتىدا قىزىپ كەتكەن ئارسلان ئېتىنى قويۇۋەندەك چاپتۇرۇپ پۈتۈن سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى ۋە ئۇلەر-تىرىلىشكە باقماي قېچىپ كېتىۋاتقان بىر يونانلىققا يېتىشىۋېلىپ، قىلىچىنى بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئېگىز كۆتۈردى-دە، بار كۈچى بىلەن بىرنى چاپتى. ئەگرى قىلىچ يونانلىقنى

يەلكىسىدىن كىندىكىگىچە ئىككىگە بۆلۈۋەتتى. يونانلىق ئېگەردىن يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇنىڭ بېلىگە تېگىشىۋېلىنغان يوغان كۆن ھەميانمۇ كېسىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بۇلاپ-تالاپ يىغىلغان تىللالىرى قانغا مىلىنىپ يەرگە تۆكۈلدى.

دەل شۇ چاغدا قارا باقشى ئۆگە، دۈشمەننىڭ پىستىرمىسىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئەسكەرلەرنى قوغلاشتىن توختاشقا بۇيرۇق بەردى. دۈشمەننىڭ قالدۇق قىسمى قاچقان پېتى ئېدىرلىقلار ئارىسىدا غايىب بولدى.

تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. قۇياشنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرى تۈن پەردىسىنى يىرىپ ئەتراپنى يورۇتۇشقا باشلىدى. يىگىتلەر دۈشمەننى سۈرۈشتىن توختاپ ئارقىغا ياندى. ئارسلان ئاتتىن چۈشۈپ قىلىچىدىكى قان داغلىرىنى ئۆزى چېپىپ تاشلىغان ھېلىقى يونانلىقنىڭ چاپىنىغا سۈرتۈپ تازىلاپ قىنىغا سالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر توپ ئەسكەرلەر قىپقىزىل قانغا مىلىنىپ ياتقان ئالتۇن-تىللالارنى كۆرۈپ:

— بۇ نېمە؟ — دەپ سوراشتى.

— ئالتۇن قان، — دېدى ئارسلان ۋە ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن يېتىلەپ يىغىلىش ئورنىغا مېڭىپ كەتتى.

ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ قېتىمقى كېچىلىك جەڭ بولغان يەردىكى چوڭ تاغ «ئالتۇن قان» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ قالدى. [1]

جەڭدىن كېيىن بارس تېگىن قارا باقشى ئۆگە بىلەن باش قوشۇپ ئەمدىكى ھەرىكەت يۆنىلىشىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئۇلار ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئۆچ ئېلىش جېڭى باشلايدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىشتى. شۇڭا، ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئوچۇق چۆلگە چىقماي، «ئالتۇن قان»دا لاگىر قۇرۇپ، قاغاننى كۈتۈشكە كېلىشتى.

دېگەندەك، ئەتىسى تاڭ سەھەردە «ئالتۇن قان»دىكىلەر ئۇيۇقتا زور

---

① «تۈركى تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 122-بەتكە قارالسۇن.

قوشۇننىڭ قارىسىنى كۆردى. مىڭلىغان ئاتلىقلار سەپ تارتىپ «ئالتۇن قان» تەرەپكە تېز ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتاتتى.

تېگىن بىلەن ئۆگە ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ، بىر قىسمىنى «ئالتۇن قان»نىڭ بىر خالىي جىراسىغا يوشۇرۇپ قويدى. يەنە بىر قىسمىغا ئارسلاننى باش قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئالدىغا چىقاردى.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ۋەزىرلىرى ۋە قورۇقچىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر ئېگىز تۆپىلىكتە تۇرۇپ جەڭ مەيدانىنى كۆزەتمەكتە ئىدى. بۇ يەردىن ئىككى تەرەپنىڭ ئاتلىرى بىر-بىرىگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان كەڭ تۈزلەڭلىك ئالقاندىكىدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە «ئالتۇن قان» تېغى ئۇپۇقنى توسۇپ ياتاتتى. بۇلۇتسىز، تىنىق ئاسماندا بىرنەچچە سا ۋە بىر توپ قاغا-قۇزغۇنلار بولغۇسى جەڭدىن ئۆزلىرىگە ئولجا كۈتۈپ ئەگىپ ئۇچۇپ يۈرۈشتى.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن توختاۋسىز ئالغا بېسىپ كېلىۋاتقان بىر يېرىم مىڭچە ئاتلىقلارغا قاراپ: ”بۇ كىچىككىنە بىر توپ ئادەم نېمە قىلماقچى؟ — دەپ ئويلايتتى، — ئۇلار بۇ زور قوشۇننى يېڭىمىز دەپ ئويلامدىغاندۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ باشقا بىر ھىيلىسى بارمۇ؟ يونان پادىشاھىنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىگە مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى. چۆل تەرەپتىن ئۇرۇۋاتقان ئىزغىرىن شامال ئۇنىڭ قوش مۈڭگۈزلۈك دۇبۇلغىسى ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان ساپسېرىق ئۇزۇن چاچلىرىنى ئۇچۇراتتى. ئۇ قەددىنى تىك تۇتۇپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ غەلىبىسىنى كۆرۈشكە ھازىرلىنىپ تۇراتتى. ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ يەرلەرگىچە بولغان نۇرغۇنلىغان جەڭلەر داۋامىدا ئۇ پەقەت يېڭىشكىلا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. باشقىچە بولۇشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەيتتى. ھالبۇكى، كۆپ ئۆتمەي ئۇ جەڭ مەيدانىغا جىددىيلىشىپ قاراپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كۈتۈلمىگەن غەلىتە ئىشلار بولۇۋاتاتتى.

ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى دالىغا كەڭ يېيىلىپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرغان پېتى

www.uyghurkitap.com

ئالدىغا قارىتىپ ئوقيادىن ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى، يونان ئەسكەرلىرىدىن بىرنەچچە كىشى ئات ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشتى، يەنە بىرنەچچە ئات چاپقان پېتى موللاقلاپ چۈشۈپ يېتىپ قالدى. ئاتسىز قالغان ئەسكەرلەر باشقا ئاتلارنىڭ ئاياغلىرى ئارىسىدىن ئۈمۈلەپ تۇرۇشۇپ جەڭ مەيدانىدىن قاچقىلى تۇردى. ئوقلار كەينى-كەينىدىن ئۇچۇپ كەلمەكتە. يونانلىقلار كەينى-كەينىدىن يىقىلماقتا. ئاخىر، زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرى قىستاپ كېلىپ، ئەمدى ئوقيا ئېتىشقا مۇمكىن بولمىغاندا، ئۇيغۇرلار چاققانلىق بىلەن ئاتلىرىنى ئارقىسىغا بۇراپ قاچتى. يونانلىقلار ئۇلارنى قوغلاپ يېتىشكە ھەرقانچە كۈچەپ باقسىمۇ زادىلا يېتەلمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىرى گويا قانات چىقىرىپ ئۇچۇۋاتقاندەك قوغلىغۇچىلارنى بارغانسېرى ئارقىدا قالدۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. قاچقۇچىلار توساتتىنلا ئارقىسىغا قارىتىپ يەنە ئوقيا ئېتىشقا باشلىدى. قوغلىغۇچىلار كەينى-كەينىدىن يىقىلغىلى تۇردى.

زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق ئاجايىپ ماھارىتىگە ھەيران بولدى ۋە ئۆز يېنىدىكىلەرگە مۇنداق دېدى:

— بۇ كىشىلەر ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن، بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ ①

ئارسلان باشلىق يىگىتلەر ۋە ئۇلارنى قوغلىغۇچىلار «ئالتۇن قان» تېغىغا يېتىپ بارغاندا بىر جىرا ئىچىدىن ئۇشتۇمتۇت بارس تېگىن ۋە قارا باقشى ئۆگە باشلىق ئەسكەرلەر چاقماقتەك تېزلىكتە ئېتىلىپ چىقىپ، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ يان تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. قېچىۋاتقان يىگىتلەرمۇ دەرھال كەينىگە يېنىپ دۈشمەن ئۈستىگە يەنە بىر تەرەپتىن باستۇرۇپ كەلدى. ئىككى تەرەپ گىرەلىشىپ، ئارىلىشىپ كەتتى. دەھشەتلىك

① «تۈركى تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم 151-بەتكە قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com

قىرغىنچىلىق باشلاندى. ئوھوي! بۇ شۇنداق بىر جەڭ بولدىكى، زۇلقەرنەيىن ئۆز ئۆمرىدە بۇنداق جەڭنى كۆرۈپ باقمىغاندى! ھەر ئىككى تەرەپ مىسلىسىز باتۇرلۇقلارنى كۆرسىتىپ، جان-جەھلى بىلەن ئېلىشتى. كىشىلەر بىر-بىرلىرىنى قىلىچلار بىلەن چاپاتتى، نەيزىلەر بىلەن سانجىيتتى، بەزىلىرى ئات ئۈستىدە بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ، چاچ-ساقاللىرىدىن تارتىشاتتى، گاللىرىنى بوغۇشاتتى، بىر-بىرىنى ئېگەردىن يۇلۇپ يەرگە ئىرغىتىپ تاشلىشاتتى...

— چىلك تۇرۇڭلار، ئوغلانلىرىم! بىز يېڭىمىز! — دەپ ۋارقىرايتتى قارا باقشى ئۆگە يىگىتلەرگە مەدەت بېرىپ ۋە تالاي جەڭلەردە چېنىققان كۈچلۈك قولى بىلەن قىلىچ ئۇرۇپ دۈشمەننى قىرىشنى داۋاملاشتۇراتتى.

— ئۇر! — دەپ ۋارقىرايتتى بارس تېگىن ئەسكەرلىرىنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشماقچى بولۇپ ۋە ئەڭ كەسكىن ئېلىشىش بولۇۋاتقان جايلارغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتەتتى.

يىگىتلەرگە بۇنداق چاقىرىقلار ئارتۇقچە ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى گويىاكى غەزەپلەنگەن قاپلان ئىدى. مانا، قارا قاشلىق، قارا بۇرۇتلۇق كېلىشكەن يىگىت بۆغرا تۇڭا دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ قىلىچىنى چاقپىلەكتەك ئويناتقىلى تۇردى. زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرىدىن بىرى چېكىسىگە قىلىچ يەپ ئات ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كەتتى، يەنە بىرى يېرىلغان قورسىقىنى تۇتۇۋالغىنىچە، قارا يەردە يۇمىلاپ ۋە چىرقىراپ جان تالاشقىلى تۇردى. بۇ چاغدا بىر توپ يونانلىق بۆغرا تۇڭاغا يان تەرەپتىن ئېتىلىپ كەلدى. ئېتىلىپ كەلدىيۇ، ئۆلگۈرەلمىدى. قاپلاندەك قورقۇمسىز، لاچىندەك چاققان يىگىت ئىلچى بۇ بىر توپ يونانلىقنىڭ ئۈستىگە بوراندەك ئۇچۇپ كېلىپ ئىككىسىنىڭ جېنىنى ئېلىپ يەردە قويدى. ئۈچىنچىسىنىڭ ئېتىنى يىقتتى-دە، قالغانلىرىنى تىرپىرەن قىلىۋەتتى، ئاكا-ئۇكا قۇتلۇق تەمۈر ۋە ئىل تەمۈرلەرمۇ شىددەتلىك جەڭ قىلماقتا ئىدى، ئۇلارنىڭ چوڭى قۇتلۇق تەمۈر بىرنەچچە قېتىملىق جەڭلەردە خىزمەت كۆرسەتكەن، پىشقان

جـەڭچى ئىدى. ئۇ قىلىچۋازلىق قىلغاندا قارشى تەرەپنى ئىمكان قەدەر هالسىرىتىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى تېجەپ، ئېپىنى كەلتۈرۈپ پەم بىلەن هۇجۇم قىلاتتى ۋە هەر قېتىملىق قىلىچۋازلىقتا يېڭىپ چىقاتتى. ئىنىسى ئىل تەمۇر ئەمدىلا ئون يەتتە-ئون سەككىز ياشقا ئۇلاشقان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ تېخى تۇنجى قېتىملىق جەڭگە قاتنىششى ئىدى. ئۇ هاياجانلانغان هالدا ئۇدۇل كـەلـگـەن يـەرگـە قـىـلىچ ئۇراتتى هەمدە هېلىغىچە بىرەر دۈشمەننى يىقىتالمىغىنىدىن تىت-تىت بولۇپ يەنىمۇ جىددىيلىشەتتى ۋە هەدەپ ئالغا ئىنتىلىپ، دۈشمەن سېپىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشكە ئۇرۇناتتى.

— ئىل تەمۇر! — دەپ ۋارقىرىدى ئاكىسى، — ئالغا بارما، مېنىڭ ئارقامدىن يۈر!

لېكىن، بۇ ۋارقىراش قېنى قىزىق ياش بالىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ ئاخىر بىر دۈشمەننى يىقىتتى-دە، تېخىمۇ قىزىپ كەتتى ۋە ئاكىسىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ بىر توپ دۈشمەنىنىڭ ئالدىغا ئات چاپتۇرۇپ بارغان پېتى قىلىچ ئۇردى. ئۇزۇن ساقاللىق، بەستلىك يونانلىق بىر قىلىچ ئۇرۇپلا ئۇنىڭ قىلىچىنى ياندۇرۇۋەتتى. ئىل تەمۇرنىڭ تېخى كۈچكە تولمىغان نازۇك بىلىكى كەينىگە سىلكىنىپ كەتتى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ بېقىنىغا بىراقلا ئىككى نەيزە سـانجىلدى، مۇرىسىگە قىلىچ ئۇرۇلدى ۋە ئۇ خۇددى تۇۋىدىن چېپىپ تاشلانغان كۆچەتتەك ئاتتىن چۈشۈپ كەتتى.

— ئىل تەمۇر! — دەپ ۋارقىرىدى قۇتلۇق تەمۇر ۋە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنى جان ئاچچىقى بىلەن قىرىشقا باشلىدى. ئۇ هە دەپ ئىنىسى يىقىلغان يەرگە يېتىۋېلىشقا ئىنتىلەتتى. ئەمما، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ دۈشمەنلەر قورشىۋالغانىدى. هېلىمۇ ياخشى، قاپان، ئازاق، ئاتىش قاتارلىق بىر توپ يىگىتلەر ئۇلگۈرۈپ كېلىپ ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ كەتتى. چـاپـە-چـاپ، ئـۇرە-ئۇر بولۇپ كەتتى. قاپان باتۇر ئىككى يونانلىقنى ئـۇجـۇقتۇرۇپ تاشلاپ، ئاخىر ئۆزىمۇ هەريانىدىن ئۇرۇلغان قىلىچلارنىڭ زەربـــىـــىـــدە باش-كۆزى قانغا بويىلىپ، كۆك تەگرىنى ياد ئېتىشكىمۇ

ئۆلگۈرمەي جان ئۈزدى. ئازاق پالۋان بىر يونانلىقنىڭ كاللىسىنى ئالدى، يەنە بىرىنىڭ قارنىنى ياردى، ئۈچىنچىسىگە قىلىچ ئۇرماقچى بولۇپ تۇرغاندا ئارقىسىدىن بىر نەيزە ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كەلدى-دە، دۈمبىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ مەيدىسىدىن چىقىپ قالدى. ئاتىش مەرگەن تېخى يىراقتىن ئات سېلىپ كېلىۋاتقاندىلا ئوقيا بىلەن ئىككى يونانلىقنى يىقىتقانىدى. يېقىن كەلگەندىن كېيىن، قىلىچ بىلەن يەنە بىرىنى يىقىتتى. ئەمما شۇ ئاندا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ قورشاۋغا چۈشۈپ قېلىپ، نەچچە يېرىگە قىلىچ يېدى ۋە ئانا يەرنى قۇچاقلاپ مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمدى، ئۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ياشلار ئانا يەر ئۈچۈن مەرتلەرچە قۇربان بولدى. لېكىن، قاپان ئۆلسە، ئۇنىڭ ئورنىغا قاتمىش يېتىپ كەلدى؛ ئازاق يىقىلسا، بارمان ئىز بېسىپ كەلدى؛ جەڭ ئوتى تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

جەڭ داۋامىدا ئارسلانمۇ ئۆزىنىڭ ئارسلانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇ ئېگەردىن كۆتۈرۈلۈپ-كۆتۈرۈلۈپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئوڭغىمۇ، سولغىمۇ قىلىچ ئۇرغىلى تۇردى، ئۇنىڭ قىلىچىنىڭ زەربىسىدىن دۈشمەنلەردىن بىرى ئات ئۈستىدىن خۇددى شامال ئۈچۈرتۈپ كەتكەندەك چۈشۈپ كەتتى؛ يەنە بىرى يارىلانغان قولىدىكى قىلىچىنى تاشلىۋېتىپ جەڭ مەيدانىدىن بەدەر قاچتى؛ ئۈچىنچىسىنىڭ كاللىسى چورتلا ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ ئاتلارنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا دومىلاپ كەتتى.

— يارايسەن، ئارسلان! — دەپ ۋارقىرىدى بارس تېكىن ۋە ئۆزىمۇ زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرىنى كەينى-كەينىدىن ئۈجۈقتۇرۇپ، ئالغا قاراپ كېتىۋەردى، بارس تېكىنمۇ ئۆزىنىڭ قارشىلىقىنى كۆرسەتتى.

زۇلقەرنەيىن قوشۇنى ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمىدى ۋە پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىنىشكە باشلىدى.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ھېلىقى تۆپىلىكتە تۇراتتى. ئۇ، ئەھۋالنىڭ چاتاق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر قىزىل ساقاللىق سەركەردىگە يېقىندىن قوشۇن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىنى توسۇشقا

بۇيرۇدى، قىزىل ساقاللىق سەركەردە زاپاستا تۇرغان بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى.

بارس تېكىن ۋە ئارسلان يېڭىش بىلەن قاناتلانغان يىگىتلەرنى باشلاپ، ئۇلارغا ئۇدۇلدىن توسۇپ قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. ئاي-ھاي! باتۇرلارنىڭ باتۇرلىرىنى ئەمدى كۆرۈڭلار!

— ئۇرە!

— ئۇر! — دەپ ۋارقىرىشاتتى يىگىتلەر، ئۇلار خۇددى توختىتىپ بولمايدىغان كەلكۈندەك ئۆز يولىدا ئۇچرىغانىنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ، يىقىتىپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى ۋە بىردەمدىلا دۈشمەننى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى.

يونان قوشۇنىنىڭ قىزىل ساقاللىق سەركەردىسى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىگە قاراپ ئېيتقۇسىز ۋەھىمە ئىچىدە تىترەپ كەتتى.

— بۇلار ئادەممۇ، دىۋىمۇ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ ۋە ئەسكەرلەرنىڭ توزۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ قېچىشقا يۈزلەندى. بۇ ئارىدا ئارسلان ئۇنىڭ ئىككى قورۇقچىسىنى چېپىپ تاشلىدى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىۋېلىپ، گەجگىسىدىن "كاپ" قىلىپ تۇتۇۋالدى-دە، بىرلا سىلكىپ ئېگەردىن يەرگە تاشلىۋەتتى. قىزىل ساقاللىق سەركەردە ئورنىدىن تۇراي دېگۈچە ئارسلان ئۇنىڭ گېلىغا نەيزە ئۇرۇپ يەرگە مىخلاپ قويدى. قارا باقشى ئۆگە ئارسلاننىڭ ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماستىن:

— ياشا ئوغلۇم، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئارسلاننىڭ بالقىز بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغانلىقىغا نارازى بولغانلىقىدىن خىجىللىق ھېس قىلدى. "ھېلىمۇ ياخشى، ئارسلانغا بۇ ھەقتە بىرەر قوپال گەپ قىلىپ قويماپتىمەن — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بۇ ھەقىقەتەن تارخان [1] بولۇشقا

---

[1] تارخان — ھەربى ئۇنۋان.

www.uyghurkitap.com

لايىق يىگىت ئىكەن“.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىگە ۋەھىمە بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى خۇددى ئېگىز ئاسماندىن ئوۋ ئۈستىگە ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان بۈركۈتلەرگە ئوخشايتتى. ئەمدى ئۇلارنى توسۇپ قېلىشقا ھېچقانداق ئامال يوق ئىدى.

ئاخىر زۇلقەرنەيىن ئالدىراش ئاتلىنىپ، مەغلۇبىيەتتىن روھى چۈشكەن قوشۇنىنى باشلاپ چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

* * *

تۇڭا بىلگە قاغان غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن ئەسكەرلەرنى «ئالتۇن قان» دىكى بارگاھتا قىزغىن قارشى ئالدى ۋە جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەن جەڭچىلەرنى پۈتۈن قوشۇن ئالدىدا تەقدىرلىدى. قارا باقشى ئۆگە بىلەن بارس تېگىننىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە جەڭگە قاتناشقان بارلىق جەڭچىلەرنىڭ بىر ئېغىزدىن تەستىقلىشى ئارقىلىق ئارسلان ئالاھىدە ئىنئامغا ئېرىشتى ھەمدە تارخان ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلىپ بىر بۆلەك قوشۇنغا قوماندان بولدى.

شۇ قېتىمقى جەڭدىن كېيىن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن يەنە ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدىن يالتىيىپ، تۇڭا بىلگە قاغان بىلەن سۈلھى تۈزدى.

سۈلھى ئاياغلىشىپ تۇرۇشغا ئاستانىدىن ئەزىز مېھمانلارنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى. بارس تېگىن دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۆز ئانىسى ئاي بىلگە قاتۇن، خوتۇنى كۈمۈش تۇزۇن ۋە قارا باقشى ئۆگەنىنىڭ قىزى بالقىز تەرىم باشچىلىقىدىكى مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى. كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئارسلاننىڭ ئاتىسى پېشقەدەم جەڭچى ئالىپ قايىمدۇمۇ بار ئىدى. ئۇلار «ئالتۇن قان» دىكى غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۆز قوشۇنىنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن قەدەم تەشرىپ قىلغانىدى.

شۇ كۈنلا بارس تېگىن ئانىسى ۋە خوتۇنى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئالىپ قايىمدۇ بىلەن بىرلىكتە ئارسلاننىڭ

ئەلچىسى بولۇپ قارا باقشى ئۆگەنىڭ ئالدىغا كىردى. قارا باقشى ئۆگە دوستانە كەيپىيات ئىچىدە رازىلىق بىلدۈرۈپ، قۇدا ۋە ئەلچىگە بىردىن شايى تون تارتۇق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەن بىرلىكتە تەڭرى تۇغمىش تۇڭا بىلگە قاغان ۋە ئاي بىلگە قاتۇن ھۇزۇرىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى، قاغان بىلەن قاتۇنمۇ بۇنداق قۇدىلىششقا رازى بولدى. بۇ ئىش ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىگە ياقتى. قارا باقشى ئۆگە ئارسلاننىڭ شۇ قەدەر مەرد، جەسۇرلۇقىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزىگە كۈيئوغۇل بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىگە قايىل بولغانىدى. تۇڭا بىلگە قاغان ئەل ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان بۇنداق باتۇرنىڭ ئوردىغا يېقىن بولۇشنى خوپ كۆردى. بارس تېگىن ئارسلان بىلەن بىر قاچىدىن قىمىز ئىچىشىپ ئۆمۈرلۈك ئاداش بولدى. باتۇرلارنىڭ قەدرىنى باتۇرلار بىلىدۇ! ئۇلار توي مۇراسىمىنى مۇشۇ «ئالتۇن قان»دا ئۆتكۈزۈشكە كېلىشتى.

شۇنداق قىلىپ، داغدۇغا ئىچىدە توي بولدى. يىگىتلەر ئارسلانغا تاۋار تون كىيگۈزۈشتى. قىزلار بالقىزغا ئالتۇن ۋە ئۈنچىدىن ياسالغان گۈلتاجنى كىيگۈزۈشتى. مۇراد-مەقسەتلىرىگە يەتكەن يىگىت بىلەن قىز چەكسىز بەخت تۇيغۇسى ئىچىدە چىملىق ئۈستىگە ھازىرلانغان سورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. بارس تېگىن بىلەن كۈمۈش تۇزۇن ئۇلارغا ھەمراھ بولدى. توي سورۇنىدا جەم بولغانلارنىڭ ھەممىسى يىگىت-قىزنى خۇشال-خورام تەبرىكلەشتى:

— باتۇر ئارسلان تارخانغا قۇت بولسۇن!

— گۈزەل بالقىز تەرىمگە قۇت بولسۇن!

جەڭچىلەر ئاياقلارغا[1] مەي تولدۇرۇپ ئىچىشتى ۋە پۈتۈن ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپ جەڭ ناخشىلىرىنى ئېيتىشتى. بىر توپ يىگىت-قىزلار قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، يەرنى تېپىپ، ئۆملۈك ئۇسۇلنى ئويناشتى...

چوڭ-چوڭ چېدىرلارغا بۆلىنىپ ئولتۇرغان ئاقساقاللار قىمىز ئىچىشىپ يىــگىتلەرنى ماختىشاتتى ۋە ئۆزلىرى ياش چاغلىرىدا قاتناشقان شانلىق جەڭلەرنى ئەسلىشەتتى.

---

① ئاياق — ھاراق ئىچىدىغان قاچا، قەدەھ.

www.uyghurkitap.com

ئەخمەت تۇردىيېف

# ئاخىرقى گىرانات

(ئەسلىمە)

1

1945-يىل ياز پەسلى. مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالنى ئازاد قىلىش ئوتتۇرا يۆنىلىش ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىدىن سوۋېدۇۋك بىرىنچى پىيادە پولكى سومپۇتۇزا، سەنتەي، چۆلئىبدىر قاتارلىق جايلاردا تۇرۇپ ئالدىنقى سەپكە يۈرۈش بۇيرۇقىنى كۈتۈۋاتاتتى. مەن تۇرغان بىرىنچى لىيەن دەل چۆلئىبدىردا تۇرغانىدى. ئۇ كۈنلەردە چۆلئىبدىر ھازىرقىدەك جىمجىت ئەمەس، قويىنى ئادەمگە لىق تولغان، جەڭچى-ئوفىتسېرلارنىڭ زەپەر مارشى ساي-جىرالارنى چاك كەلتۈرۈپ تۇراتتى. مەن گەمدە ئون بىر نەپەر سەپدىشىم بىلەن بىرگە ياتقانىدىم. ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشتا قۇربان بولۇپ كەتتى. ئاجايىپ قەيسەر، ئوت يۈرەك يىگىتلەر ئىدى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى توختى دېگەن يىگىتنىڭ شىخودىكى ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى تا ھازىرغىچە پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

شىجائەتتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئون بىر نەپەر سەپدىشىم يىگىرمە بەش كۇۋادرات مېتىرغا توشمايدىغان كىچىككىنە گەمدە تۇراتتۇق. گەمە

شاخ-شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان، تاملىرى سۇۋالمىغانلىقتىن توپا-قۇملار شۇرقىراپ چۈشۈپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن جەڭچىلەر ھەرگىز زارلانمايتتى، ئەكسىچە ئۇنى خۇددى ئۆز ئائىلىسىدەك كۆرۈپ سۈپۈرۈپ تازىلاپ، پاكىز تۇتاتتى، ھېلىمۇ ئېسىمدە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ، ئىشىكتىن كىرگەندە ئوڭ تەرەپتە قورال-ياراغ قويىدىغان، سول تەرىپىدە بولسا تاماق قاچىلىرىنى قويىدىغان جازا بار ئىدى. جەڭچىلەر ئۆز قولى بىلەن ئاددىيلا قىلىپ ياسىۋالغان بۇ جازىلار ئىنتايىن ئەپلىك، پاكىز بولۇپ گەمىگە بۆلەكچىلا ئىسكەت بېغىشلاپ تۇراتتى. جەڭچىلەر ھەر ۋاقىت ئۇرۇشقا تەييار جەڭگىۋار ھالەتتە بولۇپ جىڭ، شىخو قاتارلىق گومىنداڭنىڭ مۇھىم ئىستىھكاملىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا تاقەتسىزلىك بىلەن بۇيرۇق كۈتەتتى. ھەر كۈنى كەچتە، مەشىقتىن بىكار بولغاندا ياتاقتا غۇلغۇلا بولاتتى، ئۇمۇ ئاساسەن تېزرەك ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىش ھەققىدە بولاتتى. تەييارلىقىمىز، مەشغۇلاتىمىز پىشىپ يەتتى، بۇ يەردە قاچانغىچە تۇرىمىز؟ قېرىنداشلىرىمىز گومىنداڭنىڭ تۆمۈر تىرنىقى ئاستىدا ئازاب چېكىپ، بىزنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ. بىز نېمىشقا ھۇجۇم قىلمايمىز؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار بولاتتى. جەڭچىلەرنىڭ بۇنداق قەلب ساداسى، پىداكارلىق روھى كىشىنى ھاياجانغا سالاتتى.

ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى سىرتتىن كىرىپ كەلگەن توختى ئوت ئۇستىگە ماي چاچقاندەك مۇنداق بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى:

— جىڭ ئۇرۇشىدا يارىدار بولغان يىگىرمىدەك پارتىزاننى ماشىنا بىلەن غۇلجىغا ئېلىپ كېتىۋاتقانىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تۆت نەپەر پارتىزاننىڭ يارىسى بەكمۇ ئېغىركەن. ليەنىمىزنىڭ سېستىرالىرى يارىسىنى قايتا تېڭىپ قويدى. جەڭچىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا جەڭ ئىنتايىن قاتتىق بولۇۋېتىپتۇ. بىز يەنە قاچانغىچە بۇ قۇرۇق چۈلئېردىرنى ساقلاپ ياتىمىز. ئىچىم تىت-تىت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن. مەن بۇلارنىڭ ئازراق بولسىمۇ ھېسسىياتىنى بېسىش ئۈچۈن:

— ئاغىنىلەر! مەن سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى چۈشىنىمەن. گەرچە ھەربىي تەييارلىقىمىز پۈتكەن بولسىمۇ، يەنىلا بۇيرۇقنى كۈتۈشىمىز كېرەك...

مەن ئۇ چاغدا پەيجاڭ ئىدىم. شۇڭا قولۇمدىن كېلىشىچە جەڭچىلەرگە چۈشەندۈرۈپ خىزمەت ئىشلىدىم. غۇلغۇلا ئەمدىلا بېسىلىپ جەڭچىلەر ئۇخلاشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، خۇددى جەڭچىلەرنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەندەك لىيەننىڭ يۈرۈش قىلىش سىگنالى چېلىندى.

بۇ — 1945-يىلى 8-ئاينىڭ 6-كۈنى كەچ سائەت ئوندىن ئاشقان ۋاقىت ئىدى. پۈتۈن لىيەن بەش مىنۇتتا جەڭگىۋار ھالەتتە مەيداندا سەپكە تىزىلىپ بولدى. لىيەنجاڭ راشىدىن، مۇئاۋىن لىيەنجاڭ ئارتىقوف (ئۆزبېك) لار جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋار ھالىتىنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپ كۆزدىن كەچۈردى، مۇئاۋىن لىيەنجاڭ ئارتىقوف سەپتە تۇرغان جەڭچى توختىنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ ناھايىتى مەمنۇن بولغان ھالدا "يارايسەن" دەپ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

جەڭچى توختى ئىنقىلابنىڭ دەسلەپىدىلا پىدائىي بولۇپ سۈيدۈڭ، كۈرەنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئۇ ئون توققۇز ياشتا بولۇپ، بوغداي ئۆڭ، ئوتتۇرا بوي، كەڭ غوللۇق، تۇرقىدىن كۈچ-قۇۋۋەت يېغىپ تۇراتتى، قوشۇماقاش، كۆزلىرى بۈركۈتنىڭ كۆزلىرىدەك ئۆتكۈر ئىدى. تېتىك، ھەر ئىشقا چېچەن، زېرەك بولۇپ ھەربىي مەشقلەردە ھەر ۋاقىت ئالدىدا تۇراتتى، بولۇپمۇ گىرانات ئېتىشتا ئۇ لىيەن بويىچە ئەڭ ئالدىدا بولۇپ، بىرنەچچە قېتىم تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاشلارغا ئېرىشكەنىدى. توختىنىڭ شۇ تاپتا «گېرمانكا» ماركىلىق بەشئاتار مىلتىقنى، ئىككى دانە گىرانات، ئوقدانلىرىنى ئېسىش تەرتىپى، سۇدان، تاماق قاچىسى ۋە كىچىك ھەربىي گۈرجەكلەرنى ئېسىش تەرتىپى قائىدىگە مۇۋاپىق، رەتلىك، باشقىلاردىن ئۆزگىچە بولغانلىقى ئارتىقوفنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى. لىيەنجاڭ راشىدىن بارلىق جەڭچىلەر-ئوفىتسېرلارنىڭ ئۇرۇش تەييارلىق ۋە يول يۈرۈش تەييارلىق ئەھۋالىغا قانائەت قىلغاندىن كېيىن مىللىي ئارمىيە

باش شتابى ۋە پولك قوماندانلىقىنىڭ ئۇرۇش فرونتىغا يۈرۈش قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇقىنى ئوقۇپ بەردى...

بۇيرۇق ئوقۇلۇپ بولدى. پۈتۈن جەڭچى-ئوفىتسېرلار ھۇررا! دەپ ئۈچ قېتىم توۋلۇۋەتتى، ھاياجان، شادلىق بىلەن ياڭرىغان بۇ سادا چۆلئېدىرنىڭ كېچىلىك جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، ساي-جىرالاردا شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن جاندارلارنى ئويغىتىۋەتتى. بۇ ھۇررا بىرگە قەدىناس بولۇپ قالغان چۆلئېدىر بىلەن ئاخىرقى خوشلىشىش ساداسى ئىدى.

لېيەنجاڭ راشىدىن كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— كېچىدە يۈرۈش قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى دۈشمەننىڭ رازۋېد ۋە بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر، دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا يېقىنلاشقانسېرى قارشىلىققا ئۇچرايمىز! شۇڭا كوماندىرنىڭ رۇخسىتىسىز ھەرىكەت قىلماسلىقىمىز، ھوشيارلىقنى ساقلاپ، توسالغۇسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ ھۇجۇم نىشانىمىزغا ۋاقتىدا يېتىشىمىز كېرەك. ۋەزىپىمىز ئېغىر ھەم جاپالىق ۋە لېكىن شەرەپلىك. بۇ تارىخي ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەزىپىنى شىنجاڭ خەلقى ۋە قوماندانلىق بىزگە تاپشۇرۇۋاتىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش شىنجاڭنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىدىغان، گومىنداڭنى گۆرگە تىقىدىغان ئۇرۇش، — لېيەنجاڭ راشىدىن ئېغىر-بېسىق ۋە لېكىن جىددىيلىك بىلەن سۆزلەيتتى، — ئۆتۈكۈڭلارنىڭ پېتەكلىرىنى يۇمشاقراق سېلىپ، پايتىماڭلارنى ئوبدانراق ئورىغانسىزلەر! يول يىراق— ... مۇشۇنداق يۈرۈش قىلىش ۋە ئۇرۇش تەجرىبىسى بېشىدىن كۆپ ئۆتكەن يېشى ئەللىكتىن ئاشقان كۆڭلى يۇمشاق لېيەنجاڭ بۇ سۆزلەرنى بۇيرۇق ئاساسىدا ئەمەس، ئاتىلارچە مېھرى بىلەن تەۋسىيە تەلەپپۇزىدا سۆزلەيتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تاقەتسىزلىك بىلەن بىز كۈتكەن كۈنلەر يېتىپ كەلدى ... ”ئالغا مارش!“ دېگەن بۇيرۇق بىلەن پۈتۈن لېيەن شەرققە قاراپ يول ئالدى.

## 2

... 1945-يىلى 9-ئاينىڭ 8-كۈنى يەنى شىخوغا ھۇجۇم قىلغانىنىڭ تۆتىنچى كۈنى سەھەردە قوماندانلىقنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىزنىڭ بىرىنچى لىيەنىمىز سازلىقتىن ئۆتۈپ، شىخونىڭ غەربىي-شىمالىغا يۈز مېتىر كېلىدىغان پوتەينى ناھايىتى زور كۈچ بىلەن ۋە نۇرغۇن قۇربانلارنى بېرىش بەدىلىگە ئىـــشغـــال قىلدۇق. پوتەي ئىككى قەۋەت، يەنە كېلىپ دۆڭ ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى، گومىنداڭچىلارنىڭ ئوت مەركىزى بولغان چوڭ بۇتخانا بىلەن تۇتىشىدىغان ئاكوپى بولغانلىقى ۋە ئالدى تەرەپ تۈزلەڭ سازلىق بولغانلىقى قاتارلىق ئۇڭۇشسىزلىقلار قىسمنى زور چىقىمغا ئۇچراتتى. بىزنىڭ لىيەندە ئاتمىش-يەتمىشچە ئادەم قالغانىدى.

پــوتــەينى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنمۇ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى زادىلا توختىمىدى. ئەمدى بىر قېتىملىق ھۇجۇمنى چېكىندۈرۈپ ئۈھ دەپ تۇرساق، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىمقىسى باشلىناتتى. ئوق-دورىلار ئازلاپ تۈگەي دېدى، ئوق تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى. مەن جىددىيلىك، تاقەتسىزلىكتىن ئۆزۈمنى قويغۇدەك يەر تاپالماي كەتتىم. تۆتىنچى قېتىملىق ھۇجۇمنىمۇ جەڭچى-ئوفىتسېرلارنىڭ پىداكارلىق روھى بىلەن چېكىندۈردۇق. دۈشمەننىڭ نــۇرغــۇن ئــۆلــۈكى يەر چىشلەپ تۈزلەڭدە سايىنىڭ تېشىدەك ياتاتتى، جەڭچى-ئوفىتسېرلار ئۆزىنىڭ غەلىبىسىدىن خۇشال بولسا، توپا-چاڭ، لاي بىلەن تونۇغۇسىز ھالەتكە كەلگەن تۇرقلىرىغا قاراپ كۈلۈشەتتى.

ئــارقــا ســەپكە ئوق ئەكەلگىلى كەتكەن ئوراز ئىسىملىك جەڭچى يــەلــكــىسىدىكى ئوق قاچىلانغان يەشىكنى يەرگە قويدى-دە، كېيىمنى ئالدىراش تۈزۈپ:

— مۇھتەرەم كوماندىر! بۇيرۇقىڭىز بويىچە پىلموت، مىلتىق ئوقىدىن بىر يەشىك ئېلىپ كەلدىم، — دەپ دوكلات قىلدى. ئورازنىڭ پۈتۈن كىيىمى لاي بولۇپ، خۇددى لاي كۆلچىكىدىن سۈزۈپ ئالغاندەك ئىدى.

ئورازنىڭ جەسۇرلۇق روھى ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچلۈك قامىتىگە قاراپ ئىچىمدە ئاپىرىن ئوقۇدۇم، ئەمەلىيەتتىمۇ دۈشمەننىڭ ئوق مەركىزى بولغان تۆپتۈز ۋە كەڭ سازلىقتىن ئۆتۈپ، ئىككى يۈز مېتىر يىراقلىقتىكى ئارقا سەپتىن قىرىق كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى بىر يەشىك ئوقنى ئېلىپ كېلىشنى پەقەت مۇشۇنداق باتۇرلارلا قىلالايتتى. لېكىن ھەربىي ئىنتىزام بويىچە ئۇنىڭ كېچىكىش سەۋەبىنى سۈرۈشتۈردۈم.

— مۆھتەرەم كوماندىر! كېتىپ بېرىشىمدا ئارقا سەپتىكى بىر ئوفىتسېر "سەن قاچقۇن" دەپ ماڭغىلى قويمىدى، — دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ.

— ئۇ كىمكەن، — دېدىم ئاچچىقىم بىلەن.

— مەن ئۇ ئوفىتسېرنى تونۇمايدىكەنمەن، ئۇنۋانى كاپىتان ئىكەن، مەن ئۇنىڭغا كوماندىر تۇردىيېفنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئوق ئەكەلگىلى كېتىپ بارىمەن دەپ ئېيتسام، ئۇ يالغان ئېيتىسەن، سىلەرنىڭ كوماندىرىڭلارنىڭ ئىسمى راشىدىن بىلەن ئارتىقوف دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى. مەن ئۇنىڭغا، دېگىنىڭىز توغرا، راشىدىن بىلەن ئارتىقوف ياردار بولغاچقا، ھازىر لىيەنگە تۇردىيېف قــوماندانلىق قىلىۋاتىدۇ، دېسەممۇ ئۇنىمايدۇ. دەل شۇ چاغدا ئۈچىنچى لىيەننىڭ كوماندىرى ئەيسايوف كېلىپ قېلىپ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئاران قويۇپ بەردى...

دۈشــمەننىڭ بەشىنچى قېتىملىق ھۇجۇمى باشلاندى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ئالدىنقى قېتىمقىلارغا ئوخشىمايتتى. ئادەم سانىمۇ كۆپ، ھۇجۇم قىلىشى تەرتىپلىك، بىر قىسمى ئالغا ئىلگىرىلەپ مۇداپىئەدە تۇرۇپ ئوت ئاچقاندىن كېيىن، كېيىنكىلىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ مۇداپىئەگە ئۆتەتتى. شۇ تەرىقىدە قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتاتتى. بىزنىڭ كۆڭلىمىز توق، غەلىبىدىن ئىشەنچىمىز زور. چۈنكى ئوق-دورىلار تولۇق ئىدى، شۇڭا ئوت كۈچىنى ئۇلغايتتۇق. لېكىن «گېرمانكا» ماركىلىق بەشئاتار مىلتىق ئون-ئون بەش پاي ئاتقاندىن كېيىن قىزىپ كېتىپ زاتور قايرىلماي قويىدى. بۇنىڭغا جەڭچىلەر ئامال قىلالماي زاتورنى ئۆزلىرىنىڭ سۈيدۈكى بىلەن ھۆللىدى،

بۇنىڭ بىلەنمۇ ئىش ھەل بولمىدى. دۈشمەن غالجىرلارچە ئەسەبىيلىك بىلەن ئاغىل-تاغىل ۋارقىرىشىپ يېقىنلاپ كەلدى.

بىزنىڭ ئىگىلەپ تۇرغان ئورنىمىز ھالقىلىق ستراتېگىيىلىك ئورۇن بولۇپ، ناۋادا بۇنى دۈشمەن ئىگىلەپ ئالسا پۈتۈن فرونتقا تەسىر يېتەتتى، بۇنىڭ بەدىلىگە شىخوغا غەربىي-شىمالدىن ھۇجۇم قىلغان قىسىملار زور قۇربانلارنى بېرەتتى. دۈشمەن يېقىن باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. مەن ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ:

— نەيزىنى مىلتىق ئۇچىغا بېكىتىڭلار، قوچاقلاشما جەڭگە تەييارلىنىڭلار! — دەپ لىيەنگە بۇيرۇق بەردىم. بۇنىڭدىن باشقا چارىمىز يوق ئىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا جەڭچى توختى ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا كەلدى-دە، ھەربىيچە ھۆرمەتتە تۇرۇپ:

— مۆھتەرەم كوماندىر! ماڭا تۆت دانە گىرانات بەرسىڭىز، دۈشمەننىڭ ئەدىپىنى بەرسەم، رۇخسەت قىلىڭ! — دېدى.

توختىنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى خۇددى رەقىبىگە ئېتىلىشقا تەييارلانغان يولۋاستەك ئىدى. جەڭچى توختىنىڭ چىپەيزە ئۇرۇشى ۋە شىخوغا قىلىنغان دەسلەپكى ھۇجۇملاردا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى ئاز ئەمەس ئىدى. ئەمما بۇ قېتىمقىسى ئىنتايىن خەتەرلىك، بىراق قوچاقلاشما جەڭگە ئۆتۈشتىن ئىلگىرى دۈشمەن سېپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئەلۋەتتە بىزگە پايدىلىق ئىدى. مەن دەققە ئويلىنىپ قالدىم.

— كوماندىر، مۇشۇ پۇتەيىنى ئېلىشقا ئورازنى ئېلىپ ئۆزىڭىز باردىڭىز! ئەمدى نۆۋەت مېنىڭكى! مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ! بۇيرۇق بېرىڭ!

شۇ ئارىلىقتا بەنجاك ھۈسەيىن، جەڭچى ئوسمان قاتارلىقلار ئارقا-ئارقىدىن ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. مەن يەنىلا توختىنى تاللىۋالدىم.

— قايسىڭلاردا گىرانات قالدى؟ — دېدىم، ئەتراپتىكى سەپداشلىرىمغا قاراپ، مەلۇم بولدىكى، لېن بويىچە پەقەت تۆتلا گىرانات قاپتۇ. توختى تېزدىن تۆت دانە گىراناتنى خالتىسىغا سالدى-دە، "مەن تەييار



www.uyghurkitap.com

كوماندىر“ دەپ قولنى چىكىسىگە ئالدى. توختى خۇددى ياخشى كۆرگەن قىزى بىلەن ئۇچرىشىدىغاندەك خۇشخۇي ئىدى. توختىنىڭ بۇ نۇرلۇق چىرايىدىن غەلىبىنىڭ مۇقەددىمىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. نىمە ئۈچۈندۇر تېنىم شۈركىنىپ توختىدىن كۆزۈمنى ئالالماي قالدىم.

ئوراز پىلموتنى سايرىتىپ دۈشمەننىڭ ئوت كۈچىنى توستى. توختى بەئەينى يىلپىزدەك بىر دەمدىلا يەر بېغىرلاپ يىگىرمە-ئوتتۇز مېتىر ئىلگىرىلىدى-دە، بىر گراناتنى دۈشمەن ئۈستىگە ئاتتى. گرانات دۈشمەننىڭ ئالدىنقى سېپىدە ۋاڭ قىلىپ يېرىلىپ، بىرنەچچە دۈشمەننى يۇقىرىغا ئىرغىتىپ تاشلاپ قاپقارا تۈتەككە ئايلاندۇردى، بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن جەڭچىلەر ”ھۇررا! ياشا توختى!“ دەپ تۇۋلىشىپ كەتتى، ئىس-تۈتەكتىن پايدىلانغان توختى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئالغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ كېتىۋېتىپ يەنە بىر گراناتنى تاشلىدى. دۈشمەننىڭ سېپى بۇزۇلدى. دۈشمەن ئەللىك مېتىردەك چېكىندى. توختى ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئۈچىنچى گراناتنى تاشلىدى. توختىنىڭ ئاتقان گراناتى بۈركۈتتەك شۇڭغۇپ دەل يېرىگە چۈشۈپ سەپنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. شۇ پەيتتە ئۈچىنچى لېيەندىن ئاتقان بىر پاي مىناميوت ئوقى ھاۋانى يېرىپ ئۆتۈپ دۈشمەننىڭ توپلاشقان يېرىگە چۈشۈپ ئون نەچچە چېرىكنى ھاۋادا لەيلەتتى. ئارقا-ئارقىدىن يەنە ئىككى پاي دەل چۈشتى-دە، دۈشمەن پاتىپاراقلاشتى، مەن ”ئاتاكا!“غا ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەردىم. مېنىڭ كۆزۈم دۈشمەننىڭ ئالدىنقى سېپىدە يۈرگەن توختىدا ئىدى. ئۇ قولىغا ئاخىرقى بىر دانە گراناتنى ئېلىپ قولىنى كۆتۈرۈشكە گرانات تۇتقان قولىغا ئوق تېگىپ، گرانات يەرگە چۈشتى. ئۇ سول قولى بىلەن گراناتنى ئالدى-دە، ئالغا يۈگۈردى، لېكىن ئۇ ئون قەدەم ماڭماي دۈملاپ چۈشتى. ”ھەي ئىست“ دېدىم مەن ئىچىمدە، ئۇنىڭغا ئوق تەگكەنلىكىگە ئىشەندىم، شۇ ئارىدا ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ جان-جەھلى بىلەن ”ھۇررا!“ دېگىنىچە دۈشمەن سېپىگە بېسىپ كىردى. دۈشمەن چېرىكلىرى نىمە قىلارىنى بىلمەي قالايمىقان ۋارقىرىشىپ كەتتى. توختى گراناتنىڭ يىپىنى چىشى بىلەن ئۈزۈۋاتاتتى. دەھشەتلىك پارتلاش بىلەن ئىس-تۈتەك يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ بوشلۇققا سىڭىپ كەتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھەببۇللا ئىلياس

# يوشۇرۇن ھەرىكەت

كۆز كۈنلىرى. بوۋاي ئات ئېغىلىدىن چىققان قىغلارنى بىر يەرگە يىغىۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇتلا يېقىن ئەتراپتىن پاك-پۈك قىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— نامازدىگەر بولاي دېدى، بۇ ئەنسىزچىلىك جاھاندا قادىر نەگە كەتكەن بولغىيدى؟ — موماي ئۆگزىدىكى خالتىغا قاچىلاپ قويغان گۈللەرنى ئېلىپ چۈشۈشكە كۆزى يەتمەي تىنماي غوتۇلدايتتى.

— ئوھو... ئوھو ... — بوۋاي يۆتىلىپ كەتتى، ئۆسكىلەڭ بوي-بەستى خېلىلا پۈكۈلگەن بۇ ئادەم قولىدىكى ئارىنى قىنىقا ھەربىر قېتىم سانجىغاندا ئۆپكىسى پۇۋلەپ ھاسىرىغىنىچە بىردەم توختىتىۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. يۆتىلى توختاپ دېمىنى ئېلىۋالغان بوۋاي مومايغا قاراپ:

— غايىبتىن كەلگەن ئوقتا ئۇچراپ كەتمىسىلا قورسىقى ئاچقاندا كېلەر، ئۆگزىدىن چۈشۈپ قورساقتا بىرنېمە قىلسىڭىز، — دېدى. موماي خالتىنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ قويۇپ شوتىدىن ئاستا چۈشتى.

— ئاۋۋال تەرەتكە سۇ بەر، دىگەر قازا بولمىسۇن يەنە.

— مانا ھازىرلا تەييار قىلاي، — مومايىنىڭ قەدەملىرى خېلى تېتىك ئىدى. ئۇ ئۇستىۋاشلىرىنى ئاندا-مۇندا قېقىشتۇرۇپ، ياغاچ مۇجۇقلۇق كونىراپ كەتكەن ئىشكىنى غىچىرلىتىپ ئاچقىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى، بوۋاي قىغلارنى يىغىپ بولۇپ قولىغا يامداقنى ئالدى-دە، سۇپۇرۇشكە

باشلىدى، شۇ ئەسنادا ھويلىنىڭ شاخچا ئىشكى ئېچىلىپ دولىسىغا بىر كۆتۈرۈم چۆپنى ئارتىۋالغان ھالدا چوڭ ئوغلى قادىر پەيدا بولدى. ئۇ چۆپنى دەرھال ھويلىنىڭ بىر چېتىگە قويۇپ چەبدەسلىك بىلەن بىرىپ بوۋاينىڭ قـولـىدىن يامداقنى ئالدى، بوۋاي بەللىرىنى تۈزەشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن سورىدى:

— تاي قېنى؟

— بار، — قادىر ئارتۇق گەپ قىلماي يەرنى سۈپۈرمەكتە ئىدى.

— قېنى سەن هاي! تەرەتكە سۇ بەرمەمسەن!

— مانا، — موماي تۈتقۇچى سۇنغان ئىۋرىقنى بىر قولى بىلەن بوينىدىن، بىر قولى بىلەن ئاستىدىن كۆتۈرگىنىچە ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتى، بوۋاي ئىنجىقلىغان پېتى بىرىپ موماينىڭ قولىدىن ئىۋرىقنى ئالدى ۋە قادىرغا:

— قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ، تاينى بالدۇرراق قايتۇرۇپ كىرا! بۇ ئەنسىز جاهاندا ئۆز جېنىڭنىڭ غېمىنى قىلمىساڭ خەق پېيىڭنى قىرقىيدۇ، — بوۋاي يەنە بىرنېمىلەر دېمەكچى ئىدى، ناماز قازا بولمىسۇن دېدى بولغاي، ئىۋرىقنى كۆتۈرۈپ تەرەت ئېلىش ئۈچۈن ئۆينىڭ ئارقىسىغا ماڭدى.

ئىشك ئالدىنى ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدىن پاكىز تازىلىۋەتكەن قادىر ئۆيگە كىردى. ئۆينىڭ تۆرە تەرىپىگە كىچىككىنە بىر دېرىزە قويۇلغان. بۇ كىمىر ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن خىرە يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. موماي بۇلۇڭدا ناماز ئوقۇۋاتاتتى. قادىر تىنۇش چىقارماي كاڭنىڭ لېۋىگە ئولتۇردى-دە، ئۆينىڭ تۆرىدە ياتقان ئۇكىسى قاۋۇل تەرەپكە سۇرۇلدى.

— قاۋۇل، ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— ياخشى بولۇپ قالدىم.

— قىزىتماڭ ياندىمۇ؟ — قادىر قولىنى قاۋۇلنىڭ ماڭلىيىغا قويدى.

— ياندى، دورا ئىچىپ خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم.

قـاۋۇل ئـىـككى كۈندىن بېرى بىتاپ بولۇپ قالغانلىقتىن، تاينى

چۆپلۈككە ئېلىپ چىقىپ ئۇتلىتىش، ئېغىلدىكى قويلارغا چۆپ ئېلىپ كېلىش قاتارلىق ئىشلار تەبىئىي ھالدا قادىرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنىدى. قاۋۇلنىڭ ياخشى بولۇپ قالغانلىقىدىن قادىرنىڭ كۆڭلى سەل ئەمىن تاپقان بولسىمۇ، ئۇ ھېلى بولىدىغان جاڭجالدىن دەككە-دۈككە ئىچىدە ئۆزىنى نەگە قويارىنى بىلمەي تۇراتتى.

قادىرنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قويدى، ئۆيگە كىرىپ كەلگەن بوۋاي ئاغزىدا شۈرلاپ توختىماي بىرنېمىلەرنى ئوقۇيتتى، ئۇ ئىشىرىقنى قويۇپ قادىرنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— ھوي، تايىنى ئالغىلى بارماي ھەيكەلدەك ئولتۇرسەنغۇ!

— دادا، مەن تايىنى ... — قادىر گويا بوغۇزىغا بىرنېمە كەپلىشىپ قالغاندەك گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى، بوۋاي كۆڭلىدە بىرنېمىنى سەزگەندەك ۋارقىرىدى:

— گەپ قىل! نېمە ئۇدۇق-بۇدۇق قىلىسەن؟ — بوۋاي يۆتەل تۇتۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسا كېرەك، لېۋىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. قادىر باياتىنقى دېلىغۇللۇقتىن كېيىن ئۆزىنى بىرئاز بېسىۋالغانىدى، ئۇ ئەمدى راستىنى ئېيتىش نىيىتىگە كەلدى.

— مەن تايىنى تېگىشىۋەتتىم...

— نېمىگە تېگىشىۋەتتىڭ؟ — بوۋاينىڭ بەدەنلىرى بىردىنلا تىكەنلەشتى.

— قىرىق بەش پاي ئوق بىلەن بىر ئاپتوماتقا تېگىشىۋەتتىم.

— نېمە!؟ — بوۋاينىڭ ئەمدى راستىنلا ئاچچىقى كەلدى، — كىم سېنى ئۆز بېشىمچىلىق قىل دېدى، ئۇ كۆسىيگىنى نەدىن ئەكەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە ئاپار، ماڭ تايىنى تاپ! بولمىسا مېڭەڭنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىمەن، ئەتىيازدا ئېشەككە ياندىشتۇرۇپ قوشقا سالىدىغان ... — دېمى كېسىلگەن بوۋاينى قاتتىق يۆتەل تۇتۇپ كەتتى.

— ئۇھ! — بوۋاي چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى، — مېنى يۆلە!

قادىر ئالدىرىغىنىچە كېلىپ بوسۇغا تۈۋىدە ئولتۇرۇپلا قالغان بوۋاينى ئاستا يۆلەپ كېلىپ كاڭنىڭ قىرغىقىغا ئولتۇرغۇزدى.

— زاۋال ۋاقتىدا نېمە جودا؟! — نامىزنى ئۆتەپ بولغان موماي جاينامازنى يىغىشتۇردى.

— چىراغپاي قېنى، چىراغنى يېقىڭلار، چىراغ! — بوۋاينىڭ ئاۋازى تولىمۇ بوش ئىدى.

ئۆز ئۆمرىنى ئېرىگە ئىتائەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن موماي قاراڭغۇدا تەمتىرىمەيلا قازناقتىن چىراغپاينى ئېلىپ چىقىپ كاڭنىڭ لېۋىگە قويدى. قادىر ئوچاقتىكى ئۆچۈپ قالاي دېگەن يۇلغۇن كۆتىكىنىڭ چوغىغا بىر تال تەمەچىنى سېلىپ پۈۋلەپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن چىراغقا ئوت ياقتى. قارا چىراغنىڭ پىلىكىدىن چىقىۋاتقان سارغۇچ ئوت تۈز ئىسىرىق بويىچە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلەتتى. قادىرنىڭ كۆڭلى ئەمدى جايىغا چۈشۈپ ئۆزىنى خېلىلا توختىتىپ ئالغانىدى. پۈتلىرىنى يىغىپ ئوڭدىسىغا ياتقان قاۋۇل ئاپتوماتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىچىدە دەرھال كۆرۈپ باققۇسى كەلگەن بولسىمۇ كىچىككىدىن ئۆزى باققان، مىنگۈدەك بولۇپ قالغان قولۇن تايىنى ئويلاپ ئىچى تارتىشتى بولغاي، بىردىنلا ئۇلۇغ-كىچىك تىندى. قىسىلىپ چىققان تىنىق بىلەن چىراغنىڭ سارغۇچ ئوتى تەۋرىنىپ كەتتى.

— مېنىڭ ھالىم مۇشۇ! — دېدى بوۋاي زەردە بىلەن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — ئەتىيازدا بۇغىنى بويىنىغا سېلىپ ساپاننى ئۆزۈڭ تارت! — بوۋاي بىر يۆتىلىۋېلىپ تۇكرۇكىنى يۇتتى، — ئۇ كۆسەيىنى نېمە قىلاتتىڭ، بۇلتۇر ياشلار كۆتۈرۈلۈپ شۇنچە كۆپ ئادەم ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىدى، ئەمدى ئۆپكىسى كېتىپ كانىيى قالغاندا بۇ بىر تال نەرسە بىلەن ئىش تاڭاتامدۇ؟! بۇلتۇر بايتالدىن ئايرىلساق، بۇ يىل تايىنى... ھەي. بوۋاينىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان موماي جىددىيچىلىكنى پەسەيتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك كىگىزنىڭ ئۈستىگىلا داستىخان سالدى.

— قېنى قولۇڭلارنى يۇيۇپ تامىقىڭلارنى يەڭلار، — موماي

www.uyghurkitap.com

ھەمميەلەنني داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ خېلى بۇرۇنلا دۇملەپ قويغان تۇۋاقنى ئاچتى. كۆك پۇرچاق ئارىلاش قورۇلغان كاۋىنىڭ ئۇستىدىكى ئاق قوناق ئۇنىدىن سېلىنغان ياپمانان ئاق چىچەكتەك كۆپۇشۇپ تازا ئوخشىغانىدى. موماي غىدىرلەرگە قورۇلغان كاۋىنى كەلتۇرۇپ ئۇستى، ياپما ناننى ياغاچ تاۋاقتا ئېلىپ داستىخانغا ئەكەلدى، ئەمما ھازىر ئادەتتىكى كۆنلەرنىڭ ئەكسىچە ھېچكىم داستىخانغا يېقىن كەلمەيتتى. موماي بىر ھازا يالۋۇرغاندىن كېيىنلا بوۋاي بىرىنچى بولۇپ غىدىرنى قولغا ئېلىپ ئىرغاي ياغىچىدىن ياسالغان چوكىنى ئىشقا سېلىشقا باشلىدى.

ئۆتكەن يىلى ئىسسىق بولغاندىمۇ ئۇنداق-مۇنداق ئىسسىق بولمىدى، قاغجىرىغان يەرلەر چاك-چاك يېرىلىپ كەتتى. غولنىڭ ياقىسىغا جايلاشقان بۇ مەھەللە ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، غولدا بىر تاشلىق تاغ سۈيى قىش-ياز ئۈزۈلمەي ئاقاتتى. ئەمما غول خېلىلا پەستە بولغىنى ئۈچۈن تۆت-بەش ئۆيلۈكلا ئادىمى بار بۇ ”ئارا مەھەللە“نىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرالمايتتى. ئىسسىقنىڭ دەستىدىن ئۇچار قۇشلارمۇ ئاللىقاياقلارغا يوقالغان، چۈن جىنىدىمۇ ئىسسىقتىن قورقۇپ ئېغىلنىڭ تاملىرىغا چاپلىشىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالغانىدى.

— ياپىرىم، مۇنداقمۇ ئىسسىق بولامدىغان.

قادىر يوغان ئۇجمە دەرىخى سايە تاشلاپ تۇرغان ھويلىدىكى سۇپىدا پۇتىنىڭ بولجۇك گۆشىدىكى يارىنى سىيلاپ ئولتۇراتتى. كونا قىزىغانچە يارىسى لوقۇلداپ ئاغرىپ ئارام بەرمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ۋاقىتتا ياردار بولۇپ قالغانلىقىدىن بەكمۇ خاپا ئىدى، ”ھەي، بۈگۈن-ئەتىنىڭ ئىچىدىلا كۆتۈرۈلۈش بولسا...“ بۇ ئىككى كۈندىن بېرى ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ ئىلىنمىدى. ئەسلى ياشلار مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە قوزغىلىپ گومىنداڭنىڭ شار-شار بۇلاقتىكى ئادەملىرىنى يىغىشتۇرۇپ قوراللارنى كۆپەيتكەندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ شەرقىدىكى يالغۇز تۇرنى ئالماقچى، ئەڭ ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى ساقچى ئىدارىسىغا تەگمەكچى بولغانىدى. قادىر

بۇنى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ئىشلەۋاتقان ھاماچىسىنىڭ ئىرى پولات ئەپەندىدىن ئاڭلاپ، قاتتىق شىدىغانلىقى ھەم سىر ساقلايدىغانلىقى توغرىسىدا قايتا-قايتا ۋەدىمۇ بەرگەنىدى، "ھەي، مانا بۇگۈن سەيشەنبە..." ئۇ ئويلىغانسىرى تىت-تىت بولاتتى. تەقدىرنىڭ قانداق خۇشاللىقلار ۋە قانداق قىسمەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ ئويلاپ يېتەلمەيتتى. پولات ئەپەندىنىڭ ئۇنىڭغا "گومىنداڭچىلارنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالدى. ئىچكىرىدە بىرمۇنچە چوڭ شەھەرلەر ئازاد بولۇپتۇ، شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەتتىكىلەرنىڭ قاتتىق زەربىسىدىن گومىنداڭچىلارنىڭ پاچىقىغا پىت چۈشتى. ئەل-يۇرتنىڭ سائادىتى ئۈچۈن ئەمدى يەنە قاراپ ياتساق بولمايدۇ. سەۋر-تاقەتنىڭمۇ چېكى بولىدۇ. ھەرقايسى مەھەللىلەرنىڭ يىگىت بېشىلىرى بىلەن بىر قارارغا كېلىشتۇق، ھەممىمىز ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە ئويمان بۆكتە باش قوشۇپ ئىشنى شۇ يەردىن باشلىماقچى بولدۇق..." دېگەنلىرى ھېلىدىن-ھېلىغىچە قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى. پېشىن ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. قاراڭغۇ ئۆيدە بىر ئۇخلاپ ئويقۇسىغا قانغان بوۋاي پېشىننى ئۆتەش مەقسىتىدە ھويلىغا چىقىپ سۇپىدا ياتقان قادىرغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدىيۇ، گەپ قىلمىدى. دەل شۇ ئەسنادا كۆز-قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن قاۋۇل ھويلىغا كىرىپ كەلدى.

— ھوي، ساڭا نېمە بالا بولدى؟ — بوۋاي ئۇنىڭ تەڭ دېمەتلىكلىرى بىلەن جاڭجاللىشىپ قالغانمىكىن، دەپ ئويلىغانىدى. قاۋۇل دادىسىغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا يىغلاپ تاشلىدى.

— بۈرنۈگۈنى تارتقۇچە گەپ قىلساڭچۇ، — دېدى قادىر تاقەتسىزلىنىپ.

— مەن بازاردىن ساڭا دورىنى ئېلىپ، بايتالنى مىنىپ كېلىۋاتسام چوڭ كۆۋرۈكتە ئىككى ساقچى بىلەن دورغا تۇرۇپتىكەن، كۆۋرۈككە كېلىشىم بىلەنلا مېنى ئاتتىن چۈشۈرگۈزۈپ بايتالنى تارتىۋالدى. چۇلۇۋۇرىغا ئېسىلىپ تۇرۇۋالسام دورغا "ئۇلۇشكۇن كېچىدە ساقچىنىڭ ئاتلىرىنى ئوغرىلاپ

كېتىپتۇ. بايتالنى ساقچىلارغا بېرىپ تۇر، بىر ھەپتىدىن كېيىن قولۇڭغا ساق تېگىدۇ“ دېدى، مەن پەقەتلا ئۇنىمىدىم، دورغا كېلىپ تارتقانىدى، قولنى چىشلىۋالدىم، شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار ئۇرۇپ كەتتى...

— ھۇ، خۇنپەرلەر! — قادىر ئاغرىق ئازابىنىمۇ ئۇنتۇپ ئىختىيارسىز ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، قاۋۇل تېزلىكتە كېلىپ ئاكىسنى يۆلەپ سۇپىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە پوتىسىدىكى تالقانلىق دورىنى قادىرغا بەردى.

— ئىلاھىم ئاتتىن يىقىلىپ بېشىڭنى يېگەيسەن! ... ھۇ مۇناپىقلار ... — بوۋاي بىرنىمىلەرنى دەپ بۇلاڭچىلارنى تىللىماقتا ئىدى...

ئــــەكــى كۈندىن كېيىن مەلۇم بولدىكى گومىنداڭنىڭ شار-شار بۇلاقتىكى ئادەملىرىنى يوقاتقان ياشلار يالغۇز تۇردا قاتتىق غەيرەت-جاسارەت كــۆرســـەتـــــىــپ، بــىرمۇنچە گومىنداڭچىلارنى يەر چىشلەتكەن بولسىمۇ، تەشكىللىنىش جەھەتتە چېچىلاڭغۇلۇق، قورال جەھەتتىكى سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان پەرقلەر تۈپەيلىدىن ياردەمگە كەلگەن گومىنداڭچىلار بىلەن ئــېلىشا-ئېلىشا ئاخىر تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەنىدى. تىرىك تۇتۇلغانلىرى كارىزلاردا بوغۇزلاندى. پولات، يۈسۈپ قاتارلىق يولباشچىلارنىڭ كاللىسى شەھەر سېپىلىغا ئېسىپ قويۇلدى، قېچىپ كەتكەن ئازغىنە ياشلارنى پايلاش ئۈچۈن يۇرت ئىچىگە كېچە-كۈندۈز پايلاقچىلار قويۇلدى...

بۇلتۇر بايتالدىن ئايرىلىپ، بۇ يىل تايدىنمۇ قۇرۇق قالغان بۇ بوۋاي غەمگە پېتىپ تالا-تۈزگە چىقماس بولۇۋالدى. ئۆيىنىڭ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرى پۈتۈنلەي قاۋۇلنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. ئۇ ئۇن يەتتە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغىنىغا قارىماي ئۆي ئىشلىرىنى بوۋاي قانائەتلەنگۈدەك قىلىپ ئــىشـلــەيتتى. قادىرمۇ ئۇكىسىدىن خۇش ئىدى. ئەمما قاۋۇل يېقىنقى كــۈنــلــەردىــن بــۇيان كۈنبويى قايغۇلۇق ئاچماس بولۇۋالدى، ئارتۇق گــەپ-ســۆزمــۇ قــىلمايتتى. ئاكىسىنىڭ تايىنى يوقىتىۋەتكەنلىكىگە نارازى بولسىمۇ، بىراق ئىچىدىكىنى سىرتقا چىقارمىدى. بىر كۈنى ئۇ ئاغىنىلىرى بــىلەن بۇلاق بېشىدا بىر ھازاغىچە چاقپىلەك ئويناپ ھارغاندىن كېيىن

پۇتىسىدىكى ئىككى پارچە قاتتىق زاغرا ناننى يۇمشىتىش ئۈچۈن بۇلاق سۈيىگە چىلىدى-دە، نەچچە كۈندىن بۇيان ئىچىدە پىشۇرۇۋالغان گېپىنى جان دوست ئاغىنىسى مۇسا بىلەن ھېلىمغا ئېيتتى. قاۋۇلنىڭ گېپى بۇ ئىككىيلەنگە ياغدەك ياقتى. ئۇلار چەبدەسلىك بىلەن ئەتراپنى بىر كۆزىتىۋالغاندىن كېيىن ئۆز ئىشلىرى توغرىسىدا بىر ھازا كۇسۇرلىشىپ مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋالدى. ئىككى پارچە قوناق نېنى ئۆپكىدەك يۇمشاپ كەتكەندى. ئۈچ دوست ناننى ھۇزۇر قىلىپ يەپ بۇلاق سۈيىدىن قانغۇچە ئۇچۇملاپ ئىچىپ تولىمۇ راھەتلەندى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتتى. قاۋۇل ھەدەپ ئوچاقنىڭ ئوتىنى يېقىۋاتاتتى. جەنۇب تەرەپتىن سەلكىن شامال چىقىشقا باشلىدى. قۇشقاچلار تىنىماي ۋىچىرلىشاتتى. قاۋۇل بىردىنلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى-دە، دىققەت قىلىپ تىڭشاشقا باشلىدى. ”راست، كوڭكا!“ ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ كەتتى ۋە شاخچا ئىشىكتىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى.

— ھاي، نەگە! — ئۆيدىن چىققان ئانا ئۈركىگەن كېيىكتەك چېپىپ كېتىۋاتقان قاۋۇلغا توۋلىدى.

— ھېلى كېلىمەن!

ئۇنىڭ نېمە دېگىنىنى ئاڭقىرالماي قالغان موماي بىرنېمىلەرنى دېگىنىچە ئۆزىنىڭ ئوچاق بېشىدىكى ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋەردى. ئالدىن كېلىشىۋالغان بويىچە بۇ يەرگە مۇسا ۋە ھېلىم ئۈچ تەرەپتىن چېپىپ كەلدى.

— كوڭكا كەلدى! — قاۋۇل بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن بولسا كېرەك، ئاغزىغا باشقا گەپ كەلمەي قالدى. ئىككى ئاغىنىسىمۇ تىنىماي ھاسىرىغىنىچە بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ماشىنا ئاۋازىغا قۇلاق سالاتتى. شامال سەل-پەل كۈچەيدى. ماشىنا يولى غولنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۈچ يۈز قەدەملىك كېلىدىغان دۆڭگە تۇتىشاتتى. ماشىنىلار يولدىن ئۆتكەندە يەر-جاھاننى توپا-چاڭ قاپلاپ ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۈچەيلەن مەسلىھەت بويىچە يول ياقىسىدىكى قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇندى.

— پىچاق بارمۇ؟ — دېدى قاۋۇل بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ.
— بار، — مۇسا مىس ساپلىق پىچىقنى غىلاپ بىلەن قاۋۇلغا بەردى.
— مەن ماشىنىغا ئېسىلىپ چىقىمەن، — دېدى قاۋۇل، — سىلەر ماشىنىغا ئېسىلىپ مېڭىڭلار! تەڭ دېمەتلىك ئىككى ئاغىنىسى خۇددى كوماندىردىن ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان جەڭچىلەردەك ماقۇللۇق بىلدۈرۈشتى. ئەمدى ئۇلار ماشىنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. تويا يولدا ماشىنىلار تولىمۇ ئاستا ماڭاتتى. بارا-بارا تۈن قاراڭغۇلۇقى يېيىلدى.
— ئەنە كەلدى! — خېلىلا يىراقتىن كېلىۋاتقان ئىككى ماشىنا بۇ خىلۋەت مەھەللىنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ ئوي-دۆڭ يوللاردا ئۇيان-بۇيانغا چايقىلىپ ئاستا كەلمەكتە ئىدى.
— ھەي، ئىككى ماشىنا! كەينىدە يەنە بىرسى بار ئىكەن.
— ئالدىدىكىسى مېڭىۋەرسۇن، كەينىدىكىسىگە چىقايلى، — دېدى قاۋۇل. ئۈچەيلەن تىنىق چىقارماي ئەزمىلىك بىلەن كېلىۋاتقان ماشىنىلاردىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن ماشىنىلار غولغا چۈشتى. تۆت-بەش يۈز مېتىر كەڭلىكتىكى بۇ غولدا تاغدىن تاشقىن سۈيى كەلگەندە سۇ لۆمشۈپ ئاقاتتى. ئادەتتىكى چاغلاردا غولنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېيىلىپ ئېقىۋاتقان بىر تاشلىق سۈزۈك سۇ ئۆتكۈنچىلەرنى توختاتماي قويمايتتى. ئىككى ماشىنىمۇ بۇنىڭدىن خالىي بولالمىدى. ئالدىنقى ماشىنا كېلىپ توختىدى، شوپۇر ماشىنىغا سۇ قۇيدى. كابىنكىدىن چۈشكەن ئىككى ئەسكەر يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇشتى. ئۇنىڭغىچە ئارقىدىكى ماشىنىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلارمۇ بۇ يەردە بىردەم تۇرۇشقاندىن كېيىن ماشىنىلىرىغا چىقىشتى. بالىلارنىڭ يۈرىكى يەنە جىددىي سوقۇشقا باشلىدى. ماشىنىلار غولدىن ئۆتۈپ دۆڭگە ياماشتى. چاڭ-توزاننىڭ دەستىدىن كەينىدىكى ماشىنا بىرقانچە مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ ماڭماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
— پاھ! رەسمىي ئورۇشنىڭ ئۆزىغۇ!

قاۋۇل مۇساغا جىم بولۇشنى ئىما قىلدى. ئارقىدىكى ماشىنىنىڭ چىراغ نۇرى ئالدىدىكى ماشىنا قالدۇرغان چاڭ-توزانلارنى يورۇتۇپ ھاۋادا بىر ئاق تۇماننى ھاسىل قىلغانىدى. مانا ئىككىنچى ماشىنا دۆڭگە ياماشتى. قاۋۇل ئىرغىپ تۇردى-دە، سەكرەپ بېرىپ ماشىنىغا ئېسىلدى. مۇسا بىلەن ھېلىممۇ تەڭلا ھەرىكەتكە كەلدى. ھايت-ھۇيت دېگۈچىلا يوغان چىگە ئارغامچا بىلەن تېڭىشتۈرۈلگەن بىرنېچچە تىلىپ تاشلاندى، قاۋۇل چاقچانلىق بىلەن تۆشۈكتىن ماشىنىنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇدى، مۇسامۇ ماشىنىغا چىقتى، قاراڭغۇدا ھېچنەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى، ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدە يوغان ئىككى ساندۇق بولۇپ، ئىككىلەن قىمىرلىتالمىدى، قاۋۇل چەبدەسلىك بىلەن ماشىنىنىڭ ئالدى تەرىپىگە باردى-دە، چاقچانغىنە بىر ساندۇقنى تاپتى ۋە ماشىنىغا ئېسىلىپ كېلىۋاتقان ھېلىمغا ساندۇقنى تاشلاپ بەردى. ھودۇقۇپ كەتكەن ھېلىم ساندۇقنى سىيرىلدۇرۇپ يەرگە چۈشۈرۈۋالدى. قاۋۇل بىلەن مۇسا شۇئان ئۆزلىرىنى ماشىنىدىن ئېتىپ يولنىڭ چېتىگە يوشۇرۇندى، ئۇلار:

— ھۇي، ئۆزى كىچىككىنە ساندۇق نېمانچە ئېغىر، — دېيىشتى.

— ئالتۇننى ئېغىر دېيىشىدىغان، — دېدى ھېلىم مۇسانىڭ گېپىگە ئۇلاپلا. ئۈچ دوست ئۇنداق قىلىپ، مۇنداق قىلىپ ساندۇقنى زادىلا ئاچالمىدى.

— پىچاق قېنى؟

— ئاپلا، پىچاق ماشىنىدا قالغان ئوخشىمامدۇ، — قاۋۇل بىردىنلا پىچاقنىڭ يوقلۇقىنى سەزدى.

— ھەتتەڭ، دادامدىن قالغان ئېسىل پىچاق ئىدى، — دېدى پىچاققا كۆزى قىيمىغان مۇسا.

— سىلەر سەل كۈتۈپ تۇرساڭلار، ئاكامنى چاقىرىپ كېلىپ ئاچساق قانداق؟ — دېدى قاۋۇل ئىككى ئاغىنىسىغا.

قاۋۇل ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇدۇل ئۆيىگە قاراپ

چاپتى. ئۇ هويلىدىن كىرگىنىدە قادىر خىيال سۇرگىنىچە ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ تۇراتتى. قاۋۇل ئاكىسى قادىرنى ئاستا چاقىردى-دە، بايا بولغان ئىشنى ئاكىسىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. قادىر گويا ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك چەبدەسلىك بىلەن ئۆيگە كىردى-دە، پالتىنى ئېلىپ چىقىپ قاۋۇلنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى... قادىر ساندۇقنى يانتۇ تۇرغۇزۇپ مىخلانغان يېرىگە پالتىنى سېلىپ قايرىدى، ساندۇق ئېچىلدى:

— پاھ! ... — قادىرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى.

— ئوھوي! بومبا! — باللارمۇ ساندۇقتا قاتار تىزىلغان گىراناتلارغا قاراپ هەيران قالدى. بولۇپمۇ قاۋۇل هەممىدىن بەكرەك خۇشال بولدى. ئۇ گويا "قانداق، سەن تايىنى ئاپتوماتقا تېگىشسەڭ، مەن پەم بىلەن ئۇنىڭ بىلەن ئالدىم" دېگەندەك ئاكىسىغا مەغرۇر قاراپ قويدى. ئەمما شۇ تاپتا قادىر قاۋۇلنىڭ ئىچىدىكىنى سەزمىدى. پەقەت ئۇ بۇ ئۈچ بالىنى قانداق يولغا سېلىشنىڭ توغرىسىدا سەل ئويلىنىۋېلىپ جىددىي، ئەمما مۇلايىم يوسۇندا دېدى: "ئۇبدان ئۇكىلىرىم بۇ ئىشنى بىرسىگە تىنماڭلار، ئاغزىڭلاردىن چىقىپ كەتسە بالاغا قالىسلەر، بۇنى مەن بىر يەرگە كۆمۈپ قويىمەن. سىلەر چاقچان قايتىڭلار بولامدۇ؟" ئۈچ دوست بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدى.

— بىرنى ئېتىپ باقساق بولمامدۇ؟

— هەي، هازىر بولمايدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئاتىسلەر، — دېدى قادىر قاۋۇلغا قاراپ، — چاقچان قايتىڭلار ئەمدى.

ئۈچ دوست ئارتۇق گەپ قىلمايلا ئىتائەتمەنلىك بىلەن قادىرنى يالغۇز قالدۇرۇپ كەتتى.

ئارىدىن بىرقانچە كۈنلەر ئۆتكەندى. بىر كۈنى قاۋۇل بازارغا كىرىپ ناهايىتى تېزلا قايتىپ چىقتى. ئۇ ئۇدۇل هويلىدا ئارا ياساۋاتقان ئاكىسى قادىرنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئاكا، ئاكا — قاۋۇل ئادەتتىكىدىن باشقىچە بىرخىل سىرلىق ئاۋازدا

سۆزلەيتتى، ــ ئاڭلىدىڭمۇ، ئاخشام ساقچى ئىدارىسىگە بىر بومبا چۈشۈپتۇ، بىر قېتىمدىلا بىرقانچە ساقچى ئۆلۈپتۇ...

ــ ھەي، ئۇنداق ئىشلار بىلەن چاتىقىڭ نېمە؟ ــ دېدى قادىر خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، قاۋۇل ئاكىسىنىڭ بۇ ھالىتىدىن بىرنېمىنى سەزگەندەك سورىدى.

ــ ئاكا ئۆتكەندىكى بومبىلارنى نەگە كۆمگەنتىڭ، شۇ بومبىلار بولمىسۇن يەنە! ــ قادىر قولىدىكى ئارىنى تاشلاپ دەرھال ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى، ــ ھەي سەنزە، ــ دېدى ئۇ ئۇكىسىنىڭ دولىسىغا مېھرىبانلىق بىلەن ئۇرۇپ، ــ تېخى بۇنداق خەۋەرلەرنى يەنە ئاڭلايسەن، گومىنداڭچىلارنىڭ ھازىر قاچ-قاچقا چۈشكىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ يۇرت ئىچىدە مىلتىق خېلى كۆپىيىپ قالدى، ساقچى ئىتلار ھەرگىز يالغۇز سىرتقا چىقمايدۇ، ئەمدى...

ــ بولمىسا مەنمۇ بىر مىلتىق تاپىمەن!

ئۇكىسىغا مەستلىكى كەلگەن قادىر ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ باغرىغا باستى. شۇ تاپتا ئاكا-ئۇكا ئىككىسىنىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق كۈلكىسى جىلۋە قىلاتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇرېھىم ھەكىمى



# قەسىدىگە تاي، ساتىراغا ئات



ئەينى يىللاردا خوتەن دىيارىغا ھاكىملىق قىلىۋاتقان ئابدۇلمۆمىن ھاكىمبەگ، مىلادى 1818-يىلى كېسەللىك تۈپەيلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغلى مۇھەممەت ئەلىشىر، ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ھاكىمبەگ بولدى.

ئۇ مەدرىسىدە ئوقۇغان ھەمدە شېئىرىيەتتىن خەۋەردار بىلىملىك يىگىت بولغاچقا تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، مەدرىس سالغۇزۇپ، ئۆستەڭ قازدۇرۇپ، يول-كۆۋرۈك ياسىتىپ، يۇرتنى ئاۋاتلاشتۇردى، ئالۋان-ياساقنى ئازايتتى. خۇشامەتگۈي ئەمەلدارلاردىن ھەزەر ئەيلەپ، شائىر، مولللارنى دوست تۇتتى. ئۆز زامانىسىدىكى نوپۇزلۇق ئىلىم ئەھلى بولغان شائىر نىمىتۇللا ئىبنى ئەسمىتۇللا مۆجىزنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۆز يېنىدىن ئايرىماي ھەمسۆھبەت بولدى، ھەمدە مەخسۇس كىتاب تەرجىمە قىلىشقا قويدى. مۇھەممەت ئەلىشىر ھاكىمبەگنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك پەزىلىتى ئوردىدىن چىقىپ يۇرتقا تارالدى.

ئاقتاش كەنتىدىكى موللىنىياز ئىسىملىك بىر ياش شائىر، يۇرت ئەھلىنىڭ بۇ ئەمەلدارغا ياخشى باھا بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان، ھەمدە ھاكىمبەگنىڭ شېئىر خۇمار ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھاكىمبەگ

ھەققىدە بىر قەسىدە يازىدۇ ۋە ئۇ قەسىدىنى ئېلىپ ياز ئايلىرىنىڭ قۇتلۇق بىر كۈنى ئوردىغا كىرىدۇ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ھاكىمبەگ بۇ ياشنىڭ ئوردىغا كىرىشىدىكى مۇددىئاسىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭغا شېئىرىنى ئوردا ئەمەلدارلىرى ئالدىدا ئوقۇشقا ئىجازەت بېرىدۇ، يىگىت ھاكىمبەگكە تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۆز يەكتەكنىڭ قوينىدىن خوتەن قەغىزىگە قومۇش قەلەم بىلەن ھۆسنخەت قىلىپ پۈتۈلگەن شېئىرىنى ئېلىپ:

مۇھەممەت ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا ياخشىغا ئامان بولدى؛
مۇھەممەت ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا ئۆي-قازان بولدى.
مۇھەممەت ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا دېھقانلار ئەزىز بولدى.
مۇھەممەت ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا پۇقرالار سېمىز بولدى.
مۇھەممەت ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا سۇلار يەتتى سايلىققا،
مۇھەممەت ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا نامرات يەتتى بايلىققا؛
مۇھەممەت ئەلىشىر ھاكىمنىڭ ۋاقتىدا جوندەك يەتتى شادلىققا،

دېگەن مىسرالارنى ئاجايىپ ۋەزمىن ئاھاڭدا دېكلاماتسىيە قىلىپ بولۇپ، ھاكىمغا باش ئېگىپ، قولباغلاپ تۇردى، ھاكىمبەگ ئۆزىگە ئوقۇلغان قەسىدىنىڭ مەزمۇنىدىن بەكرەك، يىگىتنىڭ ئىقتىدارىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ شۇئان ئىمىن دورغىغا قاراپ:

— دورغام، بۇ يىگىتكە مېنىڭ نامىمدىن ئېگەر-توقۇملۇق بىر ئات ئىنئام قىلغايسىز! — دەپ بۇيرۇدى.

ئىمىن دورغا ھاكىمبەگنىڭ ئالدىدا يەتتە پۈكلىنىپ، ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ، ئاتخانىغا كىرگەندە ”بىز ئەمەلدارلار ھاكىمبەگنىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقىنىمىزغا بىرنەچچە يىل بولدى، بىزگە بىرەر ئېشەك ئىنئام

www.uyghurkitap.com

قىلغىنى يوق، بىر ساياق موللا ئالقانچىلىك قەغەزگە قوشاق يېزىپ كىرسە بىر ئېگەر-توقۇملۇق ئات ئىنئام قىلغىنى...“ دەپ ئويلاپ، ئېغىلدىن بىر تايچاقنى يېتىلەپ چىقىپ ئېگەر-توقۇملىرىنى جابدۇپ موللىنىيازغا بەردى. موللىنىياز تايچاقنى كۆرۈپ ”ھاكىم بېگىم ئات ئىنئام قىلىۋىدى، ئەمدى بۇ دورغام تايچاق بېرىۋاتىدۇ، دورغامنىڭ بۇ خىل ئالدامچىلىقىدىن ھەرھالدا ھاكىمبەگنى خەۋەردار قىلىپ قويغىنىم تۈزۈك“ دەپ ئويلاپ، شۇ يەردىلا:

”ھەزرىتى ھاكىمبەگنىڭ بەرگىنى مۇشتۇمچە تاي،
جىن سوقۇپ سالغانمىكىن قىردىن ئۆتەلمەيدۇ بۇ تاي.
سەيشەنبە كۈن جابدۇق ئېتىپ، چارشەنبە كۈن پىر ئوينىتاي،
بەرسىلە چوڭ بەرسىلە، دۈشمەن كۆزىدە ئوينىتاي.“

دېگەن بىر كۇپلېت ساتىرانى يېزىپ، ھاكىمبەگ مۇستەھەپ قىلىدىغان ئۆيگە چاپلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ھاكىمبەگ مۇستەھەپ قىلىش ئۈچۈن كىرگەندە بۇ بىر كۇپلېت قوشاقنى ئوقۇپ، قاتتىق غەزەپلەندى-دە، مۇستەھەپخانىدىن چىقىپلا ئىمىن دورغىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتتى، ئىمىن دورغا ھاكىمنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ھۆۋقۇشنىڭكىدەك چىقىر كۆزىنى پارقىرىتىپ، قولباغلاپ تۇردى، ھاكىمبەگ:

— سەن موللىنىيازغا قانداق ئات بەردىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ياخشى جابدۇلغان بىر تايچاق بەردىم.

— مەن ساڭا ئات بەر، دېسەم، سەن نىمە ئۈچۈن تايچاق بەردىڭ؟

— ئالقانچىلىك قەغەزدىكى قوشاققا چوڭ بىر ئات بېرىشكە كۆزۈم قىيمىدى، بېگىم.

— خوش، ئۇنداق بولسا سەنمۇ ئالقانچىلىك قەغەزگە بىر قوشاق يازغىن، مەن ساڭا ئىككى ئات ئىنئام قىلاي.

— ھەزرىتىم، ئۆزلىرىڭىمۇ ئايان، پېقىر ساۋاتسىز ئادەممەن.

ھاكىمبەگ ئەمدى غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كايىپ كەتتى:

— سىلەر يۇك ئارتىدىغان ئېشەك بىلەن تەڭ مەخلۇقلار، ئىچىڭلاردا پېيشەپتىن باشقا نەرسە يوق، شۇڭا شائىرلارنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلمەيسەن. ئۇلارنىڭ فەزلى ئىلىملىرىنى ئوقۇشمايسەن، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي كاللىسى بار ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشمايسەن، يورۇڭقاش دەرياسىدىكى تاشلار ئىچىدىن ئاق سۈزۈك قاشتېشىنى تاپساڭ ئۇنى ئەللىك يامبۇغا ئالىدۇ، بىراق ئۇنداق قاشتېشىدىن سانسىزلىغان تاشلار ئىچىدىن بىرسى چىقىدۇ ياكى چىقمايدۇ، لېكىن ئادەتتىكى تاشنى بىرەرسىگە بىكارغا بەرسەڭمۇ تاشلىۋېتىپ كېتىدۇ. ئالتۇن بىلەن تۆچ ئوخشاشلا سېرىق، ئالتۇننىڭ باھاسى نېمە ئۈچۈن تۆچنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بىلەمسەن!؟ مەن نېمە ئۈچۈن نېمتۇللا ئېبنى ئەسمتۇللا مۆجىزنگە شۇنچە ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتىمەن؟ چۈنكى ئۇ كىشى شائىر، نەچچە يۈزمىڭ ئادەم ئىچىدىن ئاران بىرنەچچە شائىر چىقىدۇ، شائىرلار خۇددى كانچىلار نەچچە مىڭ گەز چوڭقۇرلۇقتىن مىڭبىر تەسلىكتە ئالتۇن قازغانغا ئوخشاش، زېھنى ئەمگىكى بىلەن شېئىرىيەت جاۋاھىرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ئەۋلادلارغا تۆھپە قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى قەدىرلەش كېرەك، ئۇزۇن زاماندىن بېرى خوتەن دىيارىدىن ئابدۇمۆمىن ۋە نۆبىتىدىن باشقا بىرەر شائىر چىقمىغان. ھازىر موللىنىياز ئاخۇننىڭ شۇنچىلىك بىر شېئىر يازغانلىقىغا ناھايىتى كۆپ خۇرسەن بولدۇم، ئىقتىسادىمنىڭ كەملىكىدىن ئاران بىر ئات ئىنئام قىلسام، سەنلەر نارازى بولۇشۇپسەن، ئەگەر ئىقتىسادىم يار بەرگەن بولسا ئۇن يامبۇ ئىنئام قىلغان بولاتتىم، — دەپ، ئوردا خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تىللاپ، ئاخىرىدا ئىمىن دورغىنى خىزمەتتىن قالدۇرۇپ ئوردىدىن ھەيدەپ چىقاردى.

ئەتىسى ھاكىمبەگ شائىر موللىنىيازنى ئوردىغا چاقىرتىپ ئەكەلدۇردى ۋە ئاتخانا باشلىقىغا:

— ئۆزۈم مىنىدىغان قارا تورۇق ئاتنى كۆمۈش ئىگەر، شايى كۆرپىلىرى بىلەن جابدۇپ، يۈپۈقلىرىنى يېپىپ ئېلىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇدى. ئاتخانا باشلىقى ھاكىمبەگنىڭ بۇيرۇقىنى شۇئان بەجا كەلتۈردى.

ھاكىمبەگ:

— ساۋاتسىز ئەمەلدار شائىرنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەن. ئىمىن دورغا ماڭا بويۇنتاۋلۇق قىلىپ ساڭا ھەسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى خىزمەتتىن ھەيدىدىم، سەن مېنىڭ مۇشۇ ئېتىمنى قوبۇل قىلغىن، — دەپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى موللىنىيازغا تۇتقۇزدى، موللىنىياز ھاكىمبەگنىڭ سەممىيىتىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، كۆزىگە ياش ئالدى ۋە ھاكىم بەگكە ئۇزۇن ئۆمۈر، يۇقىرى مەرتىۋە، تۈگىمەس بايلىق تىلەپ دۇئا قىلدى. ئۇ، ھاكىمبەگ بىلەن خوشلىشىۋېتىپ:

— كەمىنىلىرىنىڭ مۇددىئايى ئۆزلىرىدىن ئات ئۈندۈرۈۋېلىش ئەمەس، بەلكى ئىمىن دورغىنىڭ ساختىپەزلىكىنى ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىپ قويۇش ئىدى، بەك كايىپ كېتىپلا ئىلتىپاتلىرىغا كۆپتىن-كۆپ رەھمەت بېگىم، ھېلىقى تايچاقنى ئەتىلا ئەكىرىپ بېرەي، — دېۋىدى، ھاكىمبەگ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مېنى مەدھىيىلەپ يازغان شېئىر ئۈچۈن تايچاقنى بېقىپ ئات ئېتىپ مىنگىن. مېنى تەنقىدلەپ يازغان شېئىرىڭ ئۈچۈن چوڭ ئاتنى مىنگىن. ھەر ئىككى ئاتنى ساڭا ئىنئام قىلدىم. بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ تىرىشىپ كۆپ شېئىرلارنى يازغىن، شۇنداق قىلساڭ سەن ئۆلگەندىن كېيىنمۇ نامىڭ ئۆچمەيدۇ، — دەپ ئىلھام بېرىپ ئۇزىتىپ قويىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر: **ياسىن مۇھەممەت**
مەسئۇل كوررېكتور: **خەيرىنسا روزى**
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: **لىيۇ جىيافېڭ**

# شىراق

(تاللانغان ھېكايىلەر)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: **مۇختار مامۇت مۇھەممىدى**
**مۇھەممەت تۇرسۇن يۈسۈپ**

---

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ، پوچتا نومۇرى: 100013)
تېلېفون نومۇرى: 64228007 ‹010›
تىزغۇچى: «بۇغرا» كومپيۇتېرى
باسقۇچى: دىشىن باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
1999-يىل 8-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1999-يىل 8-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى

---

باھاسى: 14.50 يۈەن سانى: 5000 — 0001

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

责任编辑:亚森·买买提
责任校对:海衣尔尼沙
封面设计:刘家峰

**图书在版编目(CIP)数据**

希拉克:维吾尔文/穆合塔尔编. 一北京:民族出版社,1999.5
ISBN 7-105-03499-8

Ⅰ. 希… Ⅱ.穆… Ⅲ.短篇小说一作品集一中国一当代一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第 20687 号

---

民族出版社 出版发行
(北京市和平里北街 14 号 邮编 100013 电话:(010)64228007)
博海电脑排版 迪鑫印刷厂印刷
各地新华书店经销
1999 年 8 月第 1 版 1999 年 8 月北京第 1 次印刷
开本:850×1168 毫米 1/32 印张:12.75
印数:0001— 5000 册 定价:14.50 元

---